قەسەت سولایمان

# تەکاما کا ئەفادوماگەن روە

**图书在版编目(CIP)数据**

被埋在塔克拉玛干的灵魂:维吾尔文/艾赛提·苏来曼著.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.5
ISBN 7—228—05816—X

Ⅰ.被… Ⅱ.艾… Ⅲ.维吾尔族心理学—研究—中国
—文集—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.955.15—53

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 30778 号

责任编辑:阿布力米提·伊明
责任校对:吾买尔江
封面设计:努尔买买提

新疆人民出版社出版发行
(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编 830001)
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本　13.5 印张 2 插页
2000 年 7 月 1 版　2000 年 7 月 第 1 次印刷
印数:1 — 3000

ISBN 7—228—05816—X/C·81
定价:18.00 元



دوكتور ئەسەت سۇلايمان

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# نەشرىياتتىن

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ئۆزگىچە ئۇسۇل ئارقىلىق تەتقىق قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ تارىختىن بېرى شەكىللەنگەن مىللىي مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى ماھىرلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ خاراكتېرى، ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئەتراپلىق دىئاگنوز قويغان «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ» ناملىق بۇ كىتاب ياش دوكتور ئەسەت سۇلايماننىڭ ئۆز خەلقىگە سۇنغان تۇنجى سوۋغىسى.

دوكتور ئەسەت سۇلايمان 1969 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇمۇلنىڭ ئون ئىككى تاغلىرىدىن بىرى بولغان قوراي يېزىسىنىڭ قىزىلىيار كەنتىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1984 ـ يىلى قۇمۇل شەھەرلىك راھەتباغ ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. 1986 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1991 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ مەخسۇس ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى ۋە فولكلور مەدەنىيىتى كەسپى بويىچە ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغان.

ئۈچ يىللىق ئاسپىرانتلىق ھاياتى داۋامىدا ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتكەن. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەپ قاتلاملىرىنى چۈشىنىشكە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فولكلور زېمىنىنى قېدىرىپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان روھىيەت ئېقىنلىرىنى بايقاشقا تىرىشقان. ئۇ بۇ جەرياندا ھەر قايسى تىللاردا، جۈملىدىن خەنزۇ، ئىنگلىز، تۈرك، ئۆزبېك، قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىدا نەشر قىلىنغان، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر كىتابلارنى ئوقۇپ، مول ماتېرىياللارنى جۇغلاپ، كې-

يىمنكى تەتقىقاتلىرى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالغان.

1992 - يىلىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتى ۋە فولكلور مەدەنىيىتىگە بېغىشلانغان نەچچە ئون پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى ھەر خىل ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

1994 - يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قانچە يىللاردىن بۇيان جۇغلىغان ۋە ئەمەلىي تەكشۈرگەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئىككى ئايغا سوزۇلغان جاپالىق يېزىقچىلىق ئارقىلىق 400 مىڭ خەتلىك چوڭ تىپتىكى ئىلمىي ئەسەر — «بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى» نى پۈتتۈرگەن. بۇ ئۇنىڭ ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن يېزىلغان دىسسېرتاتسىيىسى ئىدى. بۇ ئەسەردە ئاپتور كۆپ خىل پەنلەرنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ توتېم مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەن تەتقىقات باشقارمىسى بىلەن ئەدەبى-يات فاكۇلتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 1994 - يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مەزكۇر ئەسەرنى باھالاپ بېكىتىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بۇ ئەسەرگە «ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ بۆرە توتېمى مەدەنىيىتىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، ھۆججەتلىك ۋە ئىلمىي ئا-ساستا يورۇتۇپ بەرگەن تۇنجى چوڭ تىپتىكى ئىلمىي ئەسەر» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن.

ئەسەت سۇلايمان 1994 - يىلى 7 - ئايدا ماگىستىرلىق ئاسپ-رانتلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدە-بىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ «شەبنەم يالتىر-غان كېچە» ، «ئۇيقۇغا كەتكەن كرورەن گۈزىلى» قاتارلىق بىر تۈر-كۈم ھېكايە، پوۋېستلارنى ئېلان قىلدى.

ئەسەت سۇلايمان ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش

ۋە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۇچۇن ئوقۇش پۇرسىتى ئىزدەش ئارزۇسى بىلەن 1995 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بېيجىڭغا باردى ھەمدە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىدا بىر تەرەپتىن ئوقۇغاچ ھەمكارلاشما تەتقىقات تېمىسى ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ماتېرىيال ئامبىرى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان مول ماتېرىياللار بىلەن ئۇچراشتى. يەنە بىر تەرەپتىن بېيجىڭدىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات ئۇچۇرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە نەزەرىيىۋى بىلىمىنى ئاشۇردى شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى ئارقىلىق جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسپىرانتورىيىسىنىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، 1996 ـ يىلى مەزكۇر ئاسپىرانتورىيىگە دوكتورلۇق ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قىلىندى.

ئۇ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان قوبۇل قىلىنغان تۇنجى ئۇيغۇر دوكتور ئاسپىرانتى ئىدى.

دوكتورلۇق ئوقۇشى ئۇنىڭ ئىزدىنىش يولىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسى ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەپ قاتلاملىرى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان قۇم بارخانلىرى بىلەن بوستانلىقلار ئارىلىقىدا گاھ ئۆرلەپ، گاھ مۇگدەپ تۇرغان، كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئېقىنلىرىدىن سۇ ئىچىپ تويۇنغان، ئېگىز تاغ تىزمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تارىم چوڭقۇرلۇقىغا دۇملەنگەن روھ بۇلاقلىرىنى قېزىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ماتېرىياللىرى 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى.

بۇ ماقالىلەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە كۈچلۈك

زىلزىلە قوزغاپ، كىتابخانلارنى مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي پسىخىكا ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا سالدى. ئاپتور ئاپتونوم رايونىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى ئوقۇرمەنلەردىن كۆپلىگەن خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدى. «تۇران بىلەن ئىرانىنىڭ دېئالوگى»، «XX ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق» ناملىق ئىككى پارچە ماقالىسى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، توپلام قىلىپ نەشر قىلىندى. «تەكلىماكانغا دۆملەنگەن روھ» ناملىق ماقالىسى ياپونىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس شىنمېن ياسۇشى ئەپەندى بىلەن مەريەم ساقىم خانىمنىڭ ھەمكارلىقىدا ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، توكيو مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي مەجمۇئەسىدە تەرجىمانلارنىڭ مەزكۇر ماقالىگە يازغان ئوبزورى ۋە ژۇرنال رېداكسىيىسىنىڭ تەھرىر ئىلاۋىسى بىلەن بىللە ئېلان قىلىندى.

ئەسەت سۇلايمان 1999 ـ يىلى مەخسۇس تېما بويىچە ئىزدىنىپ، بېۋاستە خەنزۇ تىلى بىلەن 200 مىڭ خەتلىك دوكتورلۇق ماقالىسى — «شەرق ئەدەبىياتىدا خەمسەچىلىك ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى»نى يېزىپ چىقىپ، ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

يېقىندا ئۇنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ئاساسىدا يوللىغان دۆلەتلىك تەتقىقات تېمىسى — «پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى خەمسەچىلىك ھادىسىسى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» رەسمىي دۆلەتلىك تەتقىقات تۈرى سۈپىتىدە تەستىقلىنىپ ئىشلىنىۋاتىدۇ.

دوكتور ئەسەت سۇلايماننىڭ ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىكى ئالاھىدە نەتىجىلىرى بىلەن 2000 ـ يىلى «4 ـ ماي» بايرىمىدا «ئۈرۈمچى رايونى بويىچە ئون كۆزگە كۆرۈنگەن ياش» نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

**2000 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇن. ئۈرۈمچى**

## مۇندەرىجە

**تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ** ........................ 1
*— ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش* ........................ 1
**XX ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق** ........................ 41
**تۇران بىلەن ئىرانىنىڭ دىئالوگى** ........................ 139
*— تۈركىي ۋە پارس تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىگە بىر نەزەر* ........................ 139
بىرىنچى دىئالوگ: تارىخ مەنبەلىرىدە تۇران ۋە ئىران ........................ 147
ئىككىنچى دىئالوگ: قۇياش ۋە چۆل قەسىدىسى ........................ 164
ئۈچىنچى دىئالوگ: جەڭگاھتىكى ئەفراسىياپ ۋە رۇستەم ........................ 173
تۆتىنچى دىئالوگ: شەرقچە ئۇتوپىيە — ئىسكەندەر سېپىلى ........................ 181
بەشىنچى دىئالوگ: شەرقچە تراگېدىيە — ئاشىق - مەشۇقلار قىسسىلىرى ........................ 191
ئالتىنچى دىئالوگ: تەسەۋۋۇپ: ئىنسان بىلەن خۇدانىڭ ئارىلىقىدا ........................ 200
يەتتىنچى دىئالوگ: پارس ۋە تۈركىي تىلى ھەرىكەتتە ........................ 215
سەككىزىنچى دىئالوگ: بۇخارا ئۇيقۇسى ........................ 230
**مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىيەت دىئالېكتىكىسى** ........................ 244
*— ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات* ........................ 244

# تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ

## — ئۇيغۇر مەدەنىيەت پسىخىكىسى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش

1

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ياۋروپادا چىقىدىغان نوپۇزلۇق بىر گېزىتتە مۇنداق بىر قىزىقارلىق پەرەز بېسىلغان:

مەلۇم بىر ئۆيدە تۇيۇقسىزلا بىر تال يىڭنە يەرگە چۈشۈپ كەتكەن. ئۆيدە ئىتالىيىلىك، فرانسىيىلىك ۋە گېرمانىيىلىك ئۈچ كىشى بولۇپ، ئۇلار بۇ كىچىككىنە ئىشقا ئوخشاش بولمىغان ئىنكاسلارنى قايتۇرغان: ئىتالىيان مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپلا پەرۋاسىزلارچە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن؛ فرانسۇز رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا قولى بىلەن يەرنى بىر ئىككى قېتىم سىيلاپ قويغانىيۇ، يىڭنىنى تېپىۋېلىشقا كۈچەپ كەتمىگەن، پەقەت ئىزدەپ كۆردۈم، دېگەن روھىي تەسەللى بىلەنلا بولدى قىلغان؛ گېرمان قولىغا بىر سىزغۇچ بىلەن بورنى ئېلىپ، پولغا كىچىك ـ كىچىك چەمبەرلەرنى سىزغان، ئاندىن ھەربىر چەمبەر ئىچىنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزىتىپ، ئاخىرى ھېلىقى يىڭنىنى تېپىۋالغان. ناھايىتى ئاددىي بۇ بايان نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، گېزىتكە بېسىلغان بۇ كىچىككىنە مىسال ئۈچ دۆلەتنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئىپادىسىگە، تېخىمۇ توغرىراقى، بۇ ئۈچ مىللەتنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە سىمۋول قىلىنغانىدى. دەرۋەقە، دۇنيا تارىخى سەھىپىلىرىگە نەزەر

تاشلىغىنىمىزدا، ئىتالىيە جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ياكى دۇنيا تارىخىدىكى سىياسىي ئورنى جەھەتتە ياۋروپادىكى ئىسمى جىسمىغا لايىق «چەمى ئاجراپ كەتكەن بىر پاي ئۆتۈك①» ئىدى. قەدىمكى رىملىقلار بىر مەھەل زور گۈللىنىشكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، يېقىن قوشنىسى — يۇنانلىقلارنىڭ ئالەمشۇمۇل مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى، خالاس. ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدىن كېيىن، ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىش ھەرىكىتى گەرچە ئىتالىيىدىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقىي زىلزىلىسى غەربىي ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەنىدى. شۇڭا ئىتالىيانلار ياۋروپادىكى باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا چېچىلاڭغۇ، بوشاڭ، ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىز مىللەت ئىدى؛ فرانسۇزلار ھېسسىياتچان، ئۆزگىرىشچان، ئۇزۇل - كېسىللىكى كەمچىل مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناپولېئونغا مىسلىسىز دەرىجىدە چوقۇنۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. فرانسۇز مەدەنىيىتىنىڭ نازاكىتى ۋە مىللىي خاراكتېرىنىڭ لاتاپىتى ئۇلاردا ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىگە سەۋەب بولغانىدى. گېرمانلار گېگېلنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ئىنسانىيەتنىڭ پىشقان دەۋرى» دىكى ئەقلىي تەمكىنلىكىگە يەتكەن، پەلسەپىۋى كاللىغا ئىگە، سوغۇققان، ئەمەلىيەتچىل مىللەت ئىدى. بىز دۇنيا پەلسەپىسىنىڭ يۈكسەك چوققىسىنىڭ گېرمانىيىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە خارابىسى ئىچىدىن گېرمانلارنىڭ قايتا قەد كۆتۈرۈپ ئىقتىسادى گۈللەنگەن، ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە مىللەتكە ئايلانغانلىقىدىن بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

خوش، يىگىنە تىمسالىدىن قوزغالغان ئۇلانما تەسەۋۋۇرىمىز بىزنى مۇنداق بىر سوئالغا جاۋاب بېرىشكە قىستايدۇ: يىگىنە چۈشۈپ قالغان ئاشۇ سورۇندا بىر ئۇيغۇر بولغان بولسا، ئۇ بۇ ئىشقا قانداق

① لۇتپۇللا مۇتەللىپ «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» ناملىق فىلىيەتونىدا بۇ كىنايىنى بىرىنچى قېتىم ئىشلەتكەن.

ئىنكاس قايتۇرغان بولاتتى؟ ئۇ قولىغا لوپا ئەينەك ئېلىپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە سەۋر - تاقەت بىلەن ئەستايىدىل ئىزدەپ كۆرەرمۇ ياكى ئاشۇ ئۆيدە بىر ئۆمۈر يىگىنگە پۇتلىشىپ بىللە ياشارمۇ؟ . . .

دەرۋەقە، بۇ بىر ناھايىتى ئاددىي مىسال، خالاس. بۇ خىل تەھلىلنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە توغرا ياكى خاتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئىپادىلىگەن مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىشتا ھامان مۇشۇ تۈردىكى ماھىيەتلىك مىساللارنىڭ ئىلھامىغا موھتاج بولىمىز، ئەلۋەتتە.

شۈبھىسىزكى، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە ياشاش شارائىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرسىمۇ، ئەمما شۇ مىللەتنىڭ ئىپتىدائىي روھىي ماھىيىتىگە ئۇرۇق بولۇپ تېرىلغان پسىخىك جۇغلانما خۇددى پاختا ئىچىدىكى چوغدەك ھامان ساقلىنىپ كېلىدۇ. تۆت مىڭ يىللىق قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە ھىندىستاننىڭ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە يۈز نەچچە يىلدىن ئارتۇق ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىگە چۈشۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە «غەربلىشىش» دولقۇنىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىدىكى شەرقچە سۇكۇناتقا باي ئاياللىق نازاكىتى ۋە غايىۋى پىنھانلىققا تەشنا ھۆل خاراكتېرى ئۆزگەرگىنى يوق. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، نەچچە مىڭ يىللىق سەرسانلىق - سەرگەردانلىق ۋە ھالاكەتلىك تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن يەھۇدىيلارنىڭ ھازىرقى زامانغا كەلگەندە مىللىي تىرىلىش ھەرىكىتى قوزغاپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى دەل ئۇلارنىڭ تومۇرىدىكى مىللىي قېنى بىلەن روھى قاتلىمىدىكى ماھىيەتلىك جۇغلانمىنىڭ ھەر ۋاقىت كۆۋەجەپ

تۇرغانلىقىدىن بولغان.

مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى بىلەن سېلىشتۇرما مەدەنىيەتشۇناسلىقنىڭ گۈللىنىشى بىزنى مىللەتلەرنىڭ ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئىپادىلىگەن پسىخىك ماھىيىتىنى تولۇق ئوپېراتسىيە قىلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئىنسانىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ ماددىي دۇنيادىن روھىي دۇنياغا — ئادەمنىڭ ئۆزىگە مەركەزلىشىشى بىزگە كەلگۈسىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ ئاجايىپ ئازابلىق دەۋرگە كىرىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

دەرۋەقە، بىز بۇ يەردە سۆزلەۋاتقان مەدەنىيەتشۇناسلىق ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلغاندا، مەدەنىيەتنىڭ تاشقى قاتلىمى، ئوتتۇرا قاتلىمى ۋە ئىچكى قاتلىمى دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ تاشقى قاتلىمى — ماددىي مەدەنىيەتنى، ئوتتۇرا قاتلىمى — ماددىيلاشقان پسىخىكا بىلەن ئاڭلاشقان ماددىنى، يەنى ھەرىكەت، نەزەرىيە، تۈزۈملەرنى، ئىچكى قاتلىمى — تاشقى قاتلام بىلەن ئوتتۇرا قاتلامنىڭ جۇغلىنىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن پسىخىك تىندۇرمىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ مۇھاكىمە قىلماقچى بولغىنىمىز دەل مىللىتىمىزنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىۋى ۋە تارىخىي شارائىتىدا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ ئىچكى قاتلىمى، يەنى تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھىي تىندۇرمىسىدۇر.

## 2

ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئىبارەت بۇ كونا قۇرۇقلۇقتا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەتلىرى ئاپىرىدە قىلىنغانىدى. تاكى ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېڭىدىن گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋروپالىقلار

يەلكەنلىك كېمىلىرىگە تايىنىپ يېڭى دېڭىز يوللىرىنى ئاچقانغا قەدەر، قەدىمكى دۇنيانىڭ چەكسىز ئۇزاق تارىخى مۇشۇ كونا قۇرۇقلۇقتا يارىتىلغانىدى. يەنە كېلىپ، بۇ تارىخ ئۆز مەنىسى بىلەن تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ سىرلىق ناز - كەرەشمىسىدە، دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ تىنىمسىز دولقۇنلىرىدا، يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ دەھشەتلىك ۋەھىمە-سىدە ئۆز مەزمۇنىنى تولۇقلىغانىدى. بىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز شەرقتىكى تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن غەربتىكى دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلىقىدىكى چەكسىز ئۇزاق بەلباغدا ئوت، سۇ مەنبەلىرىنى قوغلى-شىپ، تىنىمسىز كۆچۈپ، ئۇچقۇر ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدا ئۆزلىرى-نىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىرىنچى بېتىنى، مەدەنىيەت پسىخىكىسى-نىڭ ئىپتىدائىي خېمىرتۇرۇچىنى ھازىرلىغانىدى. ئۇلارنىڭ پسىخىك خاراكتېرىدىكى ئات تۇياقلىرىنىڭ دۇپۇرلەشلىرى بىلەن خاراكتېرلە-نىدىغان ياۋايى جەسۇرلۇق، قىزىققانلىق، قاراملىق ۋە ئاسان غىدىق-لىنىشچانلىق دەل تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ ئاياللىق نازاكىتى بىلەن دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ تەۋەككۇلانە جاسارىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سى-لىشتۇرمىسىدا شەكىللەنگەنىدى. شۇنداق بولغاچقا، پۈتكۈل كونا قۇ-رۇقلۇقنىڭ مەدەنىيەت تارىخى گويا ئۈچ پۈتلۈق داڭقانغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاشۇ سەھنىدە ئۆزئارا بىر - بىرىنى تارتىشىپ، تىركى-شىپ تۇرۇشتەك تىنىمسىز ۋەزىيەت داۋامىدا روياپقا چىققانىدى.

دەرۋەقە، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنى-شىدىكى ھەل قىلغۇچ پسىخىك جەريان ھامان ئۆزىگە نىسبەتەن مۇقىم ۋە ئۇزاق بولغان مەدەنىيەت مۇھىتىنى تەلەپ قىلاتتى. مەلۇم بىر مەدەنىيەت مۇھىتى گەرچە سىرتقى يات مەدەنىيەتلەرنىڭ تىنىمسىز غىدىقلىشىغا ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىدە ئەزەلدىن بار بولغان روھىي ئەندىزىنى ياكى پسىخىك تىندۇرمىنى ساقلاپ قالالىسا، شۇ خىل مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى مىللەتلەر ئۆز خاراكتېرىنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ كونتروللۇقى بىلەن تۇتۇپ تۇرالايدۇ. يىراق قەدىمكى

زامانلاردىن تارتىپ تاكى XV ئەسىردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغى-نىش دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەريان دەل مۇشۇ ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئۆزئارا كۈچ سىنىشىش، ئۈستۈنلۈك تالىشىش جەريانىدۇر. خەيرىيەت، يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ تارىختىكى زىلزىلىسى قانچىلىك كۈچلۈك، ۋەھىمىسى قانچىلىك قور-قۇنچلۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ ئۇنسىز جىل-ۋىسى ۋە ناز- كەرەشمىگە تولغان غىدىقلاشلىرى بىلەن دېڭىز مەدەنى-يىتىنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئاخىرقى ھېساباتا ئۇنى تارىخ سەھنىسىدىن سىقىپ چىقاردى. لېكىن، مەيلى تېرىم مەدەنىيىتى بولسۇن ياكى دېڭىز مەدەنىيىتى بولسۇن، ئۇلارنىڭ غالىبانە ئەسلىمىلىرىدە يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ سەلتەنىتى ئاخىرلاشقان ئۇزاق يىللارغىچە ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرىدە ئەكس ئېتىدىغان ۋەھىمىلىك تۇيغۇلار ئاداققىچە ساقلىنىپ قالدى. شەرق تېرىمچىلىرى-نىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «ھونلار يوقالمىغىچە جاھان تىنچىماس» دېگەن ماقالى بىلەن ياۋروپالىقلارنىڭ «يۇنان ياساي-دۇ، تۈرك بۇزىدۇ» دېگەن ماقالى دەل ئاشۇ ۋەھىمىلىك ئەسلىمىنىڭ يالدامىسىدۇر.

شەرقتە چوڭ ـ كىچىك ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ غەربتە قارا دېڭىزغىچە بولغان چەكسىز ئۇزاق دالىدا — ئىچكى ۋە شىمالىي ئاسىيانىڭ شۇۋاق ھىدى گۈپۈلدەپ تۇرغان بىپايان يايلاقلىرىدا ھەم شەرقتىكى تېرىم مەدەنىيىتىگىمۇ، ھەم غەربتىكى دېڭىز مەدەنىيىتى-گىمۇ ئوخشىمايدىغان كۆچمەنچى مىللەتلەرنىڭ ئاتلىقلار مەدەنىيىتى يارىتىلغانىدى. بۇ خىل مەدەنىيەت مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئۆزلۈكسىز، جاھىلانە داۋاملاشتۇرۇشىدا ئەمەس، بەلكى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كۆچۈپ، شاللىنىپ تۇرىدىغان يايلاق مىللەتلىرىنىڭ كۈچ ئۇلاش شەكلىدىكى نۆۋەتلىشىپ تۇرىدىغان سەلتەنەتىدە ھاسىل بولغانىدى. شۇڭا، شىمالدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تارىخ سەھنىسىگە چىققان

هونلار، رورەنلەر، سىيانپىلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، قىرغىزلار، كىدانلار، موڭغۇللار ۋە مانجۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ تەنها يارانقۇچىسى بولالمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئۈلۈشى بار ئىدى. شۇڭا، بۇ خىل مەدەنىيەت ھەر قايسى كۆچمەنچى مىللەتلەرنىڭ زەنجىرسىمان ھالەتتىكى ئۆلىنىشى ۋە ئاڭسىز رەۋىشتىكى داۋاملاشتۇرۇشى جەريانىدا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغانىدى. لېكىن، تارىختا شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، شىمالىي ۋە ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى بۇ بەلباغ نۇرغۇنلىغان كۆچمەنچى مىللەتلەرنى پەيدا قىلغان، ئاۋۇندۇرغان ۋە تارىخ سەھنىسىگە چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇزاققىچە كاپالەتكە ئىگە قىلالايدىغان جۇغراپىيىۋى زونا ئەمەس ئىدى. بىر مەزگىللىك قىزىققانلىق ئارىلاشقان سەلتەنەتتىن كېيىن، يا كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇش، يا تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ سىرلىق قوينىغا سىڭىپ كېتىش ئۇلارنىڭ ئورتاق قىسمىتى ئىدى. شىمالىي ئاسىيانىڭ تارىخ سەھنىسىدە ئۇزۇن مەزگىل سەلتەنەت سۈرگەن ھونلارنىڭ ئەڭ ئاخىرى ئۆزى ئاۋۇغان زېمىندا پۇت تىرەپ تۇرالماي، ئاستا ـ ئاستا غەربكە سۈرۈلۈپ ياۋروپادىكى دوناي دەرياسى ۋادىسىغا سىڭىپ كېتىشى؛ ئۆتۈكەن تاغلىرىنى مەركەز قىلىپ شىمالىي ـ ئوتتۇرا ئاسىيانى بىرلىككە كەلتۈرگەن كۆك تۈركلەرنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇزاق كۆچۈشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كىچىك ئاسىيادىكى ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىغا ماكانلىششى؛ ئورخۇن دەرياسى بويىدا باش كۆتۈرۈپ شىمالنى بىر مەھەل ئىدارە قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە 840 ـ يىلىغا كەلگەندە غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى بىلەن تارىم ۋادىسىغا يەرلىششى؛ يېنىسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدا كۆچەيگەن قىرغىزلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىسسىق كۆل بويىغا قايتىپ كېلىشى؛ سەددىچىننىڭ شىمالىدا كۆچىيىپ، غەربىي شىمالنى بىر مەھەل پاراكەندە قىلغان كىدانلارنىڭ

كېيىنچە تارىخ يۈزىدىن ئىز - تىزسىز غايىب بولۇشى؛ XIII ئەسىردىن كېيىن، ياۋروپا - ئاسىيا داللىرىنى تىترەتكەن موڭغۇللارنىڭ ئاستا - ئاستا تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قېلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ . . . ئۇلار نېمە ئۈچۈن ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاشۇ سىرلىق زونىدا پەيدا بولۇپ ۋە گۈللىنىپ، يەنە ئاشۇ سىرلىق زونىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ! ؟

ئەمەلىيەتتە، كۆچمەنچى ئاتلىق قوۋملەرنىڭ چاقماقتەك تېز سۈرئەت بىلەن تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، يەنە شۇنداق سۈرئەت بىلەن غايىپ بولۇشىنى يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ سىرتقى پوستى كۆچتۇڭگۈرلۈككە ۋە ياۋايى جەسۇرلۇققا تولغان، ئەمما ئىچكى قاتلىمى ئاددىي، پسىخىك جۇغلانمىسى ئاجىز خاراكتېرى بەلگىلىگەن. چۈنكى، شەرقتىكى تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن غەربتىكى شەھەر - قەلئە ۋە دېڭىز مەدەنىيىتى ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇقىم، بەرلەشمە ھايات جەريانىدا ئۆز ۋۇجۇدىدا توپلىغان پسىخىك ئېنېرگىيىنى، يايلاق مەدەنىيىتىنى ھېچقاچان ھازىرلىيالمايتتى. يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات تارىخى تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، ئۇچقۇر ئاتلىرىنىڭ ھەيۋىسىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەرلىك قەھرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ ئاياللىق زىباسى ۋە سىرلىق جۇلاسى تەرىپىدىن تىنىمسىز غىدىقلىنىدىغان، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ كونتروللۇقى بىلەن ئۇزاققىچە تۇتۇپ تۇرالمايدىغان، پەقەت قويۇندەك تېزلىك بىلەن ھەرىكەتچان ياشاش، تىنىمسىز كۆچۈش، شارائىتقا ماسلىشىش ئارقىلىقلا ئۆزىگە ھاياتلىق ئىمكانىيىتى ھازىرلاپ كەلگەن تارىخ ئىدى. ئۇلارنىڭ سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ غىدىقلىشىغا بولغان ئىچكى قارشىلىق كۈچى ۋە روھىي جۇغلانمىسى خېلىلا ئاجىز بولۇپ، ئۆزىگە مۇۋاپىق مۇداپىئە شارائىتى ھازىرلىيالمىغان، ھامان گويا ماگنىت قۇتۇبىغا ئاققان تۆمۈر ئۇۋاقلىرىدەك تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ جەلپكار قوينىغا ئەسىر بولاتتى. ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ

كۆپ قىسمىنى ئىستىبلا قىلغان چىڭگىز قوشۇنى نېمە ئۈچۈن جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدە يۈز يىلمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمىدى؟ يۈەن سۇلالىسى نامى ئاستىدا جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەن قوبلايخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى چوڭ ئاستانە (ھازىرقى بېيجىڭ) نىڭ ھەيۋەتلىك ئوردا - قەسىرلىرىدە شاپتۇل گۈللۈك يەلپۈگۈچ تۇتقان نازىنىنلارنىڭ قولىدىن پار- پۇر قاچىلاردىكى خۇشپۇراق جياڭنەن چېيىنى ئىچىۋېتىپ شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىكى، هارماس ئات تۇياقلىرىغا تايىنىپ تېرىمچىلار ماكانىدا تىكلىگەن سەلتەنەت ئۇزاققا بارمايدۇ، ئۇلار يا ئېكىن مەدەنىيىتىنىڭ قوينىغا ئۇن - تىنسىز سىڭىپ كېتىشى كېرەك، ياكى شىپاڭلىق قەسىرلەردىن ئايرىلىپ ئۆزلىرىنىڭ شىمالدىكى چېدىرلىرىغا قايتىشى كېرەك. خەيرىيەت، موڭغۇللار كېيىنكى يولنى تاللىدى، يۈز يىلغا يەتمەيلا چوڭ ئاستانىنى تاشلاپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا چېكىنىپ چىقتى. چۈنكى، بۇ ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدىغان بىردىنبىر يول ئىدى. ئارىدىن بىر قانچە ئەسىر ئۆتتى، شەرقنىڭ تارىخىدىكى بىر خىللىق تەكرار داۋاملاشتى. سەددىچىننىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدا كۆچەيگەن مانجۇلار سەردارى نۇرخاچ زور ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگە، ئوتتۇرا ئاسيادا كۆچەيگەن بابۇر ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ھىندىستانغا باستۇرۇپ كىردى. مانجۇلار بېيجىڭدا چىڭ خاندانلىقىنى، بابۇر دېھلىدا موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. ئۇلار شەرقتىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك بۇ تېرىم خەلقلىرىنىڭ رەڭگا رەڭ جۇلاسىغا، ھۆل، يېپىشاڭغۇ، سۈيۈقلاندۇرۇلغان روھىي جۇغلانمىسىغا، ھەننىۋا مىللىي پەرقلەرنى ئېرىتىپ ئۇن قىلىۋېتىدىغان مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا ئۆزلىرىنىڭ قوپال، كۆچتۈڭگۈر، قىزىققان جىسمى بىلەن رام بولدى. نىھايەت، بىر قانچە ئەسىر ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسيانىڭ يايلاق مەدەنىيىتى مۇھىتىدا يېتىلدۈرگەن ئەرلىك ھەيۋىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ھىندى تۇپرىقىنىڭ ئاياللىق جەزبىگە باي

قويىندا تولۇق كۆندۈرۈلۈپ تاشلاندى. چۈنكى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىكى پىسخىك ھالەت ھامان ھېسسىيات جەھەتتىن ئۆزىگە قارشى جىنسلىق خاراكتېرنى تەلەپ قىلاتتى. چوڭ دەريا ۋادىلىرىنى ئاساس قىلىپ مۇقىم، ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، ئەنئەنىۋى، جاھىل ئېكىن مەدەنىيىتي مۇھىتىدا روھىي جۇغلانمىسى پىشىپ يېتىلگەن، تەمكىن، ھۆل خاراكتېرگە ئىگە تېرىم مىللەتلىرىنىڭ يۇمشاق مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن يايلاق مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىدە ئىچكى قارشىلىق كۈچى ۋە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كەمچىل ئىدى. شۇڭلاشقا، شەرقتىكى تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن غەربتىكى دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ تىنىمسىز قىستىشى، غىدىقلىشى، سۈركۈلۈشى ۋە زەرەتلىشى نەتىجىسىدە، ئۇزۇن مەزگىللىك تىركىشىشتىن كېيىن، XV ئەسىرگە كەلگەندە يايلاق مىللەتلىرىنىڭ سەلتەنىتى ۋە ئات ئۈستىدىكى مەدەنىيىتى يېڭىدىن تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ كۆكۈش دولقۇنلىرى ئۈستىدە لەيلەپ ئۈزۈۋاتقان يەلكەنلىك كېمىلىرىگە ئورۇن بەردى.

دېمەك، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كونا قۇرۇقلۇقنىڭ يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئاۋۋالقى ئۇزاق تارىخى شەرق تېرىمچىلىرى، يايلاق چەۋەندازلىرى ۋە غەرب دېڭىزچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىنىمسىز مۇناسىۋەتلەر جەريانىدا دەۋر قىلدى. شۇڭا، تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغان ساپان، يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغان ئات ۋە دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغان يەلكەنلىك كېمە پار ماشىنىسى كەشىپ قىلىنغىچە بولغان ئۇزۇن تارىخقا ۋەكىللىك قىلاتتى. ساپاننى ئۆزىگە سىمۋول قىلغان تېرىم مەدەنىيىتى جاھىل، ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان، ئەنئەنىۋى ئاڭغا باي، سىرتقى يات مەدەنىيەتكە نىسبەتەن ئىچكى قارشىلىق كۈچى كۈچلۈك مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئېھتىياجىنى ئۆز زېمىنىنىڭ نېسىۋىلىرى بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان، سىرتقى مەدەنىيەتنى ھامان ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈشنى ئىستەيدىغان،

فېئوداللىق ئەخلاق، ئائىلە ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە قاتتىق ئەھ-
مىيەت بېرىدىغان، گۈلدۈرماممىدەك ھەيۋىنى ئەمەس، بەلكى پىنھان
سۈكۈتنى ۋە غايىۋى ئوي - پىكىرلەرنى ياخشى كۆرىدىغان، باش -
ئاخىرى يوق ئاسىياچە ھۆل ئازابقا خۇشتار مەدەنىيەت تىپى ئىدى.
ئۇلارنىڭ گۈزەللىك ئىستىكى ۋە ئېستېتىك خاھىشى تارىخىي شەكىلدە
ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى. شۇڭا، ئۇلاردا يىلنامە - تەزكىرىچىلىك
تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇنى مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى
شەكلى دەپ قارايتتى.

يەلكەنلىك كېمىنى ئۆزىگە سىمۋول قىلغان دېڭىز مەدەنىيىتى
قەدىمكى يۇنان - رىم مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان، تىنىمسىز
دېڭىز دولقۇنلىرى بىلەن ئارال، تاقىم ئارال ۋە يېرىم ئاراللارنىڭ
ئەبەدىي سۆيۈشۈپ تۇرۇشىدىن ھاياتىي كۈچ ئالغان، ئادەم بىلەن
تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى جىمى ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەركىزى قىلغان،
ئۇ رىقابەت ئېڭىغا، تەۋەككۈلچىلىك روھىغا ۋە ئېچىۋېتىش پسىخىكى-
سىغا ئىگە؛ ھۆل، پىنھان، يىپىشاڭغۇ ئاسىياچە ئازابتىن كۆرە
يۇرەكنى تىترىتىدىغان، كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىنى لەختە - لەختە
قىلىۋېتىدىغان ئودىپۇسچە كۆيۈشمە ئازابقا خۇشتار مەدەنىيەت تىپى
ئىدى. ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشلىرى شەخسنىڭ قە-
دىر- قىممىتىدە ئىپادە قىلىناتتى. ئۇلار ئىجتىمائىي توپقا قارىغاندا
شەخسنىڭ ئورنى، رولى، قىممىتى ۋە ئەركىنلىكىگە كۆپرەك ئەھمى-
يەت بېرەتتى. گۈزەل خانىش ھېلېنىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئېلىپ
قېچىلىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان شەخسىي خورلۇق سەۋەبىگە
پارتلىغان ئون يىللىق دەھشەتلىك يۇنان - ترويا ئۇرۇشى شەرق
تېرىمچىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلىق ھېسابلىناتتى.
قەدىمكى يۇنان سەنئىتىدە يالىڭاچ ھەيكەلتىراشلىقنىڭ ئاجايىپ تەرەق-
قىي قىلىشى، ئەپسانىلەردە ئۇششاق ئىلاھلاردىن باشقا ھەتتا تەڭرى-
لەرنىڭ تەڭرىسى زېۋسنىڭمۇ يېرىم ئىلاھ، يېرىم ئادەم سۈپىتىدە

تەسۋىرلىنىشى، داۋىنچىنىڭ «ئىنجىل» قىسسىلىرىدىكى پەيغەمبەر-لەرنىڭ رەسىمىنى سىزماي، بەلكى ئىنساننىڭ يوشۇرۇن گۈزەللىكى مۇجەسسەملەشكەن ئاددىي شەھەر پۇقراسى مونالىزانىڭ سۈرىتىنى سىزىشى دەل ئۇلارنىڭ شەخسنىڭ قىممىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى نامايان قىلغان.

ئاتنى ئۆزىگە سىمۋول قىلغان يايلاق مەدەنىيىتى ئوتتۇرا، مەر-كىزىي ئاسىيانىڭ كۆپ قىرلىق، ئۆزگىرىشچان ھاۋا كېلىماتىدا ئوت، سۇ مەنبەلىرىنى قوغلىشىپ، تىنىمسىز كۆچۈپ، قويۇندەك ئۇچقۇر ئاتلىرىغا تايىنىپ ئۆزلىرىگە زورۇر بولغان ھاياتلىق شارائىتى ئىزدەش جەريانىدا، قىزىققان، تېز ھاياجانلىنىپ تېز سوۋۇيدىغان، قارام، جەسۇر خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئەنئەنە ۋە تارىختا بولغان قارىشى تېرىم مىللەتلىرىدەك جاھىلانە تۇس ئالمىغان؛ ئۇلار ھەم شەرق تېرىمچىلىرىدەك ئاسىياچە ھۆل ئازابقا، ھەم غەربتىكى دېڭىز مىللەتلىرىدەك ئودىپۇسچە كۆيۈشمە ئازابقا ياتمايدىغان؛ پەقەت يايلاق مىللەتلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك يا قەھرىمانلارچە ياشايدىغان، يا قەھ-رىمانلارچە ئۆلىدىغان، قىلچە ئارىلىق قالدۇرمايدىغان ئازاب ئېڭىغا ئىگە ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ گۈزەللىك ئىستىكى ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى پەللىسى قەھرىمانلىق ئېڭىدا ئىپادە قىلىناتتى. ئەڭ گۈزەل، ئەڭ بۈيۈك قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ پەقەت يايلاق خەلقلىرىنىڭ ئاغزا-كى ئىجادىيىتى داۋامىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى شۇ سەۋەبتىندۇر. ئې-پوس — يايلاق مىللەتلىرى ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى بولالايتتى. گېگىلنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى «قەھرىمانلىق دەۋرىدە تۇرغان مىللەتنىڭ ساپ ئېپتىدا-ئىي ھاياتىي كۈچىنى ۋە مىللىي روھىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرەلەيتتى». ①شۇنداقلا بىر مۇنەۋۋەر مىللىي ئېپوس

---

① گېگىل: «ئېستېتىكا»، سودا نەشرىياتى، 1986 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 3 - جىلد، 2 - توم، 131 - بەت.

«بىر مىللەت روھىي ماھىيىتىنىڭ كۆرگەزمىخانىسى»①بولالايتتى. شەرقتە ئۇلۇغ ئوكيانىدىن تارتىپ غەربتە ئېدىل (ۋولگا) دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئىچىدە ئېپوسى بولمىغان مىللەتلەر يوق دېيەرلىك. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە «كۈچلۈك تارىخ ئېڭىغا ئىگە خەنزۇ مىللىتى دۇنيادا ئەڭ باي تارىخنامىلەرنى يېزىپ قالدۇرغانىيۇ، لېكىن بىرمۇ مۇكەممەل قەھرىمانلىق ئېپوسى قالدۇرمىغان»②.

يايلاق مەدەنىيىتى شەرقتىكى تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن غەربتىكى دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلىقىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ھەمدە ھەر ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ئوخشاشمىغان تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغان. چۈنكى تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغان ھېچقانداق جۇغراپىيىۋى ئىمكانىيىتى يوق بولۇپ، پەقەت ئارىدىكى يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىقلا بىر- بىرى بىلەن ئاز - تولا ئۇچۇر ئالماشتۇرالايتتى. يايلاق مىللەتلىرىنىڭ شەرقتىكى تېرىم خەلقلىرى بىلەن غەربتىكى دېڭىز ئەللىرىگە قىلغان شىددەتلىك يۈرۈشلىرى نۇرغۇن ۋەيرانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئاز بولمىغان ئىجابىي تەسىرلەرنىمۇ پەيدا قىلدى. تۈرك - موڭغۇللارنىڭ ياۋروپاغا قوزغىغان يۈرۈشى ياۋروپادا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىپ، كاپىتالىزمنىڭ بىخلىرىنى تېزلەتتى. خۇددى تارىخشۇناس ماكېندى ئېيتقاندەك: «ياۋروپا مەدەنىيىتى ياۋروپالىقلارنىڭ ئاسىيادىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن»③. ھەتتا ياۋروپانىڭ نۇرغۇن ئېپوسلىرى ئاسىيا يايلاق قوۋملى-

① گېگېل: «ئېستېتىكا»، 3 - جىلد، 2 - توم، 108 - بەت.

② يى شۇشيەن: «قەھرىمان ۋە قوياش»، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1991 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 28 - بەت.

③ ماكېندى: «تارىخنىڭ جۇغراپىيىۋى بەلباغلىرى»، سودا نەشرىياتى، 1985 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 46 - بەت.

رىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا قارشى ئۇرۇشلارنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈ-
نۈش قىلغان. «ھونلارنىڭ قاخشاتقۇچ ھۇجۇملىرى داۋامىدا گىمان
مىللىتىنىڭ ‹نىبېلوڭگېن ناخشىسى›، ناملىق ئېپوسىنىڭ دەسلەپكى
ئۇلگىسى مەيدانغا كەلگەن. ئالتاي تاغلىرى ۋە موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن
غەربكە سۈرۈلگەن تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قارا دېڭىز بويلىرىنى
بازا قىلىپ، ئەرەبلەر بىلەن بىرلىكتە جەنۇبىي ياۋروپا ئارقىلىق
ئىسپانىيە، فرانسىيىلەرگە ھۇجۇم قىلغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە فران-
سۇزلارنىڭ ‹روللاند ناخشىسى›، ئىسپانلارنىڭ ‹كىد ناخشىسى›
ناملىق قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى شەكىللەنگەن. تۈركىي قوۋملەرنىڭ
ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ شەرقىي ياۋروپاغا كىرىشى نەتىجىسىدە رۇس
ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشى بولغان ‹ئىگورنىڭ يىراققا يۈرۈشى› ناملىق
قەھرىمانلىق ئېپوسى بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
تۈركىي قوۋملەرنىڭ ‹ئوغۇزنامە›، قاتارلىق ئېپوسلىرىمۇ مەيدانغا
كەلگەن.»[1]

3

بىر مىللەتنىڭ بۈيۈك تاللاشقا دۇچ كەلگەن دەقىقىلىرى ھامان
شۇ مىللەت تارىخىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇزاق
دەۋرلەر مابەينىدە مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي گەۋدىسى ئىچىگە ئاستا ـ
ئاستا توپلانغان، ئىچكى مەنىۋى قۇرۇلمىنى سۇغىرىپ كەلگەن يوشۇ-
رۇن پسخىك جۇغلانما دەل ئاشۇ بۈيۈك تاللاشقا دۇچ كەلگەن ھەل
قىلغۇچ پەيتتە گويا يەر تېگىدە مىليون يىللار ئۇخلاپ ياتقان ماگمىدەك
بىراقلا پارتلاپ چىقىشى مۇمكىن. يەھۇدىيلارنىڭ ئەجدادى بولغان
ئىبرايىلارنىڭ مىسىر فىرئەۋنىنىڭ بىر قانچە يۈز يىللىق قۇل قىلى-

[1] ياۋ باۋشۇەن: «دۇنيا ئېپوسلىرىنىڭ مەدەنىيەت جۇغراپىيىسىدىكى بەلبېغى» —
«جىنياڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 ـ يىللىق 5 ـ سان.

شىدىن كېيىن، مۇسانىڭ يېتەكچىلىكىدە مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ئانا ۋەتىنى — كەنئان چۆللۈكلىرىگە قايتىپ كېلىشى ئۇلارنىڭ تارىخىغا قانچىلىك زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلمىدى؟ غەربىي هونلارنىڭ ئالتاي تاغلىرىدىن ئايرىلىپ، ئېدىل سۈيىنى كېچىپ، شەرقىي ياۋروپا سازلىقلىرى ئارقىلىق دوناي ۋادىسىغا كىرىشى ياۋروپانىڭ قەدىمكى ۋەزىيىتىدە قانچىلىك زور داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلمىدى! ؟ . . .

تارىختا شۇنىسى ناهايىتى ئېنىقكى، هەر قانداق مىللەتنىڭ بىر ئۇلۇغۋار تاللاشقا دۇچ كېلىشى، تارىخىي خاراكتېرلىك چوڭ كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇشى ۋە ياكى مەلۇم بىر سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ قاتتىق غىدىقلىشىغا ئۇچرىشى هامان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن هاياتىي كۈچىنى ۋە پىسخىك قۇرۇلمىسىنى قايتىدىن يېڭىلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېڭى مەزمۇن قوشىدۇ. دەرۋەقە، چوڭ كۆچۈش ۋە تاللاشلارنىڭ هەممىلا مىللەتنىڭ تارىخىغا بۈيۈك پروگرېسسىيەلەرنى ئېلىپ كېلىشى ناتايىن. سىرتقى غىدىقلاش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان هەرقانداق ئۇلۇغۋار پروگرېسسىيە ئەڭ ئالدى بىلەن شۇ مىللەت ۋۇجۇدىدىكى مىللىي گېن بىلەن پىسخىك ئېنېرگىيىنىڭ ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىشىدا قانچىلىك رول ئوينىغانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

مىلادىيە 840 ـ يىلىدىكى چوڭ كۆچۈش مىللىتىمىز تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ۋەقە بولدى. بۇ قېتىمقى كۆچۈش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. شىمالىي ئاسىيانىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغان دالىلىرىدا، ئانا تەبىئەتنىڭ پايانسىز قوينىدا، ئۇچقۇر ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرىدە، ئوقيانىڭ كىرىچلىرىدە يېتىلگەن بۇ روھ قانداق قىلىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئانا بالىياتقۇسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان پىنهان چوڭقۇرلۇقىغا جەلىپ قىلىندى؟ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان، بىر پۈتۈن مىللەت گەۋدىسى بىلەن هالاكەتلىك سىناققا دۇچ كەلگەن

بۇ خەلق پەقەت تارىم ۋادىسىدىكى ئەسلىدىن بار بولغان قېرىنداشلىرىنىڭ قوينىدىلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش ۋە ياشاش شارائىتىنىڭ ئەبەدىيلىك ئىمكانىيىتىنى بايقىغانىدى. ئارىدىن مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، بىز تارىمدىكى ئاشۇ قېتىملىق زور قوشۇلۇشنىڭ نەقەدەر توغرا تاللاش بولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. ئورخۇن ۋادىسىدىن جەنۇبقا — سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە كۆچكەن ئەجدادلىرىمىز قانداق قىلىپ ئىز - تىزسىز غايىب بولدى؟ خېشى كارىدورىغا كۆچۈپ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزلىرى ئۇچراشقان يەرلىك تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ چوڭ تۈگمىنىگە سىڭىپ كېتىشتى؟ ئۆز مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا، تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ سۇيۇقلاندۇرۇلغان جىلۋىسى بىلەن شەرقچە سەۋر - تاقەتكە ۋە ئىچكى سۈكۈناتقا باي خاراكتېرىنىڭ ئۇزلۇكسىز، تىنىمسىز غىدىقلىشى قىزىققان، تەنتەك خاراكتېرگە ئىگە «گرانت كاللىلىق» بۇ ئاتلىقلارغا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ روھىي ئېنېرگىيىسى بىلەن تۇتۇپ تۇرغۇدەك ئىمكانىيەت بەرمىگەنىدى. ھالبۇكى، بۇ خىل ئىمكانىيەتنى مىللىتىمىزنىڭ غەربكە كۆچكەن زور بىر قىسمى تەكلىماكاننى قۇچاقلاپ ياشاشقا باشلىغان دەقىقىلەردىن باشلاپ رەسمىي ئىشقا ئاشۇردى.

ئەتراپىنى ھەيۋەتلىك تەڭرىتېغى بىلەن قۇرۇم تاغلىرى ئوراپ تۇرغان، دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق، ئىقلىمى قۇرغاق، ھۆل - يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز بولغان ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى پىنھان چوڭقۇرلۇق — تارىم ئويمانلىقى ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى بىر بالىياتقۇغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن بەش مىڭ يىللار مۇقەددەم ياۋروپا - ئاسىيا يايلاقلىرىدىن ھىندىستانغا سۈرۈلگەن ئېگىز بوي، كۆك كۆز، قاڭشارلىق ۋە بۇرۇت - ساقاللىق كەلگەن ئارىيانلار تەڭرى تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ بۇ سىرلىق بالىياتقۇدا ئۆز ئىزلىرى-

نى قالدۇرغانىدى. شۇنىدىن باشلاپ ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ بىر قىسىم كۆچمەنچى قوۋملەر تارىم ئويمانلىقىدىكى يەرلىك ئاھالە بىلەن ئۆز ئارا قوشۇلۇپ نىسبەتەن مۇرەككەپرەك بولغان ئىرقىي تەركىبنى، تېرىم ئىگىلىكىگە مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلدى. مىلادىيە IX ئەسىردىكى بۈيۈك ئۆچرىشىشتىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا تارىم ئويمانلىقىدىكى شەرق بۇددىزىم روھىدىن تويۇنغان، ئايالىلىق خاراكتېرگە ئىگە يەرلىك مەدەنىيەت خېلى دەرىجىدە يۈكسەلگەنىدى. يەنە كېلىپ، مەزكۇر مەدەنىيەت نىسبەتەن مۇقىم بولغان بوستانلىق ھاياتى داۋامىدا ئۆزىدە يۇمشاق، خۇشخۇي، زىلۋا خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان ئەرلىك خاراكتېرگە ئىگە كۆچتۈڭگۈر بىر مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە ئۇرۇلۇشىنى ئىستەپ كەلگەنىدى. نەتىجىدە مىلادىيە 840 ـ يىلدىن كېيىنكى بۈيۈك قوشۇلۇش بۇ غايەت زور بالىياتقۇ ئىچىدىكى تۆرەلمىنى يېپيېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن غەربكە داۋاملاشقان بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك كۆچۈش جەريانىدا، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى قويۇق چاڭ ـ توزان باسقان، ئاتلىرى ھارغان، قاتتىق ھاردۇق يەتكەن ئەجدادلىرىمىز تارىم ئويمانلىقىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ سىرلىق بالىياتقۇنىڭ قويىندا قانغىچە ئۇخلىۋېلىشقا، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ھالسىراپ قالغان پىسخىك ئېنېرگىيىنى قايتا تولۇقلىۋېلىشقا ئىمكانىيەت تاپتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ روھىيەت چوڭقۇرلۇقىدىكى ئىچكى پىسخىك جۇغلانما يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ سۈركىلىشى بىلەن رادىئاتسىيىلىنىپ، تارىم ۋادىسىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان مەدەنىيەت گۈللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ سىرلىق بالىياتقۇ ئىچكى ئاسىيادىكى بىر پىنھان زونا بولۇشقا قارىماي، شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، جەنۇبتا ھىندى مەدەنىيىتى، غەربتە ئەرەب- پارس مەدەنىيىتى ۋە يۇنان مەدەنىيىتى، شىمالدا يايلاق مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشىغا، ئۆتۈشۈشى-

گە، سۈركىلىشىگە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان مۇھىم تۈگۈن ئى-
دى. شۇڭا، قۇرۇقلۇقتىكى يىپەك يولىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنىڭ يېتىپ
كېلىشى، IX ئەسىردىن كېيىن تامامەن ئۇيغۇرلاشقان تارىم ۋادىسىدى-
كى بوستانلىق مەدەنىيىتىنى يوشۇرۇن ئېنېرتسىيە بىلەن تەمىن ئەت-
تى. تارىم ۋادىسىدىكى بۈيۈك قوشۇلۇشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى
ھەرقايسى ئۇرۇق - قوۋملەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۇغۇرلۇشى ۋە ئۇيغۇر
گەۋدىسىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە ئۇيۇشۇشى بىلەن خاراكتېرلەندى.
نەتىجىدە بۇ خىل بۈيۈك قوشۇلۇش ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن
دەۋرىنى ئاچتى. خۇددى ياپونىيە ئالىمى خانېدا تورۇ ئېيتقاندەك:
«بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى كۆپىنچە ھالدا شۇ مىللەت-
نىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە ئۇچراشقانلىقى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك»①. كولۇمبۇ ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىنى تاپقاندىن كېيىن-
كى 300 يىل مابەينىدە ئەنئەنىۋى ئاساسى بولمىغان ئامېرىكا مەدەنىيە-
تى نېمىشقا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە تېز تەرەققىي
قىلدى؟ تەرەپ - تەرەپتىن بۇ يېڭى قۇرۇقلۇققا ئاققان تەۋەككۈلچى-
لىك روھىغا باي ياۋروپا كۆچمەنلىرى قانداق قىلىپ يېڭى دۇنيادىكى
«مەدەنىيەت ۋاكۇئۇمى»نى بۇزۇپ تاشلىدى؟ بىر قېتىملىق خەلقئارا-
لىق چوڭ زىياپەت سورۇنىدا يۈز بەرگەن مۇنداق قىزىقارلىق ۋەقە
بىزگە يېڭى قۇرۇقلۇقنىڭ تەرەققىيات تىلسىمىنى كۆرسىتىپ بەردى:
ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاشۇ قېتىملىق زىياپەتتە جۇڭگولۇقلار، رۇس-
لار، فرانسۇزلار، گېرمانلار ۋە ئىتالىيانلار بەس- بەس بىلەن ئۆزلى-
رىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى كۆز - كۆز قىلىپ ماختىنىپ-
تۇ. پەقەت ئامېرىكىلىقلارلا پىسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ ئېغىز ئاچماپ-
تۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق ۋە قايىل قىلار-
لىق قىلىپ ئىپادىلەش ئۈچۈن مىللىي ئالاھىدىلىكىنى، مىللىتىنىڭ

---

① خانېدا تورۇ (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، 211 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

ئۇزۇن تارىخنى گەۋدىلەندۈرىدىغان داڭلىق هاراقلىرىنى چىقىرىپ بىر - بىرىگە قەدەھ تۇتۇپتۇ: جۇڭگولۇقلار پۇرىقى دىماقنى غىدىقلاپ تۇرىدىغان ماۋتەي هارىقىنى، رۇسلار ۋودكىسىنى، فرانسوزلار شامپان هارىقىنى، ئىتالىيانلار ۋىنوسىنى، گېرمانلار ۋىسكىسىنى رومكىلىرىغا قويۇپ، قەدەھ كۆتۈرۈشۈپتۇ. نۆۋەت ئامېرىكىلىقلارغا كەلگەندە، ھەرخىل هاراقلاردىن ئاز - ئازدىن قويۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ، قەدەھ كۆتۈرۈپتۇ - دە: «مانا بۇ ئەبجەش كوكتېيل هارىقى. بۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ‹ئۇنىۋېرساللىق — ئىجادىيەت دېمەكتۇر› دېگەن مىللىي روھىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ» دەپتۇ.

دېمەك، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، تارىخى 300 يىلغا يەتمەيدىغان ياش ئامېرىكا مەدەنىيىتى — يېڭى قۇرۇلۇق بايقالغاندىن كېيىنكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن ئارىلاشما مەدەنىيەتتۇر. ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ تۇرغان پسىخىك تىندۇرمىسىدا تەۋەككۇلانە روھقا باي ياۋروپا كۆچمەنلىرىنىڭ، ياۋايى جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان قىزىل ئەتلىك ئىندىئانلارنىڭ، دېڭىز - ئوكيانلار كېچىپ، يېڭى قۇرۇلۇققا قۇللۇققا ئېلىپ كېلىنگەن ئافرىقا نېگىرلىرىنىڭ مەدەنىيەت گېنلىرى مەۋجۇت. شۇڭلاشقا، كۆپ خىل ئىرىق ۋە مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشىدىن يوشۇرۇن ئېنېرگىيىگە ئېرىشكەن ئامېرىكا مەدەنىيىتى پارتلاش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

مىلادىيە IX ئەسىردىكى تارىم ۋادىسىدا يۈز بەرگەن مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشىمۇ ئۆزىگە دەل شۇنداق يوشۇرۇن ئېنېرگىيىنى جۇغلىغانىدى. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گەۋدىسىگە تارىم ۋادىسىدىكى ساك، تۇخرى قاتارلىق ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ قەدىمكى مىللەتلەر، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، كۆچمەن تۇرمۇش كۆچۈرىدىغان موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە قوۋملار، خېلى بالدۇرلا تۈركلەشكەن ئوتتۇرا ئاسىيا تىپىغا مەنسۇپ يەرلىك خەلقلەر

زىچ ئۇيۇشقانىدى. نەتىجىدە، تارىمدىكى بۇ بۈيۈك ئۆچرىشىش يېڭىدىن
ھاياتىي كۈچكە ئېرىشكەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن مۇقىم بول-
غان ئىچكى ماھىيەتلىك قۇرۇلما ۋە پىسخىك جۇغلانما تەقدىم قىلدى.
دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك
قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن پىسخىك ئەندىزە ھامان سىرتقى مەدەنى-
يەتلەرنىڭ غىدىقلىشىغا نىسبەتەن يەكلەش پوزىتسىيىسىنى ئەمەس،
بەلكى قوبۇل قىلىش، مايىل بولۇش خاھىشىنى ئىپادە قىلىدۇ.
شامان دىنى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكى
ئىچىدە ھاياتلىق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئورخۇن ئۇي-
غۇرلىرى قانداقلارچە شامان دۇنياسى ئىچىدە تۇرۇپ مانىي دىنىنى
قوبۇل قىلالىدى؟ مىڭ يىللاردىن ئارتۇق ۋاقىت شەرق بۇددىزم روھى
بىلەن تويۇنۇپ كەلگەن تارىم ۋادىسىدا ئىسلام دىنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە
تېز ئومۇملىشالىدى؟ بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇددىزم مەدەنىيىتى
چوڭقۇر يىلتىز تارتقان تارىم ۋادىسىدا ئىسلامىيەتنىڭ تېز سۈرئەت
بىلەن كېڭىيىشىنى ئەرەب خەلىپىسىنىڭ ۋالىلداپ تۇرغان شەمشىرى
ئەمەس، بەلكى بۈيۈك قوشۇلۇشتىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسى-
خىكىسىدىكى تاش مايىللىق ئەندىزە بەلگىلىگەن. چۈنكى ياۋروپا -
ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بىر - بىرىگە باغلىغان يىپەك يولى ئېلىپ
كەلگەن ئالەمشۇمۇل جۇغراپىيىۋى ئەۋزەللىك VIII — IX
ئەسىرلەردىكى تارىم ئويمانلىقىنى «تۆت تەرەپكە قارىتىپ دېرىزىسى
ئېچىۋېتىلگەن ئۆيگە، گۈللەرنىڭ رەڭ - پۇرىقىغا قارىماي شىرنە
يىغىدىغان ھەسەل ھەرىسىگە»① ئايلاندۇرغانىدى. شۇڭلاشقا، بۇ خىل
ئىمكانىيەت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئالتۇن دەۋرى-
نى ئاچتى. ئىسلام تۈسى قويۇق بولغان قاراخانىيلار ئۇيغۇر مەدەنىيە-
تى بىلەن بۇددىزم روھىدىن تويۇنغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

---

① مىڭ چىبى، لۇ لۇلۇ: «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» ، تارىم ژۇرنىلى، 1988 - يىل، 11 - سان.

بۈيۈك قوشۇلۇشتىن كېيىنكى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان روھىي تىندۇرما ئىچىدە ئاجايىپ گۈللىنىش مەنزىرىسىگە ئېرىشتى. ئوتتۇرا ئەسىردىن تارتىپ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامانغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ خېمىرتۇرۇچىنى ۋە غول تومۇرىنى دەل ئاشۇ بۈيۈك قوشۇلۇشتىن كېيىنكى جۇشقۇن روھىي تىندۇرما ھاسىل قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئىچكى تەركىبى بىلەن ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى — ئەرلىك دىن بىلەن ئاياللىق دىنىنىڭ، ياۋايى جەسۇرلۇق بىلەن خۇشخۇي تەمكىنلىكنىڭ، شىۋاق ھىدى بىلەن بازار كۈيىنىڭ، ساددا شېئىرىيەت بىلەن سوغۇققان پەلسەپىنىڭ، شۇنداقلا جاسارەت بىلەن نازاكەتنىڭ، ھېسسىيات بىلەن ئەقلىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشىدا مەزمۇن تاپقانىدى. تارىم ئويمانلىقىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق بالىياتقۇدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ كۆپ خىل مەدەنىيەت گېنلىرىدىن رەڭ ئالغان؛ گاھ ھاياجانلىنىپ، گاھ پەسكويغا چۈشۈپ تۇرىدىغان؛ قۇرغاق ئەمما ئۆزىنى ھەر ۋاقىت سوغىرىپ تۇرۇشنى ئىستەيدىغان؛ ئىچكى پىنھان ئازابلارغا مەپتۇن بولۇپ ئۆتۈشتىن كۆرە سىرتقى، يىراقتىكى غايىۋى مەنزىرىلەرگە تەلپۈنىدىغان تۆرەلمىلىرى ئاستا - ئاستا يېتىلمەكتە ئىدى.

## 4

تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى. شاۋقۇن - سۈرەنگە تولغان قانچىلىغان شەھەر - بازارلار تەكلىماكان باغرىغا غەرق بولدى. يىپەك يولىنى بويلاپ تىنىمسىز ئۆتۈپ تۇرىدىغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما سادالىرى قايتا ئاڭلانمايدىغان بولدى. تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى يېشىل بوستانلىقلاردا بىر مەھەل گۈللەنگەن قارا خانىيلار مەدەنىيىتى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئىدىقۇت مەدەنىيىتى تارىخنىڭ چاڭ - توزانلىرى ئىچىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ پىنھان سۈكۈتلى-

رىگە دەپىنە قىلىۋېتىلدى. چىڭگىز قوشۇنلىرىنىڭ دەھشەتلىك ۋەھ-
شىسى بىلەن قارا قىتانلارنىڭ شەپقەتسىز ھۇجۇملىرى بىر مەھەل
تىنچ، مۇقىم بولغان تېرىم ھاياتىغا كۆنۈككەن مىللىتىمىزنىڭ پسى-
خىك جۇغلانمىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇپ تاشلىدى. غەربتە دېڭىز
مەدەنىيىتىنىڭ قايتا گۈللىنىشى قۇرۇقلۇقتىكى يىپەك يولىنىڭ ھەل
قىلغۇچ ئەھمىيىتىنى بىكار قىلىپ، ئىچكى ئاسىيا رايونىنىڭ پاجىئە-
لىك تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويدى. مەركىزىي ئاسىيا چۆللۈكلىرىدە
پېتىۋاتقان كەچكى قۇياشنى قوغلىشىپ، ئۇپۇق چەمبىرىكىگە قاراپ
تىنىمسىز ئۈزاپ تۇرىدىغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ ئىزلىرى ئەمدى قايتا
كۆرۈلمەيدىغان بولدى. XIV — XV ئەسىرلەردىن تارتىپ ئوتتۇرا
ئاسىيا رايونى باش - ئاخىرى يوق ئىچكى تەپرىقىچىلىك ۋە سىياسىي
مۇقىمسىزلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. ئەرەب چۆللۈكلىرىدىن خەلى-
پىنىڭ قىلىچى ئەتراپىغا ئويۇشۇپ، ئۇچقۇر ئارغىماقلىرىغا تايىنىپ
ئۈچ قىتئەگە كېڭەيگەن ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ئەھلى سەلىب يۇ-
رۇشلىرىدىن كېيىن ئاستا - ئاستا چۈشكۈنلەشتى. XI ئەسىردىن
كېيىن، زەئىپلىككە يۈز تۇتقان تەقدىرىدىن دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ
قالغان باغداد خەلىپىلىرى بىر زامانلاردا ئۆزلىرىنىڭ ۋىزانتىيىنىڭ
ھەيۋەتلىك ئوردا - قەسىرلىرىدىكى مەخمەل دىۋانلاردا سۇنايلىنىپ
يېتىپ، شەھلا كۆزلۈك رەققاسلارنىڭ ناز - كەرەشمىلىك تولغىما
ئۇسسۇللىرىنى تاماشا قىلغان چاغلىرىنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايدى-
غان بولۇپ قالدى. پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىدا ھۆكۈم سۈرۈ-
ۋاتقان مەنىۋى چۈشكۈنلۈك تارىم ۋادىسىنىڭ روھىي تەنھالىقىنى تېخى-
مۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەر-
بىي كۈچىگە تايىنىپ سەئىدىيە خانلىقىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان
ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئاتالمىش «خوجا - ئىشانلىق»،
«سوپىلىق» تەرغىباتلىرى ئارقىلىق مىللىتىمىز ئىدېئولوگىيىسىنى
مەنىۋى مەھكۇملۇققا ئەسىر قىلدى. شۇندىن باشلاپ تارىم ۋادىسىدا گويا

زۇلمەتكە ئوخشايدىغان قاباھەتلىك ئۇزۇن دەۋر ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى.

رىم پاپاسى بىلەن فېئودال كىنەزلەرنىڭ مۇدھىش ھۆكۈمرانلىقىنى سىلكىپ تاشلاپ، چېركاۋ پەلسەپىسىنىڭ سىرلىق سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇپ چىققان ياۋروپا يەلكەنلىك كېمىلىرى ئارقىلىق تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە يېڭى دېڭىز مەدەنىيىتى بەرپا قىلغان چاغدا، ئاسىيا تولىمۇ قېرىپ كەتكەنىدى. ئۇزاق زامانلار مابەينىدە جىمجىت، بىر خىل، شاۋقۇن ـ سۈرەنسىز ئاققان نىل، دەجلە ـ ئېفرات، ھىندى ـ گانگ ۋە خۇاڭخې ـ چاڭجياڭ دەريالىرى ئۆز ھاۋزىسىدىكى تېرىم مەدەنىيىتىنى قاتمۇ قات لاتقا بىلەن تىندۇرۇپ تاشلىغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كۈنسېرى ئالغا قاراپ كېتىۋاتقان ياۋروپانىڭ ئەكسىچە، ئاسىيا بارغانسېرى كەينىدە قالدى.

شۇنىسى قىزىقارلىقكى، ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى نۇرغۇنلىغان چوڭ دەريالار ئوتتۇرا قىسمىدىكى قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىدىن باشلىنىپ تۆت ئەتراپتىكى تۈزلەڭلىكلەرگە قاراپ ئېقىپ، ئەڭ ئاخىرى پايانسىز دېڭىز ـ ئوكيانلارغا قۇيۇلىدۇ. ھالبۇكى، ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى تارىم ئويمانلىقىدا بولسا، دەريا ـ ئېقىنلار تۆت ئەتراپنى قورشاپ تۇرغان ئېگىز تاغلاردىن باشلىنىپ، مەركەزگە قاراپ ئېقىپ، ئەڭ ئاخىرى تەكلىماكان قوينىغا سىڭىپ كېتىدۇ. دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر جاينىڭ جۇغراپىيىۋى جايلىشىشىغا ئوخشىمايدىغان بۇ خىل تەتۈر تاناسىپلىق مۇھىت بۇ ماكاندا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ۋە ھەرۋاقىت سۇغىرىلىپ تۇرۇشنى ئىستەيدىغان قۇرغاق مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بولۇپمۇ بۇ رايوننى شەرق بىلەن غەربنىڭ يېڭى ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان يىپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىن، ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان، كىشىنى بىزار قىلىدىغان سىرلىق سۈكۈنات باستى. تەكلىماكاننى قۇچاقلاپ، چۆل جىمجىتلىقىغا ئەسىر بولۇپ تىنچىقىنە ئاقىدىغان تارىم

دەرياسى ئۆز ھاۋزىسىنى چوڭقۇر لاتقىلارغا كۆمۈپ تاشلىدى. دەريا
لاتقىلىرى ۋە چىرىندىلاردىن شەكىللەنگەن بوستانلىقلاردا تەكلىماكان
قۇملۇقىنىڭ مەڭگۈ توختاپ قالمايدىغان ھۇجۇمى بىلەن ئېلىشىپ،
بۇرۇختۇم ھاياتقا ئۆگەنگەن بۇ تارىملىق تېرىمچىلار قۇرغاق، ئۆلۈك
توپىدا چاك ـ چاك يېرىلغان پۇتلىرىنى تاتىلاپ، مەدداھلارنىڭ شاللى-
رىنى چاچرىتىپ بىر جەڭنامىنى تەكرار- تەكرار ئېيتىشقا كۆنۈككە-
نىدى. نەۋائىيدىن كېيىنكى 500 يىل مابەينىدە، ئىچكى ئاسىيادىكى
بۇ سىرلىق بالىياتقۇدا ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان يېڭى مەدەنىيەتنىڭ
تۆرەلمىلىرى بىخلىيالمىدى. بۇ يەردە شەرق تېرىمچىلىرىدەك كىشى-
لىك مۇناسىۋەت ھەققىدىكى چېگىش ئېتىكىلىق مەسىلىلەر ۋە ئائىلە،
نەسەپ ئەھكاملىرى مۇھاكىمە قىلىنمىدى؛ ھىندىستانلىقلاردەك مېتا-
فىزىكىغا باي، پانىي ئالەمنىڭ چەكسىزلىكىگە مەھلىيا بولىدىغان
ئوي ـ خىياللار بولۇنمىدى؛ غەربلىكلەردەك شەخسنىڭ قەدىر ـ
قىممىتىنى، ئەقلىي يۈكسەكلىكىنى، كەسكىن ئەمەلىيەتچانلىقىنى
ئۆز ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ مىزانى قىلىدىغان پەلسەپە تېخىمۇ ۋۇجۇتقا
كەلمىدى. بۇ يەردە پەقەت قۇم بارخانلىرىنىڭ سۈررەڭ، زېرىكەرلىك
جىمجىتلىقىغا ئوخشاش چىدىغۇسىز سۈكۈنات؛ پىنھان، ئاندا ـ ساندا
كۆرۈلۈپ قالىدىغان غۇۋا ھاياجان؛ قۇرغاق، چاڭقاق ئىستەك؛ ئا-
خىرقى نۇقتىغا يېتىشنى ئويلىمايدىغان سەۋرسىزلىك ھۆكۈم سۈردى.
تېخىمۇ توغرىسى، يېڭىدىن گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋروپالىقلار مەۋج
ئۇرۇپ تۇرغان ئاتلانتىك ئوكياندا، تەۋەككۈلانە قەدەملىرى بىلەن
شامال يۆنىلىشىگە قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كېمىلىرىنىڭ ئاپئاق
يەلكەنلىرىگە يېڭى دۇنيانىڭ تارىخىنى يېزىشقا باشلىغان چاغدا، تارىم
ۋادىسى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ «ۋاكۇئۇم بەلبېغى» غا، كونا قۇ-
رۇقلۇقتىكى «تەنها ئارال» غا، يېقىنقى زامان تارىخىدىكى «ئۇنتۇلغان
زونا» غا ئايلىنىپ قالغانىدى. گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان بۇخىل
مۇدھىش دەۋر تاكى XX ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگىچە داۋاملاشتى.

دەرۋەقە، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، دەيدىغان
نەزەرىيە مۇتلەق ئىلمىي نەزەرىيە ئەمەس، لېكىن جۇغراپىيىلىك جاي-
لىشىشىنىڭ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان
بىۋاسىتە تەسىرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. چوڭ دەريا ۋادىلىرىدى-
كى لاتقىلاردىن شەكىللەنگەن تۈزلەڭلىكلەردە ياشاپ كەلگەن ھىندىلار
بىلەن شىمالىي ئاسىيانىڭ يەلپۈنۈپ تۇرغان پايانسىز يايلاقلىرىدا ئات
ئۈستىدە ياشاپ كەلگەن موڭغۇللارنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ
ئوخشىماسلىقىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىق بولغان جۇغراپىيە-
لىك مۇھىت بەلگىلىگەن. ياۋروپا مەرىپەتچىلىك دەۋرىدە ئۆتكەن
فرانسىيە پەيلاسوپى مۇنتېسكيۇ گەرچە ئۆز تەلىماتلىرىدا جۇغراپىيە-
لىك مۇھىتنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىنى ھەدەپ كۆككە كۆتۈرگەن بول-
سىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى-
دىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان تەرەپلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بەردى.
قەدىمكى يۇناندا نېمە ئۈچۈن ئالەمگە مەشھۇر ئەپسانە - رىۋايەتلەر،
ئادەم بەدىنىنىڭ گۈزەللىكىنى ئىپادە قىلىدىغان ھەيكەلتىراشلىق
شۇنچە تېز تەرەققىي قىلدى؟ ماركس بۇنى گرېتسىيىنىڭ گۈزەل
جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغا باغلىدى: «يۇنانلىقلارنىڭ گۈزەل تەبىئىي
شارائىتى — ئۇنىڭ بۇلۇتسىز كۆك ئاسمىنى، ئۇنى ئوراپ تۇرغان
چەكسىز يېشىل زۇمرەت دېڭىزى ئۇلارنى گۈزەللىككە ئۈندىدى. ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىنىمۇ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئالىي كىشى سۈپىتىدە
تەسۋىرلىدى. گرېتسىيىنى قاپلاپ تۇرغان گۈزەل، زەڭگەررەڭ ئاس-
مانىنى ئادەم قىياپىتىدىكى ‹بۈيۈك ئاتا›، دېڭىزدا لەھەڭگە مىنىپ،
شىددەتلىك دولقۇنلار ئارىسىدا يۈرىدىغان زور بىر كىشى قىلىپ
تەسۋىرلىسە، قۇياشنى ئوت ئۈچقۇنلىرى چاچىدىغان بىر ئاقساق تۆ-
مۈرچى قىلىپ تەسۋىرلىدى...»[1]

[1] ماركس، ئېنگېلس: «سەنئەت توغرىسىدا»، موسكۋا، رۇسچە نەشرى، 1 - توم، 270 - بەت.

مەدداھ ـ ۋائىزلىق ئەرەب سەھرالىرىدىن تەكلىماكان گىرۋەك-
لىرىگىچە بولغان قۇرغاق، ھۆل ـ يېغىنسىز، چۆل ـ جەزىرىلەر
بىلەن ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان بوستانلىقلار ئۆزئارا گىرەلە-
شىپ كەتكەن ئىچكى ئاسىيادا تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ يەردىكى قۇياش
نۇرىنىڭ تونۇردەك قىزدۇرۇشى بىلەن سۇسىز چۆللەرنىڭ ئالۋۇندەك
يالىنىدىشىدىن شەكىللەنگەن قۇرغاق، زېرىككەرلىك ھايات ئۇلارنى شېئ-
رىي تۇيغۇغا باي، ھېسسىياتچان، تىل سەنئىتى ئارقىلىق ئۆزلىرى-
نىڭ چاڭقىغان روھىي دۇنياسىغا تەسەللىي تېپىشقا ئۆگەتكەن. ئېھ-
تىمال، دۇنيادا باشقا ھېچقانداق بىر مىللەت ناتىقلىقتا ئەرەبلەردەك
ئۇنچىلىك چىۋەر بولمىسا كېرەك. باشقا ھەرقانداق بىر تىل ئىپادى-
لەش ئىقتىدارى، قاپىيە ۋە شېئىرىي تۇيغۇ جەھەتتە ئەرەب تىلىدەك
كۈچلۈك بولمىسا كېرەك. ئەرەب تارىخىنى ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلغان
فىلىپ ھىتتى بۇ ھەقتە مۇنداق يازغانىدى: «دۇنيادىكى ھەر قانداق
بىر تىل مىللىي روھنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى ئىپادە قىلىشتا ئەرەب
تىلىدەك كۈچلۈك بولمىسا كېرەك. شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق
ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى ئەرەبلەرنىڭ بىردىن-
بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇلارنىڭ تىل ئىقتىدارى پەقەت شېئىرىيەت
ئارقىلىقلا ئەڭ ياخشى ئىپادىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيتتى. ئىسلام
دىنى ئەرەب تىلىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئەرەب مىللىتىنىڭ
بۇ خىل پسىخىك ئۆزگىچىلىكىنى ئۆزىدە تولۇق نامايان قىلغانىدى.
ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبىسى مەلۇم مەنىدە بىر تىلنىڭ غەلىبىسى،
بولۇپمۇ بىر كلاسسىك دەستۇرنىڭ غەلىبىسى ئىدى...»① شۇڭا
ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر ماقالىدا: «ئەقىل ئۈچ نەرسىگە —
پەرەڭلەر (ياۋروپالىقلار) نىڭ كاللىسىغا، چىن (جۇڭگو) لوقلارنىڭ
قولىغا، ئەرەبلەرنىڭ تىلىغا مۇجەسسەملەشكەن» دەيدۇ. ئوتتۇرا ئە-

① فىلىپ. ھىتتى (ئامېرىكا) : «ئەرەبلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 33 ـ، 34 ـ، 35 ـ بەتلەر، سودا نەشرىياتى، 1973 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.

سىردىكى ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىسىنىڭ گۈللىنىشى، ئەمەل-يەتتە، ئەرەب تىلىنىڭ ئىپادە قۇدرىتى ئارقىلىق ئىپرىشىلگەن شىپئى-رىي پەلسەپە ئىدى. گېگىل: «شېئىرىيەت ئېلىنى ئىزدىسەڭ ئىرانغا بار» دەپ تەرىپلىگەن ئوتتۇرا ئەسىر پارس شېئىرىيىتىمۇ مۇسۇلمان شەرقىنىڭ شېئىرىي تۇيغۇسىدا يۇكسەك پەللە ياراتقانىدى. بۇيۈك قوشۇلۇشتىن كېيىنكى مىڭ يىلدىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئەمەلىيەتتە، ساپ شېئىرىيەت بىلەن خاراكتېرلەن-گەن ئەدەبىيات ئىدى. ئەرەب سەھرالىرىنىڭ زېرىكەرلىك تۈنلە-رىدە توقۇلۇپ، پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان «مىڭ بىر كېچە» رىۋايەتلىرىنىڭ ئەڭ نەپىس، ئەڭ گۈزەل بابلىرى نېمە ئۈچۈن ئىشرەت ۋەسۋەسىلىرى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان باياۋانلار بىلەن شەھلا كۆزلۈك ھۆر - پەرىلەرنىڭ ناز - زىبا بىلەن تولغان تەسۋىرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ؟ تارىم ۋادىسىدىن تاكى نىل دەرياسىغىچە بولغان ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر شېئىرىيىتىدە نېمە ئۈچۈن «يار»، «مەي»، «جانان» ۋە «گۈل» ۋەسلىگە تەشنا ئىشقىي شېئىرىيەت شۇنچە تەرەققىي قىلىدۇ؟ . . .

شەك - شۈبھىسىزكى، ئاسىيا چۆللۈكلىرىنىڭ تونۇردەك قىزىي-دىغان تومۇز كۈنلىرى بىلەن زېرىكەرلىك تۈنلىرى بۇ يەردە ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ ئاي يۈزلۈك ھۆر - پەرىلەرنىڭ ئىشق - مۇھەببىتى بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا ئۈندىدى؛ قۇرغاق ئاسمىنىدا بىر قەۋەت نېپىز چاڭ - توزان ئېسىلىپ تۇرغان قايناق بازار - رەستىلەر-دە غىل - پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان چۈمبەللىك قىز - چوكانلارنىڭ يوشۇرۇن رۇخسارى سۆز سەنئىتىدە چىۋەر بۇ كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇ-رىنى غىدىقلىدى؛ ھەيۋەتلىك سېپىل - قەسىرلەرنىڭ ھىمايىسى بىلەن سۇلتانلارنىڭ پىنھان ھەرەمخانىلىرىغا بەخشەندە قىلىنۋېتىلگەن ياش كېنىزەكلەر تولپارغا مىنگەن سۇمباتلىق شاھزادىلەر ھەققىدە تاتلىق خىياللارغا رام بولدى. . . ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ چۈشكۈنلۈك-

كه يۈزلىنىشىدىن كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي دەۋردە پۈتكۈل ئەرەب
سەھرالىرى، ئىران چۆللۈكلىرى، ماۋەرائۇننەھر ۋە تارىم ۋادىسى
يېڭىلانماي تەكرار ـ تەكرار ئېيتىلىپ تۇرىدىغان ئىشق ـ مۇھەببەت
داستانلىرىنىڭ مەست قىلىشى بىلەن چاڭقاق ـ قۇرغاق ۋۇجۇدىغا
تەسەللى تېپىپ كەلدى. تەپەككۇر ئۇسۇلىدىكى بىر خىللىق، بەدىئىي
تەسەۋۋۇردىكى قېلىپبازلىق، مەزمۇندىكى قۇرغاقلىق ۋە تېما ـ مو-
تىفلاردىكى تەكرارلىق مۇسۇلمان شەرقىنىڭ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە
ئەقلىي تەپەككۇرىدىكى چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ نەتى-
جىسىدە ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىن كېيىن، ئىجتىمائىي پەنلەر
بىلەن پەلسەپىدە يېڭى تەپەككۇرغا، تەبىئىي پەنلەردە پارتلاش خاراك-
تېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ياۋروپالىقلارنىڭ ئەكسىچە،
ئىچكى ئاسىيا دەۋردىن .ئاستا ـ ئاستا كەينىدە قالدى.

## 5

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ، تارىم ۋادىسىدا مىللەتلەرنىڭ چوڭ
قوشۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن كېيىنكى مىڭ يىلدىن ئارتۇق
جەريان مىللىتىمىزنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ۋە مەدەنىيەت پسى-
خىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسلىق دەۋر ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە،
بۇ جەرياندا مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈر-
گەن ئامىللار مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىلدۇر. ھالبۇكى، بىر مىللەتنىڭ
مەلۇم مەدەنىيەت مۇھىتىدا شەكىللەندۈرگەن پسىخىك جۇغلانمىسى
ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىرقانچە ئامىلنىڭ مۇھىم رول ئوينى-
شى، باشقا قوشۇمچە ئامىللارنىڭ مۇئەييەن تۈرتكىسى نەتىجىسىدە
ئىشقا ئاشىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى شەكىللە-
ندۈرگەن ئاساسلىق ئامىللار نېمە؟ ئۇلار قانداق رول ئوينىغان؟

## بىرىنچى، تەكلىماكان روھى

بۇنىڭدىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرى تەكلىماكان گىرۋىكىگە جاي-لاشقان بىر قايناق بازارنىڭ شەنبىلىك ھاياتىنى تاماشا قىلغۇاتقان بىر ياپونىيىلىك سەييا ھاياجان ئىلكىدە مۇنداق دېگەنىكەن: «شەرقىي ئاسىيانىڭ ياپپېشىل ئېكىنزارلىقلار بىلەن تولغان مۇنبەت زېمىنىدا، ئۇستىدە ئاقۇش تۇمانلار لەيلەپ تۇرغان گىرىمسەن تاغ ـ دەريالىرىغا قاراپ مۇقىم، پىنھان تېرىم ھاياتى كەچۈرۈپ كەلگەن خەلقلەر ئۆزلە-رىدە مۇلايىم، سەۋرچان، ئاياللىق نازاكەتكە باي ھۆل خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن؛ لېكىن ئىچكى ئاسىيانىڭ تەبىئىي مۇھىتى بۇنىڭغا تۈپتىن ئوخشىمايدىكەن. بۇ يەرنىڭ مۇھىتى قۇرغاق، تاغلىرى قا-قاس، قۇملۇقلىرى پايانسىز بولۇپ، بۇ ھال يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئوچۇق ـ يورۇق، قىزىققان، ئەرلىك جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان قۇرغاق خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. . . »

بىزنىڭچە، ياپونىيىلىك بۇ سەيياھنىڭ يۇقىرىقى تەھلىلى ئاددىي بىر سېلىشتۇرما بولماسا كېرەك، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇزۇن تارىختىن بۇيان بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تەكلىماكان چۆللۈكىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق بالىياتقۇنى قۇچاقلاپ ياشاپ كەلگەنىدى. بۇ سىرلىق بالىياتقۇغا مىللىتىمىز ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن تالاي سەزگۈزەشتىلەر — خۇشاللىقمۇ، ئازابمۇ، ۋەھىمە-مۇ، گۈزەللىكمۇ يوشۇرۇنغانىدى. تەكلىماكان ئۇلار ئۈ-چۈن بىر «مېھرىبان ئانا» ئىدى، ئۇلار ئۇنى ئۇلۇغلايتتى، ئۇ تۇغرۇلۇق گۈزەل رىۋايەتلەرنى توقۇيتتى. ئۇنىڭ باغرىغا كۆمۈلگەن قەدىمىي شەھەرلەردىن بەزى ـ بەزىدە ئاڭلىنىپ قالىدىغان مۇڭلۇق ناخشا سادالىرىدىن، توخۇلارنىڭ چىللا-شلىرىدىن، تۇلپارلارنىڭ كىشنەشلىرىدىن، تۆگە كارۋان-لىرىنىڭ كولدۇرما ئاۋازلىرىدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتى. قەل-بىدە مۇھەببەت ئويغانغان يىگىت ـ قىزلار گويا ئۇلۇغ

ئانىنىڭ ئەمچەكلىرىگە ئوخشايدىغان سانجاق - سانجاق قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۈستىدە ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ، تولۇن ئاينىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى كۈتەتتى. . . دەرۋەقە، «چۆل — ئۇلارنىڭ ۋەتىنى، ئانىسى، كۆڭۈل خۇشى ئىدى. شۇڭا چۆلنىڭ گۈزەللىكىنى پەقەت چۆل پەرزەنتلىرىلا بىلىدۇ. . .»① يەنە بىر تەرەپتىن، تەكلىماكان ئۇلار ئۈچۈن قورقۇنچلۇق سىر ئىدى. ئۇنىڭ گويا ئۇخلاپ ياتقان زور شىردەك ھەيۋەتلىك جىسمىغا جىمىكى رەھىمسىزلىك، ۋەھىمە، مەڭگۈ تويمايدىغان ئاچكۆزلۈك يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ قورقۇنچلۇق گۈركىرەپ نەرە تارتسا، بىر كېچىدىلا قايناق شەھەرلەرنى، كىمخاپتەك بوستانلىقلارنى يۇتۇپ كېتەتتى. تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتى ئەمەلىيەتتە تەكلىماكان بىلەن بولغان نەچچە مىڭ يىللىق جاپالىق كۆرەش جەريانىدا شەكىللەنگەنىدى. ئۆز مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا «چۆل ئادەملىرىنىڭ مىجەزىمۇ سۇسىز جەزىرىلەردە كۆكلەپ تۇرغان ئاشۇ تىكەنلىك ئوتلارنىڭ تەبىئىيىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. راھەتلىك باغلار، شەھەرنىڭ سالقىن سارايلىرىدا يىللاپ ئاپتاپ كۆرمىگەن لەشتەك ئاق چىرايلارنى بۇ يەردە ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. چۆل ئادەملىرىنىڭ چىرايى قۇياشتا چاقناپ مىستەك پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ رەڭگىمۇ ئۆڭۈپ ئاشۇ قۇملارنىڭ رەڭگىگە ئوخشاپ قالغان؛ قۇياشنىڭ ئوتتەك قىزىق تەپتى، ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرغان چۆل شاماللىرى جاھىللىق، قوپاللىق، مەردانىلىك، سادىقلىقتەك خىسلەتلەرنى ئۇلارنىڭ قان - قېنىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن. . . شۇنداق، بۇ يەردە تەبىئەت ھېچ بىر ھاياتلىقنى پەپىلىمەيدۇ؛ ھەممە نېمە ئۆزىنىڭ قايتماس، ئېگىلمەس روھىغا تايىنىپلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ! . . .»② شۇڭلاشقا ئۇيغۇر روھى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقى ئوتتۇرىسىدا بىر

① ② مەمتىمىن ھوشۇر: «قۇم باسقان شەھەر»، 287 -، 288 - بەتلەر، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى.

خىل يوشۇرۇن ئىچكى مۇناسىۋەت شەكىللەنگەن. بىز بۇ خىل روھىي باغلىنىشنى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر»، خالىدە ئىسرائىلنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»، مۇھەممەت باغراشنىڭ «جەزىرە» قاتارلىق ئەسەرلە- رىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. دېمەك، مىللىتىمىز خاراك- تېرىنىڭ يېتىلىشى ۋە ئىچكى پسىخىك جۇغلانمىسىنىڭ تەركىبىدە تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ سىرلىق جەزىرىنىڭ قۇرغاق، ئىنسان بىلەن تەبىئەتتىن تاشقىرى بىر ئىلاھىي كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى باغلى- نىشنى ئۆز ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەقسىتى قىلىدىغان مەنىۋى ھالەت ئۆز ئىزلىرىنى چوڭقۇر قالدۇرغان.

## ئىككىنچى، دېھقان مىللەتكە خاس مەنىۋى تىندۇرما

قايسىدۇر بىر پەيلاسوپ: «دېھقىنى بار مىللەت يوقالمايدۇ» دەپ- تىكەن. دەرۋەقە، نىسبەتەن مۇقىم بولغان تېرىم ھاياتى داۋامىدا دېھقانلار شۇ مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ساقلىغۇچى ۋە ئەۋلاد- تىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرغۇچى گەۋدە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۆز نېسىۋىسىنى ئۆز يېرىنىڭ ھوسۇلىدىن ئېلىپ، «يەر - ئالتۇن قو- زۇق» دېگەن ئەقىدىگە قاتتىق ئېسىلىپ ياشايدىغان دېھقانلارنىڭ ۋۇجۇ- دىدا سۇ، ئوت مەنبەلىرىنى قوغلىشىپ، تىنىمسىز كۆچۈپ يۈرىدىغان چارۋىچىلارغا قارىغاندا جاھىل، مۇقىم، ئېغىر - بېسىق، ئەنئەنە - ئۆدۈملىرىنى ئۇزۇپ قويۇشنى خالىمايدىغان، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىپ ياشايدىغان خاراكتېر ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلەيتتى. بىز تەك- لىماكان گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىقلاردا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلار- نىڭ يېقىنقى بەش ئەسىردىن بۇيان دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە ئۇششاق تىجارەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان تەبىئىي ئىگىلىك مۇھىتىدا بىر خىلدا ياشاپ كەلگەنلى- كىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. سۈيى ئىنتايىن كەمچىل، ئىقلىمى

قۇرغاق، ھەر ۋاقىت قۇم بورانلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچراپ
تۇرىدىغان بۇ جەزىرىدە پەقەت ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئەمگەكچان قولى
ئارقىلىقلا ھاياتلىق ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان يېشىل
بوستانلىقلار ھاسىل بولغانىدى. پەقەت دېھقانلار بۇ ناچار مۇھىتقا
بەرداشلىق بېرىپ ئۇن ـ تىنسىز ياشاشقا ئادەتلەنگەنىدى. شۇڭا،
ئۆلۈك توپىلىق يولدا كەتمىنىنى مۈرىسىگە ئېلىپ، چاك۔ چاك يې۔
رىلغان يالىڭاياق پۇتلىرىدا توپا توزىتىپ كېتىۋاتقان تارىملىق بوۋاي۔
نىڭ ياشاڭغىرىغان كۆزلىرى بىلەن چاڭگا ساقاللىرىدا ۋۇجۇدىغا تى۔
نىپ كەتكەن بىر چوڭقۇرلۇق، يىراق ئۆتمۈشكە تۇتىشىپ كەتكەن
بىر كەيپىيات ئەكس ئېتىدۇ. دېمەك، قۇرۇم ۋە تەڭرى تاغلىرىدىن
تارىم ئويمانلىقىغا قاراپ ئاققان نۇرغۇنلىغان دەريا ـ تارامالارنىڭ
لاتقىلىرىدىن شەكىللەنگەن بوستانلىقلاردا مىللىتىمىزنىڭ مۇقىم تې۔
رىم ھاياتىغا كۆچكەندىن بۇيانقى دېھقان مىللەتكە خاس روھىي تىندۇر۔
مىسى يوشۇرۇنغانىدى. بۇ تىندۇرمىدا جاھاندىن خالىي بېكىنمە كەي۔
پىيات، قېرىلىققا خاس ئېھتىياتچان پوزىتسىيە، ئۇزۇن مەزگىللىك
بىر خىللىقتىن شەكىللەنگەن بۇرۇختۇرملۇق، سۇررەڭ قۇملۇقلارغا
ئەسىر بولغان سۇكۇنات بار ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىر خىلدا بوزىرىپ
ياتىدىغان تەكلىماكان چۆلىگە ئوخشاش ئىدى. ئۇ قاغجىرايتتى، ئەمما
ئىندىمەيتتى؛ يىراقلارغا تەلپۈنەتتى، ئەمما ئۆزگەرمەيتتى. . . مىل۔
لىتىمىز تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئۇزۇن ھەم زېرىكەرلىك تۈنلىرى
بىلەن ئاتەش ئاپتاپلىرىنى دېھقانغا خاس سەۋرچان جىسمىغا سىڭدۈ۔
رۈپ، يىراق تارىخنى بۈگۈنگە ئۇلىدى. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ دېھقان۔
لىرى مەۋجۇتلا بولىدىكەن، شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى تىندۇرمىسىدىكى
ماھىيەتلىك ئېنېرگىيە مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە شۇ
مىللەتنىڭ دېھقانلىرى سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ غىدىقلىشى ۋە رادىئاتسى۔
يىلىشىگە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى جاھىللىقى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ،
ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىشىدىن كېلىپ چىققان تەڭپۇڭسىزلىقنى

تىنچلاندۇردۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ئۆزبېكلەر سىر ۋە ئامۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى بوستانلىقلار بىلەن پەرغانە ئويمانلىقىدىكى مۇنبەت ۋادىدا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ ياشاپ كەلگەن تېرىمچى خەلق ئىدى. قازاق - قىرغىزلار بولسا دەشتى قىپچاق داللىرى بىلەن ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى يايلاقلاردا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، چوڭ ئۆزگىرىشكە يۈز تۇتقان ئوتتۇرا ئاسىيا ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ رۇس مەدەنىيىتىنىڭ قاتتىق رادىئاتسىيىسىگە دۇچ كەلدى. بۇ خىل مۇرەسسەسىز مەدەنىيەت رادىئاتسىيىسى تاكى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغانغا قەدەر 70 يىل داۋاملاشتى، نەتىجىدە يايلاق ھاياتىدىن بىۋاسىتە شەھەرلەشكەن قازاق - قىرغىزلار ئۆزلىرىدىن كۆپ دەرىجىدە كۈچلۈك بولغان رۇس مەدەنىيىتىنىڭ رادىئاتسىيىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي «ئىمپورت - ئېكسپورت» تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ قويىدى. بۇنىڭ بىلەن 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مىللىي تىل جىددىي كرىزىسقا ئۇچراپ، مەدەنىيەتتە كەڭ كۆلەمدە رۇسلىشىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى، ھەتتا رۇس تىلىنى ئانا تىل ھېسابلايدىغانلارنىڭ سانى كۆنساناپ كۆپەيدى. مۇستەقىللىق جاكارلاشتىن ئىلگىرىكى قىرغىزىستان پايتەختى بىشكەك (فرونزې) تە قىرغىز تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئوتتۇرا مەكتەپمۇ تاقىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنىدى. . .

لېكىن، ئۆزبېكىستاننىڭ ئەھۋالى باشقىچە ئىدى. ئۆزبېكلەرمۇ ئوخشاشلا رۇس مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك رادىئاتسىيىسىگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا مۇئەييەن ئەنئەنىۋى ئاساسقا ئىگە شەھەر ۋە تېرىم مەدەنىيىتى بولغاچقا، رۇس مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك ئېقىمىغا قارشى ئىنكاس قايتۇرالىدى، شۇنداقلا سىرتقى مەدەنىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىكى تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ قويمىدى. . . بۇنىڭدىكى سىر دەل ئۆزبېكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى شەھەر مەدەنى-

يىتى ۋە مىللىي پسىخىك جۇغلانمىغا باي تېرىم مىللىتى بولغانلىقى-دىندۇر. تېخىمۇ توغرىسى ئۆزىگە جاھىل، قېرىلارچە ئېغىر - بېسىق خاراكتېر يېتىلدۇرگەن، كولخوز - قىشلاقلىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنى پاختا بىلەن تەمىنلىگەن ئۆزبېك دېھقانلى-رىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر.

دېمەك، دېھقان مىللەتكە خاس ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان، جاھىل، سىغدۇرۇشچان روھىي تىندۇرما مىللىتىمىز مەدەنىيەت پسىخىكىسى-نى شەكىللەندۇرگەن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

## ئۈچىنچى، كۆپ قېتىملىق ئېتىقاد كرىزىسىدىن كېلىپ چىققان «قايتىدىن قۇرۇش» پسىخىكىسى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چەت ئەللەر بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇرۇمچى قاتارلىق بىر قىسىم چوڭ شەھەرلەردە يوشۇرۇنچە چېركاۋلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدى-غان، مىلاد بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشكە قاتناشقانلىقىدىن ھاياجانغا چۆمى-دىغان، «ئىنجىل» تەرجىمىلىرىنى تارقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان، بويىنىغا «كرست» شەكىللىك ئالتۇنرەڭ مېدالىيون ئېسىۋالىدىغان بىر قى-سىم ياشلار پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ھال كىشىگە مىللىتىمىز يەنە بىر قېتىملىق ئېتىقاد كرىزىسىنىڭ يوشۇرۇن خەۋپىگە دۇچ كېلىۋا-تامدۇ - قانداق؟ دېگەن ۋەھىمىنى سېلىپ، ئادەمنىڭ توۋا دېگۈسىنى كەلتۈرىدۇ. شۇنداق، توۋا دەيمىز، ئەمدى بولدى، بەس! مىللىتىمىز ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بىر قانچە قېتىملىق ئېتىقاد كرىزىسى بىزگە ئاز بولمىغان تارىخىي ساۋاقلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

مىلادىيە VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا، گۈللەنگەن دەۋرگە كىرگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا لوياڭدىن چىققان تۆت نەپەر مانى دىنى راھىبى يۇقىرى قاتلام ئىچىدە ھەدەپ دىن تارقاتتى؛ نەتىجىدە ئۇزاق ئۆتمەيلا خانلىق تەۋەسىدە مانى دىنى ئەۋج ئېلىپ، شىمالىي

ئاسىيانىڭ جەڭگىۋار يايلاق ھاياتىغا ماسلاشقان شامان دىنى قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلدى. شامانىزم ئېتىقادىدىن مانى دىنىغا كۆچۈش پۈتكۈل مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئىلگىرىكى ھەممە نەرسىنى ئىنكار قىلىپ، قايتىدىن قۇرۇشتەك مەنىۋى ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى تۇنجى قېتىملىق كرىزىسنى پەيدا قىلدى. «مانى دىنى ئۆز تەلىماتلىرىدا جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشنى قەتئىي مەنئى قىلاتتى. بۇ ھال يايلاق مۇھىتىدا ئۆزىدە ياۋايى جەسۇرلۇق ۋە كۆچتۈڭگۈرلۈك يېتىلدۈرگەن مىللىي روھ بىلەن سىغىشالمايتتى، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ماسلىشالمايتتى»①، ئەمەلىيەتتە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 840 - يىلدىكى زور ھالاكىتىدە ئاشۇ قېتىمقى ئېتىقاد كرىزىسىنىڭمۇ مۇئەييەن تەسىرلىرى بار ئىدى.

ئۇيغۇرلار كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن ئۆزلىرى بىللە ئالغاچ كەلگەن شامان ۋە مانى دىنلىرىنى تاشلاپ، تارىم ۋادىسىدا زور گۈللىنىشكە ئېرىشكەن بۇددىزم ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى، نەتىجىدە يەنە بىر قېتىملىق ئېتىقاد كرىزىسى يۈز بېرىپ، مىللەتنىڭ روھىيەت دۇنياسىدا «قايتا قۇرۇش» يەنە باشلاندى. چۈنكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەن مەزگىللەردە تارىم ۋادىسىدا بۇددىزم ئاللىقاچان مىڭ يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە بولۇپ قالغانىدى. تارىم ۋادىسىدا چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىنكى «قايتا قۇرۇش» تاكى X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى بىر نۇرلۇق سەھەردە ئاتۇش دىيارىدىكى بىر جىلغىدا تۇنجى ئەزان ئاۋازى ياڭرىغانغا قەدەر داۋاملاشتى. مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، مىللىتىمىز روھىي ماھىيىتىنى سۇغىرىپ كەلگەن بۇددىزم ئەقىدىسى ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان يېڭى بىر دىنىنىڭ

① توختى مۇزئارت: «ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 131 -، 132 - بەتلەر.

كۈچلۈك خىرىسىغا دۇچ كەلگەنىدى. بۇددىزم ئەقىدىسىدىن ئىسلامىيەتكە كۆچۈش مىللىتىمىز تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ زور، پوزىتسىيەسى ئەڭ كەسكىن، تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغان بىر قېتىملىق «قايتا قۇرۇش» ھەرىكىتى بولدى. ئىسلام دىنى بىر خۇدالىق دىن بولغاچقا، ئەقىدىدىكى مۇتلەق كەسكىنلىكنى تەلەپ قىلاتتى، شۇنداقلا ئۆزىدىن باشقا ھەر قانداق ئېتىقادنى ئىنكار قىلاتتى. قاراخانىيلار تېررىتورىيەسىنىڭ ئىسلاملىشىشى تارىم ۋادىسىدىكى بۇددىزم مەدەنىيىتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. بۇ قېتىمقى «قايتا قۇرۇش» تاكى XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇمۇل رايونى تامامەن ئىسلاملاشقانغا قەدەر، بەش ئەسىردىن ئۇزاقراق ۋاقىت جەريانىدا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ جەرياندا بۇددىزم مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەر قانداق نەرسە مۇرەسسەسىز رەۋىشتە ئىنكار قىلىنىپ، خارابىگە ئايلانغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئۈستىگە يېپيېڭى ئىسلام مەدەنىيىتى تىكلەپ چىقىلدى. دەرۋەقە، ھەرقانداق بىر دىن ئۆزىدىن ئاۋۋالقى دىنلارنىڭ تەسىرىنى تامامەن يوق قىلىۋېتىشكە قادىر ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى دىنلارنىڭ بىر قىسىم مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ تاشلايدۇ. دىن بىر خىل ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان ئاڭ فورماتسىيىسىگە مەنسۇپ نەرسە بولسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، تارىخىمىزدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن قېتىملىق ئېتىقاد كرىزىسى ۋە «قايتا قۇرۇش» ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە مەلۇم جەھەتتىن بىر خىل مەدەنىيەت كرىزىسى ۋە مەدەنىيەتتىكى «قايتا قۇرۇش» ھەرىكىتىدۇر. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللىتىمىز ھەر قېتىملىق ئېتىقاد ئالماشتۇرۇشقا دۇچ كەلگەندە، ئىلگىرىكى ھەممە سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئۆتمۈشىنى، مەدەنىيىتىنى، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى بىراقلا ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىپ، نۆلدىن باشلىنىدىغان يېڭى دۇنيانى تىكلەشكە ئۇرۇنىدىغان «قايتا قۇرۇش» پسىخىكىسىنى تەكرارلاپ تۇردى. شۇڭا، مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى بۇ خىل ھالەتنى

گويا تەكلىماكان باغرىدىكى بىر كېچىدە قۇم ئاستىغا غايىب بولىدىـ
غان، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر يېڭى بوستانلىقنى قايتىدىن بەرپا
قىلىشقا باشلايدىغان «قايتا قۇرۇش» روھىغا ئوخشىتىش مۇمكىن.
ئۇيغۇرلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ تارىخىي قىسمەتلىرىنى سېلىشـ
تۇرساق نۇرغۇن ئوخشاشلىقلارنى بايقايمىز. ھەر ئىككى مىللەت ئوخـ
شاشلا چۆل ـ جەزىرىدە بوستانلىق يارىتىپ ئاۋۇغان، تارىخىي خاراكـ
تېرلىك چوڭ كۆچۈشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن (ئۇيغۇرلار ئورخۇن
ۋادىسىدىن تارىم ئويمانلىقىغا كۆچكەن بولسا، يەھۇدىيلارنىڭ ئەجدادـ
لىرى مىسىردىن كەنئانغا، قەدىمكى بابىلدىن ئىرۇسالىمغا كۆچـ
كەن)؛ ھەر ئىككى مىللەت تارىختىن بۇيان تىجارەتنى ئۆزلىرىنىڭ
مۇھىم ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ بىرى قىلغان، شۇنداقلا باشقا مىللەتـ
لەردە كەم ئۇچرايدىغان سودا ئېڭىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇنداقتا، بۈگۈنـ
كى دۇنيادا يەھۇدىيلار قانداق قىلىپ ئەڭ ئىلغار مىللەتلەرنىڭ بىرى
بولۇپ قالدى؟ ئاللىقاچان ئۆلگەن ئىبراي تىلىنى، قاتتىق خىرىسقا
دۇچ كەلگەن مىللىي مەدەنىيىتىنى نېمە ئۈچۈن تىرىلدۈرەلىدى؟
ئەمەلىيەتتە، يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تالاي قېتىملىق ھاـ
يات ـ ماماتلىق تارىخىي قىسمەتلەر بىزنىڭكىدىنمۇ ئېغىر بولغانىدى.
ئۇلار ۋەتەنسىزلىك، خورلۇق ۋە ھالاكەتلىك تەقدىر ئىچىدە ياشاۋېـ
تىپ: «مەن مەندۇرمەن، مەندىن ئاۋۋال يەھۇدىيمەن» دېگەن ماقالـ
نىڭ مەنىسىنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلىدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىـ
رىغا قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن يەھۇدىي كۆچمەنلىرى ھەر خىل دىن،
ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ كۈچلۈك خىرىسىغا يەھۇدىي دىنىنىڭ روـ
ھى ئارقىلىق جۇغلىغان مىللىي مەدەنىيەت تىندۇرمىسى ئارقىلىق
تاقابىل تۇردى. سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىجابىي تەسىرلىرىنى يەھۇـ
دىي دىنى ئارقىلىق داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلەرنىڭ
ئاساسىغا قوبۇل قىلدى. ئېھتىمال، دۇنيادا تارىختىن بۇيان دىنىي
ئېتىقادىنى ئىزچىل ئۆزگەرتمەي كەلگەن مىللەت پەقەت يەھۇدىيلار

بولسا كېرەك. ناتسىستلارنىڭ جازا لاگېرىدا، ياۋروپادىكى ئوخشىمىغان ئەللەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆسكەن يەھۇدىي تۇتقۇنلىرىنىڭ ناھايىتى تېزلا ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە كۈرەش قىلالىشى يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇستەھكەم مىللىي روھنىڭ سەۋەبىدىن بولغان.

لېكىن، بىزدىكى كۆپ قېتىملىق ئېتىقاد ئالماشتۇرۇشلاردىن كېلىپ چىققان «قايتا قۇرۇش»، «تۈنۈگۈننى ئۇنتۇپ بۈگۈننى يارىتىش» پىسخىكىسى مىللىتىمىزنىڭ ئاسان قىزىپ تېز سوۋۇيدىغان، ئۆزۈكلۈك ئېچىدە چاقناشنى ئىستەيدىغان، تىنىمسىز تەۋرىنىپ تۇرىدىغان خاراكتېرىنى بەلگىلەپ قويدى. مىللىتىمىزنىڭ شامان، مانى، بۇددىزم، زورائاستېر، نېستورى ۋە ئىسلام قاتارلىق دىنلارنىڭ ھەممىسىگە بىر قېتىمدىن ئېتىقاد قىلىپ باققانلىقى، تالاي قېتىم يېزىق ئالماشتۇرغانلىقى، ئۆز تىلىدا نۇرغۇن تىللارنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى ساقلىغانلىقىدەك تارىخىي پاكىتلار ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ، كۆپ قىرلىق خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## تۆتىنچى، ئارىلاشما مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە غىدىقلىنىشنى شەرت قىلىدىغان روھىي قۇرۇلما

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى تارىم ئويمانلىقى، ئىلى ۋادىسى ۋە تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقلىرىدىكى يېشىل بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان تېرىم مەدەنىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل مەدەنىيەت شەرقنىڭ چوڭ دەريا ۋادىلىرىنى ئاساس قىلغان، ئەنئەنىگە ھېرىسمەن، ئىچكى مايىللىقى كۈچلۈك، بېكىنمە ھالەتتىكى تېرىم مەدەنىيىتىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى. تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى تىندۇرمىسىدا يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ جاسارىتى بىلەن تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ جاھىللىقىدىن يۇغۇرۇلغان، يىپەك يولى ئارقىلىق شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىدىن ھەرخىل رەڭ ـ پۇراق

ئالغان ئارىلاشما ئەندىزە مۇھىم ئورۇننى تۇتقاندى. بوستانلىقلارنى
يارانتقۇچى دېھقانلار مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ تېرىمچىلىرىدەك ھۆل - يې-
غىن مول، ئىقلىمى ئىللىق، تەبىئەتكە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان
مۇقىم، زىلزىلىلەردىن خالىي شارائىتقا ئىگە ئەمەس ئىدى، تەبىئەت
ئۇلارنى پەپىلىمەيتتى، بەلكى ئۇلار تەبىئەتنى — پايانسىز قۇملۇقلار-
نى، سۇسىز چۆللەرنى، قۇرغاق ئىقلىمنى پەپىلەيتتى. شۇڭا، بۇ
يەردىكى تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە دېھقان مىللەتنىڭ
قۇرغاق روھى ئاسىيانىڭ مۆتىدىل رايونلىرىدىكى تېرىمچىلارنىڭ
ھۆل، يېپيېشاڭغۇ خاراكتېرىگە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تارىم
ئويمانلىقى ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى بىر چوڭقۇر بالىياتقۇ بولۇشقا
قارىماي، يىپەك يولى ئېلىپ كەلگەن جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىگە
تايىنىپ، ئۆز ۋۇجۇدىنى كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ خۇرۇچلىرى
بىلەن تىندۇرغانىدى. شۇڭا، مىللىتىمىز مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك
خاراكتېرى ئىچكى يېپيېشاڭغۇلۇقتىن كۆرە سىرتقا ئىنتىلىشچانلىق
ۋە تاش مايىللىقتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان؛ سىرتقى غىدىقلىنىشنى ئۆز
گۈللىنىشىنىڭ پىلتىسى ۋە ئالدىنقى شەرتى قىلغان. XV ئەسىرگە
كەلگەندە، كونا قۇرۇقلۇقتىكى يىپەك يولىنىڭ ئالتۇن دەۋرى پۈتۈن-
لەي ئاخىرلاشتى. يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە پار ماشىنىسى-
نىڭ كەشىپ قىلىنىشى قېرىپ، تىنىپ كەتكەن ئاسىيانى دەۋرنىڭ
كەينىگە تاشلاپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى گويا زۇلمەتكە ئوخشايدى-
غان 500 يىل داۋامىدا «ئۇنتۇلغان زونا» غا ئايلانغان تارىم ۋادىسى
ھېچقانداق بىر يېڭى مەدەنىيەتنىڭ غىدىقلىشىغا، ھېچقانداق بىر تاشقى
تەسىرنىڭ زەرەتلىشىگە ئۇچرىمىدى. ھەرخىل گۈللەرنىڭ رەڭ -
پۇراقلىرىدىن بەھىر ئېلىپ كۆنگەن ۋە ئۆز كۆڭلىنى ياشارتىپ ئۆگەن-
گەن بۇ «بۈيۈك ئاتا» ئاستا - ئاستا بەللىرى مۈكچەيگەن، ساقاللىرى
چاڭگىلاشقان، ۋۇجۇدى قېرىغان بىر بوۋايغا ئايلاندى. . . نەۋا-
ئىيدىن كېيىن، 500 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان مەدەنىيىتىمىزدىكى

«ۋاكۇئۇملۇق» ئەمەلىيەتتە ئىچكى جەھەتتىكى روھىي مەھكۇملۇق بىلەن تاشقى جەھەتتىكى تەنھا - يېتىملىكنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

دېمەك، بىر مەھەل گۈللىنىشكە ئېرىشكەن، ھەرخىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا يۇغۇرۇلۇشىدىن كۆزلەرنى قاماشتۇرغان، تارىمدىكى ئارىلاشما مەدەنىيەت ئەندىزىسى يېقىنقى زامانغا كەلگەندە بېكىنىك، تەنھا مۇھىتتا قاغجىرىغان تەكلىماكان چۆلىنىڭ سۈكۈتلىرىدەك چوڭقۇر لاتقىلارغا تىنىپ كەتكەنىدى. مەشھۇر تارىخچى ھىتتى ئۆزىنىڭ «ئەرەبلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىدا: «پۇرسەت تاپسىلا باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنى سۇغىرىپ تۇرۇش قۇملۇق خەلقلىرىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر قانچە يۈز يىللىق ئىچكى مەنىۋى جۇغلانمىسى مۇئەييەن غىدىقلىنىشقا ئۇچرىغان ھامان، گويا ئۇيقۇسىزلا ئويغانغاندەك ھەممە يەرنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ تاشلايدۇ. . . »① دەپ يازغانىدى.

دەرۋەقە، تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ قۇم تېگىدە ئۇزاققىچە بېسىلىپ ياتتى، ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن تاڭلايلىرى چاك - چاك يېرىلدى، تىندۇرمىدىكى لاتقىلىرى چىرىدى. . . پەقەت XX ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى مۇدھىش تۈنلەرنىڭ پەردىسىنى قايرىغان چاغدىلا، بالىياتقۇدا تولىمۇ ئۇزاق يېتىپ تۇنجۇقۇپ قالاي دەپ قالغان بۇ تۆرەلمە يېڭى ھاۋادىن ئاز - تولا نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. . .

---

① فىلىپ. ھىتتى (ئامېرىكا) : «ئەرەبلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 26 - بەت.

# XX ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق

غېرىبلىق ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ بالىياتقۇ شەكلىدىكى بۇ ئانا تۇپرىقىمىزنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدىكى روھىي قىسمىتى ئىدى. مىللىتىمىزنىڭ يايلاق دەۋرىدىن قېپقالغان قىزىققان جاسارىتى بىلەن تېرىم ھاياتى بەخش ئەتكەن سوغۇققان نازاكىتىدىن شەكىللەنگەن روھىي قۇرۇلمىسى يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، ئاسىيانىڭ چۈشكۈنلىشىشى بىلەن شەرقچە غېرىبلىق ئازابىغا مۇپتىلا بولغانىدى. تېخىمۇ توغرىسى، بۇ ئاسىيادىكى تەنھالىق ئارىلىنىڭ غېرىبلىقى ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن تارىم ۋادىسىنىڭ تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى روھىيەت ۋاكۇئۇملۇقى بىلەن پىسخىك ياتلىشىشىنى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۈنساناپ زەئىپلىشىۋاتقان تارىخىي تەقدىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە بەلگىلەپ قويغانىدى. شۇڭا، شاھ مەشرەپنىڭ نەمەنگان بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدىكى توپلىق يوللاردا ئېيتقان: «غېرىبلىق شەھرىدە يۈرسەم، مېنى يوقلار كىشى بارمۇ! ؟»① دېگەن مىسرالىرى بىلەن موللا مۇسا سايرامىنىڭ: «ئاراملىق خۇددى ئەنقا قۇشىنىڭ تۇخۇمىدەك غايىب بولدى، تىنچلىق خۇددى سۇمۇرغ قۇشىدەك كۆھىقاپنىڭ ئىچىدىن ۋەتەن تۇتتى. . . »② دېگەن سۆزلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ يېقىنقى دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي غېرىبلىقىنىڭ روشەن ئىنكاسى ئىدى.

دەرۋەقە، ھەر قانداق بىر ئىنساندا غېرىبلىق تۇيغۇسى بولىدۇ،

---

① «مەشرەپ شېئىرىيتىدىن»، 69 ـ بەت، تاشكەنت، 1979 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى.

② موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدىي»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى، 175 ـ بەت.

يەنە كېلىپ بۇ خىل تۇيغۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ مۇئەييەن بىر باسقۇچىدا گەۋدىلىكرەك ئىپادىلىنىدۇ. چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تارىخىدىمۇ ياكى بۇنداق، ياكى ئۇنداق شەكىلدىكى غېرىبلىق ۋە تەنھالىق دەۋرى بولغان. يەھۇدىيلارنىڭ قان - ياشلىق تارىخى — يۇرتىدىن قوغلىنىشى، نەچچە مىڭ يىللىق سەرسان - سەرگەردانلىق تۇرمۇشى، ناتسىستلار لاگېرلىرىدىكى ھالاكەتلىك تەقدىرى بىزگە يەھۇدىي مىللىتىنىڭ غېرىبلىق تۇيغۇسىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار يەرشارىنىڭ ھەممىلا بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا، غېرىبلىق ھۆكۈم سۈرگەن مۇھىتتا سانسىز كۈن - تۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنى قۇتقۇزدى. شۇڭا، فرانسۇز مۇتەپەككۇرى مونتېسكيۇ بۇنىڭدىن ئاز كەم ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىلا: «دائىم ھالاكەت قىسمىتىگە ئۇچراپ تۇرىدىغان، بىراق يەنە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ ۋە ئىنچىل تۇردە كۆپىيىپ تۇرىدىغان يەھۇدىيلار بىردىنبىر ئۈمىد بىلەن ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۇچرىغان بۇزغۇنچىلىقلارنى ۋە زىيانلارنى تولدۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ ئۇلارنىڭ بارلىق ئائىلىرى قۇدرەتلىك بىر خانلىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنيانىڭ تايانچىسىغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىدىندۇر»① دەيدۇ.

مۇستەملىكىچىلىك دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى لاتىن ئامېرىكىسى گەرچە مىللىي مۇستەقىللىككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان يەر شارىدىكى تاشلاندۇق قىتئە سۈپىتىدە چوڭقۇر دەرىجىدىكى روھىي غېرىبلىقنى بېشىدىن كەچۈرگەندى. شۇڭا، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە سېھرىي رېئالىزم

① مونتېسكيۇ (فرانسىيە): «پارس مەكتۇپلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى، 360 - بەت.

ئېقىمىنىڭ بۇ يەردە مەيدانغا كېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. گارسىيا ماركۇسنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانىدىكى بۇ ئېندىيە جەمەتىنىڭ روھىي غېرىبلىقى ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ غېرىبلىقى ئىدى.

غېرىبلىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى بىر خىل يوشۇرۇن روھىي ماھىيەت بولۇپ، مەلۇم مىللەتكە نىسبەتەن ئۇنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدا جۇغلانغان بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھاياتىدا ھەر قېتىم ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغان ھامان نامەلۇم بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى، بەلكى بۇ نەرسىگە مەڭگۈ ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشى؛ ئىجتىمائىي كوللېكتىپ سۈپىتىدە ئورتاق روھىيەت گەۋدىسىگە ئۇيۇشقان مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ھالاكەت سىنىقىغا دۇچ كەلگەن ھامان ئۆزىدىكى غېرىبلىق تۇيغۇسىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ يېپيېڭى تۇغۇمغا ئېرىشىشنى ئىستىشى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسان چوڭقۇر دەرىجىدىكى غېرىبلىق تۇيغۇسىنى ھېس قىلغۇچى، شۇنداقلا غېرىبلىقتىن قۇتۇلۇشنى ھەر ۋاقىت ئىستىگۈچىدۇر، تۇغۇم بىلەن باشلانغان غېرىبلىق پەقەت ئۆلۈم بىلەنلا ئاخىرلىشىدۇ. ھەرقانداق مىللەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئەمەلىيەتتە مىللىي روھىيەتتە تەكرار - تەكرار كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان چاڭقاش، غېرىبلىقتىن قۇتۇلۇش، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئۈزلۈكسىز جەرياندۇر. شۇڭا، مېكسىكا شائىرى ئوكتاۋىئو پاز ئۆزىنىڭ «غېرىبلىق قەسرى» ناملىق ئەسىرىدە: «سۈررەڭ بالىياتقۇ ئىچىدە تۇمان كەبى لەيلىمە ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان تۆرەلمىنىڭ ھاياتىلا جىمى غېرىبلىقلاردىن خالىي ھاياتتۇر. بىز تۇغۇلغان ھامان ئانا قورسىقىدىكى ئاڭسىز ھاياتتىن مەھرۇم بولىمىز. بالىياتقۇ ئىچىدىكى ھاياتلىقتا ئىستەك بىلەن قانائەت ئوتتۇرىسىدا زەررىچە ئارىلىق مەۋجۇت ئەمەس. . . بىز بالىياتقۇ-

دىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ھامان بىرىنچى قېتىم ھەقىقىي يوسۇندىكى ئازابلىق روھىي ھالقىشنى بېشىمىزدىن كەچۈرىمىز، شۇنداقلا بىزگە تامامەن يات بىر دۇنياغا چۈشىمىز، ھاياتقا نىسبەتەن مەھرۇملۇق، كەمتۈكلۈك، غېرىبلىق ھېس قىلىمىز، چوڭ بولغانسېرى بۇ خىل تۇيغۇ تەنھالىق تۇيغۇسىغا ئايلىنىدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بىز تۇغۇلۇشىمىزدىنلا غېرىبلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارمىز. بىزنىڭ ھاياتلىق سەپىرىمىزدىكى جىمى ئۇرۇنۇشلىرىمىز غېرىبلىق-تىن قۇتۇلۇش، خالاس. شۇڭا غېرىبلىق تۇيغۇسى مۇنداق ئىككى خىل مەنىگە ئىگە؛ بىرى، ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ئويغىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ يەنە بىرى، ئۆزلۈكتىن قۇتۇلۇش ئىستىكىنى نامايان قىلى-دۇ. دېمەك، غېرىبلىق بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەسلى مەزمۇنى، شۇنداقلا روھىيەت ئالىمىمىزنى تازىلىغۇچى بىر خىل مەنىۋى سىناق-تىن ئىبارەت...»①

شەخس سۇپىتىدىكى ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن تۇغۇلۇش ۋە ئۆ-لۈشنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا غېرىبلىق سىنىقىدۇر. بىز تۇغۇلغان ئاشۇ دەقىقىدىن باشلانغان غېرىبلىقىمىز ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. چۈنكى ئۆلۈم ۋەھىمىسى غېرىبلىق تۇيغۇسىغا ئوخشاشلا ھاياتلىق سەپىرىمىزگە باشتىن - ئاخىر ياندىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ھايا-تىمىز ئۆلۈمنى ئۆگىنىدىغان بىر كۇندىلىك خاتىرىدۇر.② «قۇرئان كەرىم» دىكى «ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچى-دۇر»③ دېگەن ئايەتمۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. ئارنولد تويىنبىنىڭ قارىشىچە، غېرىبلىق زەئىپلەشكەن دۇنيا بىلەن خوشلىشىش، روھىي پارلاقلىققا قايتىش ۋە ئەڭ ئاخىرقى كۈرەش ئۈچۈن تەييارلىنىش

---

① ② ئوكتاۋىئو پاز: «تەنھالىق قەسىرى» — «چەت ئەل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە، 1992 - يىللىق 3 - سان.
③ «قۇرئان كەرىم»، سۈرە ئال - ئىمران، مىللەتلەر نەشرىياتى، 185 - بەت، 1986 - يىل نەشرى.

ئىدى. ئۇ بۇ پىكرىنى پلاتوننىڭ غارى، سان ـ پاۋلوننىڭ تۆھپىلىرى، ساكيامونى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە دانتىلار ياراتقان يېڭى دۇنيا ئارقىلىق ئىزاھلىدى①.

دېمەك، مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخىدىن ئۆزىگە خاس غېرىبلىق دىئالېكتىكىسىنى بايقىغىلى بولىدۇ، بۇ خىل دىئالېكتىكا ماكان ۋە زامان دولقۇنلىرىدا ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ بارىدۇ. مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ئالدىنقى شەرتنىڭ بىرى پىسخىك جۇغلانمىلىرىنىڭ ھەر ۋاقىت يېڭىلىنىپ تۇرۇشىدۇر. ئۈزلۈكسىز غىدىقلىنىپ تۇرۇشتىن مەھرۇم بولغان، سىرتقى رادىئاتسىيىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى يوق، ئىچكى مەنىۋى تىندۇرمىسى قېرىپ كەتكەن ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ روھىيەت بوشلۇقىدا مۇقەررەر ھالدا غېرىبلىق ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. يەنە كېلىپ، مۇنداق غېرىبلىق ئازابى شۇ مىللەتنىڭ سىياسىي چۈشكۈنلىكىنى، مەدەنىيەتتىكى ياتلىشىشىنى ۋە پىسخىك چېكىنىشىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن XX ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى پۈتكۈل دۇنيانى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە ئېلىپ كىرگەن چاغدا، سىرت بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان بېكىك ھالەتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى چوڭقۇر دەرىجىدىكى روھىي غېرىبلىق ئازابىنى چەكمەكتە ئىدى. ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى، يەنى تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى پارچىلانغاندىن كېيىنكى بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلغان غېرىبلىق ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ روھىي مەھكۇملۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

دەرۋەقە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غېرىبلىقى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس. ئۇ ۋۇجۇدى قېرىغان، شەرقچە ئۇزاق سوكۇتلەردىن ئىچكى پىسخىك جۇغلانمىسى تىنغان ئاسىيا قىت-

① ئارنولد توينبى (ئەنگلىيە): «تارىخ تەتقىقاتى»، سودا نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

ئەسىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى بىر ھالىتىنى ئىدى. ئۇنىڭ يېقىنـ
قى بەش ئەسىرلىك بەختسىز تارىخىنى ئىچكى نىزا، سىياسىي داۋالـ
غۇش، تەركىيدۇنياچىلىق ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى بىلەن خاراكتېرلـ
ىنىدىغان ئىچكى كېلىمات بەلگىلىگەن بولسا، چوڭ جەھەتتىن دېڭىزـ
ئوكيان دەۋرىنىڭ باشلىنىشى، ئىچكى قۇرۇقلۇقلارنىڭ چۆلدەرىشى،
ئىسلام دۇنياسىنىڭ زەئىپلىشىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چۇشكۇنلىـ
شىشىدىن ئىبارەت تاشقى كېلىمات بەلگىلەپ قويغانىدى. شۇنداق
بولغاچقا، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى پەلەمپەيسىمان چېكىنىۋاتـ
قان مەنىۋى قۇرۇلمىمىز كۆپ جەھەتتىكى ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىـ
ۋەتلىك ئىدى.

▲ يىپەك يولى خارابلاشتى، تۆگە كارۋانلىرىنىڭ كولـ
دۇرما سادالىرى يەلكەنلىك كېمىلەر ۋە پار ماشىنىلىرىنىڭ
گۈدۈك ئاۋازىغا ئورۇن بەردى. بالىياتقۇ شەكلىدىكى تارىم
ئويمانلىقى غېرىبلەر ئارىلىغا ئايلاندى. جۇغراپىيىلىك يېـ
تىملىك بۇ مىللەتنىڭ يېقىنقى زامان روھىي زەئىپلىكىنى
مەلۇم دەرىجىدە بەلگىلەپ قويدى.

سېھرىي رېئالىزم يازغۇچىلىرى «لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تەنھالىـ
قىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك يېتىملىكى بەلگىلىـ
گەن» دەپ قاراشقانىدى. دەرۋەقە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ يېقىنقى زاـ
مان روھىي غېرىبلىقىنىمۇ يىپەك يولىنىڭ زاۋاللىقى كەلتۈرۈپ چىـ
قارغان جۇغراپىيىلىك يېتىملىكى بەلگىلەپ قويغانمۇ ـ قانداق؟ شۈبـ
ھىسىزكى، بىزنىڭ ئېگىز تاغ تىزمىلىرى بىلەن قورشىلىپ تۇرغان
بۇ دىيارىمىز ئىسمى جىسمىغا لايىق چوڭ «بالىياتقۇ» ئىدى. تەيۋەنـ
لىك ئۇيغۇرشۇناس ليۇ يىتاڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تەتقىقاتى»
ناملىق كىتابىدا: «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدا ھەيۋەتلىك تەڭرىـ
تاغلىرى، جەنۇبىدا قارا قۇرۇم تاغلىرى، غەربىدە پامىر ئېگىزلىكى،

شەرقىدە خېشى كارىدورى ئۇنى تۆت تەرەپتىن ئوراپ تۇرىدۇ ۋە نىسبەتەن بېكىك جۇغراپىيىلىك ھالەتنى ھاسىل قىلىدۇ. ئويمانلىقنىڭ قىش ۋە يازدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى زور، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 100 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ. . . شۇنداق بولغاچقا، جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەسلىكى ۋە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى»① دەپ يازىدۇ.

جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر مۇھىم ئامىل. شۇڭا گېگىل: «دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى جۇغراپىيىلىك سەھنىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. مونتېسكيۇ قاتارلىق بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلار ۋە راسموسسېن قاتارلىق جۇغراپىيىلىك مۇھىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەلىماتلار مۇتلەق ئىلمىي نەزەرىيە بولمىسىمۇ، لېكىن جۇغراپىيىلىك يېتىملىكنىڭ بىر مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىغا كۆرسىتىدىغان سەلبىي تەسىرىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. گاۋىن ھامبلىي (Gavin Hambly) جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئوبيېكتىپ ھالدا شەرھلەيدۇ: «تاغلىق يەر شەكلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ زور كۆچۈشلىرى ۋە تارىخىي تەقدىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر، ئەمما چوڭ قۇملۇقلارنىڭ تەسىرىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. كاسپىي دېڭىزى بىلەن ئارال دېڭىزى ئوتتۇرىسىدىكى ئۈست - ئۈلت؛ كوپېت تاغلىرى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى قاراقۇم؛ ئامۇ ۋە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن

① ليۇ يىتاڭ (تەيۋەن): «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، تەيۋەن جېڭجۇڭ نەشرىياتى، تەيبېي نەشرى، 259 - بەت.

ئېقىمىنى ئايرىپ تۇرغان قىزىلقۇم؛ سىر دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلى ئارىلىقىدىكى چۆل ئارىلاش يېتىباق دالا؛ ئىچكى ۋە تاشقى موڭغۇلىيە-نى ئايرىپ تۇرغان گوبى، شۇنداقلا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى، ستەين دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق قۇملۇق دەپ تەرىپلىگەن تەكلىما-كان چۆلى قاتارلىق چوڭ قۇملۇقلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك كۆچۈشلىرى ۋە يۈرۈشلىرىگە ئاجايىپ زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن»①. شۇڭلاشقا يېقىنقى زامانغا كەلگەندە دې-ڭىز بويلىرىنىڭ گۈللىنىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقلارنىڭ چۆلدەرەپ قې-لىشى، شۇنداقلا مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىي غېرىبلىقتا مەھكۇم بولۇشىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك يېتىملىكى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جۇغراپى-يىلىك ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ پەقەت شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك ئورنىدا ۋە يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغان-لىقىدا ئىشقا ئاشقانىدى. دېڭىز - ئوكيان دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيىتىنى يوقات-تى. يېڭىباشتىن گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋروپالىقلار ئىچكى ئاسىيا-نىڭ دەشت چۆللىرىسىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ يەلكەنلىك كېمىلىرى بىلەن بىمالال ھالدا شەرققە كېلەلەيدىغان بولدى. دېمەك، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەم ئالاھىدە، ھەم زىددىيەتلىك بولغان ئىككى رولنى ئوينىغان. بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى قۇرغاق، شۇنىڭدەك قاتناش ئالاقى-لىرىدە تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى كەمچىل (كۆپ قىسىم دەريالىرى شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدۇ) بولغانلىقتىن، ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى جۇڭگو، ھىندىستان، ئىران ۋە روسىيە مەدەنىيەتلىرىدىن

---

① گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، سودا نەشرىيا-تى، 1994 - يىل نەشرى، 6 - بەت.

ئايرىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى سودا قانىلى — يىپەك يولى ئەتراپىدىكى ھەرقايسى مەدەنىيەت-لەرنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئۇزلۇكسىز رەۋىشتە بۇ يەرگە توشۇپ تۇردى. مۇشۇ قانالغا تايىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئەتراپىدىكى ھەرقايسى مەدەنىيەتلەردىن مۇئەييەن بەھىر ئېلىپ تۇردى. ئەگەردە قەدىمكى بۇ سودا يولى بولمىغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى تولىمۇ قىيىن بولغان بولاتتى...»①

ئۇز مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك يېتىملىكىنى ئۇنىڭ ئېگىز تاغلىرى ۋە پايانسىز قۇم-لۇقلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېگەندىن كۆرە يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنىڭ ئېچكى قۇرۇقلۇقتىن دېڭىز - ئوكيانلارغا يۆتكەلگەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېيىش تۈزۈك ئىدى. دەرۋەقە، يىپەك يولى خارابلاشتى، تۆگە كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما سادالىرى يەلكەنلىك كېمىلەرنىڭ گۈدۈك ئاۋازىغا ئورۇن بەردى. باليانقۇ شەكلىدىكى تارىم ئويمانلىقى غېرىبلەر ئارىلىغا ئايلاندى. جۇغراپىيىلىك يېتىملىك بۇ مىللەتنىڭ يېقىنقى زامان روھىي زەئىپ-لىكىنى مەلۇم دەرىجىدە بەلگىلەپ قويدى. نەتىجىدە، يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگەندە «بەئەينى توپ ئوقى چۇشكەن بىر چوڭقۇر ئورەككە ئوخشايدىغان»② بۇ خىلۋەت ماكان دەۋردىن تولىمۇ ئارقىدا قالدى. XVI ئەسىرگە كەلگەندە، كونا قۇرۇقلۇقتىكى يىپەك يولىنىڭ ئالتۇن دەۋرى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى. يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى قېرىپ، تىنىپ كەتكەن ئاسىيانى دەۋرنىڭ كەينىگە تاشلاپ قويدى. مۇنداق روھىي غېرىبلىق مىللىتىمىزنىڭ پسىخىك تىندۇرمىسىنى چىرىتىپ، مەنىۋى بېكىنمە-

① گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 7 - بەت.
② ئا. ن. كوروپاتكىن (روسىيە): «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل نەشرى، 1 - بەت.

لىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. نەتىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي تىللىق قېرىنداش خەلقلەر بىلەن بولغان روھىي ئورتاقلىقمۇ سۇسلاشقا باشلىدى. خۇددى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىگە قوشنا ۋە قېرىنداش ئۆزبېك خەلقى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىلىرىدىمۇ بىر - بىرىگە بولغان بېكىنمىچىلىك، بىر - بىرىدىن يىراقلىشىش، قايىنام - تاشقىنلىق يىپەك يولى ئالاقىلىرىگە نىسبەتەن ياتلىشىش ھالىتى شەكىللەندى»①.

**▲ ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى، نەۋائىينىڭ ئىجادى ئارقىلىق تىكلەنگەن پىكىر كامىللىقى قايتا مەيدانغا كېلەلمىدى، ئەقلىيلىك پرىنسىپلىرىدىن خالىي، تەپەككۇر نامراتلىقى ھۆكۈم سۈرگەن، جاھالەت تۇمانلىرىغا ئورالغان تۇرغۇنلۇق دەۋر باشلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئۇزاققا سوزۇلغان غېرىبلىق ئازابى ئىچىدە كلاسسىك دەۋردىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە كىرىپ كەلدى.**

ئارنولد گىببون رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زەئىپلىشىشى توغرىسىدا مۇنداق جۈملىلەرنى يازغانىدى: «. . . ئۇلاردا ئەجدادلىرىنىڭ مەنىۋى بايلىقلىرىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئالغا سىلجىتىش روھى بولمىدى، ئۇلار پەقەتلا ئوقۇدى، ماختىدى ۋە تەقلىد قىلىپ تۈزدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھارغىن روھى پىكىر ۋە تەپەككۇردىن يىراق ئىدى. ئون ئەسىرلىك تارىخىي جەرياندا، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئىززەت - غورۇرى ۋە بەخت - سائادىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھېچقانداق بىر بايقاشنى رويابقا چىقىرالمىدى. ئۆتمۈشتىن قالغان ئىدىيە سىستېمىلىرىغا بىرەرمۇ يېڭى ئۇقۇم قوشالمىدى. ئۇلارنىڭ بىر توپ سەۋر-

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى، 272 - بەت.

چان، ئۆتمۈشكە سېغىنغۇچى مۇرىتلىرى بولسا كېيىنكى دەۋرنىڭ بىر يۈرۈش رايىش ۋەزخانلىرىغا ئايلاندى»①. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زە-ئىپلىشىش تارىخى تەدرىجىي يوسۇندا پەلەمپەيسىمان ھالەتتە روي بەر-گەندى، ۋەھالەنكى، ماۋارائۇننەھر ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ چۈشكۈنلىكى تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى ئاخىرقى ئويغىنىش مەزگىلىدە ئېرىشىلگەن روھىي بالانىسنى بىراقلا يوقىتىپ قويدى. ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىدا باش كۆتۈرگەن ئوسمان تۈركلىرى ناھايىتى تېزلىكتە ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم) ئىمپېرىيىسى ھالاكىتى ئۈستىگە ئۈچ قىتئەگە تۇتاش-قان ئىمپېرىيىنى ۋۇجۇتقا چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن XVI ئەسىردىن كېيىن تەدرىجىي چۈشكۈنلىككە قاراپ يۈزلەندى. ئوسمان ئىمپېرىيە-سىنىڭ چۈشكۈنلىككە يۈز تۇتۇشى ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل شەرق مۇسۇل-مان دۇنياسىنىڭ توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان روھىي غېرىبلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى، شۇنداقلا مۇستەملىكچىلىك دەۋرىنى ئاچقان خرىستىئان دۇنياسىنىڭ شەرققە بولغان خىرىسىنى كۈچەيتتى. شەرق-نىڭ ئىسلام گۈللىنىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەقلىي كامالىتى ۋە پىكىر تاكامۇللۇقى ئاستا - ئاستا كەينىگە چېكىن-دى. مونتېسكيۇ «پارس مەكتۇپلىرى» ناملىق كىتابىدا: «مەن بۇ يەردە ئوسمان تۈركلىرى ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەددى - ھېسابسىز ئاجىز-لىقلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. بۇ كېسەلمەن گەۋدە ئۆزىنى مۆتى-دىل ۋە لايىقىدا تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، كۈچى تۈگەپ كېتىۋاتقان دورىدەك تېشى پال - پال ئىچى غال - غال بولۇپ قالماقتىكەن. . . ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر ھەممىدە مۇكەممەللى-شىشكە قاراپ كېتىۋېتىپتۇ. يېڭى كەشپىياتلارنى ئۇلار بەلكىم سان - ساناقسىز زىيانلارنى تارتقاندىن كېيىن ئاندىن قوللانسا كېرەك»② دەپ يازىدۇ.

---

① گىببون (قەدىمكى رىم): «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زەئىپلىشىش تارىخى»، LⅢ، — «غەرب تەپەككۇر خەزىنىسى»، جىلىن خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى، 116 - بەت.

② مونتېسكيۇ (فرانسىيە): «پارس مەكتۇپلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى، 52 -، 53 - بەتلەر.

مونتېسكيۇ يەنە تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئىستانبۇل بىلەن ئىسپاھان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىككى ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى، ھەممە مۇشۇ ئىككى مەركەزگە ئىنتىلىدۇ. بىراق بۇ ئىككى پايتەختنىڭ ئۆزى بولسا كۈندىن - كۈنگە خارابلىشىۋاتىدۇ... بۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بېرىۋاتقىنى ئۇششاق - چۈششەك پاراكەندىچىلىك بولماستىن، بەلكى غەزەپ - نەپرەت بىلەن تۇغ كۆتۈرۈپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ھازىرلىنىش ئىكەنلىكىنى كۆردۈم... بۇ يەر ئىككى ئەسىرگە قالماي زېمىن تالاشقۇچىلارنىڭ ھەيۋەتلىك ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ قالار، بەلكىم»①. دەرۋەقە، مونتېسكيۇنىڭ بۇ بېشارىتى خاتا بولمىدى. ئۇنىڭ 1721 - يىلى ئېيتقان بۇ سۆزلىرى 1911 - يىلىدىن 1913 - يىلىغىچە بالقان يېرىم ئارىلىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىن تەشكىللەنگەن مۇداخىلىچى قوشۇننىڭ ھالسىراپ ئاخىرقى تىنىقى قالغان ئوسمان ئىمپېرىيىسى تېررىتورىيىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ نۇرغۇن جايلىرىنى بېسىۋېلىشى بىلەن ئىسپاتلاندى.

ھالبۇكى، تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ زەئىپلىشىۋاتقان ھالىدىنمۇ بەتتەر ئىدى. «XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممە جەھەتتىن چۈشكۈنلۈك قايىنىمىغا كىرىپ قېلىشى مۇقىملىشىپ قالغانىدى»②، «مۇھەممەد شايبانىخان تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ قالدۇق زېمىنلىرىنى قايتا قۇرۇش خام خىيالىنى سۈرۈۋاتقان چاغدا، دۇنيانىڭ يەنە بىر تەرىپىدە، پورتوگالىيىلىك بىر ماتروس ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي زەئىپلىك تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويدى. بۇنداق زەئىپلىك تاكى XX ئەسىرگىچە داۋاملاشتى. 1498 - يىلى ۋاسكو داگامانىڭ ئۇمىد تۇمشۇقى ئارقىلىق شەرققە بارىدىغان دېڭىز يولىنى ئېچىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خەلقئارا سودا يولىدىكى مۇھىم ئورنىنى بىكار

① مونتېسكيۇ (فرانسىيە): «پارس مەكتۇپلىرى»، 54 -، 347 - بەتلەر.
② گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى» 235 - بەت.

قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يىپەك يولىنىڭ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقى-
تىشى، ئۆز نۆۋىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك
چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى»①. يەنە بىر تەرەپتىن «ئەمىر
تېمۇر ئەۋلادلىرى ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراسان رايونلىرىنى قايتا تۇتۇپ
تۇرالىغان بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ قولىدىن
چوڭ ئىش كەلمەيدىغان، ھەتتا دۆتلۈكى چىقىپ تۇرىدىغان يارىماس
ھۆكۈمرانلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. سىرتقى كۈچلەرنىڭ خىرىسى
ۋە مۇداخىلىسىگە دۇچ كەلگەن چاغدا، ئۇلار ھەتتا ئۆز ئىچىدىكى
جېدەل - ماجىرالارنىمۇ بېسىقتۇرۇشقا قۇربى يەتمىدى...»②.
شۇنداق قىلىپ، تېمۇرىيلەر دەۋرىدە قولغا كەلگەن ئاخىرقى ئويغى-
نىش دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى. نەۋائىينىڭ ئىجادى ئارقىلىق تىكلەنگەن
پىكىر كامىللىقى قايتا مەيدانغا كېلەلمىدى. ئەقلىيلىك پرىنسىپلىرى-
دىن خالىي، تەپەككۇر نامراتلىقى ھۆكۈم سۈرگەن ۋە جاھالەت تۇماذ-
لىرىغا ئورالغان تۇرغۇنلۇق دەۋرى باشلاندى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم
ۋادىسى ئۇزاققا سوزۇلغان غېرىبلىق ئازابى ئىچىدە كلاسسىك دەۋردىن
هازىرقى زامان دەۋرىگە كىرىپ كەلدى.

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەرقاند-
داق مىللەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى تۈز سىزىق بويىچە ئىلگىرىلىگەن
ئەمەس، بەلكى گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ تۇرىدىغان زەنجىرسىمان
ھالقىدا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان. ۋەھالەنكى، يېقىنقى زامانغا
كەلگەندە، تارىخىي چۈشكۈنلىككە يۈز تۇتقان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم
ۋادىسى ئۆتمۈشتىكى سەلتەنىتىنى قايتا تىكلەشكە مۇۋەپپەق بولالمى-
دى. ئىقتىسادىي قاششاقلىق، سىياسىي مۇقىمسىزلىق ۋە روھىي
مەھكۇملۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان پاسسىپ پسىخىك كېلىمات مىللەت-
نىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەنىۋى غالىبلىق خاراكتېرىنى

---

① ② گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى» 235 -، 220 - بەتلەر.

ئاجىزلاشتۇردى. ئۇزاققىچە يېڭىلانماي، تۇرغۇن ھالەتنى داۋاملاشتۇ-
رۇپ كەلگەن ئىچكى روھىي تىندۇرما بارغانسېرى تىنىپ، قېرىپ
كەتتى. خۇددى مونتېسكيۇ ئېيتقاندەك: «خەلققە يېتەرلىك جاسارەت
ئاتا قىلىدىغان تۇرغۇنلىغان زۆرۈر نەرسىلەردىن ۋاز كېچىلسە، مىل-
لەت ئاستا - ئاستا خارابلىشىدۇ»①. نەۋائىيدىن كېيىن تاكى XX
ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بىزنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىمىزدا پارتلاش خا-
راكتېرلىك پىكىر ئىنقىلابى بولۇپ باقمىدى. نىزامىيدىن باشلىنىپ،
نەۋائىي ئىجادىدا يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن «خەمسە»لەر، ئاشىق-
مەشۇقلار داستانلىرى، پەند - نەسىھەت مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر،
پەيغەمبەرلەر رىۋايەتلىرى كېيىنكى 500 يىل مابەينىدە تەكرار -
تەكرار يېزىلدى. سەۋرچان خەتتاتلار تەرىپىدىن سانسىز قېتىم كۆچۈ-
رۈلدى، موللا - خەلپەتلەر تەرىپىدىن ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ئوقۇتۇلدى.
مەدداھ - ۋائىزلار تەرىپىدىن تۈكۈرۈك چاچراندىلىرىغا ئايلانغىچە
سۆزلەندى. . . لېكىن بىرلا نەرسە، يەنى پىكىر يېڭىلانمىدى، تەپەك-
كۇر ئۇسۇللىرى ئىسلاھ قىلىنمىدى، يېڭىلىق يارىتىلمىدى. ئابدۇ-
رېھىم نىزارى ۋە تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى قاتارلىقلار راستىنلا نەۋائىي-
دىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئاتالمىش
«ئالتۇن دەۋرى»نى ئاچالىدىمۇ! ؟ ئېنگېلس «ئىقتىسادتا قالاق دۆلەت
پەلسەپە جەھەتتە بىرىنچى ئىسكىرىپكىنى چېلىشى مۇمكىن»② دەيدۇ.
خەيرىيەت، تېمۇرىيلەر دەۋرىدىن كېيىن كۇنساناپ ئىقتىسادىي زەئىپ-
لىككە، سىياسىي مەھكۇملۇققا يۈز تۇتقان ئوتتۇرا ئاسىيا كەلگۈسى
ئەۋلادلىرىغا نېمىلەرنى قالدۇرالايدۇ؟ . . .

توغرىسىنى ئېيتقاندا، نەۋائىيدىن كېيىنكى بەش ئەسىر بىزگە
«ئۇلۇغۋار پەلسەپە»لەرنى ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر قاتماللىقىنى؛

---

① مونتېسكيۇ (فرانسىيە) : «پارس مەكتۇپلىرى»، 322 - بەت.
② «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، خەلق نەشرىياتى، 1972 - يىل نەشرى، IV توم، 485 - بەت.

ئىجادىيەت ئېقىمىنى ئەمەس، بەلكى تەكرارلاش كېسەللىكىنى؛ ئەقىل
مېۋىسىنى ئەمەس، بەلكى دىنىي ئەسەبىيلىكىنى قالدۇرۇپ كەتتى.
ئەدەبىيات - سەنئەتتە ئاۋۇالقىلارغا تەقلىد قىلىدىغان دورامچىلىق،
تەكرار يېزىش، ئىجادىيەت ئىلھامىنى ئۆز مىللىتىنىڭ رېئال تۇرمۇ-
شىدىن ئەمەس، بەلكى ئەرەب - پارس مەنبەلىرىدىن ئىزدەشتەك
خاھىشلار ئەۋج ئالدى (ئەلۋەتتە، بىر قىسىم مۇۋەپپەقىيەتلەرنىمۇ
تامامەن ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ). ياقۇپبەگ دەۋرىدە قەشقەرىيىگە
كەلگەن چارروسىيە ھەربىي ئەمەلدارى كوروپاتكىن ئۆز دەۋرى ھەققىد-
دە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ دۆلەتتە ئىلىم - پەن ئىشلىرى تەرەققىي
قىلىۋېتىپتۇ دېگەندىن كۆرە، تۈگىشىپ كېتىپتۇ دېگەن تۈزۈك.
بۇخارا ۋە ئەرەب ئاپتورلىرى يازغان بەزى ئەسەرلەردىن باشقا، قەشقە-
رىيىدە تىلغا ئالغۇدەك ئەدەبىيات - سەنئەت دېگەن نەرسە مەۋجۇت
ئەمەس. بۇ دۆلەتنىڭ كۆپ جايلىرىنى ئايلىنىپ چىققان بولساقمۇ،
ھېچقانداق يەردە بىرەر كۇتۇپخانا ئۇچراتمىدۇق»①. گەرچە، كوروپات-
كىن ئۆز خاتىرىسىدە بەزى ئەھۋاللارنى تامامەن مۇتلەقلەشتۈرۈپ
يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بايانلىرى يەنىلا ئۆز دەۋرىنى چۈشى-
نىشتىكى مۇھىم يازما ماتېرىيال ئىدى. بىز 1859 - يىلى قەشقەر-
يىگە كەلگەن روسىيىلىك سەيياھ چوقان ۋەلىخانوف (1835 —
1865) نىڭ خاتىرىلىرىدىنمۇ ئۆز دەۋرىدىكى دىيارىمىزنىڭ ئېچىنىش-
لىق رېئاللىقىنى كۆرەلەيمىز.

قىسقىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تې-
مۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلىپ، ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى ئا-
خىرلاشقاندىن كېيىنكى مەنىۋى چۈشكۈنلۈكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ
روھىي غېرىبلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى. شۇڭلاشقا «ئىشق»
ئوتىغا مۇپتىلا بولغان شاھ مەشرەپ؛ «نە گۇناھ قىلدىم، خۇدا،
دۇنيادا مەن بولدۇم غېرىب!»②دەپ نىدا قىلسا، شائىر موللا بىلال

① ئا. ن. كوروپاتكىن (روسىيە): «قەشقەرىيە»، 28 - بەت.
② «مەشرەپ شېئىرىيىتىدىن»، 47 - بەت.

بىر موللا يۇسۇپ نازىمى (1822 — 1900):

ئۆزۈم ئادىمىلەر فەقىرى ئىدىم،
فەقىرى نە دېمەكتۇر ھەقىرى ئىدىم.
ئۇ ئەلدە يۈردۈم يامانلار بىلەن،
خەرابات ئىچرە جەۋانلار بىلەن.①

دەپ يازىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى تەنھا ئارال بولۇپ قالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئۇزاق مۇددەتلىك بۇرۇختۇم مەنىۋى كېلىماتتا ئېغىر غېرىبلىق بوپىسىنى ئۆزىنىڭ كېسەلمەن گەۋدىسىگە يۈدۈپ، رىقابەتكە تولغان XX ئەسىرگە كىرىپ كەلدى.

**▲ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى تارىم ئويمانلىقىنىڭ روھىي غېرىبلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. مىللىي روھ ۋە مىللەتنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى تەركىيدۇنياچىلىق ۋە ئەسەبىيلەرچە دىنىي تەرەپبازلىقتا ئورۇن بەردى. يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئەڭ بەختسىز سەھىپىلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى.**

مەلۇم بىر مەدەنىيەت سىستېمىسىدا ئورتاق روھىي بىرلىكنى تۇتۇپ تۇرغۇچى چوڭ كېلىمات ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ھامان، ئۇنى تەشكىل قىلىپ تۇرغۇچى ئۇششاق كېلىماتلارغا مەنىۋى يوقىتىش ئېلىپ كېلىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللەتنىڭ گېنىنى ساقلاپ تۇرغۇچى ئىچكى پىسخىك تىندۇرمىدا بوشلۇق شەكىللىنىدۇ. ئوسمان ئىمپېرىيىسى زەئىپلىشىشكە يۈزلەنگەندىن كېيىنكى پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ئەمەلىيەتتە غەربنىڭ كۈچلۈك تەھدىتىدىن ئەمەس، بەلكى ئىسلام روھىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە

① موللا بىلال نازىمى: «غازات دەر مۈلكى چىن» — «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1995 - يىللىق 2 - سان.

كۆنسايىن ئەسلى ماھىيىتىدىن چەتلەپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققاندى. ئەرەب خەلىپىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئىسلام مىزانلىرى بارغانسېرى بۆلۈنۈش ھاسىل قىلىۋاتقان سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىنىپ كېتىلدى، شۇنداقلا پەيغەمبەر ۋە تۆت چاھارىيا دەۋرىدىكى ئەسلى مەزمۇنىدىن كۆپ دەرىجىدە يىراقلاپ كەتتى. مەزھەپلەر كۈرىشى، دىنىي تەرەپبازلىق، ئەسەبىي تەركىيدۇنياچىلىق ۋە تۈرلۈك - تۈمەن شەرھىي - پەتىۋالار ئېتىقادتىكى كىرىزىسنى كۈچەيتىپ باردى. شۇندىن باشلاپ ئورتاق روھىي بىرلىككە ئېرىشكەن مۇسۇلمانلار دۇنياسى مەنىۋىيەتتە چاك - چېكىدىن بۆلۈنۈش، ئىجادىي قۇدرىتى بوغۇلۇش قىسمىتىگە دۇچار بولدى.
ئارنولد تويىنبى ناھايىتى توغرا ئېيتقانىدى: «زەئىپلىشىش ئىجادىيەت كۈچىنىڭ يوقالغانلىقىدىن، بۆلۈنۈش جەريانىنىڭ باشلانغانلىقىدىن ۋە ئۆزىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىقتىدارىنىڭ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. زەئىپلىشىشنىڭ سەۋەبى ماددىدا ئەمەس روھىيەتتە، سىرتقى ئامىللاردا ئەمەس، ئىچكى ئامىللاردا بولىدۇ. زەئىپلىشىش ئىچكى كېسەللىكتىن كېلىپ چىقىدۇ، بەلكى مۇقەررەر ھالدا ھادىسە سۈپىتىدە ماددىي سەۋەبلەردىن ئاۋۋال روي بېرىدۇ»①.

دەرۋەقە، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ روھىي غېرىبلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. مىللىي روھ ۋە مىللەتنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى تەركىيدۇنياچىلىق ۋە ئەسەبىيلەرچە دىنىي تەرەپبازلىقتا ئورۇن بەردى. يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئەڭ بەختسىز سەھىپىلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى. بەدەخشان ۋە ماۋارائۇننەھردە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە قازىنالمىغان رىياكار ئىشانلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ پالانچى پۇشتى» دېگەن پەتىۋانى خۇر-

① ئارنولد تويىنبى (ئەنگلىيە): «تويىنبى ۋە تارىخ» — «غەرب ئىدېئولوگىيە خەزىنىسى»، 1167 - بەت.

جىنىغا سىلىپ يۇدۇگىنىچە، تارىم ئويمانلىقىغا ئارقا - ئارقىدىن كىرىپ كەلدى. بەدەخشان ۋە بۇخاراغا پاتمىغان، تېگى - تەكتى گۇمانلىق ئاشۇ بىر توپ جاھالەتچى پۇرسەتپەرەسلەر قانداق قىلىپ تارىم ئويمانلىقىدىكى بەختسىز خەلقنىڭ روھىي تۈۋرىكى بولۇپ قالدى؟ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «پۇشتى»لىرى قانداقلارچە پەيغەمبەر ۋاپاتىدىن مىڭ يىل كېيىن تۇيۇقسىزلا تارىم ئويمانلىقىدا پەيدا بولۇپ قالدى؟ ھىدايىتۇللا ئافاق خوجا 5 - ئەۋلاد دالاي لاماغا باش ئۇرۇپ، 1678 - يىلى قەشقەرگە جۇڭغار قالماقلىرىنى باشلاپ كىرگىنىدە؛ قارا تاغلىقلار پېشۋاسى بۇرھانىددىن خوجا ئاق تاغلىق خوجىلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن مەنچىڭ چېرىكلىرىنى چىللاپ كەلگىنىدە؛ ۋەلىخان تۆرە قىزىل دەرياسى بويىدا ئادەم كاللىسىدىن مۇنار ياسىغىنىدا؛ 1865 - يىلى ئىلى قوزغىلىڭى ۋاقىتلىق غەلىبىگە ئېرىشكەن پەيتتە، قوقاندىن كەلگەن پوچى مەھمۇد ئىسىملىك قېرى خوجا ئۆزىنى «غەۋسۇلئەززەم ئەۋلادى» دەپ ئاتاپ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلغىنىدا ۋە قوزغىلاڭچىلار رەھبىرى مۇئەززەمخاننى ئۆلتۈرۇشكە قۇترانقۇلۇق قىلغىنىدا، نېمە ئۈچۈن ھېچكىم: «ياق، بولدى بەس! پەيغەمبەر پۇشتى مۇنداق نائىنساپ بولمايدۇ، بىزنىڭمۇ ئۆز تاللىشىمىز بار!....» دېيەلمىدى؟ يەنە نېمە ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيا يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن 30- يىللاردا، ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللا تەپ تارتماستىن دەريا - قانلارنى تۆككەن جاللات شېڭ شىسەينى كۆككە كۆتۈرۈپ: «ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن يەنە پەيغەمبەر كېلىدۇ دېيىلگەن بولسا، چوقۇم شېڭ دوبەن جانابلىرى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز بولۇپ كەلگەن بولاتتى»① دەپ جۆيلۈپ يۈرەلىدى!؟... روھىي مەھكۇملۇق ئازابىنى يەتكىچە تارتقان، ۋۇجۇدى قۇرىغان، تارىم ئويمانلىقىنىڭ پىنھان سوكۇتلىرىگە كۆنۈككەن بۇ مىللەتنىڭ

---

① مىرئەھمەد سېيىت، يالقۇن روزى: «مەمتىلى ئەپەندى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى، 340 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ.

سانسىزلىغان قاباھەتلىك تۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ئۆتمۈشىنى بۈگۈنگە ئۇلىغانلىقى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ئويغا سالىدۇ.

كوروپاتكىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «XIV — XV ئەسىرلەردە، بۇخارا بىلەن سەمەرقەنت نۇرغۇنلىغان تالىپلارنىڭ ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ تالىپلار ئەۋلىيا ۋە كارامەتچى دېگەن ئاتاققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىسلامىيەتنى تەشۋىق قىلاتتى. XV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، مۇشۇ مەركەزلەردە راۋاجلاندۇرۇلغان بۇ تەلۋىلەرچە ئەسەبىيلىك ۋە ساختىپەزلىكلەر قەشقەرىيىگىمۇ تارقالدى»①. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز قەشقەرىيىنىڭ دەسلەپكى تارىخىنى بايان قىلغان چېغىمىزدا، بۇ ئەلنىڭ تىمۇرلەر دەۋرىدىكى ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلگەن بارلىق بەختسىزلىكلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنىنىڭ سىرتىدا، يەنە بىر مۇنچە مۇسۇلمان ئەۋلىيالىرى ۋە كارامەتچى تېجىمەللەرنىڭمۇ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ئادەملەرنىڭ تەلۋىلەرچە دىنىي ئەسەبىيلىكى، ساختىپەزلىكى ۋە مەزھەپچىلىكى بۇ دۆلەتتە تاكى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىۋاتقان يېڭى بەختسىزلىكنىڭ تۈپ نېگىزىدۇر»②.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، پاراكەندىچىلىك ھۆكۈم سۈرگەن خوجىلار دەۋرىدە مىللىتىمىز روھىي جەھەتتە مەھكۇملۇققا دۇچار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ماددىي موھتاجلىق، جىسمانىي ساپاسى چېكىنىش، نوپۇسى ئېغىر دەرىجىدە كېمىيىپ كېتىشتەك قىسمەتلەرگىمۇ دۇچ كەلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللەت گەۋدىسىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ تۇرغان مىللىي روھ ۋە ئۆزلۈك ئېڭى بارا ـ بارا سۇسلىشىپ باردى. XV ئەسىردىن كېيىن، بولۇپمۇ خوجىلار پاراكەندىچىلىك سالغان دەۋرلەردە «ئۇيغۇر» دېگەن

① ② ئا. ن. كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە» 140 ـ، 137 ـ بەتلەر.

نامىمىز دىيارىمىزدا تامامەن ئېستېمالدىن قېپقالدى. «ئۇيغۇر» دې-
گەن ئېتنىك نام XIV — XV ئەسىرلەردىن كېيىن ئاساسەن گەنسۇدى-
كى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ساقلىنىپ قېلىپ، ئىسلام دىنىغا
كىرگەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە بارا - بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغانىدى»[1].
بۇنىڭ بىلەن مىللىتىمىز ئۆزىنىڭ مىللەت نامى بىلەن ئاتالماي،
بەلكى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان شەھەر ياكى يۇرت ناملىرى بىلەن ئاتىلىدى-
غان بولدى. خۇددى مەرھۇم تارىخچى ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندى كۆرسى-
تىپ ئۆتكەندەك: «خوجىلار دەۋرىدە كىشىلەر ئۆزىنىڭ ‹ئۇيغۇر›
دېگەن نامىنىمۇ ئۇنتۇپ، قەشقەرلىك، يەكەنلىك، ئالتە شەھەرلىك،
يەتتە شەھەرلىك دەپ ئاتىشىدىغان بولدى...»[2]. كوروپاتكىنمۇ:
«بىز بۇ ئەلدە قەشقەرلىكلەر، يەكەنلىكلەر، خوتەنلىكلەر، ئاقسۇلۇق-
لار، كۇچالىقلار ۋە تۇرپانلىقلار دەپ ئاتالغانلارنى ئۇچراتتۇق. ئەمە-
لىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا تائىپىگە كىرىدۇ»[3] دەپ يازىدۇ.
شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئومۇمىي مىللەت گەۋدىسىگە قارىغاندا، يەرلىك
تار يۇرتچىلىق قارىشى كۈچلۈك بولىدىغان، ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى
ئاجىز، ھەر قايسى يۇرتلار ئارا پىسخىك خاراكتېر پەرقى نىسبەتەن
چوڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى تىندۇرمىسىغا
خوجىلار دەۋرىدىلا چوڭقۇر ئىز سالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى
تۈرلۈك مەزھەپتىكى بەدەخشان خوجىلىرى ئۆزئارا بىر - بىرىدىن
ئۈستۈنلۈك تالىشىپ، ھەدەپ مۇرىت توپلاپ، پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدى-
كى ئۇيغۇر خەلقىنى ئىككى چوڭ لاگېرغا، نەچچە ئونلىغان ئۇششاق
مەزھەپلەرگە بۆلۈپ تاشلىغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، تارىم ۋادىسىدا

---

① ئىبراھىم مۇتىئى: «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز» — «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا تۇتقان ئورنى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى، 34 -، 35 - بەتلەر.

② ئەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى، 998 - بەت.

③ ئا. ن. كوروپاتكىن (روسىيە): «قەشقەرىيە»، 24 - بەت.

مىللەتنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ تۇرغان مىللىي ئاڭ ئاجىزلى-
شىپ، ھەر قايسى بوستانلىقلار ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ
تۇرىدىغان، بىر - بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۆزئارا شەرت قىلمايدى-
غان، ئومۇمىي مىللەت گەۋدىسىنى ئەمەس، بەلكى تار يۇرتچىلىق
كاتېگورىيىسىنى ئۆز غايىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىزانى ھېسابلايدىغان
ئىچكى چېچىلاڭغۇ پىسخىكا شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەركەن
سەئىدىيە خانلىقى يىمىرىلگەندىن تارتىپ تاكى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى
غۇلىغانغا قەدەر تارىم ۋادىسىدا تىنچلىق موللا مۇسا سايرامى ئېيتقان-
دەك «گويا سۇمۇرغ قۇشىدەك كۆھىقاپنىڭ ئىچىدىن ۋەتەن تۇتتى» . تۈگى-
مەس ئۇرۇش - جېدەللەر، ئەسەبىيلەرچە تەرەپبازلىقلار، پىر -
ئەۋلىيالار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى نىزالار، مىللەتنىڭ ئىچكى ھاياتىي
كۈچىنى خورىتىپ، روھىي خامۇشلۇق گىرداۋىغا ئېلىپ باردى.
نوپۇس زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى. كوروپاتكىننىڭ مەلۇماتىغا
قارىغاندا، خوجىلار يېغىلىقى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەرىيىدىن
100 مىڭ كىشى خوجىلارغا ئەگىشىپ قوقانغا قاچقان. ئۇلارنىڭ ئاز
قىسمى قوقان تەۋەسىگە يېتىپ بارغاندىن باشقا، مۇتلەق كۆپچىلىكى
زېمىستان قىشنىڭ قار - شىۋىرغانلىرىدا ئاچ - يالىڭاچلىق ۋە سو-
غۇقتىن ئۆلۈپ كەتكەن؛ 1857 - يىلى ۋەلىخان تۆرە قوقانغا قاچقان-
دا، قەشقەرىيىدىن يەنە 15 مىڭ ئادەم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، قوقانغا
سەپەر قىلغان.①خوجىلارنىڭ تىنىمسىز پاراكەندىچىلىكلىرى ۋە يې-
ڭىلگەن ھامان بەدەخشان، قوقانلارغا قېچىشلىرى داۋامىدا تۇركۇم -
تۇركۇم خەلقىمىز ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، يۇرت - ماكانلىرىدىن
ئايرىلىپ، ئېغىر تالاپەتلەرگە ئۇچرىغان. «خوجىلارنىڭ قەشقەرىيىدە
ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى بۇ
ئەلگە زور زىيان كەلتۈردى. بىر قانچە مىڭ بىگۇناھ ئادەم ناھەق

① ئا. ن. كوروپاتكىن (روسىيە) : «قەشقەرىيە» ، 223 ـ ، 231 ـ بەتلەر.

ئۆلتۈرۈلدى. مۇشۇ ۋەقەلەرنىڭ باش جىنايەتچىلىرى ۋە ئاساسلىق قاتناشقۇچىلىرى بولسا ئولجىلىرىنى ئالغاچ قېچىپ كېتىپ، خاتىر-جەم ياشاۋەردى، ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن يەرلىك خەلق مىسلىسىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. . . »①

ئىسلام دىنى ئەسلى ماھىيىتىدىن ئەقىلنى تەشەببۇس قىلغۇچى دىن بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق مىزانلىرى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسى ئىنسان-نىڭ ئەقلىي ھەزىمى كۆتۈرەلەيدىغان مۇۋاپىق نۇقتىغا مەركەزلەشكە-ندى. ئۇ ئۆز تەلىماتلىرىدىكى ئىنسان قىممىتى نۇقتىئىنەزىرىنى «قۇرئان كەرىم» دىكى ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىنلا ئۇلۇغلانغانلىقى، ئەڭ گۈزەل شەكىلدە يارىتىلغانلىقى، قەلبىگە ئاللا سىرلىرى كۆمۈل-گەنلىكىدەك بىر قاتار بايانلار ئارقىلىق دەلىللەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ گۈللىنىشىگە ئىسلام روھىدىن قاناتلانغان ئەقلىي تاكامۇللۇق ۋە ئىزدىنىش روھى سەۋەب بولغانىدى. لېكىن، تولىمۇ ئەپسۇس، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە كەلگەندە پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسى چۈشكۈنلۈككە پېتىپ قالدى. ئوت-تۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئۆزىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان تۇرغۇنلۇق دەۋرىگە كىرىپ قالدى. ئىسلام دىنى بىر ئەقلىي دىن بولۇشىغا قارىماي، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەقلىي تەپەككۇر-مىز نېمە ئۈچۈن كەينىگە چېكىنىپ كەتتى؟ نەۋائىيدىن كېيىنكى بەدىئىي ئىجادىيىتىمىز نېمە ئۈچۈن پەسكويغا قاراپ يۈزلەندى؟ . . . ئىنسانىي ھوقۇقىمىز، كىشىلىك غۇرۇرىمىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىز چوقۇنغان، ئىخلاس قىلغان «پىر»، «ئەۋلىيا»، «ئۇلۇغ» لار تەرد-پىدىن دەپسەندە قىلىندى؟ . . .

شۇنىسى ئېنىقكى، خوجا ـ ئىشان، پىر ـ ئەۋلىيالار تەرغىب قىلىۋاتقان تەركىدۇنياچىلىق ئىسلام تەلىماتلىرىغا تۈپتىن زىت ئى-دى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنمەنچىلىكى ۋە سىياسىي مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەسلىدىكى پەلسەپىۋى ئېقىم بولغان سوپىزم-

① ئا. ن. كوروپاتكىن (روسىيە) : «قەشقەرىيە»، 233 ـ بەت.

نى زور دەرىجىدە بۇرمىلىدى ۋە ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. ئۇلار تەرغىب قىلغان زاھىدلىق، قۇلچىلىق ۋە پىر ـ ئۇستاز تۇتۇش تەشەببۇسلىرى ئەسلىدىكى تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىگىمۇ زىت ئىدى. نەتىجىدە بىزدىكى ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتتى. مىللىتىمىزنىڭ خۇراپاتلىق بىلەن قاتقان، ئەسەبىي تەرەپبازلىقتىن گاڭگىرىغان كاللىسىغا خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ئىنسان تەبىئىيتىگە قارشى پەتىۋالىرى سىڭىپ كەتتىكى، «قۇرئان» دىكى «ئۇلار، قۇرئان، ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟»① دېگەن ئايەتلەرگە ئورۇن قالمىدى. ئۇلار بەدەخشانلىق كاززاپ خوجىلارغا ئەگىشىپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشقا، بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە، ئىنسانىي ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىشكە، مازار ـ خانىقالاردا تۈنەشكە رازى بولدىكى، ھەرگىزمۇ: «بىز ئىنسان، بىز تەپەككۇر ئىگىسى، بىز ھەممىمىز تىلى، دىنى، قېنى بىر بولغان قېرىنداش، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى سۆيۈش، ھاياتنى قەدىرلەش ھوقۇقىمىز بار!» دېگەنلەرنى ئويلاپ قويمىدى②. ھەتتا ئۆزىنى پىر ـ ئەۋلىيا دەپ ئاتىۋالغان قوقانلىق ئاققۇن ــــ پوچى مەھمۇد «دەرەخنى زەمبىرەكتەك ئاتالايمەن» دەپ ساختىپەزلىك قىلىغىنىدا، قوزغىلاڭچىلار رەھبىرى مۇئەززەمخاننى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى «ئىلى سۇلتانى» دەپ جاكارلىغىنىدا، قان كېچىپ جەڭ قىلغان قوزغىلاڭچى ئامما سۈكۈت قىلدىكى، بىر ئېغىز قارشىلىق قىلمىدى. «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە تۇنجى قېتىم قوللانغان تارىخچى ھەم ئەدىب نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف ئىلى قوزغىلىڭى توغرىلىق ئېچىنىش ئىچىدە مۇنداق قۇرلارنى يازدى:

---

① «قۇرئان كەرىم»، 4 ـ سۈرە، 82 ـ ئايەت.

② ئەسەت سۇلايمان: «ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى» ــــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1996 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ (قوشما) سان.

«. . . ھۆكۈمەت خوجىلار قولىغا كىرگەندىن كېيىن، تارانچى دىيارىدا تىنچلىق — ئاسايىشلىق يوقاپ كەتتى. ئەمما خەلقىمىز خوجاملارغا بولغان ئامراقلىقىدىن ئۇلارغا قارشى سۆز ئېيتىشتىن قورقاتتى. چۈنكى خوجىلارنىڭ ياخشى ئىشلىرى كارامەت، يامان ئىشلىرى ئىمتىھان دەپ قارىلاتتى. بۇ بەۋەك خوجىلار ئۇيغۇر بالىلىرىغا نېمىلەرنى كۆرسەتمىدى دەيسىز؟ ئاپاق خوجا ئالتە شەھەرنى قالماقلار قولىغا تاشلاپ بېرىپ، ھۆرلۈككە خاتىمە بەردى. خوجىنىڭ بۇ ئىشىغا نارازىلىق كۆرسەتكەن ئۇيغۇر بالىسى بولمىدى، تولىراقى بۇ ئىشنى تەقدىرگە جورىدى.

پەلەكنىڭ چەرخى چۆرۈلدى، جاھاننى ئالدى قۇنتاجى،
خۇدانىڭ تەقدىرى شۇنداق، ئاتام قالماق بىلەن ناجى.

دەپ ئاپاق خوجىنىڭ ئوغۇللىرى ئۇيغۇرلارنى ئاق تۇغ، قارا تۇغقا ئاجرىتىپ، شەھەرلەردە قان دەرياسى ئاققۇزدى، بۇنى ھەم كارامەت دەپ ساندى. ئەھمەدخان خوجا ئابدۇررۇسۇل ئەمرنى ئۆلتۈرۈپ، تارانچىلارنىڭ داڭلىق سەردارىنى يوقاتتى. قېرى خوجا ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چاچتى. بىچارە ئۇيغۇرلار قارىغۇلارچە ئېتىقادلىرىنىڭ نەتىجىسىدە، خوجىلارنىڭ قارغىشىغا ئۇچراشتىن قورقۇپ، بۇلارنىڭ ھېچبىرىگە زۇۋان سۇرمىدى. ھېلىھەم ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بېشىغا بىرەر بالا كەلسە، خوجاملاردىن مەدەت سورايدۇ. بىرەر قازاغا ئۇچرىسا خوجىلار نامىغا چىراغ ياقىدۇ ۋە خەتمە - نەزىر بېرىدۇ. مانا بۇ جاھالەت! . . .»①

مىللىتىمىز روھىيىتىدىكى مۇنداق چېكىدىن ئاشقان مەھكۇملۇق تارىم ۋادىسىدا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىنسانىي ھوقۇق، كىشىلىك قەدىر - قىممەت ۋە ئادىمىي تەلەپلەرنى كۈندىلىك تۇرمۇش كۈنتەرتىپىدىن چىقىرىپ تاشلىدى. خەلق «پىر»، «ئۇستاز» دەپ پۈتۈن

---

① نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف: ««يورۇق ساھىللار»، ئالمائاتا، «يازغۇچى» نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى، 42 -، 43 - بەتلەر.

ئىخلاسى بىلەن قوقانلىق قوغلاندى خوجىلارغا باش قويغىنى بىلەن،
بىراق ئۇلار بولۇپمۇ «قوقانلىقلار ھىمايە قىلىپ تۇرغان ۋەلىخان تۆرە
يەرلىك ئاھالىنى ناھايىتى پەس كۆرەتتى»①. ۋەلىخان تۆرە ئۇششۇق-
لۇقتا ئۇچىغا چىققان سىياسىي پۇرسەتپەرەس بولۇپ، دۇنيا دىموكرا-
تىك ئىدىيىلەر دەۋرىگە كىرگەن XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇ
قەشقەر قىزىل دەرياسى بويىدا ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ كاللى-
سىدىن مۇنار ياسىغان. خەلق «ئۇلۇغ» لار دەپ ئەگەشكەن بۇ ئاتال-
مىش «پەيغەمبەر پۇشتى» لىرىنىڭ قىلمىشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ قاي-
سىبىر مىزانىغا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قايسىبىر كۆرسەتمىسىگە توغرا
كېلىدۇ؟ دەرھەقىقەت، خوجىلارنىڭ تەرغىب قىلىۋاتقىنى ئىسلامىيەت-
تىن پۈتۈنلەي چەتلىگەن، ئويدۇرما سەپسەتە، خالاس. ئىسلام دىنى
قېرىنداشلار ئارا قان تۆكۈشنى ئەمەس، بەلكى مېھرىبانلىقنى، كەڭ
قوللۇقنى ۋە چىن دوستلۇقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»
دىكى «سىلەر بىر - بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن» (195 : 3) ، «سىلەر
بىر - بىرىڭلار بىلەن دىنداشسىلەر» (25 : 4) ، «كىمكى ئاللاغا ۋە
ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللانىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتى-
غا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللا ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ» (14 : 4)
دېگەن ئايەتلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئەسكەر-
تىش زۆرۈركى، ئاتالمىش «ئۇلۇغ» لارنىڭ ياخشى ئىشلىرى كارا-
مەت، يامان ئىشلىرى ئىمتىھان سانىلىدىغان بۇنداق ھوقۇقنى ئاللا
مۇھەممەد پەيغەمبەرگىمۇ بەرمىگەن. ھالبۇكى خوجا - ئىشانلار ئۆز
مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن تەپتارتماستىن ئاللا نامىدىن سانىسىزلىغان پەتى-
ۋالارنى توقۇپ چىقاردى. ۋەلىخان تۆرە ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەردە
«ئالتە ياشتىن يۇقىرى بارلىق ئەرلەرنى باشلىرىغا سەللە ئوراشقا ۋە
كۈنىگە بەش قېتىم مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇشقا مەجبۇر قىلغان.

① ئا. ن. كوروپاتكىن (روسىيە) : «قەشقەرىيە» ، 229 - بەت.

بۇ مەسىلىدە ۋەلىخان تۆرە ئىنتايىن رەھىمسىزلىك قىلغان. بۇ تۇزۇمگە خىلاپلىق قىلدىڭ دەپ ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تۇرغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قەشقەردىكى قىزىل دەرياسى بويىدا يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىدىن بىنا بولغان ئادەم كاللىسى مۇنارىسى (پىرامىدا) بارغانسېرى ئېگىزلەۋەرگەن. گۇناھكارلارنىڭ باشلىرىنى ئۆز قولى بىلەن چېپىش — ۋەلىخان تۆرە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل ئەرمەك ئىدى. ھالبۇكى، بۇنداق پۇرسەت ئۇنىڭغا ھەمىشە تەييار تۇراتتى. بۇ مۇستەبىتنىڭ ئالدىدا بىرەر ئورۇنسىز ھەرىكەت ياكى سۆز قىلىپ قويغان، ھەتتا ئەسنەپ قويغان بەختسىز ئادەم ئۆزىنى ئەمدى تۈگەشتىم دەپ ھېسابلىسا بولۇۋېرەتتى. گېرمانىيىلىك ئالىم ئادولفۇس شلاگىنتۋېيت (Adólfus Slagintvyt) دەل ئۇنىڭ قولىدا ئەنە شۇنداق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى...»①. بەدەخشان ۋە قوقانلاردىن ئېقىپ كەلگەن قوغلاندى خوجا - ئىشانلار پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى ئىككى چوڭ لاگېرغا بۆلۈپ، قانچىلىغان قىرغىنچىلىقلار ۋە بىھۇدە قان تۆكۈلۈشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مىللىتىمىزنى روھىي جەھەتتىن قاتتىق چۈشكۈنلىككە گىرىپتار قىلدى.
نۇرغۇن كىشىلەر رېئال تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي تەلەپ ۋە ياشاش ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىپ، تەركىدۇنياچىلىق، زاھىدلىق، مەنىۋى قاششاقلىق يولىغا كىرىپ كەتتى. ئاۋات بازار - رەستىلەر چۆلدەرەپ، كوچىلار سۈرۈنلىشىپ، خانىقا - گۆلەخلەر، قەبرىستان - مازارلار قوللىرىغا ساپايى ئېلىپ، ھۇم - ھۇم قىلىپ جەرە سېلىۋاتقان كىشىلەر بىلەن تولدى. ئىنسان قىممىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىمىز تارىختىكى ئەڭ پاسسىپ سەۋىيىگە چۈشۈپ قالدى. بۇ مەنزىرىلەردىن ئازابلانغان شاھ مەشرەپ:

① ئا. ن. كوروپاتكىن (روسىيە): «قەشقەرىيە»، 229 -، 230 - بەتلەر.

ھەقىقەت كوچاسىدا رەھنەمائى ئىنتىزارىڭمەن،
تەمامى ئەھلى غەپلەتلەرگە پەيغەمبەر بولاي دەيمەن!

دەپ نىدا قىلغان بولسا، ئابدۇللا خاراباتى رىياكار خوجا ـ ئىشانلارغا تىغ تەگكۈزۈپ:

مەقسەدى خەلق ئىچرە تاپماي ئىززەتنى،
شۇل زەمان بەرباد ئەتكەي مىللەتنى.

دەپ يازدى. زەلىلىمۇ پۈتكۈل تارىم ۋادىسىنى پىيادە كېزىپ چىقىپ، ھەسرەتلىك قەلىمىدىن مۇڭلار تۆكۈپ:

بۇ پىشە سەردىدە ھەر تەرەف يۈز شىرۇ ئەجدەرھا،
خالايىقنىڭ كۆزىدە پەردەئى غەفلەت، نۇر ئەيان بولماس.

دەپ يازدى. ئارىدىن بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تراگېدىك سەرگۈزەشتىلىرىگە شاھىد بولغان تارىخچى موللا مۇسا سايرامى غەزەپ بىلەن:

كېچىلەرى ئۇيۇماي «ھۇۋ ـ ھۇۋ» نى ئېيتىپ،
يەنە چىللە ئولتۇرۇپ تەسبىھ ئېيتىپ.
ئۆزىنى كۆرسىتىپ پىرى ھىدايەت،
ۋە لېكىن ئازغۇزۇپ يولدىن زەلالەت.
بۇ كۈندە نەفسىگە قۇل ھەممە ئىشان،
قەيەردە نەفسىنى ئۆلتۇرگەن ئىشان؟!

دەپ شىكايەت قىلدى ۋە ئاتالمىش خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، XIX ئەسىردە يىپەك يولى تامامەن خارابلاشقاندىن كېيىن، شەرقنىڭ چۈشكۈنلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئىچكى تەپرىقىچىلىققا تولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى تەنھا ئارالغا ئايلىنىپ قالغانىدى. گەرچە

«ئەقلىيلىكتىن خالىي قاباھەت ۋە ئاجىز سىياسىي كەيپىيات ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان خوجىلار دەۋرىدىكى قەشقەرىيە تاكى XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇ-رىلىرىغىچە ئىسلام دۇنياسى بىلەن ناھايىتى سۇس بىر خىل روھىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن»①بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئاجىز مەنى-ۋى ئالاقىلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ بارغانسېرى چۆلدەرەۋاتقان روھىي دۇنياسىغا مەلھەم بولالمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى كۈنسېرى شەلۋەرەپ كېتىۋاتقان ئاستا خاراكتېرلىك روھىي ئۆسمىنى داۋالىغۇدەك قۇربى قالمىغانىدى. كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان غەرب دۇنياسىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا، ئۇ جىددىي ئىسلا-ھاتقا موھتاج ئىدى، شۇڭلاشقا روھىي يېتىملىك، بېكىنمە پىسخىكا ۋە قارىغۇلارچە ئېتىقاد تارىم ئويمانلىقىنىڭ يېقىنقى زامان مەنىۋى تارتقۇلۇقى بولۇپ قالدى. شۇنداقلا مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئەڭ بەختسىز بىر سەھىپىنى ئاچتى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ئۇي-غۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازدى: «يېپەك يولىنىڭ تەدرىجىي خارابلىشىشىدا ۋە ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى بېكىنمە ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىدە شىنجاڭدىكى ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكلىرى كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى... بولۇپمۇ ھىدايىتۇللا ئافاق خوجا، بۇرھانىدىن خوجا، ۋەلىخان تۆرە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇنەۋ-ۋەر ئىلمىي تەپەككۇر نەتىجىلىرىنى تۇنجۇقتۇرۇش، سەئىدىيە ۋە ئەر-شى ھاكىمىيىتىنى غولىتىش، زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ ھامىيلىقىدا قايتا جۇلا قىلىشقا باشلىغان ئۇيغۇر تەپەككۇرىنىڭ ئىلغار يۆنىلىشلە-رىنى ئىشانچىلىق چۇقانلىرى ئىچىگە غەرق قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇشتا خەلقىمىز تارىخىدىكى لەنەتلىك سىمۋولغا ئايلاندى. ئۇلار ئىنسانپەر-ۋەر مەشرەپنى، زەلىلىنى تەركىيدۇنياچىلىق دەشتىگە تاشلىدى. لە-

---

① گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 190 -، 191 - بەتلەر.

رىك شائىر خوجا ياقۇپ ئەرشى ۋە فۇتۇھىنى جالالاتلىق قىلىچى ئاستىغا باستى. كۆپلىگەن ھالال ئەمگەكچىلەر كاللىسىدىن ئايرىلدى، باش سۆڭىكىدىن قەشقەر قىزىل دەريا بويىغا تۆت كاللا مۇنارى ياسىدى. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ۋە موللا مۇسا سايرامىنىڭ قەلىمىنى زار يىغلاشقا مەجبۇر قىلدى»①. بۇنداق چېكىدىن ئاشقان جاھالەت ۋە بەختسىزلىك مىللىتىمىزنىڭ كېسەلمەن روھىيىتىنى يۇدۇپ XX ئەسىر بوسۇغىسىغا ئېلىپ كىردى ۋە يېڭى بەختسىزلىكلەرگە زېمىن ھازىرلىدى.

**▲ مۇسۇلمانلار شەرقى جەنۇبىي كرىزىسقا دۇچ كەلدى، ئىسلاھات ئۇلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇپ قالدى. ئۈچ نەپەر سەيياھ تەڭرى تېغىدىن ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ چوڭقۇر ئازابىنى كۆردى. ئۆز كېلەچىكى ئۈستىدە ئۆزىدە قىلچە ئالدىن كۆرەرلىك ۋە ئېچكى ئېنېرگىيە ھازىرلىيالمىغان بۇ مىللەت خامۇشلۇق ئىچىدە يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالدى.**

ياۋروپا ئويغىنىشى گەرچە ئىلىم - پەن ۋە ئەقىل ئىنقىلابىنى ئۆزەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مارتېن ليۇتېر②نىڭ دىنىي ئىسلاھاتى خرىستىئان دۇنياسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدىن ئويغىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە زور جۇغراپىيىلىك بايقاشلاردىن ئىلھاملانغان ياۋروپا ناھايىتى تېزلا چېركاۋ پەلسەپىسىنىڭ سىرلىق سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى، 272 -، 273 - بەتلەر.
② مارتېن ليۇتېر (گېرمانىيە) (Martin Luther) — 1483 - يىلدىن 1546 - يىلغىچە ياشىغان گېرمانىيىلىك مەشھۇر دىنىي ئىسلاھاتچى، ئۇنىڭ دىنىي ئىسلاھاتى خرىستىئان ياۋروپاسىنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ليكىن، ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدىن قۇتۇلۇپ پەلسەپە ۋە تەبىئىي پەنلەردە پارتلاش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بىر پەيتتە، مۇسۇلمانلار شەرقىدە تامامەن باشقىچە بىر خىل ھالەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. بىر مەھەل كۈچىيىپ، پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا ھامىيلىق قىلغان ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى XVIII ئەسىردىن باشلاپ ئاستا - ئاستا زەئىپلىشىپ، بىر كېسەلمەن گەۋدىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىدە ئىستېلاھ قىلغان زېمىنلىرى بىر - بىرلەپ قولدىن كېتىشكە باشلىدى. 1798 - يىلى فرانسىيە ئارمىيىسى ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئۆتۈپ ئوسمان تۈركلىرى كونتروللۇقىدىكى مىسىرنى بېسىۋالدى. ئىككىنچى يىلى مىسىر ئەنگلىيىنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇندىن باشلاپ ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ئافرىقا ۋە ياۋروپا قىسمىدىكى زېمىنلىرى ئارقا - ئارقىدىن قولدىن كەتتى. ئاسىيادا ئىراننىڭ تەھدىتى كۈندىن كۈنگە كۈچەيدى. چارروسىيىنىڭ قارا دېڭىز، كافكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىشى ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىر دائىرىسى ۋە ھۆكۈمرانلىق چەمبىرىكىنى قەدەممۇ قەدەم تارايتىپ باردى. خۇددى مونتېسكيۇ ئېيتقاندەك، بۇ كېسەلمەن گەۋدە ئۆزىنى لايىقىدا تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، «كۈچى تۈگەپ كېتىۋاتقان دوردەك تېشى پال - پال ئىچى غال - غال بولۇپ قالغانىدى» . بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى نوپۇزى ۋە يېتەكچى ئورنى بارغانچە تۆۋەنلەپ، چاك - چېكىدىن پارچىلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياۋروپا كۈچلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇشلىرى داۋامىدا قەدەممۇ قەدەم شەرققە ئىچكىرىلەپ كىرىشى، خىرىستىئان مىسسىئونېرلىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا بولغان خىرىسى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا بۆھران پەيدا قىلدى. ھالسىراپ قالغان ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربنىڭ تەھدىتىنى توسۇيالىشى ۋە ئىسلام دۇنياسىغا قايتا ھامىيلىق

قىلالىشى مۇمكىن بولماي قالدى. پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسى جىددىي كرىزىسكە دۇچ كەلدى، ئىسلاھات ئۇلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇپ قالدى!

مانا مۇشۇنداق بىر جىددىي پەيتتە، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا «ۋاھابىيلار ھەرىكىتى» مەيدانغا كېلىپ، ئىسلام شەرقىدە دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ۋاھابىيلار ھەرىكىتى XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى ئىدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىسى مۇھەممەد ئابدۇل ۋاھاب (1703 — 1791) بولۇپ، كېيىنچە بۇ ھەرىكەت ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى. ۋاھابىيلارنىڭ ئاساسلىق تەشەببۇسلىرى ئۆز دەۋرىدە ئىسلام شەرقىدە ئەۋج ئالغان ئىسلامىيەتنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە يات بولغان غەيرىي ئادەت-يوسۇنلار ۋە تۈرلۈك ئىختىلاپلارنى بىكار قىلىپ، ئېتىقادنى پاكلاشتۇرۇش؛ پەيغەمبەر ۋە تۆت چاھاريا دەۋرىدىن كېيىن قوشۇلغان بارلىق غەيرىي قائىدە ـ قانۇنلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، «قۇرئان كەرىم» روھى ۋە ئەسلىدىكى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە قايتىش؛ ئاتالمىش «ئۇلۇغ» لارغا ۋە مازار ـ ماشايىقلارغا تاۋاپ قىلىشنى قاتتىق مەنئىي قىلىپ، «قۇرئان كەرىم» روھىدىن چەتلىگەن، ئاللا بىلەن ئۇنىڭ بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى مەۋجۇت دېگەن پەتىۋالارغا رەددىيە بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندى. ۋاھابىي ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى يەنە «ئەسلى ماھىيەتكە قايتىش» شەكلىدە ئىسلام قائىدىلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «بىر ئاللادىن باشقا ھېچكىم بەندىلەرنىڭ ھامىيسى ئەمەس، مۇھەممەد پەيغەمبەرگىمۇ ، ئاخىرقى سوراق كۈنى، دىن باشقا ئىمتىياز بېرىلگەن ئەمەس، مەككىنى تاۋاپ قىلىش مۇتلەق شەرت ئەمەس ئىدى»①.

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 362 ـ بەت.

ۋاھابىيلارنىڭ دىنىي ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى جەھەتتىكى قا-
راشلىرى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشكەنىدى: بىرىنچىدىن، ئۇلار
ئىسلام مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇش تەشەببۇسى-
نى قۇۋۋەتلەيتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پەيغەمبەر ۋە تۆت
خەلىپە دەۋرىدىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى مەزمۇنىغا نۇرغۇن-
لىغان غەيرىي ئېلېمېنتلار، ناتوغرا چۈشەندۇرۇشلەر قوشۇلغان بو-
لۇپ، ئەقىدە زور دەرىجىدە ئەسلى ماھىيەتتىن چەتنىگەنىدى. يېقىنقى
زامان ئىسلام دۇنياسىنىڭ زەئىپلىشىشى ئەمەلىيەتتە ئىسلام ئەقىدىلى-
رىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققانىدى، شۇڭا ئىسلام ئەقىدىلىرىنى
ساپلاشتۇرۇش، تازىلاش ۋە ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرۇش زۆرۈر ئىدى؛
ئىككىنچىدىن، ئۇلار «قۇرئان كەرىم» نى ئېتىقادنىڭ بىردىنبىر ئاسا-
سى قىلىشنى تەكىتلەيتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىلگىرىكى نۇرغۇن
ئۆلىمالارنىڭ «قۇرئان كەرىم» تەپسىرى ھەققىدىكى شەرھلىرى ھەر
خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى «قۇرئان كەرىم» نى چۈشىنىش-
تىكى بىردىنبىر تەپسىر بولالمايتتى. شۇڭا، مۇسۇلمانلار «قۇرئان
كەرىم» نىڭ ئەسلى مەنىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا، مۇستەقىل پىكىر
يۈرگۈزۈپ، ئەقلىي تەپەككۇر قىلىشى ۋە «قۇرئان كەرىم» روھىغا
قايتىشى كېرەك ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، ۋاھابىيلار ئەسلىدىكى ئەقىدى-
لىرىگە ئاساسەن نۆۋەتتىكى ئىسلام شەرىئەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىشنى
تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم» دىن چەتنىگەن بارلىق جەم-
ئىيەت تۈزۈلمىلىرىنى — كەسپىي ئەمەل - دەرىجىلەرنى، ئارتۇقچە
ئادەت - يوسۇنلارنى، قېتىپ قالغان دىنىي ئەھكاملارنى بىكار قى-
لىپ، ئىسلام دىنىنى ساپلاشتۇرۇشنى، ئىسلام قائىدىلىرىنى ئاددىي-
لاشتۇرۇشنى ۋە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەي-
تىشنى ئۈمىد قىلىشتى.

ۋاھابىيلار ھەرىكىتى يېقىنقى زامان ئىسلام تارىخىدا كۆلىمى
زور، تەسىرى چوڭقۇر بولغان بىر قېتىملىق دىنىي ئىسلاھات ھەرىكى-

تى ئىدى. گەرچە بۇ ھەرىكەت ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئاددىيلاشتۇرماقچى ۋە ئىسلاھ قىلماقچى بولغانلىقى تۈپەيلى قاتتىق چەكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن غازاتچىلار ھەرىكىتى، ھىندونېزىيىدە پارتلىغان بەدرى ھەرىكىتى، شىمالىي ئافرىقىدىكى سەينۇش ھەرىكىتى، سۇداندىكى مەھدى ھەرىكىتى، ئىراندىكى باب ھەرىكىتى، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى قوزغىغان پانئىسلامىزم ۋە قازان، قىرىم، ئوتتۇرا ئاسىيالاردا مەيدانغا كەلگەن جەدىتىزم ئېقىملىرىغا مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

« XIX ئەسىرگە كەلگەندە ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى ‹ئەسلىگە قايتىش› شەكلىدە ئەمەس، يەنە ‹ئىسلامنى دەۋرلەشتۈرۈش› شەكلىدە مەيدانغا چىقتى»①. جامالىددىن ئافغانىي (1839 — 1897)، سەئىدئەھمەدخان (1817 — 1898) مۇھەممەد ئابدۇ (1849 — 1905) قاتارلىق ئۈچ شەخس XIX ئەسىردە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلام ئىسلاھاتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ئىدى.

جامالىددىن ئافغانىي ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدىكى خامادان شەھىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپ ئىسلام تەلىماتلىرى ۋە «قۇرئان كەرىم»نى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزدىگەن، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە دەۋرگە ماسلاشتۇرۇش كېرەك، دېگەن قاراشقا كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھاجىرلىق ھاياتى داۋامىدا ھىندىستان، ئافغانىستان، مىسىر، ئىستانبۇل، رۇسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە دەۋرنىڭ كەينىدە قېلىۋاتقانلىقىنى، غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاجاۋۇزى كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي كرىزىسنى چوڭقۇر

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 362 - بەت.

ھېس قىلغان، ئۇ ھەتتا ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلھەمىد II (1876 — 1909 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) گە مەكتۇپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرى ۋە سىياسىي غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ مەكتۇپى سۇلتانىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، مىسىر ئارقىلىق ياۋروپاغا چىقىپ، لوندون، پارىژلاردا گېزىت چىقارغان ۋە ئۆز تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلغان. 1893 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىد II نىڭ تەكلىپى بىلەن ئىستانبۇلغا كەلگەن، بىراق نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى پاجىئەلىك ھالدا ئاخىرلاشتۇرغان.

جامالىددىن ئافغانىي بىر كەسكىن دىنىي ئىسلاھاتچىلا ئەمەس، بەلكى يەنە يېتىلگەن پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلاھات غايىلىرىگە مۇئەييەن سىياسىي مەۋقە ياندىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قاراشلىرى XIX ئەسىر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ئەڭ ئىلغار پىكىر ئىنقىلابىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭا غەرب ئالىملىرى ئۇنى «شەرقنىڭ ليۇتېرى» دەپ ئاتىدى①. ئافغانىينىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئەقلىي پرىنسىپلارنى ئۆزىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغانىدى. ئۇ، بىر مىللەتنىڭ پەلسەپىسى بولماي تۇرۇپ، ئېرىشكەن ۋە ئۆگەنگەن بىلىملىرى بىر ئەسىرگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئەكسىچە پەلسەپىۋى روھقا باي، ئەمما كونكرېت ئىلىم ـ پەن نەتىجىلىرى كەمچىل مىللەت ھامان ئۆزىدىكى پەلسەپىۋى روھنىڭ ئىلھامى بىلەن ئىلىم ـ پەندە يېڭىدىن يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ، ئىسلام دىنى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە قوبۇل قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋاپىق نۇقتىنى تەكىتلىدى، يەنى بىرىنچىدىن، مۇسۇلمانلاردىكى پەلسەپە نامراتلىقى، ئىلىم ـ پەن روھىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە

① ۋۇ يۈنگۈي: «يېقىنقى زامان ئىسلام ھەرىكىتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى، 77 ـ بەت.

سىرتقى يېڭى مەدەنىيەتلەرنى چەتكە قېقىش خاھىشىنى ئۆزگەرتىش
كېرەك، چۈنكى دىنىي ئېتىقادنىڭ ماھىيىتى ھەقىقەتنى تونۇش ۋە
ئىزدەشتە، بۇ نۇقتىدا ئىسلام دىنى پەلسەپە ۋە ئىلىم - پەن روھى
بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەلسەپە ۋە ئىلىم -
پەننىڭ دۆلەت، مىللەت چېگرىسى يوق، شۇڭا مۇسۇلمانلار دىن بىلەن
پەننى تەڭ ئۆگىنىشى كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇ،
سەئىد ئەھمەدخان ۋەكىللىكىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەپدارلىرى-
نىڭ ناتۇرالىزم ۋە قارىغۇلارچە غەربكە چوقۇنۇش خاھىشىنى تەنقىد
قىلدى. ئۇ، مۇسۇلمانلار زامانىۋىلىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىسلام
ئېتىقادىدا تەۋرەنمەسلىكتە ئىپادىلىنىشى كېرەك، بىر مىللەت مۇس-
تەھكەم ئېتىقادقا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن مۇكەممەل ئىلمىي سۈپەت-
كە، گۈزەل ئەخلاقىي ساپاغا ۋە مىللىي تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ،
دەپ قارىدى. جامالىددىن ئافغانىي 1870 - يىلى ئىستانبۇلدا سۆزلە-
گەن بىر قېتىملىق مەشھۇر نۇتقىدا مۇنداق دېدى: «بىر مىللەتكە
نىسبەتەن پەلسەپە دىنىي ئېتىقادقا ئوخشاشلا مۇھىمدۇر. پەيلاسوپلار
بىلەن دىن پەيغەمبەرلىرى ئوخشاش بۇرچنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.
ئۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى، پەيغەمبەرلەر ئىلھام ۋە ۋەھيى ئارقى-
لىق ھەقىقەتكە ئېرىشىدۇ، پەيلاسوپلار بولسا، تەپەككۇر ئارقىلىق
ھەقىقەتنى تاپىدۇ؛ پەيغەمبەرلەر خاتالىقلاردىن مۇستەسنا بولىدۇ،
پەيلاسوپلار تونۇش جەھەتتە خاتالىشىپ قېلىشتىن ساقلىنالمايدۇ؛
پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرى دەۋر چەكلىمىلىكىگە ئۇچرايدۇ، پەيلا-
سوپلارنىڭ تەلىماتلىرى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ...»[①] ئۇ
يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «ھەر بىر دەۋرنىڭ
بىردىن پەيغەمبەرگە موھتاج بولۇشى ناتايىن. چۈنكى ئىسلام ۋە ئۇنىڭ
قانۇنى ھەر قانداق دەۋردە ئۆز مۆمىنلىرىنى تەربىيىلىيەلەيدۇ. لې-

① ۋۇ يۈنگۈي: «يېقىنقى زامان ئىسلام ھەرىكىتى»، 79 - بەت.

كىن، ھەر بىر دەۋر ئۆزى ئۈچۈن بىر تۈركۈم پەيلاسوپلارغا موھتاج! پەيلاسوپلار ۋە دەۋر ئىدىئولوگىيىسىنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان مۇتەپەككۇرلارسىز ئىنسانىيەتنىڭ گۈللىنىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ...»①.

جامالىددىن ئافغانىي يەنە ئۆز تەشەببۇسلىرىدا، مۇسۇلمانلار نۆۋەتتە ئىسلاھاتقا موھتاج، دىنىي ئىسلاھات ھەرگىزمۇ مىللىي تەرەققىياتنى چەتكە قاقمايدۇ. «بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام دىنىنى بىر كېمىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ كېمىنىڭ كاپىتانى، بارلىق مۇسۇلمانلار بولسا بۇ مۇقەددەس كېمىدىكى يولۇچىلاردۇر. ناھايىتى ئەپسۇس، بۇ مۇقەددەس كېمە دېڭىزدا تۇيۇقسىز بوران ـ چاپقۇنغا ئۇچراپ قالدى ۋە چۆكۈشكە باشلىدى. شۇڭا، ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش مەجبۇرىيىتى بار»② دەپ قارىدى. ئۇنىڭ دىنىي ئىسلاھات ئىدىيىسى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدا ئىپادىلەندى:

بىرىنچى، دۇنيادىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە ئېرىشىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مىللىي ئازادلىقىدا ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمانلار مىللىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى، مىللەتنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ئۆزگە بولغان ئىشەنچ ۋە مىللىي ئىپتىخارىنى ئاشۇرۇشى زۆرۈر، دەپ قارىدى.

ئىككىنچى، دىنىي ئىسلاھاتنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش لازىم، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، غەرب دۇنياسى مارتىن ليۇتېرنىڭ ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ھەقىقىي مەنىدىكى مەدەنىيەت گۈللىنىشىگە ئېرىشتى، ئىسلام دىنىمۇ مۇشۇ يولنى تاللىشى زۆرۈر، لېكىن ئىسلاھات ئىسلام پرىنسىپى ۋە «قۇرئان كەرىم» روھىنى ئاساس قىلىشى كېرەك، بولمىسا يۈزلىنىشتىن ئېزىپ قالى-

---

① ② ۋۇ يۈنگۈي: «يېقىنقى زامان ئىسلام ھەرىكىتى»، 80 ـ، 83 ـ بەتلەر.

دۇ، دەپ قارىدى.

ئۈچىنچى، پەلسەپىۋى تەپەككۇر بىلەن ئىلىم - پەن روھىنى دىنىي ئىسلاھاتنىڭ ئىككى چوڭ تۈۋرۈكى قىلىش كېرەك. تارىختىن بۇيان ئىسلام ئۆلىمالىرى «قۇرئان كەرىم» نى ئۆز دەۋرىدىكى شارائىتقا يارىشا ئىزاھلىغان. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ شەرھى - ئىزاھلىرى ئاللانىڭ كىتابىدىكى بىلىمگە نىسبەتەن «دېڭىزدىكى بىر تامچە سۇ»، خالاس. شۇڭا، مۇسۇلمانلار ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى. ئافغانىي يەنە «ئاللا ئىككى كىتاب ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ بىرى ‹قۇرئان كەرىم›؛ يەنە بىرى، تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت. بىر مۇئەللىپ يازغان بۇ ئىككى كىتاب بىر - بىرىگە زىت ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەتنى ھۆرمەت قىلىش، ئۇنى ئۆگىنىش لازىم»① دەپ ھېسابلىدى.

تۆتىنچى، ئافغانىي ئىتتىپاقلىشىشنى تەكىتلەپ، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇردى. ئۇ، دىنىي مەزھەپچىلىك ۋە ئىتتىپاقسىزلىق مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ زەئىپلىشىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى، مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ غەربنىڭ تەھدىتىگە ئورتاق قارشى تۇرۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە سۈننىي ۋە شىئە مەزھەپلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە ئۆزئارا تىركىشىشىنى تارىختىكى ئاز سانلىق ھۆكۈمرانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئەمەلىيەتتە، مۆمىن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا قىلچىمۇ پايدا - زىيان توقۇنۇشى مەۋجۇت ئەمەس، دەپ قارىدى.

بەشىنچى، ئۇ ئەنئەنىۋى شەكىل بىلەن زامانىۋى مەزمۇننى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى، شۇنداقلا ئىسلاھاتنى دىنىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى قايتىدىن ئىزاھلاش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىشنى، «قۇرئان كەرىم» نى يېڭىۋاشتىن چۈشىنىشنى ۋە ئۇنى ھازىرقى زامان

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 363 - بەت.

ئىلىم- پېنى، ئەقلىي تەپەككۇرى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، سىيا-
سىي تۈزۈلمىسىگە ماسلاشتۇرۇشنى چاقىرىق قىلدى.

جامالىددىن ئافغانىي ئىستانبۇل، قاھىرە قاتارلىق شەھەرلەردە
ھەدەپ ئۆزىنىڭ ئىسلاھات غايىلىرىنى تەشۋىق قىلىۋاتقان پەيتتە،
شىمالىي ھىندىستاندا سەئىد ئەھمەدخان ۋەكىللىكىدىكى ئىسلامنى
زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەپدارلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئىسلاھات ئىدى-
يىلىرىنى كەڭ قانات يايدۇردى.

سەئىد ئەھمەدخاننىڭ دىنىي ئىسلاھات ئىدىيىسى ئىككى مۇھىم
تەرەپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭ بىرى، ھىندىستاننىڭ يې-
قىنقى زامان ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرى ۋەلىئۇللا شاھ-
نىڭ ئىلغار دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسى؛ يەنە بىرى، غەربنىڭ
ئىلىم- پەن ۋە مەدەنىيەت تەسىرى ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئەھمەد-
خاننىڭ دىنىي ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا مەركەز-
لەشتى: بىرىنچى، ئۇ ئىلمىي مۇلاھىزە، ئەقلىي تەپەككۇر ۋە ناتۇرا-
لىزم نۇقتىئىنەزەرلىرى ئارقىلىق ئىسلام تەلىماتلىرىنى شەرھلەشنى
تەشەببۇس قىلدى؛ ئىككىنچى، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى تارىخىي تەرەق-
قىيات نۇقتىئىنەزىرى بويىچە چۈشەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى؛ ئۈچىن-
چى، ئىسلام قانۇنلىرىنى زامانىۋىلىك نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئىزاھ-
لاشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ دىنىي ئىسلاھات ئىدىيىسى ھىندىس-
تان مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەنىۋى ئويغىنىشىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

مۇھەممەد ئابدۇ مىسىردا تۇغۇلغان بولۇپ، جامالىددىن ئافغانىي-
نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنى ئۇستازىم دەپ ئېتىراپ قىلغانىدى.
ئۇنىڭ دىنىي ئىسلاھات ئىدىيىسىگە مىسىرنىڭ ئازادلىقىدىن ئىبارەت
مىللىي ھېسسىياتىمۇ سىڭگەنىدى. مۇھەممەد ئابدۇنىڭ كۆپلىگەن
قاراشلىرى جامالىددىن ئافغانىي بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولسىمۇ،
لېكىن قىسمەن قاراشلىرى ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى. ئۇ، تارىختىن
بىرى يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئاللانىڭ ئىرادىسى ئەقلىيلىك-

تىن ئۇستۇن تۇرىدۇ، ئىنسان ئەقلى پەقەت ئاللانىڭ ئىرادىسى يول
قويغان دائىرە ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىككىلەمچى رولىنى جارى قىلدۇرىـ
دۇ، دېگەن قاراشقا باشقىچە پىكىردە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئاللانىڭ
بىرلىكى توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: « ‹قۇرئان
كەرىم› ئەقىلگە ھۆرمەت قىلىدۇ، ئەقىلنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ،
ياخشىلىق ۋە يامانلىق، چىنلىق ۋە ساختىلىق، شۇنىڭدەك راست ۋە
يالغانغا ھۆكۈم قىلىشتا ئەقىل ئەڭ ئاخىرقى سوتچىدۇر. . . ئادەم
ئۆزىنىڭ ئەقلىي كۈچىگە تايىنىپ ئاللانى تونۇيالايدۇ. ئەقىلنىڭ ئىلـ
ھامى ۋە لوگىكىلىق خۇلاسە ئۇسۇلى ئارقىلىق شەيئىلەر تەرەققىياتىـ
نىڭ سەۋەب ـ نەتىجىسىنى، كائىناتنىڭ ھەممىگە قادىر ئاللا تەرىپىـ
دىن يارىتىلغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. شۇڭا، ئەقىل بىلەن ئاللانىڭ
ۋەھيىسى بىردەكلىككە ئىگە. لېكىن ئاللانىڭ ۋەھيىسى مۇتلەق ھەقىـ
قەت، ئىنساننىڭ ئەقلىي پائالىيىتى بولسا، بەزىبىر خاتالىقلاردىن
ساقلىنالمايدۇ. ‹قۇرئان كەرىم› دە ئەقىلگە سىغمايدىغان مەزمۇن
يوق، بەزى سۈرە ـ ئايەتلەرنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى چەكسىز بولۇپ،
ئۇنى ئەمەلىي كونتېكست ۋە ئەقلىي خۇلاسە ئۇسۇلى ئارقىلىق چۈشەنـ
گىلى بولىدۇ. . . »①

جامالىددىن ئافغانىي، سەئىد ئەھمەدخان، مۇھەممەد ئابدۇ قاتارـ
لىق ئۈچ مەشھۇر شەخسنىڭ دىنىي ئىسلاھات غايىلىرى XIX ئەسىر
مۇسۇلمان شەرقىنىڭ روھىي ئاسارەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى قايتا
بايقىشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىـ
رىدىن باشلاپ كۈنسېرى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان ئوسمان تۈرك
ئىمپېرىيىسى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزـ
ماقچى بولدى. 1839 ـ يىلى مۇستاپا رەشىد پاشا ئىنسان ھوقۇقى
(كىشىلىك ھوقۇق) نى كاپالەتلەندۈرىدىغان خىتابنامىنى ئېلان قىلدى

① ۋۇ يۈنگۈي: «يېقىنقى زامان ئىسلام ھەرىكىتى»، 88 ـ، 89 ـ بەتلەر.

ۋە ئاۋام پۇقرا قانۇن ئالدىدا باراۋەر، ئۇلارنىڭ ئىززەت - ئابرۇيى ۋە مال - مۈلكى دەخلى - تەرۇزسىزدۇر، دەپ جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن، تاكى 1876 - يىلغىچە داۋاملاشقان «تانزىمات» (ئىسلاھات) دەۋرى باشلاندى. «تانزىماتچىلار» ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى، ئارمىيە-نى، مالىيە تۈزۈلمىسىنى ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە دۆلەتنى دىنىي شەرىئەت ۋە ھاكىممۇت-لەقلىقتىن قانۇن - تۈزۈم يولىغا ماڭغۇزۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 1850 - يىلىدىن باشلاپ ياۋروپا قانۇنلىرىدىن ئۆرنەك ئالغان «سودا قانۇنى» ، «جازا قانۇنى» ۋە «خەلق ئىشلىرى قانۇنى» ئېلان قىلىن-دى. گەرچە «تانزىمات ھەرىكىتى» 1877 - يىلى تەختكە چىققان سۇلتان ئابدۇلھەمىد II تەرىپىدىن بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولدى.

ئىسلام شەرقىدە جىددىي ئۆزگىرىش ۋە ئىسلاھات قانات يېيىۋات-قان بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، جۈملىدىن تارىم ۋادىسى ئاجا-يىپ ئېغىر تۇرغۇنلۇق ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. قېتىپ قالغان دىنىي ئەھكاملار، ئىسـلام ماھىيىتىـدىن چەتنىگـەن غەيرىـي ئەقىدىلەر، سوپى - ئىشانچىلىق، ئىنسان تەبىئىتىگە زىت تەركىيدۇنياچىلىق، مازار - خانىقالارنى ۋەتەن تۇتۇش، روھىي مەھكۇملۇق پۈتكۈل تارىم ۋادىسىنى قاپلىغانىدى، دىنىي ئىسلاھات غايىلىرى ۋە ئىلغار دېموكرا-تىك پىكىرلەر بۇ يەر ئۈچۈن تېخى كۆپ بالدۇر ئىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۈركىي خەلقلەردىن چىققان ئۈچ نەپەر سەيياھنىڭ دىيارىمىز ھەققىدە قالدۇر-غان يازما خاتىرىلىرى بىزنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ بەختسىز دەۋرلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

دەرۋەقە، مۇشۇ دەۋردە ئۈچ نەپەر سەيياھ تەڭرى تېغىدىن ئۆ-تۈپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ چوڭقۇر ئازابىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ قەشقەرىيىگە كەلگىنى قازاق مىللىتىدىن بولغان چوقان

چىنگىز ئوغلى ۋەلىخانوف (1835 — 1865) دۆر. چوقان ۋەلىخانوف رۇس ھەربىي مەكتىپىدە تەربىيىلەنگەن ئوفىتسېر بولۇپ، چاررۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىشى ۋە قازاق چوڭ يۈزىنى قوشۇۋېلىشىدا زور كۈچ چىقارغانىدى[1]. ئۇ، 1856 - يىلى چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن جۇڭگو بىلەن بولغان سودىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن غۇلجىغا ۋەكىل سۈپىتىدە ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ، غۇلجا سەپىرىدىن كېيىن، تەڭرىتاغ قىرغىزلىرىنى تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇنىڭ «ئىسسىق كۆلگە سەپەر خاتىرىسى»، «چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي ئۆلكىسى ۋە غۇلجا شەھىرى»، «قىرغىزلار توغرۇلۇق مەلۇماتلار» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەيدانغا كېلىدۇ ۋە رۇس ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. 1857 - يىلى ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن چوقان رۇسىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

1858 - يىلى 28 - ئىيۇندا چوقان ۋەلىخانوف چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قەشقەرىيىگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ، قەشقەردە 1858 - يىلى 1 - ئۆكتەبىردىن تارتىپ 1859 - يىلى مارت ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە جەمئىي بەش ئايدەك تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا قەشقەر ۋە ئالتە شەھەرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر كۆزىتىدۇ. تەرەپ - تەرەپتىن ئەھۋال ئىگىلەيدۇ ۋە نۇرغۇن تارىخىي قولىيازمىلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇ، رۇسىيىگە قايتقاندىن كېيىن، 1859 - يىلى كۈزدە تەكشۈرۈش دوكلاتىنى چار پادىشاھقا يوللايدۇ. مۇشۇ دوكلات ئاساسىدا ئۇنىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىي ئۆلكىسىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرى مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنىپ كەينىدىنلا گېرمانىيىدە نېمىسچە تەرجىمىسى، 1856 - يىلى لوندوندا ئىنگلىزچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنىدۇ.

---

[1] «قازاق سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى»، II توم، ئالمائاتا، قازاقچە نەشرى.

بۇنىڭ بىلەن ياۋروپالىقلار ئۇزاقتىن بۇيان سىرلىق ماكان سۈپىتىدە قاراپ كەلگەن تارىم ۋادىسى تۇنجى قېتىم يېقىنقى زامان غەرب ئىلىم دۇنياسىغا بىر قەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىدۇ. رۇس ئالىملىرى ۋە سىياسەتچىلىرى بۇ ئەسەرنى شەرقنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدىكى ياۋروپا ئىلمىنى تولۇقلىغان ھەقىقىي جۇغراپىيىلىك يېڭىلىق دەپ باھا بېرىدۇ. كوروپاتكىنمۇ «قەشقەرىيە» ناملىق ئەسىرىدە: «قەشقەرىيە — ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغاندا، كەم ئۇچرايدىغان، ئەمما كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان بىر يەر. كىمكى بۇ يەرنى مەلۇم دەرىجىدە پۇختا تونۇشنى خالايدىكەن، ئۇ پىرژىۋالىسكىينىڭ ‹غۇلجىدىن تەڭرىتېغى ئارقىلىق لوپنورغا بېرىش›، دېگەن ئەسىرى بىلەن ۋەلىخانوفنىڭ ‹ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى›، ياكى ‹چىنى تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەر›، دېگەن ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ»① دەپ تەكىتلەيدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، چوقان ۋەلىخانوفنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا كېلىشى ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي قىزىقىشى ۋە نوقۇل ئىلمىي تەكشۈرۈشى ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قەشقەرگە قىلغان سەپىرىنىڭ پەردە ئارقىسىغا چاررۇسىيىنىڭ سىياسىي مەنپەئەتى ۋە ئاخبارات ئىگىلەش مۇددىئاسى يوشۇرۇنغانىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ قەشقەرنى تەكشۈرۈش دوكلاتى ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگە XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىكى تارىم ۋادىسىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ئۈستىدە كۆپلىگەن ئۇچۇرلارنى تەقدىم ئەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي قىسىملىرى رۇس ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىندى. ئەمما جەمئىيىتىمىز ئەزاسى پ. سېمېنوف تيانشانىسكىي

① ئا. ن. كوروپاتكىن (روسىيە) : «قەشقەرىيە»، 11 ـ، 12 ـ بەتلەر.

يەكەن، يېڭىسارغا قارايدىغان جايلارنىڭ بىرى بولغان نارىن دەرياسىـ
نىڭ يۇقىرى ئېقىمىغىچە بارالىدى. مەن بولسام تەڭرى تېغىنى ئىكـ
كى يەردىن كېسىپ ئۆتۈپ قەشقەر، يېڭىسار ئەتراپلىرىغىچە ھەتتا
بۇ شەھەرلەر بىلەن يەكەن ئارىلىقىدىكى قۇملۇقلارغىچە كېزىپ چىقـ
تىم. ئەمما قوقان خانىنى تەختتىن چۈشۈرۈش بىلەن ئاياغلاشقان
سىياسىي ۋەقەلەر قەشقەرىيىگىمۇ خاتىرجەمسىزلىك ئېلىپ كەلگەنـ
لىكتىن، پۈتۈن جۇڭگو تۈركىستانىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئاھالىسى ئەڭ
كۆپ شەھەر يەكەننى كۆرەلمەي قالدىم»①. چوقان ئۆز خاتىرىسىدە
قەشقەرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىي
توختىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ «كىچىك بۇخارا» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان
قەدىمىي شەھەر ئىكەنلىكىنى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلـ
غانلىقىنى، كىشىلىرىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىغا ئامراقلىقىنى تىلغا ئالـ
دۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان قورقۇنچـ
لۇق مەنزىرىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى، يەنە ئادەم كاللىسىدىن ياسالغان
مۇنارلار، شەھەر ئىچىدە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېگىز خادىلارـ
نىڭ ئۇچلىرىغا سانجىپ قويۇلغان ئادەم باشلىرى، خوجىلار بىلەن
خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى قىرغىنچىلىق ئۇرۇشلىرى ۋە چىڭ سۇلالىـ
سىغا قارشى قوزغىلاڭلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرىنى كۆرگەنلىـ
كىنى يازىدۇ.② بولۇپمۇ ئۇنى قاتتىق ئېچىندۇرغىنى ئوتتۇرا ئاسىيا
ۋە تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەرنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە قاغجىراپ كېتىۋاتـ
قان روھىي دۇنياسى، نادانلىقى ۋە قالاق ھالىتى ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە
قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانلىرى ھازىر
بۇرۇنقى ئەجدادلىرىدەك شېئىر، قوشاق، غەزەللەرنى يازمايدۇ.
ئاسترونومىيە جەدۋەللىرىنى تۈزمەيدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا

---

① ② «چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ماقالە ۋە تاللانما خەتلىرى»، ئالمائاتا 1956 ـ يىل
قازاقچە نەشرى، 104 ـ، 107 ـ، 108 ـ بەتلەر.

ھەر كۈنلۈكى دەبدەبىلىك ھالدا مەسچىتلەرگە كىرىشىدۇ. باشلىرىنى تىقىشىپ موللىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشىدۇ. ئۆيلىرىگە قايتقاندىن كېيىن، مەيدانغا چىقىپ ئۇسۇشۇشكە كۆندۈرۈلگەن ئىككى قوچقارنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈشىدۇ. ئىككى قوچقارنى باشلىرى يېرىلمىغىچە ئاجراتمايدۇ، ئىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن كۆزلىرىنى قىزارتىشىپ، ھەر قايسىسى ئۆز قوچقارلىرىنىڭ دۈمبىسىگە 40 چىۋىق، بېقىنىغا 40 چىۋىق ئۇرۇشىدۇ...» دەپ يازىدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، خوجىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن بۇياندىكى ئۇزاق يىللاردا، سىياسىي مۇقىمسىزلىق، ئىچكى نىزا - زىددىيەتلەر ۋە ئىسلام ماھىيىتىگە يات بولغان دىنىي ئاسارەتلەر مىللىتىمىزنىڭ پىسخىك جۇغلانمىسىغا پاسسىپ ئامىللارنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغاندى. ئۇلار پۈتكۈل دۇنيا جىددىي ئۆزگىرىشكە، تەرەققىياتقا ۋە ئىسلاھاتقا يۈزلىنىۋاتقان بىر دەۋردە گويا دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان قازاننىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك جاھاندىن خالىي، بېكىك مۇھىتتا كۈنلىرىنى ئۆتكۈزدى. ئۇلار ئىنسان قىممىتى ۋە ياشاش ھوقۇقى ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىشمىدى، بەلكى تەركىدۇنياچىلىق يولىغا كىرىپ خانىقا - مازارلاردا «ھۇم - ھۇم» قىلىپ جەرە سېلىشنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆردى؛ ئۇلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىۋاتقان «قۇرئان كەرىم» ئۈستىدە ئەقلىي تەپەككۇر قىلمىدى، بەلكى ئوتقۇيرۇق «پىر - ئەۋلىيا» لارنىڭ بىمەنە پەتىۋالىرىغا دۈم چۈشۈپ، ئۆزئارا قىرغىن قىلىشتى؛ ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى، مىللىتىنىڭ كېلەچىكى ئۈستىدە زەررىچە باش قاتۇرمىدى، بەلكى ئارقا ھويلىدىكى خوتۇنلىرىنى قانداق باشقۇرۇش، خورازلىرىنى قانداق سوقۇشتۇرۇش، قوچقارلىرىنى قانداق ئۇسۇشتۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە كۈن ئۆتكۈزدى... بۇنداق چېكىدىن ئاشقان روھىي بېكىنمىچىلىك ۋە تار جاھاندارچىلىق تارىم ئويمانلىقىدا ماڭقۇرتلۇق كومېدىيىسىنىڭ بىر قانچە ئەسىر داۋاملىشىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇلار ئۇچۇن قانۇن

ئېكى ۋە ياشاش ھوقۇقى تۇرمۇش كۈن تەرتىپىدىن چىقىرىپ تاشلانغان
نەرسىلەر ئىدى، كىشىلىك ھوقۇق ئۇقۇمى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.
قانچىلىغان بىگۇناھ پۇقرالار ۋەلىخان تۆرىنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىغا
بويىنىنى تۇتۇپ بەرگەن ئاشۇ ۋەھشىيلىك دەقىقىلەردىمۇ «بۇ نېمە
ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالنى سوراپ قويۇشمىغانىدى. مونتېسكيۇ ئۆز
دەۋرىدە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالىسىراپ كېتىۋاتقان گەۋدىسىنى
يۆلەپ تۇرغۇچى پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېكى توغرۇلۇق مۇنداق يازغانىـ
ـدى: «كىشىنىڭ كەيپىياتى تەبىئىي يوسۇندا ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتـ
ـنىڭ ئادىتىگە ماس كېلىپ قالىدۇ. سەككىز كۈن قاماش ياكى ئازراق
جەرىمانە قويۇش مۆتىدىل ھۆكۈمەتنىڭ قول ئاستىدا ياشاۋاتقان ياۋروـ
پالىقلا نىسبەتەن خۇددى بىر قولى كېسىپ تاشلانغان ئاسىيالىقنى
قورقۇتقاندەك تەسىر كۆرسىتىدۇ. . . بىر فرانسۇز مەلۇم بىر جازاغا
ئۇچرىسا ياكى نامى بۇلغىنىپ رەسۋاسى چىقىپ كەتسە، شۇ خىلدىكى
جازا بىلەن تۈركلەرنى جازالىغاندا، ئۇلارنىڭ چارەك سائەت ئۇيقۇسىـ
ـغىمۇ تەسىر يەتكۈزمەسلىكى مۇمكىن»①.
چوقان ۋەلىخانوفنىڭ تارىم ۋادىسىغا قىلغان سەپىرىدىن كېيىن،
بىر مۇنچىلىغان رۇس ۋە ياۋروپا «سەييياھ»لىرى تارىم ۋادىسىغا
كەلدى. ئۇلار ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىدىن ئازـ
تولا خاتىرە قالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي مەقسىتى تارىم
ۋادىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك سىرىنى ئېچىش، ئارخېئولوگىيىلىك قېـ
ـدىرىش ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئىدى. ئاۋـ
رېل ستەيىن ۋە موللا مۇسا سايرامىلارنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا،
XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى تارىم ئويمانلىقى يەنىلا ئۆز
تارىخىدىكى ئەڭ بەختسىز دەۋرلىرىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە ئىدى.
دەرۋەقە، ئۆز كېلەچىكى ئۈستىدە قىلچىمۇ ئالدىن كۆرەرلىك ۋە

① مونتېسكيۇ (فرانسىيە): «پارس مەكتۇپلىرى»، 246 ـ، 247 ـ بەتلەر.

ئىچكى ئېنبرگىيە هازىرلىيالمىغان بۇ مىللەت خامۇشلۇق ئىچىدە يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالدى. XX ئەسىرنىڭ بېشىدا رۇسىيە تېررىتو- رىيىسىدىن تارىم ئويمانلىقىغا كەلگەن ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇر ئازابىنى كۆرگەن تاتار ئالىمى نوشىرۋان يائۇشوف بىلەن ئۇيغۇر ئالىمى نەزەر- خوجا ئابۇسەمەتوفلارنىڭ خاتىرىلىرى ئالاهىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.

نوشىرۋان يائۇشوف ئۆز دەۋرىدە پۈتكۈل تاتارىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان يازغۇچى ۋە ئالىم ئىدى. ئۇ 1914 ـ يىلى ساياهەت ئۈچۈن تەڭرى تېغىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كېلىدۇ ۋە بۇ يەردىن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەهەرگە قىلغان ساياهەت ۋە تەكشۈرۈشى- نى رەسمىي باشلايدۇ. ئۇ «ئەينى ۋاقىتتا شۆھرىتى ھەر تەرەپكە تارقالغان، قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلار ياشاۋاتقان ماكان توغرىسىدا پەقەت ئوتتۇرا ئەسىر ساياھەتچىلىرىنىڭ يازغانلىقى- نىلا بىلەتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بۇ ئەلگە كەلگەندىن كېيىن، ئاجايىپ كاتتا يېزا ـ قىشلاق، شەھەرلەرنى ۋە ئادالەت، پاراۋانلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان خەلقنى كۆرىمەن دەپ خىيال قىلغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ يەردە كۆرگىنى كونىراپ كاردىن چىققان، خۇددى خارابىلىققا ئوخشاش ئەسكى تام ـ ئىمارەتلەر ۋە كونا ئۇسۇلدا دېھقانچىلىق قىلى- دىغان ياۋاش، ساۋاتسىز خەلق بولدى. بۇ نادان خەلق بالايىئاپەت، ئازاب- ئوقۇبەت، ئاغرىق ـ سىلاقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مازارغا تۈپلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئەۋلىيالاردىن تىلەيت- تى. نوشىرۋان يائۇشوف خەلقنىڭ بۇ ھالىغا قاتتىق ئېچىنىپ، تاتا- رىستانغا ئەۋەتكەن دەسلەپكى ماقالىلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى يازدى ۋە بۇنىڭ سەۋەبلىرى خۇراپاتلىق ۋە ساۋاتسىزلىق- تىن بولغان دەپ چۈشەندى»①. نوشىرۋان ئەپەندىم تارىم ۋادىسىدىكى ئالتە شەھەردە بولغان ئۈچ يىل جەريانىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جەمئى-

---

① ھۇسەيىن ئەبەيدۇللا: «نوشىرۋان يائۇشوف ئۇيغۇرلار ھەققىدە» — «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىل، 4 ـ سان.

يەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر كۆزىتىدۇ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ ۋە يېڭى ئەسىرگە پەقەت ئىسسىق جېنى بىلەنلا كىرگەن بۇ مىللەتنىڭ تارىخىي بەختسىزلىكىنىڭ يىلتىزىنى تېپىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ، «شۇرا» ژۇرنىلىغا سۇنغان بىر پارچە ماقالىسىدە «جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭغا ھېچقانداق ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلمىدى. ھاكىمىيەت تۈزۈلمىلىرى بۇرۇن قانداق بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇپ كەلدى. ئەزگۈچىلەر بۇرۇن قانداق بولسا ھازىرمۇ خەلقنى شۇنداق ئېزىپ، ئۇلارنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ، تىلى، ئۆرپ - ئادىتى، ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ئاياغ - ئاستى قىلىپ، خەلقنى بۇلىماقتا»① دەپ يازىدۇ. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىكى چېۋەرلىكى، ماھىرلىقى ۋە ئەمگەكچانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايسىز. قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن خەلقتۇر. بۇ جەھەتتە باشقا مىللەتلەر ئۇيغۇرلاردىن ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن بۇ ئىشچان خەلق شۇنچە بېرىلىپ ئىشلىسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ ئىشتىنى تىزىدىن ئاشمايدىكەن. . . .»②

نوشىرۋان ئەپەندىم يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تارىخىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار تارىخى ھەققىدىكى ماقالىلىرىدە XVII — XVIII ئەسىرلەردىكى خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجرالارنىڭ سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقىغا خاتىمە بەرگەنلىكىنى، «ئاقتاغلىق» ۋە «قاراتاغلىق» خوجىلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى چاك - چېكىدىن پارچىلاپ، مۆلچەرلىگۈسىز ۋەيرانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئالتەشەھەردە ئۇنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرغىنى، بۇ خەلقنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ تولىمۇ تۆۋەنلىكى، ھەتتا ئۆز

①② ئابدۇخېلىل ئېيتباييۋ: «نوشىرۋان ياۋشوف ئۇيغۇرلار ھەققىدە» ئالمائاتا، 1985 - يىل نەشرى.

مىللىتىنىڭ نامىنىمۇ ئۇنتۇغانلىقى ئىدى. ئۇ كۇچاغا كەلگەندە كوچى-
دا ئۇچرىغان بىر ئۇيغۇر كىشى بىلەن بولغان قىسقا پارىڭى ئۈستىدە
مۇنداق يازىدۇ: «مەن كوچىدا ئۇچرىغان بۇ ئادەمگە سالام بېرىپ
‹ تەقسىر، مىللىتىڭىز نېمە؟ ›، دەپ سورىسام، ئۇ كىشى ئىككىلەنمەي-
لا ‹ ئەلھەمدۇلىللا، ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ ئەۋلادىمىز › دەپ جاۋاب
بەردى. مەن جاۋابتىن ھەيران بولدۇم ۋە ئېچىندىم. ئىھ، بىچارە
خەلق! نادانلىق، قالاقلىقنىڭ كاساپىتىدىن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى،
مىللىتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن، دەپ ئېچىندىم ھەمدە بۇ كىن-
شىگە مىللىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، بۇ مىللەتنىڭ تولىمۇ قەدى-
مىي مىللەت بولۇپ، تارىختا مەدەنىيىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان
خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم»①. نوشىرۋان يائۇشوف قەشقەردىن
كۇچاغا كېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا 50 تەك
بالىنى يىغىپ يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇتۇشقا باشلايدۇ، لېكىن ئۇزاق
ئۆتمەي بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ،
بالىلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىدۇ. نوشىرۋان يائۇشوف 1907 - يىلى
31 يېشىدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان سەپىرىنى
باشلىغانىدى. ئۇ دەسلەپ قازاق داللىرىنى ئارىلاپ، قازاق خەلقىنىڭ
ھال - ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشەندى. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
تاشكەنت، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ شۇ
دەۋرنىڭ ئىلغار زاتلىرى بىلەن تونۇشتى، ھەمسۆھبەت بولدى ۋە
بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇ 1914 - يىلدىن باشلاپ تارىم
ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۈچ يىلدەك ياشىدى ۋە ئاقارتىش
ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى-
نىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى
توغرىسىدا نۇرغۇن ماقالىلەرنى يېزىپ قازاندا چىقىدىغان «شۇرا»

① ھۈسەيىن ئەبەيدۇللا: «نوشىرۋان يائۇشوف ئۇيغۇرلار ھەققىدە» — «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1995 - يىل، 4 - سان.

ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، شۇنىڭدەك شەرق مۇسۇلمان جامائەتچىلىكىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى سەممىي ئۈمىد قىلدى.

XVII — XVIII ئەسىرلەرنى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ تىنىمسىز پاراكەندىچىلىك ۋە سورۇقچىلىق دەۋرى، XIX ئەسىرنى جاھاندىن خالىي، جاھالەت ئەسىرى دەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى خۇددى فېئودال مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن ئېيتقاندەك «ئىستىغپار ھۇجرىسى» مەزگىلى دېيىشكە بولىدۇ. پۈتكۈل دۇنيا يېڭى ئەسىرنىڭ جۇشقۇن ئېقىمىغا جۆر بولغان مۇشۇ قايناق دەۋردە شىنجاڭدا تاكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىگىچە داۋاملاشقان جاھالەتلىك يىللار كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. مونتېسكيۇنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيىسى ھەققىدە ئېيتقان «تەلەي دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە بۇ يەردىكىدەك تۇترۇقسىز ئەمەستۇر»① دېگەن سۆزى بۇ يەرگە تولىمۇ باب كېلەتتى. ئۇزاققا سوزۇلغان پاراكەندىچىلىك ۋە مەھكۇملۇقتىن ۋۇجۇدى قېرىغان بۇ تەلەيسىز مىللەت ئۆزىنىڭ ئېغىر ھەم كېسەلمەن گەۋدىسىنى سۆرەپ XX ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغاندا، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ بەختسىزلىكلەر كۈتۈپ تۇراتتى. نادانلىقتا قالدۇرۇش، پارچىلاپ باشقۇرۇش، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىلارنى قامال قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مىزانى قىلغان فېئودال مىلىتارىستلار تاكى ئەسىرىمىزنىڭ 30 ـ يىللىرىغا قەدەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە سەگىدەش پۈرسىتى بەرمىدى. خۇددى ياڭ زېڭشىن ئۆزى ئېيتقاندەك: «مائارىپى يوق مىللەت دۈم كۆمتۈرۈپ قويغان قازاننىڭ ئاستىدىكى قوڭغۇزغا ئوخشايدۇ. جاھان مۇشۇ دەپ يۈرۈۋېرىدۇ. نادان خەلقنى باشقۇرماق ئاسان، ئۇلارنى قويغا ئوخشاش خالىغان تەرەپكە ھەيدەپ كەتكىلى

① مونتېسكيۇ (فرانسىيە): «پارس مەكتۇپلىرى»، 296 ـ بەت.

بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارغا مائارىپنى بەرمەيمەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ھەر قانداق ئىقتىدارلىق ۋە ئەقىللىق كىشىنى دەرھال نەزەربەنت قىلىمەن، بىر باھانە تېپىپ يوق قىلىمەن...»①، «چەنتۇلارنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپى راۋاجلاندۇرۇلسا، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىدىيىسى قوزغىلىدۇ. بۇ چوقۇم شىنجاڭنى قالايمىقانچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ...»②. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، خوجىلار پاراكەندىچىلىكىدىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تارىمدىكى ماڭقۇرتلۇق كومېدىيىسى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئوينىلىۋاتاتتى. ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئون يەتتە يىل داۋامىدا، ئۇ «ھېچقانچە قۇرۇلۇش قىلىمىغان، مەدەنىيەت مۇئەسسەسەسى، ئاخبارات ئورگىنى قۇرمىغان، بىر پارچىمۇ گېزىت چىقارمىغان. تىياتىرخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، كىتابخانا دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى»③

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇنجى قېتىم ئۆزىگە «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن ئاتاقلىق تارىخچى ۋە تونۇلغان جامائەت ئەربابى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف (1887 — 1951) نىڭ 1913 - يىللىرى تەڭرى تېغىدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. ئۇنىڭ مۇبارەك نامى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇلۇشقا باشلىغانىدى. نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف ئېھتىمال، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى ۋە كەلگۈسى تەقدىرى ئۈستىدە ئەڭ كۆپ ئويلانغان ۋە ئازابلانغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. «ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ئەسلىدىكى مىللەت نامىنى قوللانماي قەشقەرلىك، تۇرپانلىق، ئالتە شەھەرلىك دەپ ئاتاشتەك نادانلارچە

---

① ئابدۇراخمان ئەبەي: «ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر»، II - قىسىم.
② ۋېن فېيرەن: «شىنجاڭدا ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بۇزۇلۇشى» — «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 8 - سان.
③ م. سېيىت، يالقۇن روزى: «مەمتىلى ئەپەندى»، 48 - بەت.

ئەھۋالنى تۇگىتىپ، قەدىمكى ‹ئۇيغۇر› نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ‹ئۇيغۇر بالىسى› تەخەللۇسى بىلەن 1911 - يىلى ‹شۇرا› ژۇرنىلىغا يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىگ› داستانىنى تونۇشتۇردى. بۇ ئىش باشقىلارنى ئاجايىپ قىزىقتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ‹ئۇيغۇر بالىسى› نىڭ ئاما ئارىسىدىكى ئابرۇيى تېخىمۇ ئۆستى.»①

«ئۇيغۇر بالىسى» ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەندى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى، 1864 - يىلىدىكى ئىلى قوزغىلىڭى، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشى قاتارلىق تېمىلارغا دائىر ماقالىلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ قازاندا چىقىدىغان «شۇرا» ، «تىل يارىش» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، «نۇزۇگۇم» ، «خانتەڭرى» ، «كىچىككىنە رىزا» ، «ياش ئۇيغۇرغا» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېست ۋە شېئىرلارنى ئېلان قىلدى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يول ئاچقۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ كېسەلمەن گەۋدىسى، مىللىي تەرەققىيات مەسىلىسى، شۇنىڭدەك مىللەتنىڭ كېلەچىكى، ئىسلام دىنىنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدىكى ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرى دىققەتكە ئالاھىدە سازاۋەردۇر. ئۇ، «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1912 - يىللىق 11 - سانىغا يازغان «مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم تارقىتىش ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» ناملىق ماقالىسىدە كەسكىن قىلىپ مۇنداق يازدى: «مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم نېمە ئۈچۈن لازىم دەرىجىدە تارقالمىدى؟ بۇ سوئالغا ‹شۇرا› ئوقۇرمەنلىرى تۆرلۈك سەۋەبلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىزنىڭ ئاجىزانە پىكىرىمىزچە، ھەقىقىي سەۋەبى پەقەت بىرلا، باشقا سەۋەبلىرى بۇنىڭ

① مەھمۇد زەئىدى: «ئۇيغۇر بالىسى — نەزەرخوجا» — «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ، 1995- يىل، 2 - سان.

پارچىلىرىدۇر. ئۇ بولسىمۇ، پۇلنىڭ يوقلۇقى ۋە كەمبەغەللىكتۇر. ئاقچا بولسا، باشقا ھەممە سەۋەبلەر ھەل بولغان بولاتتى، ئەمما پۇلسىزلىقىمىز ۋە كەمبەغەللىكىمىزنىڭ سەۋەبى بولسا بەك زاھىر ۋە ئوچۇقتۇر. مىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نىزا، ئۆزئارا جاڭجال ۋە ئىختىلاپلاردىن بىزلەر ئوقۇش ۋە باي بولۇشقا ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىمىزنى ئۆلتۈرۈش ۋە قىرىشقا ۋاقىت تاپالماي يۈرىمىز. . . بۇ يولدا سەرپ ئەتكەن مال ۋە كۈچىمىزنى، دۇنيا ۋە بايلىقىمىزنى ساۋابلىق ئەمەل دەپ ھېسابلايمىز. بۇ سۆزۈمنىڭ دەلىلىنى سورىسىڭىز، قاراڭلار، ئىسلام دۇنياسىغا! ئىرانلىقلار، بۇلغارلار، پارسلار ۋە يەمەنلىكلەر ھەمدە ئەرەبلەر ھەمىشە سوقۇشىدۇ، قىرىشىدۇ. كىملەر بىلەن سوقۇشىدۇ دېسىڭىز — جاۋابى مەلۇم: مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانلار بىلەن سوقۇشىدۇ. بۇ سوقۇشلارغا كەتكەن مىليونلىغان پۇل ئىلىم - بىلىم يولىغا ئىشلىتىلسە ئىدى، ئىسلامىيەر ئارىسىدا ئىلىم يامان ئەمەس تارقالغان بولاتتى. لېكىن، ناھايىتى ئەپسۇس، جاھىل - جاھالەت!»①.

نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ 1913 — 1914 - يىللىرى ئالتە شەھەرگە قىلغان زىيارىتى ۋە قالدۇرغان خاتىرىلىرى بىزنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تارىم ۋادىسىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى چۈشىنىشىمىزگە زور ياردەم بېرىدۇ. ئۇ، رۇسىيە تەۋەسىدىكى ياركەنتتىن يولغا چىقىپ، تېكەس ئارقىلىق قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان مۇزارت داۋىنىغا يول ئالىدۇ. يانۋارنىڭ شىۋىرغانلىق كۈنلىرىدە بۈيۈك مۇزتاغ ئاتىنىڭ ئۈستىدە — خانتەڭرى ئېتىكىدە كېتىۋېتىپ، بۇ بەختسىز مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كېلەچىكى ئۈستىدە چوڭقۇر خىيالغا چۆمىدۇ. ئۇنىڭ خىياللىرى ئادەتتىكى بىر ساياھەتچىنىڭ يۈزە ھېسسىياتىنى ئەمەس، بەلكى ماغدۇرسىز ئاياغلىرىنى سۆرەپ يېڭى ئەسىرگە كىرىپ

① نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف: «يورۇق ساھىللار»، 131 -، 132 - بەتلەر.

كەلگەن بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ ئىچكى ئۆكۈنۈشلىرىنى نامايەن قىلغا-
نىدى. ئۇ «ئالتە شەھەرگە سەپەر» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىدە مۇ-
زارت داۋنى ئۈستىدىكى ھېسسىياتىنى مۇنداق يازىدۇ: «ئۆتكەن
يىللارنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇش، دەردلىك قەلبىمگە تەسەل-
لىي بېرىش مەقسىتى بىلەن سەپەردە بولماقنى ئارزۇ قىلدىم. قەيەردە
ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ۋەتىنى، مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇر بوۋىلىرىمىزنىڭ
جاھانگاھى؟ . . . بۈگۈن 4 - يانۋار، بەش - ئالتە ھەمراھلىرىم
بىلەن ئالتە شەھەر تەرەپكە راۋان بولدۇم. ھېسابلىسام، بىزنىڭ
ئىسلام قوبۇل قىلغىنىمىزغا يەنە 18 يىلدىن كېيىن مىڭ يىل توشىدى-
كەن. خاۋاتىرلىنىدىغان بىر ئىش — ھەر كېلەچەك يېقىندۇر. . . ئالدىمىز-
دىكى قورقۇنچلۇق تاغ تۆپىسىدە قار - شىۋىرغان ۋىژىلداپ تۇرىدۇ،
خىياللار ھالاكەت چوڭقۇرلۇقىغا ئاغدۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ھەممىسى
چوڭقۇر خىيال دەرياسىغا چۆمۈلگەن ھالدا كېتىپ بارىدۇ، ئۈن -
تىنىش يوق. ئاخىرى يەتتۇق مۇزارتقا! ھەر نەرسە بولسىمۇ مۇز
ئۈستىدە ھامان كېتىپ بارىمىز. قاتار تىزىلغان تۈرك مۇھاجىرلىرى
ئاچ - يالىڭاچ، بالا - چاقا، قېرى - چۆرە ھەممىسى پىيادە،
بەزىلىرى ھالسىزلىقتىن سەنتۈرۈلۈپ، ئۇياق - بۇياققا دەلدەڭشىپ
كېتىپ بارىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرىنىڭ جەسىتىنىڭ تاش تۈۋىدە
قېپقالغانلىقىنى كۆردۈم. . . ئەي ئوقۇرمەن قېرىنداشلار! تۈرك مۇ-
ھاجىرلىرى دېسەڭ، بالقانلىقلارنىڭ زۇلۇمىدىن قاچقان تۈركلەر ئې-
سىڭلارغا چۈشۈۋاتامدۇ؟ خەيرىيەت، بۇ يەردە بالقانلىقلار يوق. لېكىن
بالقانلىقلاردىنمۇ زالىم بىر كۈچ باركى، ئۇ بولسىمۇ يوقسۇزلۇق،
نامراتلىق ۋە مەئىشەت تارلىقى. . . ئاخىرى مۇزارت داۋىنىدىن ئۆ-
تۈپ، تاغ ئېغىزىدىكى قورغانغا كەلدۇق. خىياللىرىم مېنى XIX
ئەسىرگە ئېلىپ كەتكەنىدى. خىيال بىلەن تەڭ قورغاندىن چىقتۇق
ۋە قىزىلبۇلاق دېگەن جايغا يەتتۇق. بۇ يەردە مەكتەپ بولمىسىمۇ،
لېكىن بىر خانىقا بار ئىكەن. ‹ بىزلەر ئاخىرەت ئادەملىرى بولغانلى-

قىممىز ئۈچۈن، دۇنيا مەكتىپى نېمىگە لازىم بولار دېدۇق، دېدى ساھىبخانا»①.

نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف مۇزارت داۋىنىدىن ئۆتۈش جەريانىدا ئۆز مىللىتى ھەققىدە چوڭقۇر خىياللارغا چۆمىدۇ ۋە يېقىن ئارىدا يېتىپ بارىدىغان تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ غايىۋى مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. لېكىن رېئاللىق ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن كۆپ يىراق ئىدى. ئۇ، ئاقسۇ شەھىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قاتتىق ئېچىنىش ئىچىدە ئۆز خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ئاقسۇ كۆڭۈللەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرغۇدەك خۇش مەنزىرىلىك شەھەر ئەمەسكەن، ئادەملىرى بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئاۋۋال قانداق ياشىغان بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق ياشاپ تۇرۇپتۇ. پەقەت ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ چىققان جايى بولغانلىقى ئۈچۈنلا خۇش كۆرۈنىدۇ. كوچىلىرى مۇنتىزىم — تەرتىپلىك ئەمەس. ھەممىسى بىر تۈرلۈك دېگۈدەك تارقاقلىقتىن ئىبارەت. شەھەردە گۈزەل ياسالغان بىرمۇ ئىمارەت يوق. گەمىگە ئوخشاش خانىلاردا كىشىلەر روھسىز، چۈشكۈن، نامرات ۋە مىسكىنلىك ئىچىدە ياشايدىكەن. ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى سۇس، ئەكسىچە ئىشانچىلىق بەك كۈچلۈك، ھۈنەر - سەنئەت كۆپتىن بېرى يوق. پەخىش ۋە پاھىشىۋازلىق، كەمبەغەللىك بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋېتىپتۇ. موللىلاردا بۇنىڭغا قارشى تۇرغۇدەك ئىقتىدار يوق. ئېھتىمال، ھۆكۈمەت ئەھمىيەت بەرمەيدىغاندۇ. بۇ يەردىكى مەمۇرلار ‹ھارۋا سۇنسا ئوتۇن، ئۆكۈز ئۆلسە گۆش، بولىدۇ› دەپ قاراپ تۇرىدۇ. پاھىشىلەرگە پاھىشىخانىلار يوق، شۇڭا ئۇلار تۈگكان سارايلىرىدا مۇستەقىل ياشايدۇ. يانلىرىدىن ئۆتسەڭ نازلىنىپ ئىشق - مۇھەببەت قوشاقلىرىنى ئېيتىدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ ئۆز - ئۆزۈڭدىن خورلىنىسەن، خۇسۇسەن ماڭا ئوخشاش باشقا يەردە

---

① نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف: «يورۇق ساھىللار»، 132 ـ، 133 ـ، 134 ـ، 135 ـ، 137 ـ بەتلەر.

ئۆسكەن بىر كىشىگە بۆلارنىڭ قىلىقلىرى بەك تېتىقسىز
ۋە يات تۇيۇلىدىكەن. . . »①

نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف خۇددى نوشىرۋان ياۋشوف ئەپەندىگە
ئوخشاشلا، تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ
پەۋقۇلئاددە تۆۋەن ئىكەنلىكىدىن قاتتىق قايغۇرىدۇ. دەرۋەقە XX
ئەسىر بوسۇغىسىنى ئاتلىغان بىر مىللەتتە مىللىي ئاڭنىڭ يوقىلىشى
غايەت زور بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتى ئىدى. چۈنكى ھەر قانداق مىل-
لەتنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىگە قارشى ئىچكى پىسخىك ئېنېرگىيىسى
مىللىي ئاڭنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. نەزەرخوجا ئابدۇسەمە-
توف ئالتە شەھەرگە قىلغان سەپىرىدىن كېيىن، «شۇرا» ژۇرنىلىغا
سۇنغان «بىزنىڭ تۇرمۇش» ناملىق ماقالىسىدە ھەسرەت بىلەن مۇڭلۇ-
رنى يازىدۇ: «بۇرۇنقى زاماندا ‹ئۇيغۇر› ئاتىلىپ، ھازىر ئاتسىز
قالغان چىنى تۈركىستان تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش مەنزىرىسى
ناھايىتى ئېچىنىشلىق ۋە بىچارىدۇر. بىز بۇنى 1914 ـ يىلى ئاقسۇغا
قىلغان سەپىرىمىز جەريانىدا كۆرگەنىدۇق. مەسىلەن، ئۇ يەردە 15
سوم قەرزىنى بېرەلمەي قالغان بىر ئۇيغۇر كىشى ئەزىز بالىسىنى بىر
خەنزۇ سودىگەرگە ساتقانلىقىنى، ئىككى ـ ئۈچ مۇسۇلمان ئايالنىڭ
يات تائىپىدىن بولغان بىرى بىلەن ئائىلە تەشكىل قىلغانلىقىنى ۋە
جاڭگۇيدىسىنى ماختىشىپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئۇيغۇرلارنى مەسخىرە
قىلىپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇشقانلىقىنى، سارايلاردا تولىسى مۇسۇلمان-
لارنىڭ پاھىشىۋازلىق قىلىشىۋاتقانلىقىنى، تەپسە تۆمۈر ئۈزگۈدەك
ياش يىگىتلەر تۈركۈم ـ تۈركۈم ھالدا كوچىلاردا ۋارقىرىشىپ، بىر
پارچە نان غېرىبى بولۇشۇپ، باشلىرىنى دىۋانىلىقتا سېلىشىپ ‹يا،
دوست، يا، ئاللاھ›، دەپ بىر پۇل ئۈچۈن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ
ئېتىكىگە ئېسىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنىدۇق. . . »② ئۇ يەنە مۇڭ-

① ② نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف: «يورۇق ساھىللار»، 94 ـ، 95 ـ، 141 ـ
بەتلەر.

داق دەپ يازىدۇ: «بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىقبالى بەك قاراڭ-
غۇ، تۇمانلىق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ئاقسۇدا ئەھ-
ۋال مۇنداق بولسىمۇ، باشقا ياقلاردا ئۇنداق ئەمەستۇ، قەشقەر خەلقى
خېلى تەرەققىي قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ يەردە تەرەققىيپەرۋەر مۇسا-
بايېۋلار، ئابدۇقادىر داموللامىلار بارغۇ دەپ ئۆزىمىزگە تەسەللىي بەر-
گەنىدۇق، لېكىن بىزنىڭ بۇ ئۈمىدلىرىمىزنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى
كۆردۇق. سەيياھ مۆھتەرەم نوشىرۋان ئەپەندى بىزنى چىنى تۈركىس-
تان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن يېقىندىن تونۇشتۇرغاندىن كې-
يىن، ئىستىقبالىمىزنىڭ بەك ۋەھىملىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق... دې-
مەك، ھەممە يەردە ئەھۋال ئوخشاش. بىز چىنى تۈركىستان ئۇيغۇر-
لىرى ئاۋۋال ئۇيغۇر ئاتىلىپ، كېيىن ئاتىسىز قالغان دېگەنىدۇق. بۇ
نېمە ئۈچۈن؟ يەرلىك بىر ئۇيغۇردىن ‹سەن كىم؟›، دەپ سورىساڭ،
ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ‹قەشقەرلىك›، ياكى ‹خوتەنلىك› دەپ
جاۋاب بېرىدۇ. ‹ئۇ دېگەن يەر - جاي نامىغۇ؟›، دېسەڭ، ئۇ ھامان
‹مەن مۇسۇلمان›، دەيدۇ. ‹ياق، مەن دىنىڭنى سورىمىدىم›، دېسەڭ،
ھودۇقۇپ ‹مەن چەنتۇ›، دەيدۇ. قازاق - قىرغىزلارغا ئارىلاشقان
يەرلىكلەر ‹بىز سارت›، دەيدۇ. دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىم
ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. مانا بۇ جاھالەت!»①.

نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەققىدىكى خاتى-
رىلىرى، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەمئى-
يەت ئەھۋالى ھەققىدىكى ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر
تارىخى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر
ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىدىكى ئەڭ ئىلغار بىر سەھىپىنى تەشكىل
قىلغانىدى. جەدىتىزم دولقۇنلىرىدا كونسېرى ئويغىنىش ۋە ئۆز تەق-
دىرى ئۈستىدە ئويلىنىش يولىنى ئېچىۋاتقان قىرىم، قازان ۋە ئوتتۇرا

① نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف: «يورۇق ساھىللار»، 96 - بەت.

ئاسىيا خەلقلىرى نوشىرۋان ئەپەندى ۋە نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوفلارنىڭ
«شۇرا» ، «تىل يارىش» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان ئۇيغۇرلار
توغرىسىدىكى ئۆتكۈر ماقالىلىرىدىن تارىم چوڭقۇرلۇقىنىڭ ئېغىر
تىنىقىنى ۋە بىر قانچە ئەسىرگە سوزۇلغان غېرىبلىقىنى چۈشىنىش
ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. 1905 ـ يىلدىكى رۇسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلا-
بىدىن كېيىن، رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمىدىكى تۈركىي تىل-
لىق خەلقلەرنىڭ سىياسىي ھاياتى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور
ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. ھالبۇكى، تارىم ۋادىسى يەنىلا
بىر خىلدا ئۆز ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماقتا ئىدى. سىياسىي سېھىرگەرلەر-
نىڭ «نادانلىقتا قالدۇرۇش» ، «بىخوتلۇقتا قويۇش» مىزانلىرى بە-
لەن نائەھلى خوجىلار، پىر ـ ئەۋلىيالارنىڭ توقىمەك پەتىۋالىرى
مىللىتىمىزنىڭ ھالسىرىغان ۋۇجۇدىدىكى ئاخىرقى ھاياتىي كۈچىنى
ئاستا ـ ئاستا خورىتىپ بارماقتا ئىدى. خەيرىيەت، يېرىم ئەسىر
ئۆتمەيلا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان ھەر قاي-
سى خەلقلەر بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت
سەۋىيىسى، تەرەققىياتى ۋە روھىي دۇنياسىدا زور ئارىلىق شەكىللەن-
دى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر خەلقى ھەسسىلەپ بەدەل تۆلەشكە
مەجبۇر بولدى.

**▲ XX ئەسىر روھى شەرق خەلقلىرىگە ئۆزى ھەققىدە
قايتا ئويلىنىش پۇرسىتى بەردى، قىرىم ۋە قازان تاتارلىرى
يېڭىلاش ۋە ئاقارتىش دولقۇنىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى.
ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى يېڭى بىر مەيدان پىكىر
ئىنقىلابىغا تەييارلاندى. جەدىتىزم ھەرىكىتى مىللىتىمىزنىڭ
يېقىنقى زامان روھىي مەھكۇملۇقىدىن ھازىرقى زامان تەپەك-
كۇرىغا سەكرىشىگە زور تۈرتكە بولدى.**

ناۋادا ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان

مەدەنىيەت ئويغىنىشىدا ئىسلاھات مەشئىلىنى ئەڭ بالدۇر ۋە ئەڭ ئېگىز كۆتۈرگەن بىر مىللەت بار دېيىلسە، ئۇ خەلق شەك ـ شۈبھە-سىزكى تاتارلار ئىدى. شۇنداق، تاتارلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدى-غان خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ بالدۇر ئويغانغان، ئەڭ كۆپ ھالاكەتلىك سىناقلارغا دۇچ كەلگەن، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى ئۈستىدە ئەڭ چوڭقۇر ئويلانغان بىر خەلق ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ روھىي ئويغىنىشىغىلا ئەمەس، بەلكى يەنە جاھالەت تۇمانلىرى ئىچىدە يەتكىچە ھالسىرىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئويغىنىشىغىمۇ مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنىدى.

ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن قازان، ئاستىراخان ۋە قىرىم خانلىقلىرى مەزگىلىدە تاتارلار ئاجايىپ گۈللىنىش تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىـگە تاتارلار جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىن رۇسىيىنىڭ ياۋروپا قىسمى بىلەن بىۋاستە تۇتىشىدىغان ۋولگا ۋە ئۇرال دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى، قىرىم يېرىم ئارىلى قاتارلىق مۇنبەت زېمىنلارنى ماكان تۇتقانىدى. شۇڭا ئۇلار ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسىدا يېتىلدىن گۈللىنىۋاتقان رۇس ۋە ياۋروپا مەدەنىيەتلىرى بىلەن بىۋاستە ئۇچرى-شىپ، بىر مەھەل راسا گۈللىنىش مەنزىرىسىنى بەرپا قىلدى. مون-تېسكيۇ «پارىس مەكتۇپلىرى» ناملىق ئەسىرىدە ھاياجان ئىلكىدە مۇنداق قۇرلارنى يازغانىدى: «دۇنيادىكى ھەر خىل مىللەتلەر ئىچىـ-دە ئۇرۇشقاقلىقنى ئۇلۇغ تۆھپە ھېسابلايدىغىنى تاتارلار ئىكەن. تاتار-لار دۇنيانىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ، باشقا بارلىق ئەللەرنىڭ خەلقلىرى ئۇلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن يارالغاندەكلا تۇرىدۇ؛ تاتارلار بىر قانچە ئىمپېرىيىلەرنىڭ قۇرغۇچىلىرى، شۇن-داقلا بىر قانچىلىغان ئىمپېرىيىلەرنى گۇمران قىلغۇچىلاردۇر؛ ھەر قايسى دەۋرلەردە تاتارلار ئۆز قۇدرىتىنىڭ ئىزنىنى يەر شارىدا قالدۇرغان...»[1].

---

[1] مونتېسكيۇ (فرانسىيە): «پارىس مەكتۇپلىرى»، 249 ـ بەت.

ناھايىتى ئەپسۇس، روسلارنىڭ كۈچىيىشى ۋە زېمىن كېڭەيمىچىلىكى تاتارلارغا مىسلىسىز بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى. چارروسىيە 1552 ـ يىلى قازان خانلىقىنى، 1554 ـ يىلى ئاستىراخان خانلىقىنى، 1783 ـ يىلى قىرىم خانلىقىنى يۇتۇۋالدى ۋە ئۆز تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋالدى. قازان ۋە قىرىم تاتارلىرى رۇسىيە تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغاندىن كېيىن، بىر مەيدان بوران ـ چاپقۇنلۇق ئۆزگىرىش دولقۇنىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى. بۇ ئۆزگىرىش ئۆز نۆۋىتىدە پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ تارىخىغا تەسىر كۆرسەتتى[1]. رۇسلار قازاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، قەدەممۇ قەدەم ئاسسىمىلياتسىيە سىياستىنى يۈرگۈزدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تاتار مىللىتىنىڭ ئۆزاققا سوزۇلغان تىركىشىش، قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە چىقىش يولى ئىزدەشتەك قان ـ ياشلىق تارىخى باشلاندى. ئامېرىكا تارىخچىسى گاۋىن هامبلىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «رۇسلار قازان رايونىدا ئىككى ئەسىرگە سوزۇلغان ۋەھشىي سىياسەت يۈرگۈزدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قازان تاتارلىرىنى تامامەن رۇسلاشتۇرۇش ھەمدە مۇسۇلمانلار جامائەسىنى ئۆز جەمئىيىتىگە قوشۇۋېلىش ئىدى. ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى رايونلاردا رۇسلار ‹تاتارسىزلاشتۇرۇش› سىياستىنىڭ بىرىنچى قەدىمى سۈپىتىدە ھەر قايسى چوڭ شەھەرلەردىن، بولۇپمۇ قازاندىن تاتارلارنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ھەيدەپ چىقاردى. تاتارلارنىڭ مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلىرىنى رۇس ئاقسۆڭەكلىرىگە بۆلۈپ بەردى، شۇنىڭدەك يەرلىك خەلقنى خرىستىئان دىنىغا كىرىشكە قىستىدى. مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى تاقاپ، ۋەخپىلەرنى بىكار قىلىپ، چېركاۋلارنى كۆپلەپ بىنا قىلدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە يەرلىك مۇسۇلمانلار تېز ۋاقىت ئىچىدە ئاز سانلىق ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار تاتار ئاقسۆڭەكلىرىنى يا خرىستىئان دىنىغا بەيئەت

[1] گاۋىن هامبلىي (ئامېرىكا) : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى» 253 ـ بەت.

قىلىشقا، يا ئۆز ئىمتىيازلىرىدىن ۋاز كېچىشكە زورلىدى. . . ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، XIX ئەسىرگە كەلگەندە تەخمىنەن 200 مىڭ تاتار خىرىستىئان مۇرىتى بولۇپ كەتكەن»①. رۇسلارنىڭ تاتارىستاندا قاتتىق ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى قوللىنىشى بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيانى مەڭگۈلۈك يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش، شۇنىڭدەك رۇس زېمىنلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى توسالغۇنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن تاتار خەلقى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىغا سوزۇلغان قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرىنى ئېلىپ باردى. 1552- يىلدىن تاكى ئايال پادىشاھ يېكاتېرىنا II تاتارلارغا قاراتقان قاتتىق قول سىياسەتنى ئۆزگەرتكەنگە قەدەر ئىككى ئەسىر داۋامىدا تاتارلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىدى. 1792 - يىلى بارغانسېرى زەئىپلىشىۋاتقان ئوسمان ئىمپېرىيىسى رۇسىيىنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىن، تاتارلار تارىخىدا يەنە بىر قاراڭغۇ سەھىپە ئېچىلدى. رۇسلار قىرىمغا بولغان «تاتارسىزلاشتۇرۇش» مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، رۇس پۇقرالىرى ۋە چەت ئەل مۇھاجىرلىرى (گېرمانلار، گرېكلار، بۇلغارلار، بالتىقلىقلار) نى تۇركۇم - تۇركۇملەپ كۆچۈرۈپ كەلدى. شانلىق ئۆتمۈش گويا بىر مەيدان چۈشكە ئوخشاش تاتارلار خاتىرىسىدىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلار ھالاكەت يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ۋەھىمىلىك كۈنلەردە ئوسمان ئىمپېرىيىسىدىن مەدەت تىلىدى، لېكىن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلغۇدەك ھالى قالمىغانىدى، نەتىجىدە 1783 - يىلىدىن 1893 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تاتارلار يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ، قان - ياشلىق چوڭ كۆچۈش تارىخىنى بېشىدىن كەچۈردى.

---

① گاۋىن ھامبلي (ئامېرىكا) : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى» 252 -، 254 -، 256 - بەتلەر.

بۇ جەرياندا تاتار مىللىتى نەچچە ئون قېتىم توپ - توپى بىلەن قىرىمدىن تۈركىيىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى رۇسىيە «تا-تارسىزلاشتۇرۇش» سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقان ئاشۇ ۋەھىمىلىك يىل-لاردا پەقەت كۆچۈشلا بۇ بەختسىز مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايتتى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە تاتارلار قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى بىر ئاز سانلىق مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى. 1897 - يىلدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، قىرىمدا ئەسلىدە بار بول-غان 523 مىڭ تاتاردىن پەقەت 187 مىڭىلا قالغانىدى، شۇنداقلا پۈتكۈل ياۋروپا مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەڭ تۆ-ۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ قىرىم تاتار خانلىقى-نىڭ شانلىق خاتىرىلىرى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ①

XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، بولۇپمۇ ئايال پادىشاھ يېكا-تېرىنا II تەختكە چىققان مەزگىللەردە تاتارلار ئۆز ئىستىقبالى ئۈچۈن يېڭى يول ئىزدىدى. شەھەرلەردىن قوغلانغان تاتار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنلىرى ئاستا - ئاستا تىجارەت يولىغا كىرىپ، روسىيىدى-كى يېڭى بىر سودا گۇرۇھىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار چاررۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانى تامامەن بويسۇندۇرغىچە بولغان بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە رۇسىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار-نىڭ سودىسىدا ۋاستىچىلىق رول ئوينىدى. ئەسلىدىكى جىمى ئىمتىد-يازلىرىدىن مەھرۇم قالغان بۇ مىللەت سودا ئېڭى ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقىغا ماددىي ئاساس ھازىرلىدى. خۇددى گاۋىن ھامبلىي تەكىتلەپ ئۆتكەندەك: «تاتار سودىگەرلىرى چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسى-نىڭ سودا جەھەتتىكى ‹ ھەمكارلاشقۇچى› سى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئىسلام دىنىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ

① گاۋىن ھامبلىي ( ئامېرىكا) : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى» ، 260 - ، 262 - بەتلەر.

كەلگەندى، شۇنداقلا ئۆز مىللىتىگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۇنتۇمىغانىدى. ئەگەردە ئۇلار بولمىغان بولسا، ئىسلاھات ھەرىكىتى ۋە XIX ئەسىردىكى ‹تاتار ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىشى› مۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى. . . »① XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، چارروسىيە قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى تولۇق ئىستېلا قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ئاخىرقى خانلىق — قوقان ۋە خىۋە خانلىقلىرى مۇنقەرز بولدى. ئەمدىلىكتە چارپادىشاھ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن تاتارلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋاستىچىلىق رولىنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغانىدى. بۇنىڭ بىلەن تاتارلارغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ‹رۇسلاشتۇرۇش› سىياسىتى يەنە بىر بالداق كۈچەيتىلدى. ھەتتا 1909 - يىلى «مۇسۇلمانلارنىڭ مەكتەپ، مەدرىسلىرىگە چارپادىشاھ ۋە ئۇنىڭ خانىشىنىڭ سۈرىتىنى ئېسىش بۇيرۇق قىلىندى»②. چارپادىشاھنىڭ «رۇسلاشتۇرۇش»، «خرىستىئانلاشتۇرۇش» تەك ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى تاتار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە مىللەت پۈتۈنلۈكىگە غايەت زور تەھدىت ئېلىپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن تاتار خەلقى بىرىنچى بولۇپ ئىسلاھات دولقۇنى قوزغىدى. ئۇلار مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش، مۇسۇلمان خەلقلىرىنى ئىجتىمائىي كرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، مەدەنىيەتتىكى قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىش، ئىسلام دىنىنى تەرەققىيات بىلەن ماسلاشتۇرۇش زۆرۈر دەپ قارىدى. دەرۋەقە، XX ئەسىر روھى شەرق خەلقلىرىگە ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش پۇرسىتى بەردى. قىرىم ۋە قازان تاتارلىرى يېڭىلاش ۋە ئاقارتىش دولقۇنىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى بىر مەيدان يېڭى پىكىر ئىنقىلابىغا تەييارلاندى. جەدىتىزم ھەرىكىتى مىللىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان روھىي مەھكۇملۇقىدىن ھازىرقى زامان ئەقلىي تەپەككۇرىغا سەكرىشىگە زور تۈرتكە

① گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا) : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 255 - بەت.
② نەرەرخوجا ئابدۇسەمەتوف: «يورۇق ساھىللار»، 57 - بەت.

بولدى. خۇددى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف ئېيتقاندەك: «نوغاي قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئويغىنىش دەۋرى XIX ئەسىردە باشلىنىپ XX ئەسىردە تەرەققىيات دەۋرىگە كىرگەن بولسا، تارانچى تۈركلىرى (ئۇيغۇرلار) نىڭ ئويغىنىش دەۋرى XX ئەسىردە بولدى»①

مەدەنىيەت ئويغىنىشى ۋە ئىسلاھات ھەرىكىتى ئەڭ ئاۋۋال بىر تۈركۈم داڭلىق دىنىي مۇتەپەككۇرلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ ناسىر قۇرساۋى (1783 — 1814)، شېھابىددىن مارجانى (1818 — 1889)، رىزائىددىن فەخرىددىن (1859 — 1936) ۋە مۇسا جارۇللا (1875 — ؟19) قاتارلىقلار ئۆز دەۋرىدىكى تاتار مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنى يېتەكلەپ ماڭغان قورقماس ئىسلاھاتچىلار ۋە مۇتەپەككۇرلار ئىدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسا جارۇللانىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور بولغانىدى. ئۇلارنىڭ دىنىي ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى ۋە ئىلغار ئىجتىمائىي قاراشلىرى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن «تاتار ئەدەبىي ئويغىنىشى» ۋە جەدىتىزم ھەرىكىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى.

شۇنىسى ئېنىقكى، جەدىتىزم ئىسلام شەرقىدە مەيدانغا كەلگەن دىنىي ئىسلاھاتلارنىڭ تەسىرى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى كونا بىلەن يېڭى ئالمىشىۋاتقان بىر تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن يېڭىلاش ھەرىكىتى ئىدى. «پۈتكۈل ئىسلامىيەت تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشى ئۈزۈلگەن ئەمەس. مۇقەددەس ئىسلام دەستۇرى ‹قۇرئان كەرىم› سۈرىلىرىنى ئىزاھلاشمۇ پۈتۈنلەي بىردەك بولغىنى يوق. دەمەشىق خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرى، باغداد خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇتەززىلىم پىكىر ئېقىمى ‹قۇرئان كەرىم› نى ئىنساننىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە

---

① نەرەرخوجا ئابدۇسەمەتوف: «يورۇق ساھىللار»، 108 - بەت.

ئىنسان بەختىگە مەنپەئەتلىك يوسۇندا شەرھلەشنى تەشەببۇس قىلىش-
تى. خەلىپە مۇقتەدىر زامانىدا مۇتەززىلىم پىكىر ئېقىمى قاتتىق
زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بۇ خىل ئەركىن پىكىر تەشەببۇسلىرى
باشقىچە شەكىلدە، جۇملىدىن سوپىزمنىڭ مەلۇم شەكىللىرى تەرىزىدە
داۋاملىق ئىپادىلىنىپ كەلدى»[1]. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، ئىسلام
دۇنياسىدا كۆتۈرۈلگەن ۋەھابىيلار ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى
سەئىد ئەھمەدخان، جامالىددىن ئافغانىي، مۇھەممەد ئابدۇ قاتارلىقلار-
نىڭ دىنىي ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى تاتارىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
جەدىتىزىم ھەرىكىتىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. جەدىتىزىم XIX
ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا
كەلگەن دىنىي «يېڭىلاش» ۋە «دەۋرلەشتۈرۈش»نى مەزمۇن قىلغان
ئىسلام ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى ئىدى. ئۇ، تاتارىستان ۋە ئوتتۇرا
ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ «تۈرلۈك - تۈمەن ئىجتىمائىي تەبىقىلىرىنىڭ
مەنپەئەتلىرىنى ئىپادىلىگەن، مەرىپەت ئۈچۈن كۈرەشكەن، ئوقۇ -
ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا، دىنىي مەكتەپلەرنىڭ پروگرام-
مىسىغا ئايرىم دۇنياۋى پەنلەرنى كىرگۈزۈشكە ئىنتىلگەن»[2]، ئىسلا-
ھاتچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە يېڭى پىكىر ئېقىمى. جەدىتىزم دەسلەپتە
ئىسلام دۇنياسىدىكى ئويغىنىش تەسىرلىرى بىلەن باشلانغان. رۇسى-
يىنىڭ 1905 - يىلىدىكى ئىنقىلابىدىن كېيىن، بۇخارا، خىۋە خان-
لىقلىرى ۋە شىنجاڭ تەۋەسىگە قەدەر كەڭرى تارقالغان[3]. جەدىتىزم
ئېقىمىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تىپىك ۋەكىلى تاتارىستانلىق ئىس-
مائىل غاسپىرالى ئىدى. ئۇ ئۆزۈن مەزگىل ئەنئەنىۋى ئىسلام مەد-
رىسلىرىدە، ئاندىن رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. فرانسىيە ۋە تۈركى-

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 364 - بەت.
② «ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، موسكۋا، «رۇس تىلى» نەشرىياتى، 1981 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى، I توم، 270 - بەت.
③ «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئىستانبۇل، 1979 - يىل، تۈركچە نەشرى، X توم، 93 - بەت.

يىدە ئۇزاق تۇرغان. 1877 ـ يىلى تاتارىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن تاتار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ئويغىنىشىغا ئۆزىنى بېغىشلىدى. غاسپىرالى «چوڭقۇر بىلىملىك ۋە كۆپ مەھسۇلاتلىق يازغۇچى، شۇنداقلا ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ قەتئىي قوللىغۇچىسى سۈپىتىدە، ئىسلام دىنىنى ھازىرقى زامان دۇنياسى بىلەن ماسلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمەلىيەت ئۇنىڭ بىر تالانتلىق مائارىپچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ «ئۇسۇلى جەدىت» مائارىپى ئالدى بىلەن ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان باغچەساراي ئىسلام ئىنستىتۇتىدا قوللىنىلدى، ئاندىن پۈتكۈل رۇسىيىدىكى كۆپ قىسىم ئىسلام مەدرىسلىرىگە كېڭەيتىلدى. بۇ ئۇسۇل كېيىنچە تۈركىيە ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىگە، ھەتتا يىراقتىكى ھىندىستانغىچە يېتىپ باردى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۈركىي تارىخىي تەقدىرى، كىرىزىسقا تولغان كەچمىشى، نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيىتى ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرىنى ئىدىيە ۋە تەشەببۇسلىرىنى «تەرجۇمەن» ناملىق مەجمۇئەدە ئېنىق شەرھلىدى. 1882 ـ يىلدىن 1914 ـ يىلغىچە بولغان ئوتتۇز نەچچە يىل جەريانىدا بۇ مەجمۇئە تەسىرى ئەڭ زور، ئوقۇرمىنى ئەڭ كۆپ نەشر ئەپكارىغا ئايلاندى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، غاسپىرالى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دۇنياسىغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى»①.

غاسپىرالى ئىسلاھات، يېڭىلاشنى ھەممىدىن بۇرۇن تىل ۋە يېزىقتىن باشلاشنى تەشەببۇس قىلدى②. جەدىتىزم ناھايىتى چوڭ پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە، دىن، تارىخ، تىل ـ يېزىق، ئەخلاق ۋە ئىنسان قىممىتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشنى يېڭى كۈنتەرتىپكە قويدى.

① گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 262 ـ، 263 ـ بەتلەر.
② «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، X توم، 93 ـ بەت.

نەتىجىدە، قىرىم، قازان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدىكى خەلق-لەرنىڭ جاھالەت ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئىلىم - پەنگە يۈزلىنىش قىلىش، ئۆلۈك، قېتىپ قالغان دىنىي ئادەتلەرنى قايتا ئىسلاھ قىلىش ۋە ھازىرقى زامان ئەقلىي تەپەككۇرىغا تەرەققىي قىلىشىدا غايەت زور رول ئوينىدى. جەدىتىزىم ھەممىدىن ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل جەھەتتىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى چىقىش قىلىپ، ئورتاق بىر تىل - يېزىق گەۋدىسىگە ئۇيۇشۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىلگىرىكى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى چاغاتاي يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىپ، ھەر بىر تاۋۇش ئۈچۈن بىردىن ھەرپ بەلگىلىدى. قازاندا نەشر قىلىنغان «شۇرا»، «تىل يارىش»، «تەرجۇمەن» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللار پۈتكۈل تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرگە ئورتاق بولغان تىل - يېزىقتا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، جەدىتىزىم تەرەپدارلىرى كەسكىن ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە يات بولغان غەيرىي ئېتىقاد ھادىسىلىرىنى، قاتمال دىنىي قاراشلارنى ۋە مۇرەككەپ شەرىئەت قائىدىلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈشنى، يېڭىچە مائارىپ ۋە پەننىي مەكتەپلەرنى يولغا قويۇپ، مەرىپەت جەھەتتىن ئويغىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈش، ئىسلامنى دەۋرگە ماسلاشتۇرۇش ۋە مىللەتلەرنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا زىت ئەمەس، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» ھەرقانداق دەۋر ۋە ھەرقانداق تەرەققىياتقا ماسلىشالايدۇ، مەسىلە پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى قانداق تونۇشى ۋە پايدىلىنىشىدا، شۇڭا جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان، خەلق ئېڭىنى ئاسارەتتە قويىدىغان ھەر قانداق ئادەت ۋە قاراشلارنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. جەدىتىزىم تەرەپدارلىرى گەرچە ئىسلاھات تەلەپى ئەڭ كەسكىن، «دەۋرلەشتۈرۈش» قارىشى ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى مۇسا جارۇللا ئىدى. ئۇ ناھايىتى

ئېنىق قىلىپ: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىستىقبالى ۋە ئۇنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئىسلام دىنىدا يېڭىلىق پەيدا قىلىش لازىم، دېگەن تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە ئىسلام ئەقىدىلىرىدىكى، مەسىلەن، روزا تۇتۇشتىكى مەنتىقىي زىددىيەتلەرنى تىلغا ئېلىپ، «قۇرئان كەرىم» نى ھازىرقى زامانغا ماسلاشتۇرۇپ، ئەركىن شەرھىلەشنى تەشەببۇس قىلدى، شۇنداقلا ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى، غەيرىي دىندىكىلەر دوستانىلىقى ۋە تۇرمۇشنى غەربلەشتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى...»①. دەرۋەقە، ئۆز زامانىسىدىكى مۇنداق ئاكتوئال پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. مۇسا جارۇللا، ئىسمائىل غاسپىرالى قاتارلىقلارنىڭ «جەدىت» (يېڭىلىق) قاراشلىرى مۇھەممەدىن مۇھەممەدوف ۋەكىللىكىدىكى «قەدىمىيە» گۇرۇھىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى ۋە «دەھرىلەر» دەپ ئەيىبلەندى. «قەدىمىيە» گۇرۇھىدىكىلەر: «خرىستىئان، كاتولىك دىنلىرى كەمچىلىكلەردىن خالىي بولمىغاچقا ئىسلاھ قىلىش ھاجەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىنى ھەر قانداق ئۇسۇلدا ئىسلاھ قىلىش ھاجەت ئەمەس، چۈنكى ئىسلام دىنى ئۆز مۇكەممەللىكى بىلەن باشقا دىنلاردىن پەرقلىنىدۇ»② دەپ قاراشتى. ئۇلار يەنە ئىسلام دىنى ئىسلاھاتىنى «شەيتانلار ھەرىكىتى» دېدى. مۇھەممەدىن مۇھەممەدوف چار ھۆكۈمىتىگە جەدىتلەر «پانئىسلامىزم» بىلەن شۇغۇللىنىپ، چارپادىشاھلىقىغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ چاقتى. ئاختۇرۇش داۋامىدا گەرچە «جەدىتلەر پانئىسلامىزم تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى دېگەنلىك ئىسپاتلانمىسىمۇ»، ئەمما ئۇلاردىن كۆپلىگەن چەكلەنگەن كىتابلار چىققانلىقى سەۋەبلىك قولغا ئېلىندى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، قازان، قىرىم قاتارلىق جايلاردا جەدىتىزم ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. جەدىتىزم تەرەپدارلى-

---

① ② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 64 ـ، 364 ـ بەتلەر.

رىنىڭ دىنىي ئىسلاھاتچىلىق قاراشلىرىنىڭ كەينىگە يەنە مۇئەييەن مىللىي مەنپەئەت چۈشەنچىلىرىنىمۇ يوشۇرۇنغانىدى. «بۇ جەھەتتە، قازان، قىرىم، ئۇفا شەھەرلىرىدە نەشر قىلىنغان نۇرغۇنلىغان كىتابلار، ‹شۇرا›، مەجمۇئەسى بىلەن ‹ۋاقىت›، ۋە ‹تەرجۇمەن› قاتارلىق گېزىتلەرنىڭ رولى چوڭ بولدى»①. ئۇنىڭ ئۈستىگە «XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قازان ۋە باشقا تاتار شەھەرلىرى — ئورىنبورگ، ترويسكىي ۋە ئاستراخانلاردىكى ئىسلام مەدرىسلىرى، نەشر - ئەپكارلار، تاتار تىلىدىكى گېزىت - ژۇرناللار بۇ شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى سۈپىتىدىكى پارلاق مەنزىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ شەھەرلەرنىڭ تەسىرى تاتارىستان تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىدىنىمۇ ھالقىپ كەتتى»②. تاتارىستاندا قوزغالغان ۋە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن جەدىتىزم ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىغا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كېڭىيىشىدە تاتارلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق تىل - يېزىق، مەدەنىيەت ۋە قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى چوڭ رول ئوينىدى. تاتارلار يەنە مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، رۇس شوۋىنىزمى بىلەن تىركەشتى. 1905- يىلىدىكى رۇسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن، غاسپىرالى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى يالغۇز مەدەنىيەت ئىسلاھاتى بىلەنلا توختاپ قالمىدى. ياش تۈركچىلەر پارتىيىسى ۋە رۇسىيە سوتسىيالىزمىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۇلار ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەلەپلىرىنىمۇ ئىپادە قىلىشقا باشلىدى. 1905 -، 1906 - يىللىرى ئۇلار نوۋوگراد، سان - پېتېربۇرگ قاتارلىق شەھەرلەردە ئۈچ قېتىم ئىسلام قۇرۇلتىيى ئاچتى. ئۇلار قۇرۇلتايدا مەدەنىيەت،

---

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - نەشرى، 213 - بەت.

② گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 256 - بەت.

دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئەركىنلىك تەلەپلىرىدىن باشقا، يەنە سىيا-
سىي باراۋەرلىك قاراشلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشتى.
تاتارىستاندىن باشلانغان جەدىتىزم ھەرىكىتىنىڭ تېز راۋاجلىنى-
شىدا جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقان تاتار ئەدەبىياتى ناھايىتى چوڭ
رول ئوينىدى. بۇ ھەقتە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىم مۇنداق دەيدۇ:
«رۇس ۋە ئىسلام ئەللىرىدىكى دېموكراتىك پىكىر ئېقىملىرىنىڭ
تەسىرى بىلەن تاتار مەدەنىيىتىدە ئويغىنىش دەۋرى باشلىنىپ، يېڭى
زامان تاتار ئەدەبىي تىلى ۋە شۇ تىلدا يارىتىلغان تاتار ئەدەبىياتى
شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ جەھەتتە شىھابىددىن مارجانى، ئىبراھىم
ھەلەفىن، رىزا ھەزرەت، ئىسمائىل غاسپىرالى قاتارلىق تاتار مەرد-
پەتچىلىرى باشچىلىقىدىكى زىيالىيلار قاتلىمى ۋە ئۇلارنىڭ قازان،
ئۇفا، قىرىم شەھەرلىرىدە تەسىس قىلغان بىر قاتار مەتبۇئات ۋە
نەشرىيات مۇئەسسەسىلىرى چوڭ رول ئوينىدى. بولۇپمۇ 1905 ـ
يىلىدىكى بىرىنچى رۇس ئىنقىلابى بىلەن تۈركىيە مىللىي بۇرژۇئازد-
يىسىنىڭ سۇلتانلىق تۈزۈمگە قارشى ئىنقىلاب ھەرىكەتلىرى تاتار
يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.
مۇشۇنداق شارائىتتا مجىت غاپۇرى، فاتىخ ئەمىرخان، ئابدۇللا تو-
قاي، سەغىت رەمىيېۋ، غالىمجان ئىبراھىموف قاتارلىق بىر تۈركۈم
ئەدىب ۋە شائىرلار يېتىشىپ چىقىپ، يېڭى زامان تاتار ئەدەبىياتىنىڭ
تاكامۇللىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ چاغلاردىكى تاتار ئەدەبىياتى
رۇسىيە تاتارىستان دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
بىر مۇنچە خەلقلەر بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئەدەبىياتىغا تەسىر
كۆرسىتىشكە باشلىدى». [1] بولۇپمۇ تاتار ئەدەبىياتىدا ئابدۇللا توقاي-
نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبى-
ياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئالاھىدە گەۋدىلىكتۇر. بىز ئەسىرىمىز-

[1] ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، 212 ـ، 213 ـ بەتلەر.

نىڭ باشلىرىدا بۇرۇختۇم ھالەتتە تۇرغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا زىلزىلە بېغىشلىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىدىن ئابدۇللا توقاينىڭ مۇئەييەن تەسىرلىرىنى بايقىيالايمىز. جەدىتىزىم ئېقىمىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان ئابدۇللا توقاي (1886 — 1913) ئۆز شېئىرلىرىدا خەلقىنىڭ مىللىي ئويغىنىشىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان روھانىي ئۆلىمالار، قىزىلكۆز موللىلار ۋە ئوتقۇيرۇق ئىشانلارنى قاتتىق سۆكىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. چۈنكى جەدىتىزىم پىكىر ئېقىمى تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان XX ئەسىر ھارپىسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىشانچىلىق ۋە سوپىچىلىقنىڭ تەسىرى خېلى زور ئىدى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تېخىمۇ ئەۋج ئالغانىدى. ئۇلار ئىسلام ئىسلاھاتى ۋە يېڭى مائارىپقا چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچلۈك قىلاتتى، «قەدىمىيە» گۇرۇھىغا يان باساتتى، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارنى «دەھرى» ، «كالتە چاپان» دەيتتى. خۇددى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا يازغان «تارانچى تۈركلىرىنىڭ ھاياتى» ناملىق ماقالىسىدە ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك: «1905 - يىلدىن ئىلگىرى تارانچى دىيارىدا ئىشانلىق ئادەتتىن تاشقىرى شۆھرەت قازىنىپ، ھەممىلا يەردە ئالدىنقى رولغا ئۆتكەنىدى. ئۆزلىرىنى ئىشان دەپ ئاتىۋالغان ئاشۇ بىر توپ كىشىلەر ئۆز مەۋقەلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مازارلارنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى خۇدا بىلەن بەندە ئارىسىدىكى ۋاستە دەپ ئاتىغانىدى. ئۇلار يەنە ‹پىر پىرىغا يەتكۈزەر، پىر خۇداغا› دەپ تەلىم بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن تارانچى ئاكىلار پىر دەپ ھېسابلىغان ئىشانلارغا مەھكەم يېپىشقان، شۇنداقلا پىرلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇ ئالەمگە بارغاندا جەننەتكە كىرىش نېسىپ بولىدۇ، دەپ قارىغان. بۇنى كۆرگەن بىزنىڭ موللىلارمۇ جىم تۇرمىغان ھەمدە ئۆزلىرىنىمۇ ئىشان دەپ ئېلان قىلىشقان، شۇنىڭ بىلەن موللىلار بىلەن ئىشانلار ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش باشلانغان. بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا مۇرىت بولۇپ ئەگەشكەن ئادەملەر ھەر قاچان شەيخلىرى

ھەققىدە تۇرلۇك كارامەتلىك خەۋەرلەرنى ئىختىرا قىلىپ تۇرغان. شۇ چاغلاردا مازارلارغا بەك يىراق يەرلەردىن سەپەر ئازابىنى چېكىپ، قۇربانلىقلار ئېلىپ كېلىپ تاۋاپ قىلغۇچىلار بولغىنىغا ئوخشاش، ئىشانلارغا نەزىر ـ سەدىقە ئايرىپ، ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئالغۇچىلارمۇ كۆپ بولغان...»①

ھەممىگە ئايانكى، جەدىتىزىم دىنىي ئىسلاھاتچىلىق سۈپىتىدە ھەممىدىن ئاۋۋال ئىسلام ماھىيىتىگە يات بولغان خۇراپىي قاراشلارنى، غەيرىي ئادەت ـ يوسۇنلارنى ۋە تەركىيدۇنياچىلىق، ئىشانچىلىق ھادىسىلىرىنى كەسكىن رەت قىلاتتى. ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ساپلاشتۇرۇشنى، دەۋرلەشتۈرۈشنى ۋە ئىنسان قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. دەرۋەقە، بۇ قاراشلار ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى، بەلكى ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىدە كەسكىن پىكىر ئىنقىلابىنىڭ مەشئىلىنى ياقتى. ئۇ «ئىدىيىلەر تارىخىنى خۇددى سائەت ستىرېلكىسىنى سۈرگەندەك تۈپتۈغرا بىر ئەسىر ئىلگىرى سۈرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈل ئېزىلگەن تاتار خەلقىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ۋە دېموكراتىك ئۈمىدلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەم نۇرلۇق، ھەم يالقۇنلۇق شۇنداق مەشئەل پەيدا قىلدىكى، ئۇنىڭ نۇرى ماركسىزمغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دېموكراتىك ئاڭ ـ پىكىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنىڭ داۋاملىق ئويغىنىشىغا ئىلھام بېغىشلىدى»②. ئۇ «ئىشان» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

كۆزى يۇمغان، بويىنى پۈككەن، باشىدا چالما چورنالغان،
كەپەن چالما كىيىپ باشقا، ئىشان بولغان ئىمىش ھايۋان.
دوستلىرىم، قەرداشلىرىم، سىز موللىلارغا ئېيتىڭىز،
ئوقۇسۇن بۇ ئىككى قۇرنى مىنى كۆمگەچ قەبرەمە.

---

① نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف: «يورۇق ساھىللار»، 103 ـ بەت.
② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 356 ـ، 357 ـ بەتلەر.

دېمەك، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئابدۇللا توقاي مىللەتنىڭ ئويـ-
غىنىشىدىكى كەسكىن روھىي ئوپېراتسىيىچى ئىدى. ئۇ ئۆز ئىجادـ-
يەتلىرىدە باشتىن ـ ئاخىر مىللەت ۋۇجۇدىنى چىرماپ تۇرغان ناداد-
لىق، جاھالەت ۋە خۇراپاتلىققا قارشى قەلەم تەۋرىتىپ، ئاخىرقى
تىنىقلىرىدا بۇ زۇلمەت دۇنيانى پاكلىيالمىغانلىقىغا ھەسرەتلىنىدۇ:

بىتتى كۈچ، سۇندى قىلىچ، قايتمادى ئۆچ، شۇل بولدى ئىش،
كىرلەنىپ بىتتىم ئۆزۈم، دۇنيانى پاكلى ئالمادىم.

ئابدۇللا توقاينىڭ ئەسەرلىرى «يالغۇز قازاندىلا ئەمەس، ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى باشقا نەشر ـ ئەپكارلاردا قايتا ـ قايتا بېسىلىپ، بارغاند-
سېرى ئۆرلەۋاتقان ئىنقىلاب بورانلىرى بىلەن بىللە پەرۋاز قىلىپ،
ئوتتۇرا ئاسىيادا ئويغانغان دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىغا
قاتناشتى»①.

ئۇندىن باشقا، جەدىتىزم تەرەپدارلىرى نۇقتىلىق ھالدا تۈركىي
تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ تارىخىنى، سەلتەنەتلىك ئۆتمۈشىنى
ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى تەرغىب قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ
مىللىي ئېڭىنى ئويغىتىش، ئىززەت ـ غۇرۇرىنى كۈچەيتىش، روھىي
دۇنياسىدىكى چۈشكۈنلۈك داغلىرىنى يۇيۇش غايىلىرىنى ئەكس ئەتـ-
تۈردى. «شۇرا»، «تەرجۇمەن» مەجمۇئەلىرى تۈركىي خەلقلەر تارد-
خىغا دائىر مۇھىم تارىخىي قولىيازمىلارنى ئېلان قىلدى. تاتار ئالىمى
نوشىرۋان يائۇشوفنىڭ «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىللىق سانلى-
رىدا ئۇلاپ نەشر قىلدۇرغان «ئالتە شەھەر تارىخىدىن بىر پارچە»
ناملىق تارىخىي قولىيازما شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادد-
كى جەدىتىزم ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان
قازاق شائىرى ماغژان جۇماباي (1894 — ؟) ئۆزىنىڭ بىر شېئىرى-
دا، يىراق قەدىمكى تارىخنى ئەسلەپ مۇنداق يازدى: «. . . ئانا

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 357 ـ بەت.

دىيارىمىز قەدىمدە تۇران دەپ ئاتالغان. تۇراندا ئالپ تۇرك تۇغۇلۇپ
ئۆسكەن. تۇراننىڭ دېڭىز كەبى كۆللىرى بار. بۇنىڭ بىرى چايقىلىپ
تۇرغان ئارال دېڭىزى، يەنە بىرى مۇقەددەس ئىسسىق كۆلدۇر. كۆك
بۆرە تۇغقان ئەڭ دەسلەپكى تۇرك ئوغلانى بۇ كۆلنىڭ باغرىدا كۆز
ئاچقان. . . »①. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جەدىتىزىم تەرەپ-
دارلىرى ئۆز تەشەببۇسلىرىدا تارىخنى ئەسلىتىپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر
قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان سىر - ئەسرالارنى ئېچىشقا، ئۇنىڭدىن غۇرۇر
ۋە شىجائەت ئېلىپ، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى ھەققىدە كەسكىن ئويلى-
نىشقا چاقىرىق قىلدى. نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوفمۇ مىللەتنىڭ تارىخ
تۇيغۇسى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازدى: «مىللىي تارىخنى بىلىش مۇت-
لەق لازىمدۇر، لېكىن بۈگۈنگە قەدەر ئۇيغۇر ئۇدۇمىنىڭ مىللىي
تارىخى تەنقىق ئېتىلگەن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر تارىخىغا
دائىر مەلۇماتلار تارقاقتۇر، شۇنداق بولسىمۇ قاراپ يېتىشقا بولماي-
دۇ. باشقا خەلقلەر بىزنىڭ تارىخي ئەھۋاللىرىمىزنى بىلىش يولىدا
ئاللە شەھەر چۆللىرىنى كېزىپ، تۇرپان ۋە قۇمۇل خارابىلىرىنى
كولاپ، يەر تېگىدىن چىققان تاش، كېسەك ۋە باشقا يوچۇن بۇيۇملارنى
تېپىش ئارقىلىق تارىخي مەلۇماتلارنى يىغىپ پۈتكۈل ئالەمگە نەشر
قىلىپ تۇرغاندا، بىزنىڭكىلەرنىڭ ئۆتكەنلەر تەرىپىدىن نەشر ئېتىل-
گەن ۋە مەيدانغا كەلگەن مەلۇماتلارنى يىغقۇدەك ھىممەت ۋە غەيرەتلە-
رى بولمىسا، بۇنى ئۆزىمىزنىڭ ھورۇنلۇقىدىن كۆرسەك بو-
لىدۇ. . . »②

قىرىم ۋە قازاندا كۆتۈرۈلگەن جەدىتىزىم ھەرىكىتى ۋە مەدەنىيەت
ئويغىنىش دولقۇنى بىپايان قازاق داللىرىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن ئوتتۇرا
ئاسىيا بوستانلىقلىرىغا يېتىپ كەلدى. شۇنداق بولغاچقا، تاتار مەدەنى-

① ئا. زەكى ۋەلىدى توغان: «بۈگۈنكى تۇرك ئېلى ۋە ئۇنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى»، ئىستانبۇل، 1981 - يىل، تۈركچە نەشرى، I توم، 564 -، 565 - بەتلەر.

② نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف: «يورۇق ساھىللار»، 9 - بەت.

يەت ئۆيغىنىشى ۋە تاتار زىيالىيلىرىنىڭ قازاق خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئىسلاھاتىغا تەسىرى زور بولدى. خۇددى گاۋىن ھامبلىي ئېيتقاندەك: «قازاقلار ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئۇسۇلى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ھەمدە ئانچە مۇكەممەل بولمىغان ئىسلام ئادەتلىرى سەۋەبلىك ئاسانلا رۇس مەدەنىيىتىنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچرايتتى»①. XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، تاتارلارنىڭ مەدەنىيەت ئۇيغىنىشى ۋە ئىسلام ئىسلاھاتچىلىقىنىڭ تەسىرى بىلەن قازاق خەلقىدىمۇ ناھايىتى روشەن مىللىي ھېسسىيات خاھىشلىرى كۆرۈلدى. ئۇلار ئەمدىلىكتە مەلۇم قەبىلە ياكى «يۈز» نى ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن مىللەت مەنپە-ئەتىنى يېڭى كۆنتەرتىپكە قويۇشقا باشلىدى. قازاقلاردا كۆتۈرۈلگەن بۇ خىل مىللەتپەرۋەرلىك خاھىشلىرى رۇسلارنى قاتتىق خاتىرجەم-سىزلەندۈردى. رۇسىيە ھۆكۈمىتى XIX ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، تاتارلارنىڭ تەسىرىنى چەكلەش، قازاقلارنىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىن تاتار پېداگوگىكا ئىدىيىلىرىنى تازىلاش مەقسىتىدە بىر خىل يېڭىچە مائارىپ لايىھىسىنى يولغا قويدى، رۇس ـ قازاق مەكتەپلىرىنى قۇردى، تامامەن «غەربلەشكەن» مائارىپ تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى، بۇنىڭ بىلەن قازاقلاردا يېڭىچە زىيالىيلار قاتلىمى شەكىللەندى. ئۇلار بىردەك رۇسىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى قازاقلار-نىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن ئۈچ كىشىنى، يەنى رۇسىيە ئوفىتسېرى ۋە شەرقشۇ-ناس چوقان ۋەلىخانوف (1835 — 1865)، ئىبراھىم ئالتىنسارىن (1845 — 1889) ۋە مۇتەپەككۇر ئاباي قونانبايېۋ (1845 — 1904) لارنى كۆرسىتىشكە بولاتتى. ئۇلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا مىل-لەتپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرى تامامەن قازاقچە ئۇسلۇبتا راۋاجلاندى، شۇنداقلا تاتار ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىرىدىن چەتلەشتۈرۈلدى.

---

① گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 294 ـ، 268 ـ بەتلەر.

1879 ـ يىلدىن 1904 ـ يىلغىچە بولغان 25 يىل جەريانىدا، تاشـ
كەنت پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن 415 ئوقۇغۇچى ئىچىدە
يەرلىك ئوقۇغۇچىلار 65 نەپەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 11 نەپىرى
ئۆزبېك، تۈركمەن ۋە تاتار، قالغان 54 نەپىرى قازاق، قىرغىزلار
ئىدى[1]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رۇسلار ئىسلام ئەنئەنىـ
سى نىسبەتەن سۇسراق بولغان قازاق، قىرغىزلارنى رۇسچە مائارىپىـ
نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسىي ئوبيېكتى قىلغان.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە جەدىتىزم ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ كۆلەمدە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. 1901 ـ يىلى تاشكەنتتە تۇنجى ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپى قۇرۇلغاندىن باشلاپ 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئوتتۇا ئاسىيا رايونىدا يۈزدىن ئارتۇق «جەدىت» (يېڭىچە) مەكتەپلەر مەيدانغا كەلدى. يەرلىك گېزىتلەر چىقىرىلدى. گاۋىن هامبلىي مۇنداق دەپ تەكىتلەيدۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك خەلققە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇنقەرز بولۇش بىلەن زامانىۋىلىشىش ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتلىك تاللاش جەريانى مەۋجۇت ئىدى. زامانىۋىلىشىش ئۇلارنى سىرتقى كۈچلەرنىڭ مۇداخىلىسىگە نىسبەتەن تىركىشەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىسمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئەسلىدىكى بېكىك تۇرمۇش ئەنئەنىسىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۆزگەرتىپ تاشلايتتى. رۇسلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتالمىش مەدەنىيەت تارقىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق بۇ رايونغا بولغان ئاسسىمىلياتسىيىلەش مەقسىتىگە يېتەتتى. . . ئۆز دەۋرىدىكى باشقا مۇستەملىكىچى هاكىمىيەتلەرگە ئوخشاشلا، رۇسلار ئىنسانپەرۋەرلىك كوزىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان هۆكۈمرانلىقىنى ئاقلىغانىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۆزلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى بىر خىل مەدەنىيەت تارقىتىش بۇرچىنى ئادا قىلغانلىق ئىدى. لېكىن بۇ ۋىۋىسـ

---

[1] گاۋىن هامبلىي (ئامېرىكا) : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى» ، 295 ـ بەت.

كىنىڭ كەينىگە ئۇلار ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى مەنپەئەت قارىشى يوشۇرۇنغانىدى. . . »[1]

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھاياتىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتتى. 1920 - يىل 5 - ئايدا تاتارىستان سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى، 1921 - يىل 10 - ئايدا قىرىم سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەر قايسى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن، مىرسەئىد سۇلتانغالىيېۋ باشچىلىقىدىكى تاتار كوممۇنىستلىرىنىڭ تاتارىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ يۇكسەك ئاپتونومىيە گەۋدىسى قۇرۇش خىيالى چۇشكە ئايلاندى. قىرىمدا ئەھۋال تېخىمۇ باشقىچە بولدى. 1921 - يىلى قىرىم كوممۇنىستلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 5875 كىشىگە يەتكەن بولۇپ، تاتارلار ئاران 192 كىشى ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن زور تۈركۈمدىكى رۇس كۆچمەنلىرى قىرىمغا ئېقىپ كىردى. 1926 - يىلدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىدا، قىرىمنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 875 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، تاتارلار ئاران %23نى تەشكىل قىلغانىدى. 1928 - يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى «بۇرژۇئا مىللەتچىلىرىنى تازىلاش»، «سولتانغالىيېۋىزم»غا زەربە بېرىش دولقۇنى قوزغاپ، زور تۈركۈمدىكى تاتار زىيالىيلىرى ۋە كوممونىستلىرىنى تۇتقۇن قىلدى، ھەتتا قىرىم جۇمھۇرىيىتى خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەلى ئىبراھىموف قاتارلىق يۇقىرى قاتلام تاتار كوممۇنىستلىرىغىمۇ ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، قىرىم يېرىم ئارىلى گېرمانىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. 1944 - يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قىرىم يېرىم ئارىلىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پۈتكۈل

---

① گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 296 - ، 293 - بەتلەر.

تاتار خەلقىنى «ناتسىستلارغا سېتىلدى، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلدى» دېگەن بەدنام بىلەن قىرىم يېرىم ئارىلىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، سىبىر-رىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا سۈرگۈن قىلدى. شۇنداق قىلىپ، قىرىمدا تاتار مىللىتىنىڭ تارىخى پاجىئەلىك ھالدا ئاخىرلاشتى. شۇن-دىن باشلاپ سەرسانلىق قىسمىتىگە دۇچار بولغان بۇ مىللەت قايتا گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدى، ئانا ماكانى قىرىمغا قايتىش-قىمۇ رۇخسەت قىلىنمىدى①. ئۆز دەۋرىدە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئەڭ بالدۇر مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئېلىپ بارغان، جەدىتىزىم ھەرىكىتىنى قوزغىغان، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت - مائارىپىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن تاتار مىللىتى مۇشۇ ئەسىرىمىزدىمۇ زور بەختسىز-لىكلەرگە دۇچار بولدى.

تاتارىستاندىن باشلانغان جەدىتىزىم ھەرىكىتى XIX ئەسىرنىڭ ئا-خىرقى چارىكى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رايونىمىز شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئويغىنىشىغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەت-تى. بولۇپمۇ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان مەھەللىۋى مىللىي بۇرژۇئا-زىيە ۋەكىللىرى ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپى ۋە «ئۇسۇلى جەدىت» مەكتەپلىرىنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. 1885 - يىلى ئاتۇش ئىكساقتا مۇسابايلار جەمەتىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى يېڭىچە مەكتەپ «ھۇسەينىيە مەكتىپى» مەيدانغا كەلدى. شۇندىن باشلاپ ئاتۇش، تۇرپان، ئىلى، قەشقەر ۋە چۆچەك-لەردە كەينى - كەينىدىن يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، جەدىتىزىم روھى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىندى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تاتار زىيالىيلىد-رىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيەت -

① گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا) : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 264 - بەت.

مائارىپ ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىلىرىنى باشقا مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن تارتىپ تاكى 1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا تاتار زىيالىيلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپاندىكى مەشھۇر تەرەققىيپەرۋەر باي مەقسۇت مۇھىتى تۇنجى قېتىم تاتارىستاندىن تاتار زىيالىيلىرىنى تەكلىپ قىلغاندىن باشلاپ، تۇركۇم ـ تۇركۇم تاتار زىيالىيلىرى رايونىمىزغا كېلىپ، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئويغىنىشىغا خالىسانە كۈچ چىقاردى. ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا تۇنجى خانىم- قىزلار مەكتىپىنى بەرپا قىلغۇچى گۈلەندەم ئانا (1889 — 1947) شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ روھىي ئويغىنىشىدا جەدىتىزمنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور بولغانىدى. بۇ جەھەتتە بولۇپمۇ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ ئىسلام دۇنياسىغا تونۇلغان دىنىي ئۆلىما بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىللىتىمىزنىڭ ئۆزى ئۆزىنى تونۇشىنى، نادانلىق ۋە جاھالەتكە خاتىمە بېرىشىنى، ئېتىقادنى ساپلاشتۇرۇپ، قاتمال، غەيرىي ئادەتلەرنى تۈگىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى توغرا تونۇشىنى تەشەببۇس قىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇتۇشقا بىر قىسىم دۇنياۋى پەنلەرنى كىرگۈزۈش، ئۇسۇلى جەدىتنى يولغا قويۇش تەشەببۇسلىرى ئۆز دەۋرىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ «ئاقائىد زۆرۈرىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«— ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولماقىغا بائىس نېمەدۇر؟

— ئىككى نەرسىدۇر: بىرى جاھالەت ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.

— ئىززەت ـ ئابروي ۋە قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟
— ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ».

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ «نەسىھەتى ئاممە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ: «بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەگەكلىك زامانى، جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم- مەرىپەت دەۋرى؛ سۇسلۇق ۋە بىكار تەلەتلىك ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىش ۋاقتى. باشقا مىللەتلەر ئىلىم ـ مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ — ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق — يوقىلىش ۋە ئۆلۈمدىن دېرەك بېرىدۇ! ھېلىھەم ۋاقىت، پۇرسەت بار».

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئابدۇقادىر داموللام ئېغىر گەۋدىسىنى سۆرەپ XX ئەسىرگە كىرىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىگە يېڭى دەۋرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى بەرگەنىدى. لېكىن تارىم ئويمانلىقىدا يېڭى ئەسىرنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلغاندىن كېيىنمۇ مىللىتىمىز ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ غېرىبلىق ئۆزاققىچە تارقىمىدى. ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى تەۋپىق قاتارلىق مەرىپەت ۋەر ئوغلانلارنىڭ ئىسسىق قېنى ئارقىلىق 30 ـ يىللاردىكى بوران- چاپقۇنلۇق دەۋرگە كىرىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى بىر مەھەل ئاقار- تىش، ئويغىنىش دولقۇنى قوزغاپ غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆز ماھىيە- تىنى ئاشكارىلىشى بىلەن يەنە بىر قېتىملىق ئېغىر يوقىتىشلارنى بېشىدىن كەچۈردى.

ئاخىرىدا، شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، جەدىتىزىم يېقىنقى زامان- دىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە ئۆتۈش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىدىيە تارى-

خىدىكى بىر ئوبيېكتىپ ھادىسە، شۇڭا ئۇنىڭغا بىر ئىلغار پىكىر ئېقىمى ۋە ئىدىيە ئىنقىلابى سۈپىتىدە قارىشىمىز، توغرا باھا بېرىشى- مىز زۆرۈر. ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىمۇ بۇ ھەقتە مۇن- داق دەيدۇ: «جەدىتىزملىق دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىۋى ئېقىمىنى ماكان، زامان، شارائىت ۋە ئەمەلىيەتكە قاراپ، تارىخىي باسقۇچ ۋە ئۆزگىرىشلىرى بويىچە كونكرېت تەھلىل قىلىش لازىم. جەدىتىزملىق دىنىي ئىسلاھات ۋە مائارىپ تەشەببۇسلىرىنىڭ تارىخىي خىزمىتىنى ئىنكار قىلماسلىق كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى، فېئوداللىق ئوتتۇرا ئەسىرچىلىككە قارشى خەلقپەرۋەر ئىجتىمائىي ئىسلاھات، دىنىي ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى بىلەن تونۇلغان مەرىپەتپەرۋەر مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ تارىخىي تۆھ- پىلىرىنى ئادەتتىكى جەدىتىزم تەرەپدارلىرىدىن پەرقلەندۈرمەستىن، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ. بۇنداق تەنتەكلىك مارك- سىزمغا زىت ئىنكارچىلىق (نېگىلىزم) ئۇسۇلىدىن ئىبارەت»①.

دەرۋەقە، جەدىتىزم ھازىرقى زامان ئىدىيە ۋە پىكىر تارىخىمىز- دىكى يېڭى بۇرۇلۇشنىڭ پىلتىسى بولۇپ قالدى. شۇنداقلا بىر قانچە ئەسىرلەر مابەينىدە غېرىبلىق ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان مىللىتىمىز- نىڭ XX ئەسىر روھىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلى- نىشقا تۈرتكە بولدى.

**▲ XX ئەسىرگە ھالقىش ھارپىسىدا ئۇلاردا ئۆز كېلەچى- كىگە نىسبەتەن مۇكەممەل لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. ئۇ- زاق زامانلار غېرىبلىق ئازابىنى تارتقان بۇ مىللەت ھارغىن قەدەملىرىنى سۆرەپ رىقابەتكە، يېڭىلىققا ۋە ئەقلىي تەپەك- كۇرغا تولغان يېڭى دەۋرگە كىرىپ كەلدى. XX ئەسىر ئۇلار-**

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 365 ـ بەت.

نىڭ ئۆزىنى قايتا تېپىشىش يولىدا نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن بوران - چاپقۇنلۇق ئەسىرى بولۇپ قالدى.

پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، XX ئەسىر ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ئەسىر بولغانىدى. يەنە كېلىپ مۇشۇ ئۇلۇغۋارلىق كەينىگە ئىنسانلارنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى زامانىۋى غېرىبلىقىمۇ يوشۇرۇنغانىدى. ئىنسانىيەتنىڭ مۇشۇ ئەسىردىن بۇيانقى ئىجادىيەت روھى ۋە ئەقلىي ئىنقىلابى ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئىزدىنىشلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى نەچچە ئون ھەتتا نەچچە يۈز ھەسسە قاتلىۋەتكەنىدى. ئاتوم ئېنېرگىيىسى، ھاياتلىق ئىلمى تېخنىكىسى، ئىرسىيەت ۋە گېن تەتقىقاتى، ئۇچۇر ئىلمى ۋە ئېلېكترونلۇق مېڭە تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېڭى نەتىجىلەر ۋە پارتلاش خاراكتېرلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى. . . ئەمدى ئۇلار يۇكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان بىر مۇھىتتا تۇرۇپ ئۆزلىرى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا، سىرتقى دۇنيادىن ئىنساننىڭ ئىچكى مەنىۋى دۇنياسىغا يۈزلىنىشكە باشلىدى. شۇنداق، XX ئەسىر ئىنساننى قايتا تونۇش ئىراسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى!

سانائەتنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى، ئادەملەرنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نورمال تۇرمۇش رېتىمىنى زور دەرىجىدە جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇچۇر ۋە ئېلېكترونلۇق مېڭە تورى يەر شارىنى كىچىككىنە بىر كەنتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ماددىي ئېھتىياجلارغا تويۇنۇپ، ئېلېكتىر يالتىراقلىرى ئىچىدە بىر خىل زامانىۋى غېرىبلىقنى ھېس قىلىشقا باشلىغان ھازىرقى زامان كىشىلىرىدە ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن قېپقالغان تەبىئىي ئىنسانىي ماھىيەتنى قايتا تېپىشىش ئارزۇسى تۇغۇلدى.

XX ئەسىر ئەڭ زور ۋەقەلەرگە، ئەڭ كۈچلۈك ئىجادىيەت روھىغا ۋە ئەڭ چوڭقۇر ئازابقا تولغان بىر ئەسىر بولدى. . . مۇشۇ ئەسىردە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور بولغان ئىككى

قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى يۈز بەردى. دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئۆزاققىچە ئەسىر دائىرە تالىشىشى ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى داۋاملاشتى. ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشلىرى، شەرقىي ياۋروپادىكى داۋالغۇشلار ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى دۇنيا تارىخىنى مىللەتچىلىك، بۆلۈنۈش ۋە دىنىي توقۇنۇشلار بىلەن تولغان 90 ـ يىللارغا ئېلىپ كىردى.

ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ كۇنسايىن بۇزۇلۇشى، نوپۇسىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى، يادرو قوراللىرىنىڭ تەھدىتى هازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ۋەھىمىسىنى كۈچەيتىپ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت، ئىنسان بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى «ياتلىشىش» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسانلار ئۆزلىرى قۇرغان، گۈللەندۈرگەن ۋە ماددىي ئىختىرالار بىلەن تويۇندۇرغان يەر شارىدا ئۆزىنى غېرىب، مىسكىن ھەم كەمتۈك ھېس قىلىدىغان بولدى. مۇنداق زامانىۋى غېرىبلىق ئىنسانىيەت XX ئەسىرنىڭ ئەقىل زاكىسىغا تولۇق ئورالغان بىر پەيتتە، ئۇلارنى ئۆزى ھەققىدە ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ئويلىنىشقا ۋە قايتا پىكىر يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى.

شۇنداق، XX ئەسىر — ئىنسانىيەتنىڭ خۇشاللىقى ھەم ئازابلىرى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، رىقابەت ھەم ئىجادىيەت روھىغا تولغان، ئىنسان قىممىتى قايتا بايقالغان بىر ئەسىر بولدى.

XX ئەسىر — ئىنسانىي ھوقۇق كۈچلۈك تەكىتلەنگەن، شەخسىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ئەركىنلىكى قانۇنىي كاپالەتكە ئېرىشىشىنى ئىزلىگەن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى يېڭى كۈنتەرتىپكە قويۇلغان ئەسىر بولدى.

XX ئەسىر — ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزلىرىنى ھايۋانلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئېرىشكەن ئىلگىرىكى يۈزە ھالەتتىكى ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى بەربات بولغان، ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچى ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس ئىجادىيەت ئىقتىدارى بايقالغان، «ئادەم مەركەزچىلىك»

ئەسىرى بولدى. . .

خوش، بەش ئەسىرلىك تۇرغۇنلۇقتىن ۋۇجۇدى قۇرۇغان، بەل-لىرى مۈكچەيگەن، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي كېسەللىك باكتېرىيىلىرى چىرماشقان خەلقىمىزنىڭ بۇ قەدىمىي گەۋدىسى قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ قان - ياشلىق ئۆتمۈشىنى يېڭى ئەسىرگە ئۇلىدى؟ قانداق روھىي تەييارلىقى بىلەن ئادەم قىممىتى قايتا بايقالغان بۇ ئەسىرگە كىرىپ كەلدى؟ تەرەققىيات ۋە رىقابەتكە تولغان XX ئەسىردە نېمىلەرنى يوقىتىپ، نېمىلەرگە ئېرىشتى؟ ! . . .

دەرۋەقە، سوئاللار ساناقسىز، جاۋابلار ئازابلىق ئىدى.

بۇ يەردە چوڭقۇر سۆكۈتكە، قېلىن لاتقىغا ۋە پىنھان ئازابقا تولغان تارىم ئويمانلىقىدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكىدەك «ۋۇشۇي يىلىدىكى قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى» ئېلىپ بېرىلمىدى؛ ياپونىيىلىكلەردەك مېجى يېڭىلىقىدا كۆچۈش ئىسلاھاتى قوزغالمىدى؛ غەربىي ياۋروپادى-كى ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا مەيدانغا كەلگەن تېخنىكا ئىنقىلابى تېخىمۇ يۈز بەرمىدى. بۇ يەردە بىزنىڭ «بالىياتقۇ» غا ئوخشايدىغان ئانا دىيارىمىزدا جاھان ئۆزگىرىشلىرىدىن خالىي روھىي بۇرۇقتۇرمى-لۇق، ئەسلى ماھىيەتتىن چەتلىگەن ئەقىدە كىرىزىسى، سىياسىي سې-ھىرگەرلەرنىڭ سىرلىق ئەپسۇنلىرىدىن بىھۇشلانغان خامۇش كەيپىيات ھۆكۈم سۈردى. ئۆز كېلەچىكى ئۈستىدە قىلچىمۇ ئالدىن كۆرەرلىكى بولمىغان بۇ مىللەت پۈتۈن دۇنيـا جىددىـي ئۆزگىرىش ياسـاۋاتقـان XIX ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت-لىك دۇنيادىن قانچىلىك يىراقلىقتا قېپقالغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى.

ئۇلار يېڭى ئەسىرگە «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك نامى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەر قايسى بوستانلىقلارنى پاسىل قىلغان يۇرت ناملىرى بىلەن كىرىپ كەلدى. ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا ئۇلاردا ئۆز كېلەچىكىگە نىسبەتەن مۇكەممەل لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. ئۇزاق زامانلار غېرىبلىق ئازابىنى تارتقان بۇ مىللەت ھارغىن قەدەملىرىنى سۆرەپ

رىقابەتكە، يېڭىلىققا ۋە تەپەككۇر ئىنقىلابىغا تولغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. XX ئەسىر ئۆلارنىڭ ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىش يولىدا نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن بوران - چاپقۇنلۇق ئەسىرى بولۇپ قالدى...

جامالىددىن ئافغانىي ئىستانبۇلدا سۆزلىگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق نۇتقىدا ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن ئىسلاھات ۋە دەۋرگە ماسلىشىش ئارقىلىق پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىدە تولۇق روھىي ئېنېرگىيە هازىرلىشى ۋە ئويغاق سەزگۈدە تۇرۇپ يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشى ھەققىدە ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنىدى. ناھايىتى ئەپسۇس، جامالىددىن ئافغانىينىڭ ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭ مەكتۇبى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلھەمىد II تەرىپىدىن يىرتىپ تاشلاندى. پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدىكى روھىي چۈشكۈنلىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غېرىبلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتمۇەتتى.

گېگىل ئۆزىنىڭ «روھ ھادىسىشۇناسلىقى» ناملىق ئەسىرىدە، بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىز بىر يېڭى تارىخىي باسقۇچنى تۇغدىغان ئۆتكۈنچى دەۋردۇر. ئىنسانىنىڭ روھىيىتى ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھاياتى ۋە ئۇقۇملىرىدىن تۈزۈلگەن كونا دۇنيا بىلەن كەسكىن چەك-چېگرا ئايرىدى. ئىلگىرىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئۆتمۈش قەبرىگاھىغا دەپنە قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنى قايتا يارىتىشقا كىرىشتى، دەپ كۆرسىتىدۇ. بىراق، بۇ پىنھان ئويمانلىقىمىز ئۆزىنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىرلىك زۇلمەتلىك ئۆتمۈشىدىن ئۇنداق ئاسان قول ئۈزەلمىدى. چۈنكى ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرغۇنلۇق مىللەتنىڭ پىسخىك تىندۇرمىسىنى قېرىتىپ، روھىيەت قۇرۇلمىسىنى قېلىن لاتقىلار بىلەن كۆمۈپ تاشلىغانىدى. ئۇ بىر خىللىقتا، رايىشلىقتا ۋە جاھانىنىڭ رەپتارىغا كۆنۈككەنىدى. ئۆزىنى ئۆزى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيتتى، قوزغىتالمايتتى، ھەيدىيەلمەيتتى. ئۇنىڭغا قامچا كېرەك ئىدى. بىر زامانلاردا

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننى چېكىندۇرگەن، ساك ـ سوغدىلارنى ئۆزلەشتۈرگەن، چىڭگىزخان سەلتەنىتىگە مەنسۇپ ئوزۇق بېغىشلىغان بۇ خەلق ئەمدىلىكتە ئەخمەتشاھ قاراقاشىنىڭ شۇ ناملىق داستانىدىكى «يامان ئات» ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانىدى①. لۇشۈن ئەپەندى «نارا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قانداق بولدى» ناملىق ماقالىسىدا: ناھايىتى ئەپسۇس، جۇڭگونى ئۆزگەرتىش تولىمۇ مۈشكۈل بىر ئىش، بىر دانە ئۈستەلنى ئورنىدىن يۆتكەش ياكى بىر ئوچاقنى قايتا قۇراشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ قان تۆكۈشكە توغرا كېلىدۇ. بەلكى قان تۆكۈلگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ناتايىن، چوڭ بىر قامچا بىلەن ھەر ۋاقىت دۈمبىسىگە ئۇرۇپ تۇرمىسا، جۇڭگو ئۆزىنى ئۆزى قوزغىتىپ ماڭالمايدۇ، دەپ يازغانىدى. دەرۋەقە، لۇشۈن ئەپەندى ئۆز ئەسەرلىرىدە نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق بېكىنمە ھايات جەريانىدا پىسخىك تىندۇرمىسى قېرىغان، ئىچمايىللىق ئەندىزىسى تۇراقلاشقان، ھۆل، يېپىشاڭغۇ ۋە ئاسان غىدىقلانمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە جۇڭگولۇقلارنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئوپېراتسىيە قىلدى. ئۇ، روھىي غالىبىيەتچىلىككە ھېرىسمەن ئاQغا ئۆز تەقدىرىنىڭ چەمبىرىنى سىزدۇردى؛ ئىنقىلابقا قاتناشقان بىر كېسەلمەن ياشقا «دورا» ئىزدەپ، ئۆز مەسلەكدىشىنىڭ قېنىغا چىلانغان ھورنانىنى يېگۈزدى. سەۋدايىلىق كېسىلىگە دۇچار بولغانلارنىڭ خاتىرىسىنى يېزىپ چىقتى. . . لۇشۈن ئەپەندى ئۆز دەۋرىدە ھەتتا بىر مەزگىل ياشلارغا ئەڭ ياخشىسى جۇڭگونىڭ كىتابلىرىنى ئاز ئوقۇشنى ياكى پۈتۈنلەي ئوقۇماسلىقنى، چەت ئەلنىڭ كىتابلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغانىدى.② ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇزاق ۋاقىتلىق بېكىنمىچىلىك ۋە تۇرغۇنلۇقتىن ۋۇجۇدى تىنىپ كەتكەن كېسەلمەن گەۋدىنىڭ سىرتتىكى

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» — «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىللىق 5 ـ، 6 ـ (قوشما) سان.

② گاۋ يابياۋ قاتارلىقلار: «مىللىي روھنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا»، جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 255 ـ بەت.

مەيىن شامالدىن سەگىدەشكە بولغان تەلپۈنۈش پسىخىكىسى ئىدى. بۇنداق ئىستەك ئۆزاق مۇددەتلىك بۇرۇقتۇرملۇق نەتىجىسىدە هامان ئۆزىنى ئاشكارىلاشنى، سىرتتىكى رەڭگارەڭ دۇنيادىن بەھىر ئېلىشنى ئىزدەيتتى. بېكىنمىچىلىكتىن كېلىپ چىققان سىرتقا تەلپۈنۈش ئىس- تىكى ھەتتا بەزىدە مىللىي ئىنكارچىلىق ئەسەبىيلىكىگىمۇ ئېلىپ باراتتى. شۇڭا كۆپلىگەن تەھلىلچىلەر شەرقنىڭ جۇملىدىن جۇڭگو- نىڭ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئارقىدا قېلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى بېكىن- مىچىلىكتە، سانائەت ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلمىغانلىقىدا دەپ قارىدى. دېڭ شياۋپىڭ ئەپەندىمۇ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «جۇڭگونىڭ تارىختا ئۇزۇن مەزگىل بىر ئىزدا توختاپ قېلىشى ۋە قالاق ھالەتتە قېلىشىدى- كى بىر مۇھىم سەۋەب — بېكىنمىچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. تەجرى- بىلەر ئىسپاتلىدىكى، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەنىدى.

خەيرىيەت، تارىم ۋادىسىدىكى تۇرغۇنلۇق ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يېقىن قوشنىسى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەقدىرىگە تامامەن ئوخشىمىغان ھالدا، تاكى مۇشۇ ئەسىرىمىزنىڭ 30 - يىللى- رىدىكى بوران - چاپقۇنلۇق ئىنقىلابلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ئاقارتىش دولقۇنلىرىغىچە داۋاملاشتى. گەرچە XIX ئەسىرنىڭ ئاخىر- قى چارىكىدىن باشلاپ دىيارىمىزدا يېڭىدىن ئويغىنىۋاتقان مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە چوڭ سودىگەرلەر (جۇملىدىن ئاتۇشتىكى مۇسابايلار جەمەتى، تۇرپاندىكى مۇھىتىلار جەمەتى) نىڭ بىۋاسىتە كۈچ چىقىرى- شى بىلەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇنجى مەشئەللىرى يېقىلغان، ئابدۇقادىر داموللام ۋەكىللىكىدە جەدىتىزملىق پىكىر ئېقىمى تارقى- لىشقا باشلىغان، سودا ۋە ھەج سەپەرلىرى ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسى-

---

[1] دېڭ شياۋپىڭ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى، 50 - بەت.

دىكى تۇرلۇك يېڭىلىقلارنىڭ ئۇچۇرلىرى مەلۇم بولۇۋاتقان بولسىمۇ،
لېكىن پۇتكۇل مىللەت گەۋدىسىدە ھەقىقىي مەنىدىكى ھازىرقى زامان
ئويغىنىشى تولۇق شەكىللەنمىگەنىدى. دىيارىمىزنى ئۆزىنىڭ مەست
قىلغۇچى ئەپسۇنلىرى بىلەن تاكى 1928 - يىلغىچە غەپلەتتە تۇتۇپ
تۇرغان فېئودال مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن «تۇكنى يېتىشىغا سىيلاش»،
«ئىككى ئىتقا سۆڭەك تالاشتۇرۇش»، «قازاننى دۇم كۆمتۇرۇش»،
«دۇمبىسىنى پەپىلەپ تۇرۇپ قوۋۇرغىسىنى سۇغۇرۇۋېلىش»، «ئۆز
يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش»، «مائارىپنى بەرمەي بىخوتلۇقتا قالدۇ-
رۇش»، «سىرتقى دۇنيانىڭ يېڭىلىقلىرىنى قامال قىلىش» قاتارلىق
تۇرلۇك - تۇمەن ھىيلە - نەيرەڭلىرى ئارقىلىق ئىسمى جىسمىغا
لايىق «ئىستىغپار ھوجرىسى»غا ئايلاندۇردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە پۇت-
كۇل دۇنيا جىددىي ئۆزگىرىشلەر ياساۋاتقان XX ئەسىر بېشىدا تارىم
ئويمانلىقى گويا ئاسىيا قىتئەسىدىكى «غەپلەت ئارىلى»غا ئايلىنىپ
قالدى. ئابدۇقادىر داموللام ئۇلارنى بۇ غەپلەتتىن ئاگاھلاندۇرغانىدى،
لېكىن ئۇنىڭ ئېرىشكىنى مۇناپىقلارنىڭ زىيانكەشلىكى بولدى. ئابدۇ-
خالىق ئۇيغۇرنىڭ ياڭراق خىتابلىرى ئۇنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن
ھەممىنى سىغدۇرۇپ كەلگەن بۇ تۇپراققا سىڭىپ كەتتى. مەمتىلى
ئەپەندىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىلىرى كۆيۈپ كۇلگە ئايلاندى. ھەتتا مۇسا
جارۇللادەك بۈيۈك ئىسلام پەيلاسوپىمۇ 20 - يىللاردىكى قەشقەرنى
كۆرۈپ: «بۇ يەرگە ئىسلام دىنى كەينىچىلەپ كىرىپتۇ» دەپ
تاشلىدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيا تارىخىنىڭ
يېڭى دەۋرى ئېچىلدى. ئىچكى ئۆلكىلەردە شىنخەي ئىنقىلابى يۈز
بەردى، «4 - ماي» ھەرىكىتى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىدىئولوگىيىسىدە
تۈپتىن بۇرۇلۇش ياسىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى يېڭى بىر سىياسىي
نەزەرىيىۋى سىستېمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۇردى. دېموكراتىك ئىنقىلابلار
ۋە ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرى دۇنيا تارىخى-

نىڭ مۇقەررەر ئېقىمىغا ئايلاندى. . . لېكىن يېڭى ئەسىردىكى بۇ تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بىزنىڭ بۇ پىنھان دىيارىمىزغا نېمىلەرنى ئې-لىپ كېلەلىدى؟ قانداق ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلىدى؟ ھا-زىرقى زامان ئەدەبىياتىمىز راستىنلا بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئېيتقىنىدەك شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن مەيدانغا كەلگەنمۇ؟ ھازىرقى زامان ئېڭىمىز ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە «4 ـ ماي» ھەرىكى-تىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنمۇ! ؟ . . .

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، شىنخەي ئىنقىلابى جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىنىدا، «4 ـ ماي» ھەرىكىتى يېڭى بىر مەيدان پىكىر ئىنقىلابىنى ۋۇجۇدقا چىقارغىنىدا، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى «سەنمىنجۇيى» (ئۈچ مەسلەك) نى ئوتتۇرىغا قويغىنىدا، تەتۈرىسىچە ياڭ زېڭشىننىڭ ئۈرۈمچىدىكى سۈرلۈك قەسىرىدە تاكى شىڭ شىسەي تەختكە ئولتۇرغىچە بولغان دەۋرلەرگىچە سىرلىق سىياسىي ئەپسۇنلاردىن پۈتۈلگەن مۇنداق بىر نەزمە ئېسقلىق تۇرغانىدى:

جۇمھۇرىيەت تۈنجى رەت قىلدى ئىزھار مەرىپەت،
ئۈيات ئەمدى بەش خاقان، يەتتە بەگدەك دەۋرىمەك،
جۇڭيۋەندىكى غەۋغاغا پەرۋا قىلىش نە كېرەك؟
چېگرا دىيار بەئەينى باغى ئېرەم ھۆسنىدەك.
مۇسۇلماننى جەنۇبتىن شىمالغىچە بەنت قىلساڭ،
ئىپتىدائىي پۇقرالار ئاڭقاۋ بولسا ئەۋزەلرەك.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغى-چە شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە رودىپايدەك مىنىۋالغان بۇ مۇس-تەبىت ئەپسۇنچى سىرتقى دۇنيادىن كېلىدىغان ھەر قانداق ئۇچۇر ۋە يېڭىلىقلارنى قاتتىق قامال قىلىپ كەلگەنىدى. خۇددى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف ئېيتقاندەك، جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان بولسى-مۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارغا ھېچقانداق يېڭىلىق ئېلىپ كېلەلمىگەنىدى.

يەنە كېلىپ «يەرلىك خاقان» بولۇۋالغان فېئودال مۇستەبىتلەر بىخۇت-
لاشتۇرۇش، نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، دىيارى-
مىزدا تارىخنىڭ چاقىنى كەينىگە بۇراپ كەلگەنىدى. ياڭ زېڭشىن
جۇڭگونىڭ قەدىمكى پەيلاسوپى لاۋزىنىڭ «ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەلنى
ئىدارە قىلىش» تەلىماتىغا قاتتىق چوقۇناتتى. ئۇ «ئەلنى ئىدارە
قىلغۇچىلار ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئىدارە قىلىشى كېرەك. ئاۋام خەلقنى
مەڭگۈ باردى - كەلدى قىلدۇرماسلىق كېرەك»؛ «بىر ئادەم كۆز-
قۇلاقنى مەھكەم ئېتىۋالسا، كۆڭلىرى ئۆمۈر بويى تىنچلىقتا ئۆتىدۇ.
يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلسا، جاھان تىنچ
بولىدۇ. كۆز - قۇلاقنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ، گاس - قارىغۇ بولۇۋې-
لىش كېرەك»، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن «سىرتنىڭ ئازدۇرۇپ
كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، يات كۆچلەرنى توسۇپ قالغىلى بولى-
دۇ»① دەپ قارىغان. ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەل
باشقۇرۇش تەدبىرىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەنىدى: «كۆز - قۇلاقنى
ئېتىۋېلىپ، دۆلەت چېگرىسىنى پۇختا قىلىش، ئازراقمۇ يوچۇق قال-
دۇرماسلىق كېرەك. قوشنا دۆلەتلەر بىر - بىرىگە چېگرىداش بو-
لۇپ، توخۇلىرىنىڭ چىللاشلىرى، ئىتلىرىنىڭ قاۋاشلىرى بىر -
بىرىگە ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، ئادەملەر مەڭگۈ بېرىپ - كېلىش قىلمى-
سا، قوشنا دۆلەتلەر ئاندىن ئۆزئارا ئىناق، تىنچ ئۆتىدۇ. ئۆزئارا
باردى - كەلدى قىلىپ قالسا، ئوتتۇرىدا دەرھال رىقابەت پەيدا بولى-
دۇ. سىرت بىلەن ئالاقە بولمىسا، سىرتتىن بالايىئاپەتمۇ تەگمەيدۇ.
ئالاقە سۇيىقەستچىلەرگە يول ئاچىدۇ. ئۇلار خۇددى چاشقان سىپىلنى
تېشىپ كىرگىنىدەك، چۇمۇلە ئۇۋا كولىغىنىدەك، قۇمغا سۇ سىڭ-
گەندەك، ئۈيگە بوران كىرگەندەك شىنجاڭغا كىرىۋالىدۇ. ئەڭ ياخ-
شىسى، يوچۇق بولمىغان ياخشى. ئەگەر ئازراق يوچۇق بولسىلا،

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 13 - جىلد.

ئۇلار پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ كىرىۋالىدۇ. مانا بۇ ئىشىكنى تاقىۋېلىشتىكى سەۋەبلەردۇر»① لاۋزى، كۆڭزى قاتارلىق قەدىمكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىتابلىرىنى زىغىرلاپ ئوقۇپ، كالاللىسىغا شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالغىدەك ھىيلە ـ مىكىرلەر تولغان بۇ مەككار مۇستەبىت خەلقنىڭ بىلىملىك بولۇپ قېلىشىدىن ئۆلگىدەك قورقاتتى. ئۇ، قول ئاستىدىكى خەلقنىڭ رايىش، ئىتائەتچان، نادان، ئىخلاسمەن، ساددا، قارشىلىق تۇيغۇسى يوق، ئەل قاتارى جان بېقىشنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ مىزانى قىلىدىغان «ماڭقۇرت» بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ئوقۇملىرىنى ئۆچ كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر» ، «ئىستېغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر» ، «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن لاۋزى تەلىماتىنى ئوقۇش» قاتارلىق بىر يۈرۈش قولىيازما خاتىرىلىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «خەلقنى ئىدارە قىلىشنىڭ تەس بولۇشى، بىلىملىكلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن بولغان. ئەھلى خالايىقنىڭ بىلىم ئۆگىنەمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن. . . بىلىم ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلسا، دۆلەتكە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. خەلقنىڭ بىلىمى ئاشقانسېرى ئۇلار يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، يامان ئىشلارنى ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ۋەقە پەيدا قىلىپ، دۆلەتنى مالىماتاڭ قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. . . ھۈنەر ـ تېخنىكىسى بار ئادەملەردىن بىرى كۆپ بولسا، دۆلەتكە ئاپەت كەلتۈرىدىغان ئادەمدىن بىرى كۆپىيىدۇ. جاھاندىكى بىغەرەزلىكنى كۆپىنچە ئەقىللىق ئادەملەر قىلىدۇ. . . مەكتەپلەر ياخشى ئەمەس. ئوقۇغۇچىلارغا يامان تەلىماتلار ئارقىلىق پايدىسىز ئۇرۇقلارنى تارقىتىدۇ. شۇڭا، بارلىق مەكتەپلەرنى بىكار قىلىپ تاشلىماي بولمايدۇ. مەن ئادەم ئىشلىتىشتە نادان كىشىلەرنى ئىشلەتسەم ئىشلىتىمەنكى، ھەرگىزمۇ ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەرنى

① ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 19 ـ جىلد.

ئىشلەتمەيمەن. . . » . مانا بۇ مەدەنىيەتلىك دۇنيا دەپ قارالغان XX ئەسىرنىڭ بېشىدا دىيارىمىزغا 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر سىياسىي سېھىرگەرنىڭ بىخۇتلاشتۇرۇش تاكتىكىسى ئىدى!

بىر مىللەتنىڭ كلاسسىك دەۋردىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە ئۆتۈشىدە، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە مىللىي ئاڭنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشىدا شۇ مىللەتنىڭ ئىچكى پىسخىك جۇغلانمىسى ۋە تارىخىي شارائىتى بىلەن ھېسابلاشماي، باشقا بىر مىللەتنىڭ تارىخىي ئۆلچەملىرىنى مىزان قىلىش — ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى سىرتقى تەسىر (ناۋادا راستىنلا تەسىر كۆرسەتتى دېيىلسە) ھامان ئىچكى ئېنېرگىيە ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. دەرۋەقە، ئورتاق سىياسىي گەۋدە ئىچىدە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرنىڭ ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ تارىخىي ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىشى ئوبيېكتىپ ھادىسە، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىي ئۇنۇمى ھامان تەكشىسىز بولىدۇ. بىر خەلقنىڭ تارىخىي تەقدىرىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋەقەنىڭ يەنە بىر خەلقنىڭ تەقدىرىنىمۇ بەلگىلەپ قويۇشى ناتايىن.

ئەگەردە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن شەكىللەندى دېيىلسە، ئۇنداقتا خۇددى ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان قايسى بىر ئەدىبىمىز تەجەللىدىن كېيىنكى ئەدەبىياتىمىزدا ئىلگىرىكى قەلەمكەشلىرىمىزدىن ھالقىغان ياكى پەرقلەنگەن تەپەككۇر يېڭىلىقىنى ياكى ھېكمەت دۇردانىسىنى ئوتتۇرىغا قويالىدى؟ ھەقىقىي مەنىدىكى ھازىرقى زامان ئېڭىنى ئىپادە قىلغان قايسى بىر ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلىدى؟ «شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن» تۆمۈر خەلپە قانداقلارچە بىر چالا مۇسۇلماننىڭ «قۇرئان كەرىم» تۇتۇپ قىلغان قەسەمىگە ئىشىنىپ، ئۆز ئايىغى بىلەن ياڭ زېڭشىننىڭ قاپقىنىغا دەسسىدى؟ ئاتالمىش «گېلاۋخويچىلارنىڭ ئىن-

قىلالبي ئىدىيىلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن، لېنىننىڭ مۇبارەك نامىنى ئاڭلىغان» سېپىت نوچى نېمە ئۈچۈن قەشقەر دوتيىي ماشاۋۇغا ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئۆزى ئاپىرىپ بەردى، يەنە نېمە ئۈچۈن بىكاردىن بىكار ئۆلۈشكە رازى بولدى، ئۇنىڭ «گېلاۋ خۇيچىلار» دىن ئۆگەنگەن ئىنقىلاب ئېڭى نەگە كەتتى! ؟ . . .

شۇنداق، ياڭ زېڭشىننىڭ سىرلىق سېھىرىي ئەپسۇنلىرىدىن قۇ- رۇلغان هاكىممۇتلەق قورغانلىرى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىرلىك جاهالەتلىك تارىخىدىن قېپقالغان روھىي توساقلىرى يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىنى بۇ يەرگە يېقىن كەلتۈرمىدى. ئۇلار شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ خەۋىرىنى، «4 ـ ماي» ھەرىكىتىنىڭ دولقۇنلىرىنى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ توپ ئاۋازلىرىنى قاتمۇ ـ قات توساقلار ئىچىدە تۇرۇپ يىراقتىن ئاڭلىدى، خالاس. ئۆزىنىڭ مىللەت نامىنىمۇ ئۇنتۇ- غان هالدا يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كەلگەن بۇ خەلقنىڭ ئېتنىك نامى مەسىلىسى پەقەت 1924 ـ يىلىغا كەلگەندە تاشكەنتتە چاقىرىلغان سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىدا ئاندىن رەسمىي كۆتتەر- تىپكە قويۇلدى. شۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ كەس- كىنلىك بىلەن: «تارانچىلار، قەشقەرلىكلەر ۋە ئالتە شەھەرلىكلەر قاتارلىق تۇرلۇك ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەن كىشىلەر ئەمەلىيەتتە بىرلا خەلق، يەنى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇندىن كېيىن ھەممىسى بىر- دەك مىللەتنىڭ ئومۇمىي نامى بولغان ‹ئۇيغۇر› ئاتالغۇسىنى قوللى- نىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ، «ئۇيغۇر» نامى بىر قانچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. رايو- نىمىزدا بولسا، 1933 ـ يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن «ئۇيغۇر» نامى رەسمىي بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، خەنزۇچىدىكى «خۇيخۇي» (回回)، «خۇيمىن» (回民)، «مۇسۇلمان» (穆斯林)، «چەنتۇ» (缠头)، قاتار- لىق ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا «ئۇيغۇر» (维吾尔) دېگەن نام رەسمىي بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

1931 ـ يىلى پارتلىغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پۈتكۈل شىنجاڭدىكى داغدۇغىلىق خەلق ئىنقىلابلىرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچ. تى. تارىم ئويمانلىقىدا ئۇزاققىچە داۋاملاشقان تۇرغۇنلۇق ئاخىرى بۇزۇپ تاشلاندى. جىددىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلىپ، تېزراق تەختـ كە ئولتۇرۇش كويىدا قالغان شېڭ شىسەي، خۇددى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىم ئېيتقاندەك «ستالىنىدەك ئەربابنىڭ كۆزلىرىنىمۇ قا. ماشتۇرۇۋېتىدىغان زەر تون» نى كىيىپ، ماركسىزمچى سۈپىتىدە مەيـ دانغا چىقتى ۋە ستالىننى راستىنلا تەسىرلەندۈردى. شېڭ شىسەي سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇسـ تەھكەملىۋالدى ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزىنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى كۆز ـ كۆز قىلدى. پۈتكۈل شىنجاڭدا داغدۇغىلىق ئاقارتىش. ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى قانات يايدى. تۇنجى قېتىم ھۆكۈمەت تەرىپى. دىن ئەۋەتىلگەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلىرىدە بىر قانچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئوقۇپ كىردى. ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى، مەتبەئە ـ نەشرىياتچىلىقى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ۋە باشقا ساھەلەردە زور تەرەققىياتلار مەيدانغا كېلىپ، دەسلەپكى زىيالىيلار قوشۇنى شە. كىللەندى. مەلۇم مەنىدە بوران ـ چاپقۇنلۇق 30 ـ يىللارنى خەلقە. مىزدە پۈتكۈل مىللەت سۈپىتى بىلەن ھازىرقى زامان ئېڭى رەسمىي ئويغانغان ۋە شەكىللەنگەن دەۋر دېيىشكە بولاتتى.

تارىمدىكى 500 يىلغا يېقىن ۋاقىت داۋاملاشقان تۇرغۇنلۇق دەۋ. رى ئاخىرى بۇزۇپ تاشلاندى. ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتى بىلەن تۇنجى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق كىرگەن ھازىرقى زامان ئىدىئولوگىيىلىرى، ئىلىم ـ پەنى ۋە مەدەنىيەتلىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا، سوۋېت ئىتتىپاقى تىكلەپ بەرگەن مەدەنىيەت ئەندى. زىسىگە تاكى 60 ـ يىللاردا جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەنگە

قەدەر سەۋدايىلارچە چوقۇنۇپ كەلدى. شىبەك شىسەي ئۇستىدىكى زەر تونىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن، بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا يەنە بىر قېتىملىق چوڭ بالا - قازا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. لېكىن، شىبەك شىسەينىڭ قانلىق قىلىچى ئۇلارنى ئاللىقاچان «يورۇقلۇقنى كۆرگەن ئېلىپكىتىر چىرىغىدىن قارا چىراققا قايتۇرالمىدى»①. ئۇزاققىچە بۇرۇختۇم مۇھىتتا ئۆزىنى ئوڭشىيال-ماي كەلگەن بۇ مىللەت مۇشۇ ئەسىرنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق يىللىرىدا غايەت زور بەدەللەرنى تۆلەشكە مەجبۇر بولدى.

30 - يىللاردىن تاكى 60 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغان مەدەنىيەت ئەندىزىسى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى بىر دەۋرلىك فورمۇلىنى ھاسىل قىلدى. مۇشۇ بىر ئەسىر مابەينىدە نېمىلەرنى يوقىتىپ، نېمىلەرگە ئېرىشكەنلىكىمىز ھەققىدە تېخىچە تولۇق ئويلانمىدۇق. بىزنىڭ ھېس قىلىشىمىزچە، ئېرىشكەنلىرىمىز كۆپ، يوقاتقانلىرى-مىز ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە، يوقىتىش — قايتا ئېرىشىشنىڭ مۇقەررەر باسقۇچى. لېكىن ئارتۇقى بىلەن يوقىتىش مىللەتنى گاڭگىراش، ئۆزىنى دەپسىيەلمەسلىك قىسمىتىگە دۇچار قىلىدۇ. مۇشۇ بىر ئەسىر داۋامىدا قانچە قېتىملاپ يېزىق ئالماشتۇر-غانلىقىمىز، تىلىمىزغا قانچىلىغان تىللاردىن قانچىلىغان ئاتالغۇلارنى ئېلىپ كىرگەنلىكىمىز، قانچە نۆۋەت «ئىزىم» يۆتكىگەنلىكىمىز كە-شىنى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. قىسقىسى، XX ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسىدا ئەڭ كۆپ داۋالغۇش بولغان بىر دەۋر بولدى. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» گاڭگىرىغان روھىيىتىمىزدە يەنە بىر قېتىم بۆھران پەيدا قىلدى. سىرتقا بولغان تەلپۈنۈشىمىز تېخى تولۇق قانائەت ھاسىل قىلماي

① «ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر»، II كىتاب.

تۇرۇپلا ئىشىكلەر ئېتىلىپ قالدى. 30 يىللاپ ئەقىدە قىلغان سوۋېتچە مەدەنىيەت ئەندىزىسى «خاتا ئېتىقاد» بولۇپ چىقتى. ئون يىللىق مالىمانچىلىق ئاخىرلىشىپ، 80 - يىللارنىڭ دولقۇنى يېتىپ كەلگەندە، قۇرىغان، قاغجىرىغان ۋە ئۇسسىغان لەۋلىرىمىز بىلەن تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرى ئارقىلىق چايقىلىپ كەلگەن غەرب مەدەنىيىتىگە ئەسەبىيلەرچە مەپتۇن بولدۇق. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى: «30 — 40 - يىللاردىن كېيىنكى زامانلاردا سوۋېت روسىيىسى ئارقىلىق ئۆزگەرتىلگەن شەكىلدە بىزگە يېتىپ كەلگەن يېڭىچە پەن - مائارىپ بىلەن تونۇشتۇق. بۇ ياخشى باشلىنىش بىر مۇرىسى يوق كاپىتاندەك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىمىز ۋە مەدەنىيەت تىپىمىزنى دىققەت - ئېتىباردىن چەتلەشتۈرۈپ قويدى. بارا - بارا بىز شەرقنى، ئۆز مەدەنىيەت تىپىمىزنى، ئۆز ئەنئەنە - يىلتىزىمىزنى ئۇنتۇپ، غەربنىڭ شەرقتىكى قوشۇمچىسىغا ئوخشاپراق قالدۇق! يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش بىلەن سوۋېت روسىيىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئوكيان ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆلكىلەر ئارقىلىق چايقىلىپ كەلگەن غەرب مەدەنىيىتىگە دۇچ كەلدۇق. نەتىجىدە گاڭگىراشتىن توختىماي تۇرۇپلا يەنە گاڭگىراشقا كىرىشتۇق...»①. قىسقىسى بىز ئەنئەنە بىلەن قوبۇل قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋاپىق مۇۋازىنەتنى ئىزچىل ساقلىيالماي كەلدۇق. نەتىجىدە مەدەنىيەت پسىخىكىمىزدا ئۇ قۇتۇپتىن بۇ قۇتۇپقا ئېغىش، ئاسانلا قىيداش ئامىللىرى پەيدا بولدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە تەسلىم بولغان ياپونىيە، ئۇرۇش خارابىلىرى ئىچىدىن قانداقلارچە ئۆرە تۇرۇپ «Sayonara، ئاسىيا!» (خەير - خوش، ئاسىيا!) دېگىنىچە شەرقنى

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» — «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1995 - يىللىق 5 -، 6 - (قوشما) سان.

تاشلاپ كېتىپ قالدى؟ ياپونىيە تەسلىم بولۇپ 10 كۈندىن كېيىن، توكيودىكى بىر كۈندىلىك گېزىتكە مۇنداق مۇراجىئەتنامە بېسىلغاندى: «ھەربىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتنى ياپون مىللىتى ئۆزىنىڭ بىر بۆرۈلۈش نۇقتىسى سۈپىتىدە قارىشى ھەم ئۆز رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك... ياپون خەلقى ھەقىقىي يوسۇندا دۇنياغا يۈزلىنىش، ئۆز ئۆتمۈشىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئوبيېكتىپ تونۇش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ئىبارەت مۇنداق مىسلىسىز قۇربان بېرىشنى ئېتىراپ قىلىشى زۆرۈر. بۈگۈنگە قەدەر ياپونىيىلىكلەرنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىدىكى بارلىق نامۇۋاپىق تەرەپلەرنى دادىللىق بىلەن تەھلىل قىلىشىمىز، ئۇرۇش مەغلۇبىيىتىنى رەھىمسىز رېئاللىق سۈپىتىدە روھنى قايتا ئۇرغۇتۇشنىڭ ساۋىقى قىلىشىمىز لازىم. لېكىن شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ياپون خەلقى ئۆز ئەتىسىگە ئىشەننىشى كېرەك!...». دەرۋەقە، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيە تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۆز كېلەچىكى ئۈچۈن جاپالىق ئىزدەندى... غەرب مەدەنىيىتىگە قارىغۇلارچە چوقۇنماي، ئۇنى ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ھەزىمى كۆتۈرەلەيدىغان مۇۋاپىق نۇقتىدا قوبۇل قىلدى ۋە ئۆزلەشتۈردى. ياپونىيىنىڭ تەرەققىيات سىرىنى ئۇزۇن مەزگىل تەتقىق قىلغان ئامېرىكا ئالىمى روبېرت كرستوف «ياپون روھى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ياپونىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم بايلىقى نېمە دېگەندە، ئۇنىڭ جىددىي ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان خەلقئارا مۇھىتقا قانداق ماسلاشقانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى يوقىتىپ قويمىغانلىقىدۇر. ئەگەردە 2050 ـ يىلى دۇنيادىكى قايسى دۆلەت ئۆزىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات ئۇسۇلى جەھەتتىن ھازىرقى ئاھالىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ دېيىلسە، باغلىشىمىزكى، ئۇ دۆلەت — ياپونىيىدۇر».

XX ئەسىر ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن XXI ئەسىرنىڭ پەردىسى كۆتۈرۈلىدۇ. خوش، بىز يەنە بىر

يېڭى ئەسىرگە — ئۈچىنچى ئىراغا قانداق روھىي تەييارلىقىمىز بىلەن كىرىمىز؟ ئۆز دەۋرىدە ئامېرىكىنىڭ تۇنجى زۇڭتۇڭى جورجى ۋاشىنگتون يېڭىدىن لايىھىلەنگەن ئامېرىكا دوللىرىنىڭ كەينىگە «Novus Ordo Sedorum» (دۇنيا ۋە تارىخ بىزنىڭ بۇ يەردىن باشلىنىدۇ) دېگەن خەتنى بېسىشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ دەل ئۆز تارىخىنى يېڭى دەۋرگە ئېلىپ كىرگەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆز كېلەچىكىگە بولغان چوڭقۇر ئىشەنچى ئىدى.

دەرھەقىقەت، XX ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىكىدە «غەربنى مەركەز» قىلىپ كەلگەن دۇنيا تارىخى ئۆز مۇۋازىنىتىدە شەرقنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. سانائەتلىشىشنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن غەرب دۇنياسىنىڭ ئېنېرگىيە ۋە خام ئەشياغا بولغان ئېھتىياجى شەرقنىڭ مۇھىملىقىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرىغا كۆتۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزاققىچە بېكىنمىچىلىك تەسىرىدە غەربتىن ئۆگىنىشنى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ مىزانى قىلىپ كەلگەن شەرق خەلقلىرى بىر مەزگىللىك ئەسەبىي قىزغىنلىق ۋە قارىغۇلارچە چوقۇنۇشتىن كېيىن، ئۆزىنى دەڭسىۋېلىش، تەڭشەش، تەدرىجىي تەمكىنلىشىش دەۋرىگە كىردى. ئۇلار ئەمدى باشقىلار تىكلەپ بەرگەن «پەرەڭچە ئەندىزە» گە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە دەۋر ئېقىمى بىلەن ماسلاشقان، مىللىي مەدەنىيەت ئۇدۇمىنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھەم مىللىي، ھەم دۇنياۋى ئەندىزىسىنى قۇرۇشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئېتىراپ قىلىش زۆرۈركى، بىزنىڭ مۇشۇ ئەسىر مابەينىدە، بولۇپمۇ 80 - يىللاردىن كېيىنكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنلىرىدا ئېرىشكەن تەپەككۇر يېڭىلىقلىرىمىز ئاخىرقى ھېسابتا بېكىنمە روھىيىتىمىزنى بۇزۇپ تاشلىدى، تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن تەرجىمە ئارقىلىق كىرگەن ۋاستىلىك ئۇچۇرلار بىلەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادىن تەرجىمىسىز كىرىۋاتقان بىۋاستە

ئۇچۇرلار ئەمدىلىكتە بالىياتقۇ شەكلىدىكى دىيارىمىزنىڭ «ئەسھابۇل كەھف» تىكى بىر قانچە ئەسىرلىك ئۇيقۇسىغا خاتىمە بەردى. خۇددى يېقىنقى زاماندا تاشلاندۇق رايونغا ئايلىنىپ قالغان ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۆزىدىكى مول نېفىت زاپىسى بىلەن دۇنيانىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغىنىدەك، ئۆز ۋۇجۇدىغا چەكسىز ئېنېرگىيە مەنبەسىنى يوشۇرۇپ ياتقان تارىم ئويمانلىقىمۇ يېڭى ئىرانىڭ ئېنېرگىيە بۇلىقى بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر! ئەشىكىنىڭ بىردىنلا ئېچىلىشى بىلەن كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ ئەسەبىي قىزغىنلىقى بىلەن سىرتقا ئىنتىلگەن ۋە چوقۇنغان مىللىتىمىز 80 - يىللارنى ئاخىرلاشتۇرۇپ 90 - يىللارغا كەلگىنىدە ئۆزىنى خېلىلا تۇختىتىۋالدى ۋە سوغۇققانلىق بىلەن ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە ۋە ئۆز روھىيىتىمىزگە قارىتا بىرقەدەر ئەستايىدىل ھالدا قايتا ئويلىنىشنى باشلىدى! شۇنداق، بۇ بىزنىڭ ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا ئېرىشكەن ئەڭ زور ۋەسىقىمىز، مەھرۇلۇق ئىچىدە ئېرىشكەن تەپەككۇرىمىز ئارقىلىق ئۇچىنچى ئىرانىڭ پەردىسىنى كۆتۈرىدىغان قايتا ئويلىنىشىمىز ئىدى.

# تۇران بىلەن ئىراننىڭ دىئالوگى

## — تۈركىي ۋە پارس تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىگە بىر نەزەر

### مۇقەددىمە

بىز تارىختا قانچىلىك چوڭقۇر ئىچكىرىلەپ كىرسەك، كېلىپ چىقىشى بىر بولغان خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ شۇنچە كۆپ يوقىلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.①

— ف. ئېنگېلس

شەرقنىڭ ئۇنتۇلۇشى كىشىنى قانچىلىك ئەپسۇسلاندۇرسا، ئۇنىڭ قايتا بايقىلىشى كىشىنى شۇنچىلىك ھاياجانغا سالىدۇ. قەدىمكى يۇنان - رىم دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن تارتىپ تاكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىش دەۋرىگىچە بولغان تەخمىنەن مىڭ يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ئوتتۇرا ئەسىر مۇھىتىدا ياۋروپا ئىزچىل ھالدا تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. ۋەھالەنكى، بۇ ئۇزاق دەۋردە شەرقتىكى چۆل ۋە بوستانلىقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن زونىلاردا — تارىم، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى، ماۋارائۇننەھر، خۇراسان، ئىران، مىسسوپوتامىيە، ئەرەب ساھىللىرى ۋە مۇنبەت ھىلال ئاي رايونلىرىدا②قەدىمكى دۇنيانىڭ ئەڭ پارلاق مەدەنىيەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. غەربتە ۋىزانتىيەدىن

① «ماركس - ئېنگېلس سەنئەت ھەققىدە»، موسكۋا، رۇسچە نەشرى، I توم، 312 - بەت.

② مۇنبەت ھىلال ئاي رايونى: پارس قولتۇقىدىن مىسسوپوتامىيە ۋادىسىنى بويلاپ غەربىي شىمالغا سوزۇلغان ۋە ئوتتۇرا دېڭىز قىرغىقىدىن تاكى سىناي يېرىم ئارىلى ئارقىلىق مىسىرغا تۇتاشقان ھىلال ئاي شەكلىدىكى مۇنبەت جۇغراپىيىلىك زوننى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە دۇنياغا مەشھۇر بولغان قەدىمكى سومېر - بابىل، ئىبراي (يەھۇدىي) ۋە مىسىر مەدەنىيەتلىرى مەيدانغا كەلگەن.

تارتىپ شەرقتە تاكى جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگىچە سوزۇلغان «يە-
پەك يولى» نىڭ ئۇزاق لىنىيىسىدە قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ
غول ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت مەركەزلىرى ۋە تۈگۈنلە-
رى بەرپا بولدى. چاڭئەن (هازىرقى شىئەن)، تۇرپان - قەشقەر،
بۇخارا، سەمەرقەنت، دېهلى، هىرات، باغدات، دەمەشق، ئىسكەندە-
رىيە ۋە كورادوۋا قاتارلىق مەشهۇر شەهەرلەر ئۆز دەۋرىدىكى شەرق
مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجلىرىغا ئايلاندى. ئەپسۇس، ياۋروپانىڭ ئويغى-
نىشى پۈتكۈل مەشرىقنى، جۈملىدىن مۇسۇلمان شەرقىنى تاشلاندۇق
ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. پار ماشىنىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە
يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى شەرقنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ئالەمشۇ-
مۇل ئىمتىيازىنى يوقاتتى. مەدەنىيەت مەركەزلىرى تەدرىجىي هالدا
شەرقتىن غەربكە يۆتكەلدى. تاڭ تەيزۇڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن، خەلىپە
هارۇن رەشىد① دەۋرىدىكى باغدات، ئەمىر تېمۇر② دەۋرىدىكى سەمەر-
قەنت، سۇلتان سۇلايمان③ دەۋرىدىكى ئىستانبۇل (كونستانتىنوپول)
قاتارلىق شەرقتىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى XV — XVI ئەسىرلەرگە
كەلگەندە ۋېنىتسىيە ۋە مادرىدقا، XVII — XVIII ئەسىرلەردە لوندون
ۋە پارىژغا، XIX — XX ئەسىردە نيۇ - يوركقا ئورۇن بەردى.
دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ سىرلىق پەردىسى كۆتۈرۈلۈپ، يېڭى
دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگەندە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت
مۇساپىسى تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە شەرقنىڭ

---

① خەلىپە هارۇن رەشىد (مىلادىيە 786 - يىلدىن 809 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 5 - خەلىپىسى، خەلىپە هارۇن رەشىد دەۋرىدە ئەرەب ئىمپېرىيە-سى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەهەتلەردە مىسلىسىز گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن، پايتەخت باغدات ئەڭ مەشهۇر شەهەرگە ئايلانغان.

② ئەمىر تېمۇر (1333 — 1405): يەنە ئاقساق تېمۇر دېگەن نامى بىلەنمۇ مەشهۇر. ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. هەتتا كىچىك ئاسىياغى-چە باستۇرۇپ، بېرىپ ئوسمان تۈركلىرى بىلەن تىركەشكەن. شۇ دەۋردە سەمەرقەنت ئىمپې-رىيىنىڭ پايتەختى سۈپىتىدە مەشهۇر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان.

③ سۇلتان سۇلايمان I (1520 - يىلدىن 1566 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان): ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى سۇلتانى. بۇ دەۋردە ئىستانبۇل ياۋروپا - ئاسىيا پاسىلىدىكى ئەڭ مەشهۇر سىياسىي مەركەزگە ئايلانغان.

دۇنيا تارىخىدىكى ئورنى كۇنسايىن غۇۋالاشتى. . . قىسقىسى يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ياۋروپا ساھىللىرى بىلەن يېڭى قۇرۇقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ مەۋجلىرىدە دەۋر قىلدى. شۇندىن بۇيان، «غەرب مەركىزىچىلىك تەلىماتى» (Euro—centimentalism) ئىلىم - پەن دۇنياسىنىڭ باش مېلودىيىسىگە ئايلاندى. ئەرەب - پارس، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندى ۋە جۇڭگو مەدەنىيەتلىرى، يېڭىدىن گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋروپالىقلار ئۈچۈن چەكسىز يىراقتا قالغان غۇۋا چۈش بولۇپ قالدى. شۇڭا ئامېرىكا تارىخچىسى فىلىپ. ك. ھىتتى بۇ ھەقتە ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ (غەربلىكلەرنىڭ - ئا) شىمالىي قۇتۇپ ۋە ئانتراكتىدا قىتئەسىگە بولغان چۈشەنچىمىز ئەرەب رايونلىرىغا بولغان چۈشەنچىمىزدىن كۆپ دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى. . . »① . كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئوتتۇرا ئەسىر شەرق دۇنياسىدا ئاجايىپ مەدەنىيەت گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ئەرەبلەرنىڭ تارىخىي زىلزىلىسى يېقىنقى زامان سانائەت دەۋرىدىن كېيىن، ئەرەب چۆللۈكلىرىنىڭ سىرلىق سۈكۇناتىغا دەپنە قىلىنىۋېتىلگەندى.

دەرۋەقە، ئۇزاق تارىخ ئۆتۈپ كەتتى، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە تالاي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى نەتىجىسىدە شەرقلىقلەر ئۆز - ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان شەرق خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى، مەنىۋى ئويغىنىش تەشەببۇسلىرى، دىنىي ئىسلاھات ۋە جەدىتىزم پىكىر ئېقىملىرى تۇشمۇ تۇشتىن قانات يېيىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تەپەككۇر ئەندىزىلىرىنى يېڭىلاشقا، ئۆز تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە قايتا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە، مىللىيەتلىك يىلتىزىنى ئىزدەشكە،

① فىلىپ. ھىتتى (ئامېرىكا): «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، سودا نەشرىياتى، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى، I توم، 1 - بەت.

تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىش ياساۋاتقان دۇنياغا ماسلىشىشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى.

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشاپ ئۆزىگە خاس پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان تۈركىي تىللىق قوۋملەرمۇ ياۋروپا ئويغىنىشىدىن كېيىن، پۈتكۈل شەرق خەلقلىرىگە ئوخشاشلا تارىخىي چۈشكۈنلۈك قىسمىتىگە دۇچار بولغانىدى. يەنە كېلىپ بۇ خىل قىسمەت كەربالادىن تەكلىماكان بويلىرىغىچە بولغان ئىران، خۇراسان، ماۋەرائۇننەھر ۋە تارىملىق خەلقلەرگە ئورتاق ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۈيۈك شائىرى ئەلىشىر نەۋائى (1441 — 1501) بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر پارس ـ تاجىكلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شائىرى ئابدۇراھمان جامى (1414 — 1492) دىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراندا پەلسەپىۋى تەپەككۇر ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت تەدرىجىي پەسكويغا قاراپ يۈزلەندى. مەدەنىيەتتە ۋاكۇئۇملۇق شەكىللەندى. ھالبۇكى، گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان مۇنداق تۇرغۇنلۇق ھالەت ئىران ۋە تۇراندىن ئىبارەت ئىككى خەلققە ئورتاق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەلمىساقتىن باشلانغان مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى ھازىرقى دەۋرگىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى.

شۇنى قەيت قىلىش زۆرۈركى، ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت. «بۇنداق كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇر خەلقى ياشىغان تارىخىي شارائىت ۋە جۇغراپىيەلىك مۇھىت بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى»①. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ باشقا ھەر قانداق بىر جۇغراپىيىۋى زونىغا ئوخشىمايدىغان «تۆت كوچا» لىق يەر شارائىتى بۇ يەردىكى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىك بولۇشىنى، مىللىي

---

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى، 256 ـ بەت.

تەكىبىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، بېكىك ئەمەس، بەلكى ئېچىۋېتىلگەن
خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن. خۇددى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىم ئېيت-
قاندەك: «مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى
نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قەدىمدىن تارتىپ مۇتلەق ‹ساپ مىللەت›
بولمىغىنىدەك، سىرتقى تەسىردىن خالىي مۇتلەق ‹ساپ مەدەنىيەت›
مۇ بولغان ئەمەس»①. شۇڭلاشقا بىز ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق
خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قاتلىمى ئىچىدىن ئەرەب، پارس،
يۇنان، ھىندى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان
خۇرۇچلىرىنى بايقايمىز. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە پارس مەدەنىيىتىنىڭ
تەسىرى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈر-
كى، «بىر خىل قان سىستېمىسى، بىر خىل سۆڭەك تۈزۈلمىسى
ۋە بىر خىل پسىخىك مەدەنىيەت سىستېمىسى تۈزگەن ئېتنىك تۇر-
كۇمدىكى خەلق ئۆزىنىڭ كۆچمە ياكى خەلقئارا ئالاقىلار قانىلى بويىد-
كى ئېچىۋېتىلگەن، ئۇلتۇراقلاشقان تۇرمۇش تارىخىدا ھەر خىل ئېت-
نىك قوشۇلما ياكى ئاجراتمىلارغا دۇچ كېلىشى، ھەر خىل ئېتىقاد
ياكى يېزىق قوللىنىشى، ھەتتا يۆتكەلگەن ۋە قايتىپ كەلگەن باسقۇچ-
لىرىغا قاراپ تىل ئۆزگەرتىشى ياكى قىسمەن لېكسىكىلىق ئۆزگى-
رىشكە ئۇچرىشى تامامەن مۇمكىن»②. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى،
ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىگە سىڭگەن سىرت-
قى مەدەنىيەتلەر ھەرگىزمۇ پاسسىپ، ئۆلۈك ھالەتتە كۆچۈرۈپ كې-
لىنگەن مەدەنىيەت بولماستىن، بەلكى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت
ئاساسىغا قوبۇل قىلىنغان، تاللاش ۋە شالالاشتىن ئۆتكەن ئاكتىپ
ھالدىكى مەدەنىيەتتۇر. شۇڭا بىز «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمدىن
ھازىرغىچە بولغان مەدەنىيەت تارىخى دەرياسىغا تېرەن نەزەر تاشلىغ-

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، 269 ـ بەت.
② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-
تى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى، 7 ـ، 8 ـ بەتلەر.

نىمىزدا، مەركىزىي ئاسىيا تىپىك يەرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بىلەن «يىپەك يولى»، ئارقىلىق ئۆتۈشكەن شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تاللانغان جاۋاھىراتلىرىنىڭ چۆكمە ۋە ئۆركىشىنى كۆرىمىز»①. قوياش چىقىدىغان قىتئە — ئاسىيا بىلەن قوياش پاتىدىغان قىتئە — ياۋروپانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان «يىپەك يولى» دا، كوللېكسىيىدە دۇرمىلىرىنى ياڭرىتىپ كېتىپ بارغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ ئىزلىرى تامامەن ئۆچكەن بۈگۈنكى كۈندە، بىز كومپيۇتېر تورى ئىچىدە تۇرۇپ، مۇ تۇران (تۈركىي) ۋە ئىران (پارسىي) خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت دىئالوگى ئۈستىدە چوڭقۇر خىيالغا چۆكتۇق...

ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل مەدەنىيەت تىپىغا، ئىككى خىل ئىرقىي قۇرۇلمىغا ۋە ئىككى خىل تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بۇ خەلقلەر نېمە ئۈچۈن يازما ۋە فولكلور مەدەنىيىتىدە شۇنچە كۆپ ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولىدۇ؟

ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قاتلىمىدا پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى نېمە ئۈچۈن باشقا مەدەنىيەتلەرگە قارىغاندا شۇنچە چوڭقۇر ۋە ئىزچىل بولىدۇ؟

مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئۆتكەن كۆپ ساندىكى ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇرلىرىمىز نېمە ئۈچۈن تۈركىي ۋە پارس تىللىرىدا تەڭلا ئىجادىيەت ئېلىپ بارالايدۇ؟

مۇزىكا ئاڭلاۋاتقان چاغلىرىمىزدا ئىران، ھىندى ۋە ئەرەب كۈي - مۇقاملىرى نېمە ئۈچۈن باشقا ئەللەرنىڭ مۇزىكىلىرىغا قارىغاندا بىزگە شۇنچە يېقىملىق تۇيۇلىدۇ؟

... سوئاللار ساناقسىز ئىدى. ئومۇمەن، ياكى كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىمىزدا بولسۇن، ياكى مول مەزمۇنلۇق فولكلور مەدەنىيىتىمىزدە بولسۇن، شەرقتە تەڭرىتاغ ۋە تارىم بويلىرىدىن تارتىپ،

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىل نەشرى، 7 -، 8 - بەتلەر.

پەرغانە ۋادىسى، ماۋارائۇننەھر، پامىر ۋە ھىندىقۇش ئېتەكلىرى، خۇراسان ۋە بەلخ، كاسپىي دېڭىزى بويلىرى تاكى پارس قولتۇقىغىچە بولغان كەڭ رايوندا تۇران ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ئىجادىغا يات بولغان مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى ناھايىتى ئاز دېيەرلىك ئىدى.

ئىراننىڭ ئەڭ قەدىمكى يازما دىنىي دەستۇرى «ئاۋېستا» دىن باشلاپ تاكى XV ئەسىردە تۈركىي ۋە پارس ئەدەبىياتى پەسكويغا قاراپ يۈز تۇتقانغا قەدەر بولغان ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن ئىران ئېگىزلىكىدىكى پارس تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى بىر - بىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشتى ۋە بىر-بىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشتى. بولۇپمۇ بۇ خىل ئۆتۈشۈشنىڭ يۇقىرى دولقۇنى ئەدەبىيات - سەنئەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئىسلامىيەت دەۋرىدىن ئاۋۋالقى ئۇزاق تارىختا، ئىراندا مەيدانغا كەلگەن زەردۇشت (زورائاستېر) ۋە مانى دىنلىرى شۇنىڭدەك ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن بۇددا دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇردى. خەلق فولكلورىدا ھازىرغا قەدەر ئىران ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ناھايىتى تونۇش بولغان جەمشىد، رۇستەم، بەھرام گۇر، ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا)، دېۋە، ئىسكەندەر، دېۋە پېرە، ئېما (ئۇماي)، پىر، مەستان كەمپىر، قەمبەر، سۇمۇرغ، چىلتەن، دىۋانە، خىزىر، ئەنقا، ئەجدىھا، ئاقۋان دېۋە، ئەرۋاھ، پەرى قاتارلىق بىر قاتار ئوبرازلار ئىزچىل ساقلىنىپ كەلمەكتە. يەنە كېلىپ بۇ خىل ئوبرازلار تالاي ئەسىرلەر مابەينىدە كلاسسىكلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا تەسۋىرلىنىپ، مەدداھلارنىڭ قىسسىلىرىدە تەكرار - تەكرار ئېيتىلىپ، خەلق چۆچەكلىرىدە تىنماي زىكرى قىلىنىپ كەلدى. نەتىجىدە ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىردە پارس قولتۇقىدىن تارىم بويىغىچە بولغان بىپايان زېمىندا مۇسۇلمان شەرقىگە خاس مەنىۋى تۇرمۇش چەمبىرىكى شەكىللەندى. بۇ كەڭ تېررىتورىيىدە تۈركىي، پارس ۋە ئەرەب تىللىرى تەڭ قوللىنىلدى.

گۈمبەز شەكىللىك ئوردا قەسىرلەر، مەسچىتلەر، مەقبەرىلەر ھەممىلا يەردە قەد كۆتۈردى. قولىغا ساپايى تۈتۈپ، مۇرىسىگە مايلاشقان خۇرجۇن ئاسقان، چاچ ـ ساقاللىرى چاڭگىلاشقان جاھانكەزدى دەرۋىش ـ سوپىلار باغدات بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدا شەھەرمۇ ـ شەھەر ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولدى. ئامېرىكا ئالىمى گاۋىن ھامبلىي ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازدى: «تاكى XII ئەسىرگە قەدەر، ماۋەرائۇننەھر ۋە قەشقەرىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ھەر قايسى شەھەرلەردە ئىران مەدەنىيىتىنىڭ قويۇق ھىد ـ پۇراقلىرى ساقلىنىپ كەلدى. شۇڭلاشقا ئىسپاھان ياكى مەشھەدتىن بۇخارا ۋە يەركەنلەرگە قاراپ يولغا چىققان سەيياھلار ئۆزلىرى كۆزلىگەن جايغا يېتىپ بارغىنىدا، ئۇ يەرلەردىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ھېچقانچە يات تۇيۇلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان»①.

مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ۋە سېلىشتۇرما مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىششى ھەر قايسى خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ تارىختىن بۇيان، پاسسىپ ۋە تۇرغۇن ھالەتتە ئەمەس، بەلكى ئاكتىپ ۋە ھەردەكەتچان ھالەتتە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسەتتى. مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق ئەسىرىدە، ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بىر بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىۋى ۋە تارىخىي شارائىتتا ياراتقان مەدەنىيىتىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئوخشاشلىقلار مەۋجۇت، دەپ كۆرسەتكەن. دەرۋەقە، تۇران بىلەن ئىراننىڭ مەدەنىيەت دىئالوگى ئاجايىپ ئۇزاق جەرياندا مەزمۇن تاپقان. بۇنىڭدا ھەم ئورتاقلىقمۇ، ھەم ئايرىملىقمۇ ساقلانغان. مەزكۇر ماقالىمىز مۇشۇ سىرلىق دىئالوگقا ھەمسۆھبەت بولماقچى...

---

① گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، سودا نەشرىياتى، 1994 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 14 ـ بەت.

## بىرىنچى دىئالوگ:
## تارىخ مەنبەلىرىدە تۇران ۋە ئىران

«ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپ قەيەردە پەيدا بولغانلىقى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس. ئەمما پاكىتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئوتتۇرا ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئىنسانلار ئەجدادلىرى ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغان ۋە ئاۋۇغان جاي بولۇشى مۇمكىن. . . »①

— ئېدۋارد. م. بۇرنس بىلەن فىلىپ
لى رالف: «دۇنيا .مەدەنىيەت تارىخى»

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى يېقىنقى ۋاقىتلارغا قەدەر ئىلىم - پەن دۇنياسى تەرىپىدىن «تاشلاندۇق زونا» سۈپىتىدە قارىلىپ كەلدى. XV ئەسىرلەردىن كېيىن، دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئىچكى قۇرۇقلۇقتىن تەدرىجىي ھالدا دېڭىز قىرغاقلىرى ۋە قاتنىشى قولاي بولغان رايونلارغا يۆتكەلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكى ھېسابلانغان ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا بارا - بارا ئۇنتۇلغان رايونغا ئايلىنىپ قالدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قايتا بايقىلىشى ياۋروپا دەۋر پاراۋۇزىنى ھەيدەپ تولىمۇ ئالغا كەتكەن بىر زامانغا توغرا كەلدى. تەخمىنەن ئەڭ بالدۇر ھېسابلىغاندىمۇ XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ غەربلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان قىزىقىشى دەسلەپكى قەدەمدە باشلاندى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇ خىل قىزىقىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. قانچىلىغان تەۋەككۈلچىلەر «سەيياھ»لىق تونىنى كىيىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قاراپ ئاقتى.

① ئې. م. بۇرنس (ئامېرىكا) قاتارلىقلار تۈزگەن: «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى»، سودا نەشرىياتى، 1995 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 - جىلد، 4 - بەت.

ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنىڭ ئاياغ ئىزلىرى بىپايان دەشتى - قىپچاق داللىرىدا، ئارال ۋە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شورلۇق قىرغاقلىرىدا، ماۋارائۇننەھر ۋادىسىدا، پەرغانە ئويمانلىقىدا، تەكلىماكان قۇملۇقىدا، لوپنور، ئىدىقۇت ۋە قەشقەرىيىدە قېپقالدى. چاررۇسىيە بىلەن بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىشى بۇ رايوننىڭ مۇھىملىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاشكارىلىنىشى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى بەزى تىلسىماتلارنىڭ يېشىمى بۇ رايوندا بەزىبىر جاۋابلارغا ئېرىشتى. «يىپەك يولى» تەتقىقاتىنىڭ كۆچىيىشى مەركىزىي ئاسىيا رايونىنى «جەلپكار نۇقتا» غا ئايلاندۇردى...

ھالبۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران تارىخىغا ئائىت تارىخىي مەنبەلەرنىڭ ئاز بولۇشى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ئۇزۇن مەزگىل ئىزدەنگەن بىر قىسىم ئالىملار ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپ بەرپا بولغان بەلباغ بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىدى ھەمدە «بۇ رايوننىڭ ئىقلىم شارائىتى ئىنسانىيەت ئەجدادلىرىنىڭ ھەر خىل تۈردىكى ئادەملەرگە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىغا تولىمۇ باب كېلىدۇ»① دەپ ھېسابلىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ۋ. ئى. ئاۋدىيېۋ ئۆزىنىڭ «قەدىمكى شەرق تارىخى» ناملىق كىتابىدا: «ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىنسان ھاياتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى ئوچاقلىرى بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ بەردى»② دەپ يازدى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران تارىخىنى ئۆز خەلقىنىڭ قەدىمكى مەنبەلىرىگە تايىنىپلا تولۇقى

---

① «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى» 1 - جىلد، 4 - بەت.

② ۋ. ئى. ئاۋدىيېۋ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «قەدىمكى شەرق تارىخى»، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى، 581 - بەت.

بىلەن يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە يەنە قەدىمكى سۇمېر - بابىل مەنبەلىرىگە، مىسىر پۇتۇكلىرىگە، يۇنان خاتىرىلىرىگە (ھېرودېت، سترابون، ئارىئان قاتارلىق تارىخچىلارنىڭ خاتىرىلىرىگە)، ھىندى ۋەسىقىلىرىگە ۋە جۇڭگو يىلنامىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىش مۇمكىن. شۇڭا تۇران ۋە ئىراننىڭ يىراق تارىخىي ئۇچۇرىنى ئىگىلەش ناھايىتى كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش. بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى يازما ۋەسىقىلىرى كۆكتۈرك خانلىقى (552 — 744) دەۋرىدە تىكلەنگەن مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىگىچە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقى تارىخ ھەققىدە بىر قىسىم ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن باشقا ئۆز تىللىرىدا مەنبە ناھايىتى ئاز. شۇڭا فرانسۇز مۇتەپەككۇرى مونتېسكيۇ ئۆزىنىڭ «پارس مەكتۇپلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «... تۈركىي دەپ ئاتالغان بۇ قوۋملەر ئۆز تارىخىدا ئاجايىپ چوڭ يورۇشلەرنى ئېلىپ بارغان، بۈيۈك ئىمپېرىيىلەرنى قۇرغان. لېكىن ئۇلار ئۆز تارىخىنى خاتىرىلەپ مېڭىشنى ئۇنتۇغان، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك ئۆتمۈشى ئىنسانلارنىڭ يادىدىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن...»①.

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى ئاھالىلەر ھەر قايسى تارىخىي مەنبەلەردە تۇر - تۇران، ئىسارى - ئارىئان، ساك - سكىتاي نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىراننىڭ ئاخمانىيلار (Achemenides) سۇلالىسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 550 - يىلىدىن — مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 330 - يىلىغىچە) دەۋرىدە ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ رەسمىي يازما خاتىرىگە ئېلىنغان دەستۇرى — «ئاۋېستا» دا «تۇرا» ئىبارىسى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ سكىف - ساك قەبىلىلىرىنى كۆرسىتەتتى. «ئاۋېستا» دا سۆزلەنگەن «تۇرانىيە» ئېتنولوگىيىسى ئارىيانلارنىڭ «رىگاۋىدا» دەستۇرىدا تىلغا ئېلىنغان

---

① مونتېسكيۇ (فرانسىيە): «پارس مەكتۇپلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى، 249 -، 250 - بەتلەر.

سۆزلەرگە ئاھاڭداش بولغان①. «ئاۋېستا» دا يەنە «جەڭگىۋار تۇرلار» دېگەن ئىبارىمۇ ئۇچرايدۇ②. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «تۇر»، «تۇرا» ئەمەلىيەتتە قەدىمكى ئىران ۋە يۇنان مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن ساك (Saca) ۋە سكىف (Scythia) لارنى كۆرسىتەتتى. ئاتاقلىق تاجىك ئالىمى غاپۇرۇف «تاجىكلار تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «بىز بىلىدىغان ئەڭ قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پايانسىز يايلاقلىرىنى ئىگىلەپ ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن چارۋىچى ساكلاردۇر»③ دەيدۇ. قەدىمكى ئىران شاھىنشاھى دارا I دەۋرىدە پۈتۈلگەن بېھىستۇن تاش پۈتۈكلىرىدە ساكلار (Saca) نىڭ ئاساسلىق تۆت قەبىلىسى ئاسىيلار (Asii)، گاسىئانىلار (Gasiani)، توخارلار (Tochari) ۋە ساكارالار (Sacarauli) تىلغا ئېلىنغان. بۇ قەبىلىلەر مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردە ئالدى بىلەن ئىلى ۋە چۇ دەريالىرى ھاۋزىلىرىدا، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىرلەردە سىر دەرياسى ۋادىلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 176 — 177 - يىللىرى جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، تارىم ۋادىسىغا كىرگەن④. ھېرودېت «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە، ساكلار ئۇچلۇق قالپاق كىيىپ، ئۆزلىرى ياسىغان ئوقيا ۋە شەمشەرلىرىنى ئېسىپ يۈرىدۇ. ساكلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى جەڭگە ماھىر كېلىدۇ، دەپ مەلۇمات بېرىدۇ⑤. خەنزۇچە مەنبەلەردە ساكلار 塞人 ياكى 塞种人 دەپ خاتىرىلەنگەن⑥. بەزى تەتقىقاتچىلار تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە

---

① ② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 4 -، 42 - بەتلەر.

③ ب. گ. غاپۇرۇف: «تاجىكلار تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى، 1 - كىتاب، 41 - بەت.

④ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئات ئۇستى مەدەنىيىتى»، جىبجىياڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل نەشرى، 21 -، 22 - بەتلەر.

⑤ ھېرودېت (يۇنان): «تارىخ»، سودا نەشرىياتى، 1985 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 494 -، 655 - بەتلەر.

⑥ «خەننامە: غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

تىلغا ئېلىنغان خوتەن (于阗)، يەركەن (莎车) لەرنىڭ ئېتىمولوگىـ يىسىنى ساك قەبىلىلىرىنىڭ نامى بولغان (hvatana) ۋە (suakiwo) لارنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دەپ قارايـ دۇ①. يەنە بەزىلەر قەشقەر كوناشەھەر تەۋەسىدىكى «ئوغۇساق»، «توققۇزاق» دېگەن جايلارنى، ئاقتۇ تەۋەسىدىكى «قونساق»نى، ئاـ تۇشتىكى «بەيساق»، «ئېكىساق» لارنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى بىۋاسىـ تە قەدىمكى ساكلارغا باغلايدۇ②. ئۇندىن باشقا يەنە بىر قىسىم تەتقىـ قاتچىلار ساكلارنى ئارىئانلارنىڭ پامىر - چىلەنشەن تۈركۈمى دەپ قارىدى. ساك ئىبارىسىنى ئاتلىق ئوقياچى قەبىلە، ئۇلار جەڭدە جەڭ ئىتى ئىشلەتكەچكە، ئىرانلىقلار «سەك» (ئىتچىلار) دەپ ئاتىغان دېگەن سۆز بار. «ئوغۇزنامە» تەتقىقاتچىلىرى «ساك» ئىبارىسىنى «ساق»، «ساقلاپ» — قوغدىغۇچىلار دېگەن مەنىدە ئىزاھلايدۇ. ساكلار جۇڭگو يىلنامىلىرىدە «سەي»، «سەيجۇڭ»، بۇددا نومىلىرىدا «ساكا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. ماسساگېتلارنى ئۇلۇغ ساكلار دەپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت رايونى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۇران زېمىنى دەپ قارىغۇچىلار بار. سكىف - سكىتيالار ئارىئانلارنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي تارمىقى سۈپىتىدە ساكلار بىلەن يىلتىزداش ئاھالە ئىدى. تۈرك ئىبارىسى ئىككى مەنىدە — قەدىمكى تۇران - ساكلار مەنىسىدە، يەنە كۆك تۈرك ئاھالە مەنىسىدە ئىشلىتىلمەكتە. ئاشىنا ساكلىرى ئاشىدى موڭغۇلىيىدە ئاھالىلىرى بىلەن ئالتاي ئەتراپىدا قوشۇلۇپ تۈرك نامىدا ئىككىملەمچى تۇرانىيلارنى — بىز ھازىر چۈشىنىۋاتقان تۈركىي خەلقلەرنى شەكىللەندۈرگەن. قوشۇلۇشتىكى قانداشلىق ۋە مەدەنىيەت دەرىجىسى پەرقىگە قاراپ تۈركىي خەلقلەر ئىككى چوڭ تۈرگە — ئۇيغۇر - ئوغۇز ۋە قىپچاقلارغا بۆلۈنۈپ كەلمەكتە. ساك

---

① جاڭ گۇاڭدا، رۇڭ شىنجياڭ: «يىراق قەدىمكى خوتەندە ياشىغان ساك ئاھالىلىرى» — «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1989 - يىللىق، 1 - سان.

② غاپۇروۋ: «تاجىكلار تارىخى»، 1 - كىتاب، 40 - بەتتىكى تەرجىمە تەھرىرىنىڭ ئىزاھاتىغا قاراڭ.

ئامىللىرى ئۈستۈن بولغان تۈركۈمدە مۇقام فولكلورى ۋە «تۈركىي ئارۇز» شېئىرىيىتى بولغان①.

دېمەك كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى ھەر قايسى تارىخىي مەنبەلەردە ساك، ماسساگىت، سىكىف - سىكىتاي، ئارىيان، توخرى، سوغدى قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ بولغان خەلقلەر ئىدى. «ئاۋېستا» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىران مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «تۇر» ، «تۇرا» ۋە «تۇران» لار ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدا نامى زىكرى قىلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى كۆرسىتەتتى. موڭغۇل ئېگىزلىكىدە ھون ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ھونلارنىڭ غەربكە سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان تۈركىي قوۋملەر كەڭ كۆلەمدە ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىياغا ماكانلاشتى. «تۇرانلارنىڭ نۇرغۇن ئۇرۇق - قەبىلىلىرى غەربكە كۆچۈش داۋامىدا تەدرىجىي يوسۇندا شەرققە سۈرۈلگەن ياۋروپا ئىرقىدىكى خەلق — ئارىيانلار بىلەن ئۇچراشتى»②. تۇران قوۋملىرى بىلەن ئارىيانلارنىڭ ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە قوشۇلۇشى كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئىرقى ۋە مەدەنىيىتى ئوخشاش بولمىغان ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىشىش ۋە يۇغۇرۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ خىل يۇغۇرۇلۇش تۇرانلار ۋە ئۇلاردىن تەدرىجىي بۆلۈنۈپ چىققان ھەر قايسى تۈركىي قەبىلىلەر (ئۇيغۇرلار) نىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى③. ئىرانلىقلارنىڭ «ئاۋېستا» دىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر مۇھىم ئېپوسى «باھادىر زەرىرگە مەرسىيە»④دە ئىرانغا قوشنا بولغان، ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرى-

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، 32 - بەتتىكى ئىزاھاتقا قاراڭ.

② س. پ. تولستوف قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئېتنوگرافىيە ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، پەن نەشرىياتى، 1960 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 - جىلد، 22 - بەت.

③ لى يۈڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە بىر نەزەر» — «ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، خەنزۇچە، 1994 - يىللىق 1 -، 2 - (قوشما) سان.

④ «باھادىر زەرىرگە مەرسىيە» : ئىران ساسانىيلار دەۋرىدە يەنى مىلادىيە VI — V ئەسىرلەردە يازما خاتىرىگە ئېلىنغان قەھرىمانلىق داستانى.

قى تەرىپىدىكى ئەل «تۇران» دەپ تەسۋىرلەندى ۋە ئىران - تۇران ئۇرۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىندى①.

مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە ئىسلام بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، زور دەرىجىدە كۈچەيگەن ئەرەبلەر ئاۋۋال ئىران، خۇراساننى ئاندىن ماۋەرائۇننەھر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ جايلىرىنى ئىستېلا قىلىپ تاكى شەرقتە ھىندى دەرياسى ۋە پەنجاپ ۋادىسىغىچە يېتىپ باردى. نەتىجىدە ئورتاق دىنىي ئېتىقادقا ئىگە بولغان بۇ كەڭ رايونلاردىكى ھەر قايسى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلاشتى. نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدا قەدىمكى ئىران ۋە تۇران ئۇرۇشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان داستان ۋە قىسسەلەر مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭدا ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (940 — 1020) نىڭ «شاھنامە» ناملىق گىگانت ئەسىرى ئەڭ گەۋدىلىكتۇر. فىردەۋسى «شاھنامە» دە پۈتكۈل ئىران ۋە ئەتراپتىكى رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن پادىشاھ فىرىدۇن ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى - سېلىم، تۇر ۋە ھىلاج قاتارلىقلارغا تەپسىلىي ئورۇن بېرىدۇ. فىرىدۇن قېرىغاندا پۈتكۈل مەملىكەتنى ئۈچ ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. چوڭ ئوغلى سېلىمگە رۇم (ۋىزانتىيە) نى، ئوتتۇرادىكى ئوغلى تۇرغا تۇران ۋە چىننى، كەنجى ئوغلى ھىلاجغا پۈتكۈل ئىراننى بۆلۈپ بېرىدۇ②. سېلىم بىلەن تۇر كەنجى ئوغۇل ھىلاجغا ھەسەت قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. نەتىجىدە بىرلىككە كەلگەن مەملىكەت پارچىلىنىپ ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا تۈگىمەس ئۇرۇشلار باشلىنىدۇ. . . دېمەك، فىردەۋسى ئامۇ دەرياسىنى پاسىل قىلغان

① «پارس ئەپسانىلىرىدىن تاللانما»، جۇڭگو ئۇسمۇر - بالىلار نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 86 - بەت.

② ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى: «شاھنامە»، لوندۇن مۇستەملىكە نەشرىياتى، 1900 - يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 37 - بەت.
جاڭ خۇڭنىيەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «شاھنامە»، خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى، 126 - بەت.

پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىنى «تۇران»، «چىن» دەپ ئاتايدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا خەنزۇچە مەنبەلەردىمۇ «تۇران» (突伦) ئاتالمىسى ئۇچرايدۇ. «تاڭ گاۋزۇڭ لى جى ۋاقتىدىكى تۈركىي نەسەبلىك سانغۇن چۈبى خېلىنىڭ 635 - يىلى تارىم — ‹تۇران ساي› (突伦川)، تەكلىماكان — ‹تۇران چۆل› (突伦碛) غىچە جەڭ قىلىپ بارغانلىقى قەيت قىلىنغان»①.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، پارس كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى (مەسىلەن، نىزامىنىڭ «خىسراۋ ۋە شىرىن»، فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»، دېھلىۋىنىڭ «شىرىن ۋە خىسراۋ»، ھاجۇ كېلمانىنىڭ «ھۇما ۋە ھۇمايۇن» قاتارلىقلار) دە تىلغا ئېلىنغان «چىن»، «ماچىن» ئاتالمىسى بىلەن تۈركىي كلاسسىكلىرى (يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ»، نەۋائىنىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن» قاتارلىقلار) دا تىلغا ئېلىنغان «چىن»، «ماچىن» ئاتالمىلىرى ئۆز دەۋرىدىكى جۇڭگو ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكىنى ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمى، يەنى شەرقىي پاسىلى قومۇلغىچە بارىدىغان تارىم ۋادىسىنى كۆرسىتىدۇ②. ئېلىمىزدىكى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ھازىرقى ئەرەب، پارس ۋە تۈرك تىللىرىدا «جۇڭگو» نى «چىن» دەيدىغانلىقىغا قاراپلا تۈركىي ۋە پارس كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغان «چىن» سۆزىنى خاتا ھالدا «جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكى» دەپ چۈشەنگەن. نەتىجىدە خەنزۇچە تەرجىمىدىمۇ خاتا ئىشلەتكەن. مەسىلەن، لاڭ يىڭ خانىم بىر ماقالىسىدا نەۋائىنىڭ «پەرھاد - شىرىن» داستانىدىكى چىن شاھزادىسى پەرھادنى جۇڭگو شاھزادىسى، ئۇ شىرىننىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ —

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 6 - بەت.

② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» نىڭ 1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان «چىن ۋە ماچىن ئىبارىسىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم دائىرىسى» دېگەن ماقالىگە قارالسۇن.

زېمىنىدىن ئايرىلىپ ئەرمىنىيىگە بارغان دەپ يازغان[1]. شۇنىسى قىزىقكى، دەسلەپ پارس ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كېلىپ، كېيىن تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىغا ئۆزلەشكەن پەرھاد ئوبرازى قانداق قىلىپ «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك شاھزادىسى» بولۇپ قالدى؟ . . . تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي كلاسسىكلىرى ئىجادىدا تىلغا ئېلىنغان «ماچىن» ئۆز دەۋرىدىكى خوتەن رايونىنى، «چىن» بولسا تارىم ۋادىسىنى، يەنى ھازىرقى شىنجاڭنى كۆرسىتەتتى. شۇڭا «چىن» ئاتالغۇسى «تۇران» ئاتالغۇسى بىلەن تەڭ قوللىنىلىدۇ. جاڭ خۇڭنىيەن ئەپەندىمۇ «شاھنامە» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدە «چىن» ئاتالمىسى جۇڭگونىڭ غەربىي ـ شىمالىدىكى تارىختا تۈركىي خەلقلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوننى كۆرسىتىدۇ، ئۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ، دەپ ئەسكەرتكەن[2].

تۈركىي ۋە پارس تارىخچىلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، تۇران بىلەن ئىران ئامۇ دەرياسى ئارقىلىق چېگرىلانغان. ئامۇ، سىر دەرياسى ۋادىلىرى ۋە خۇراسان رايونلىرى تارىختا تۈركىي قوۋملەر بىلەن پارسلار بىۋاسىتە ئۇچراشقان ۋە ئۆزئارا يۇغۇرۇلغان بەلباغ بولغان. ئومۇمەن «تارىختا ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن ئامۇ ۋە سىر دەرياسىدىنمۇ مۇھىم رايون بولمىسا كېرەك»[3]. يۇنانلىقلار ئامۇ ۋە سىر دەرياسىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا Oxus ۋە Jaxartes دەپ ئاتىسا؛ ئەرەبلەر Jayhun ۋە Sayhun دەپ ئاتىغان[4]. ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايون خۇراسان ئۆلكىسى بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردە بۇ يەردىكى نىشاپۇر، تۇس (مەشھەد)، مەرۋى، ھىرات ۋە بەلخ قاتارلىق بەش

---

① لاڭ يىڭ: «‹خىسراۋ ۋە شىرىن›، دىن ‹پەرھاد ۋە شىرىن›، غىچە بولغان ئۆزگىرىشتىن پارس ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئالاقىلىرىگە بىر نەزەر» — «شەرق سېلىشتۇرما ئەدەبىياتى ماقالىلەر توپلىمى»، خۇنەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى، 328 ـ بەت.

② «شاھنامە»، خەنزۇچە نەشرى، 126 ـ بەتتىكى ئىزاھاتقا قاراڭ.

③ گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 7 ـ بەت.

④ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، «ئامۇ دەريا» تېرمىنىغا قاراڭ، لېيپزىگ، 1961 ـ يىل، ئېنگلىزچە نەشرى.

شەھەر ئاجايىپ گۈللەنگەن. ئامۇ ۋە سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى رايوننى يۇنانلىقلار Transoxania دېسە ئەرەبلەر Mawaraunnahr دەپ ئاتىغان. ئوتتۇرا ئەسىردە بۇ ۋادىدىكى بۇخارا ۋە سەمەرقەنت جاھانغا مەشھۇر مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى.

ئامۇ دەرياسى قەدىمكى تۇران ۋە ئىراننىڭ تەبىئىي پاسىلى ئىدى. «پۇتكۇل تۇران ۋە ئىراننىڭ شىمالىي قىسمىدا قەدىمكى سىكىف (ساك) لار ياشايتتى. يۇنان تارىخچىلىرىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 639 ـ يىلى مېدىيە پادىشاھلىقى ھەققىدە بەرگەن ئۇچۇرلىرىدا تۇرانلىقلار — ساكلاردۇر دەپ چۈشەنچە بەرگەن. تۇران — ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي قوۋملەر ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلارنىڭ قەدىمكى نامى»①. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرىقى مەزگىللىرىدە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراننى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگۈزگەن ئەمىر تېمۇر (1333 — 1405) ئۆز ئۆگۈتلىرىدە: «بىز كىم — مۇلكى تۇران، بىز كىم — مىللەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى بولغان تۈركنىڭ باش بوغۇنىمىز»② دەپ خىتاب قىلىدۇ. دېمەك، «تۇران» ئاتالغۇسى ھەم مىللەت ـ قوۋم نامى، ھەم جۇغراپىيىلىك نام سۈپىتىدە يېقىنقى زامانغىچە قوللىنىلغان.

ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «. . . بەزى ئەڭ ئىلغار قوۋملەر ـ ئارىيانلار، سېمىتلار، ئېھتىمال تۇرانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. (ئۇلار) دەسلەپتە ھايۋانلارنى كۆندۈرۈشنى مۇھىم ئەمگەك تەرتىپىگە قويغان. كېيىنچە ئاندىن ھايۋانلارنى كۆپەيتىش ۋە باشقۇرۇشقا ئۆتكەن»③. مورگان ئۆزىنىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق

---

① «شاھنامە»، 1900 ـ يىلدىكى ئېنگلىزچە تەرجىمىسى، 37 ـ بەتتىكى ئىزاھات.

② بۇرىباي ئەھمەدوف نەشرگە تەييارلىغان: «ئەمىر تېمۇر ئۆگۈتلىرى»، تاشكەنت، «نەۋرۇز» نەشرىياتى، 1992 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 9 ـ بەت.

③ «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، خەلق نەشرىياتى، 1972 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، Ⅳ توم.

مەشھۇر ئەسىرىدە «تۇرانىيە»، «تۇرانىيىلىكلەر» دېگەن ئاتالغۇنى كۆپ يەردە تىلغا ئالىدۇ. ئۇ بىر جايدا: «ئارىيان تۇركۇمىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە سام (سېمىت) لار، ئۇراللار ۋە تۇرانىيىلىكلەردە ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتلىرىنى بايقىدۇق»①دەپ كۆرسەتكەن. «تۇران» سۆزى قەدىمكى پارس ۋە تۈركىي تىللىرىدا Tur، Tura، Turan شەكلىدە، لاتىنچىدە Turanian شەكلىدە خاتىرىگە ئېلىنغان. رايونىمىزدا بۇ تۇردىكى يەر ناملىرى خېلى ساقلانغان. يالغۇز قۇمۇل رايونىدىلا «تۇر» ۋە «تۇرا» سۆزى ئۇلىنىپ كېلىدىغان يەر ناملىرىدىن يۈزدىن ئارتۇقراقى ھازىرغىچە ساقلانماقتا. بەزى تەتقىقاتچىلار Tur ۋە Tura سۆزلىرىنى قەدىمكى ئالتاي تىللىرىدىكى «تەڭرى» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن دەپ قارايدۇ. ياقۇت ۋە چۇۋاش تىللىرىدا «تەڭرى» سۆزى «تۇر» ۋە «تۇرا» شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. چۇۋاش ئەپسانىلىرىدە «يىراتۇرا»②، «چېچەك تۇرا»③، «سۇلتى تۇرا»④ قاتارلىق تەڭرىلەر ناملىرى ئۇچرايدۇ. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، قەدىمكى سۇمېر، ئاككاد تىللىرىدا پۇتۇلگەن تاش پۇتۇكلەردە «تەڭرى» سۆزى 《Dingir》 دەپ يېزىلغان⑤ دېمەك، Turan ئىبارىسى قەدىمكى ئىراننىڭ دىنىي دەستۇرى «ئاۋېستا»دا تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھازىرغىچە ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. «يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئىلىم ساھەسى ‹تۇران› ئىبارىسىنى ئۇيغۇرلار مەنسۇپ بولغان تۈركىي تىللار ئائىلىسى ھەتتا پۇتكۈل ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى ئىنسانلار گۇرۇھىنىڭ

---

① لۇئىس ھېنرى مورگان (ئامېرىكا): «قەدىمكى جەمئىيەت»، سودا نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 1 - كىتاب، 63 - بەت.

②③④ «دۇنيا ئەپسانىلىرى قامۇسى»، لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى، 81 -، 121 -، 494 - بەتلەر.

⑤ لى جىڭ: «ھىتتىت مەدەنىيىتى ۋە سىرتقى ئەللەر مەدەنىيىتى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى، 47 - بەت.

ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قاراپ كەلدى»①. مەملىكىتىمىز تارىخچىلىرىدىن سېن جۇڭمېيەن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «تۈركلەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «تۇران» ئاتالغۇسىنى (涂兰) دەپ ئىشلەتتى. فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى بۇ سۆزنى (突兰) دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلدى②.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمىزدىن شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، تارىختا ئامۇ دەرياسىنىڭ تەبىئىي پاسىلى ئارقىلىق ئىران تېررىتورىيىسىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا جۇملىدىن تارىم ۋادىسى ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئىككى خىل ئىرق (ياۋروپا ۋە موڭغۇل ئىرقى)، ئىككى خىل مەدەنىيەت (چارۋىچىلىق ۋە تېرىم مەدەنىيىتى)، ئىككى خىل تىل سىستېمىسى (ئالتاي ۋە ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىلىرى) ئۆزئارا ئۇچراشقان ۋە قوشۇلغان رايون ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى نىسبەتەن مۇرەككەپ بولغان مىللىي تەركىبنى، ئارىلاشما ھالەتتىكى مەدەنىيەت قاتلىمىنى ۋە ئۆزگىچە خاس پىسخىك قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلغان. بۈگۈنكى كۈندە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ ھەر قانداق بىر خەلقنىڭ ئېتنىك يىلتىزىنى تارىختىكى مەلۇم بىر مىللەتتىنلا ئىزدەش تولىمۇ يۈزەكىلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى تارىختا قانچە قېتىملار ئوخشاش بولمىغان ئىرق ۋە مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى ۋە يۇغۇرۇلۇشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كۆپلىگەن مىللەتلەر ئىز ـ تىنسىز يوقىلىپ، يەنە كۆپلىگەن مىللەتلەر تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. بىز ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئېتنىك قاتلىمى ئىچىدىن تارىختىكى ئارىيان ـ ساك ـ توخرى، سوغدى، ئېفتالىت، پارس، گرېك، ئەرەب قاتارلىق ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ بولغان مىللەتلەرنىڭ قېنى

---

① لى يۇڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە بىر نەزەر»، «ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1994 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ (قوشما) سان.

② پېللىئوت (فرانسىيە): «توخرى تىلى ئۈستىدە مۇلاھىزە»، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمىسى، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1957 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 60 ـ بەت.

بىلەن هون، سىيانپى، رورەن، كىدان ۋە موڭغۇل قاتارلىق موڭغۇل ئىرقى ۋە يېرىم موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان خەلقلەر قانلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان نىسبەتتىنى بايقايمىز. تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى مىللەتلەر تەتقىقاتى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان يۇ تەيشەن ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «غەربىي يۇرتنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى ئىرقىي تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ يەردە ياۋروپا ئىرقىمۇ ھەم موڭغۇل ئىرقىمۇ مەۋجۇت. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ياۋروپا ۋە موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن شالغۇت تىپمۇ مەۋجۇت. لېكىن ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاندىرونوۋ تىپى، ئالدى ئاسىيا تىپى، پامىر - پەرغانە تىپى ۋە ھىندى - ئافغان تىپلىرىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن ياۋروپا ئىرقى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ»①. رۇس ئانتروپولوگى ن. ن. چېبوكساروف «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيىسى» ناملىق كىتابىدا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىيەتلىك مەنبەسىنى پامىر پەرغانە، تۇركوئىد، ھىندى - ئافغان تىپلىرىدىن مۇجەسسەم بولغان دەپ قارىغان②. دېمەك، مىلادىيە VII — IX ئەسىرلەردىكى تۈركىي قوۋملەرنىڭ چوڭ كۆچۈشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشىدىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا مەركىزىي ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدا تۈركلىشىش ۋە ئۇيغۇرلىشىش جەريانى باشلانغان. «مىلادىيە V ئەسىردىن ئېتىبارەن، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ياشاۋاتقان ئاھالىلەر ئۇيغۇرلىشىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈشكە باشلىغان. بىرمۇنچىلىغان خەلقلەر ۋە مىللەتلەر پەيدىنپەي ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن»③. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇ-

① يۇ تەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىياتى شىركىتى، 1995 - يىل نەشرى، 35 - بەت.

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 5 - بەتتە كەلتۈرگەن نەقىلگە قاراڭ.

③ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، 260 - بەت.

رەككەپ ئېتنىك قاتلامغا ئىگە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا تارىختىن بۇيان ئۆزئارا ئۇچرىشىش، قوشۇلۇش يۈز بېرىشى مۇقەررەر ئىدى. ئىران خەلقىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە سىڭگەن بىر قىسىم ياۋروپا ئىرقىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىزلىرى شەرقتە تاكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ شەرقىي گىرۋەكلىرىگىچە يېتىپ بارغان. «ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا، تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتا، قومۇل رايونى ياۋروپا ئىرقىدىكى خەلقلەر ئىزلىرىنىڭ ئەڭ شەرقتىكى پاسىلى بولغان. بۇ چاغدا موڭغۇل ئىرقىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىزلىرىمۇ غەربتە تاكى ئىلى دەرياسى ھاۋزىلىرىغىچە يېتىپ بارغان»①.

تۇران بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى جۇغراپىيىلىك تۇتۇشۇش سەۋەبى نەتىجىسىدە تۈركىي تىللىق قوۋملەر بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزاققا سوزۇلغان ۋە ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى شەكىللەندى. خوددى غاپۇروۋ ئېيتقاندەك: «تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ، ئەزەلدىنلا شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى ۋە قوۋملىرى بىلەن قوشنا ياشاپ كەلگەنىدى»②. «شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى كېيىنكى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا شەكىللەنگەن بارلىق مىللەتلەرنىڭ تەركىبىگە سىڭگەن، يالغۇز تاجىكلارنىڭ تەركىبىگىلا ئەمەس، بەلكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىگۈچى مىللەتلەرنىڭ تەركىبىگىمۇ سىڭگەن»③، «كېيىنچە مۇشۇ ئاساستا ھازىرقى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى شەكىللەندى»④.

ناھايىتى روشەنكى، ئىران — ئاسىيادىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ئەللەرنىڭ بىرى. ئۇ، ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىغا — ئاسىيا، ياۋروپا

---

① يۇتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، 36 ـ بەت.

② ③ ④ غاپۇروۋ: «تاجىكلار تارىخى»، 1 ـ كىتاب، 50 ـ، 204 ـ، 207 ـ بەتلەر.

ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئە تۇتۇشىدىغان بەلباغقا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئۇستىگە قەدىمكى ئىران غەربىي قوشنىسى — مىسوپوتامىيە ۋادىسى ئارقىلىق سومېر - بابىل، مىسىر ۋە يۇنان مەدەنىيەتلىرى-دىن، شەرقتە ھىندى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەتلىرىدىن ھەر ۋاقىت ئوزۇق ئېلىپ تۇرغان. مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 2000 - يىللار ئەتراپى-دا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاسپىي دېڭىزى قىرغاقلىرىدا ياشىغان ئارىيان-لارنىڭ بىر بۆلۈكى ئامۇ دەرياسى ۋە كوپېت تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئىرانغا كىرگەن، يەنە بىر بۆلۈكى ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا كىرگەن. نەتىجىدە قەدىمكى ئارىيانلار ئىران، ھىندى، ئوتتۇرا ئاسى-يا ۋە تارىم ۋادىسىدىكى ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان. ئىران تېررىتورىيىسىگە كىرگەن ئارىيانلار شۇ يەردىكى يەرلىك خەلق بىلەن قوشۇلۇپ پارسلارنى شەكىللەندۈر-گەن، كېيىنچە ئۇلارنىڭ گەۋدىسىگە تۈركىي قوۋملەر، ئەرەبلەر ۋە موڭغۇللارنىڭ ئوخشاشمىغان نىسبەتتىكى تەركىبلىرى قوشۇلغان.

«ئىران» سۆزى «ئارىيانلار ماكانى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىراننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى «پارس» (Fars) ئۆلكىسى كېيىنچە ئىراننىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالغان. 1935 - يىلى «پارس»، «پېرسىيە» دېگەن دۆلەت نامى رەسمىي «ئىران» دېگەن قەدىمكى نامىغا ئۆزگەرتىلدى①.

ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا ئىراندا قۇرۇل-غان ئەڭ قەدىمكى مەملىكەت «ئەلەم» ئىدى. بۇ خانلىق مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 2800 - يىللىرى ئەتراپىدا قۇرۇلغان. ئۇندىن كېيىن مىدىيە سۇلالىسى قۇرۇلغان②. لېكىن قەدىمكى ئىران تارىخىدا ئاخما-نىيلار (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 330 — 550)، باكتىرىيە (مىلادىيە-

① خې نەيىڭ تۈزگەن: «ئىران شېئىرىيىتىدىن تاللانمىلار»، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 1 - بەت.

② ۋ. ئى. ئاۋدىيېۋ: «قەدىمكى شەرق تارىخى»، 586 - بەت.

دىن بۇرۇنقى 224 — 247) ۋە ساسانىيلار (مىلادىيە 224 — 651) سۇلالىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ خاندانلىق ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ خانلىقلار ئىران ۋە تۈركىي مەنبەلىرىدە پىشدادىيلار، كەييانىيلار، ئاشخانىلار ۋە ساسانىيلار دەپ ئاتالدى①. ئىران تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان، ئىقلىمى ئىسسىق ۋە قۇرغاق رايون بولۇشىغا قارىماي، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ۋە ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم جاي ئىدى. شۇڭا قەدىمدىن بۇيان، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرىدە، ئەرەبلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىكىدە ۋە چىڭگىزخان ئىستېلالىرىدا زۆرۈر نىشانغا ئايلانغان. ئاخمانىيلار سۇلالىسى (غەربلىكلەر پېرسىيە ئىمپېرىيىسى دەپ ئاتىغان) دەۋرىدە شاھىنشاھ كەيخىسراۋ (يۇنان مەنبەلىرىدىكى Curus) نىڭ زېمىنى شەرقتە سىند دەرياسىدىن غەربتە ئوتتۇرا دېڭىز ۋە مىسىرغىچە يېتىپ بارغان. دارا I دەۋرىدە ئىرانلىقلار قىزىل دېڭىزدىن نىل دەرياسىغا تۇتۇشىدىغان قانال قازغان. ھرودېتنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، يۇنان ـ پېرسىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندا، پارسلار ئۈچىنچى قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشىدە 5 مىليوندىن ئارتۇق ئەسكەر، 1207 دانە جەڭ كېمىسى چىقارغان②. بۇنىڭدىن ئۆز دەۋرىدىكى پارسلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كۈچەيگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

مىلادىيە 651 ـ يىلى ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى ئەرەبلەر تەرىپىدىن مۇنقەرز بولدى. ئارقىدىنلا ئەرەب قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئىستېلا قىلدى. نەتىجىدە ئەرەبىستاندىن پامىر ئېگىزلىكىگىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە ئىسلام مەدەنىيىتى شەكىللەندى. پارسلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئەرەب ئىمپېرىيىسى تەۋەسى-

---

① ئەلىشىر نەۋائىي: «تارىخى مۇلكى ئەجەم»، «ئون بەش توملۇق نەۋائىي ئەسەرلىرى»، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى، XIV توم، 185 ـ بەت.

② جاڭ خۇڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1993 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 3 ـ بەت.

دە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. X ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ قاراخانىيلار (870 — 1212)، غەزنەۋىيلەر (998 — 1186)، سالجۇقىيلار (1037 — 1194) قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر قۇرغان خانلىقلار ئاستا - ئاستا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىنى ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزدى. خۇددى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك: «ئىسلام خەلىپىلىكلىرىدىكى غەربتىن — گرېكلار ۋە يەھۇدىيلار مەدەنىيەتلىرىدىن ئۆگىنىش شەرقتىن ئۆگىنىشكە — قاراخانىيلار، غەزنەۋىيلەر ۋە سالجۇقىيلاردىن، جۇڭگو ۋە ھىندىستاندىن ئۆگىنىشكە بۇرۇلدى، خەلىپىلىك تۈرك سەركەردىلىرى ۋە باخشى — زىيالىيلىرى قورشاۋىدا قالدى. خۇددى مەھمۇد قەشقەرى ئېيتقاندەك ‹قۇياش تۈركلەر بۇرجىدا› كۆتۈرۈلدى، ‹ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش پەرز› بولۇپ قالدى»[1]. بۇ خىل ھالەت تاكى ئەمىر تېمۇر ئىران ۋە كىچىك ئاسىيانى ئاخىرقى قېتىم ئىستېلا قىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

دېمەك، تارىختا تۇران ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە قويۇق بولغان. ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەت، فولكلور، ئىدىئولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردە ناھايىتى زور ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولغان. بۈگۈنكى كۈندە ھەتتا تارىمدىن پارس قولتۇقىغىچە بولغان رايوندىكى ئورتاقلىققا ئىگە مەدەنىيەت ئاممىلىرىنىڭ كىمدىن كىمگە ئۆتۈشكەنلىكىنى پەرق ئېتىشمۇ تەس بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئەھۋال تىلدا تېخىمۇ روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. «ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئىران تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭمۇ مۇئەييەن تارىخىي تەسىرى بولغىنىدەك، ھەر قايسى ئىران سۇلالىرىغا ئۇيغۇر - تۈركىي تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭمۇ مۇئەييەن تارىخىي تەسىرى بولغان»[2].

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 181 - بەت.
② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، 7 - بەت.

## ئىككىنچى دىئالوگ:
## قۇياش ۋە چۆل قەسىدىسى

مەڭگۈلۈك، نۇرلۇق تولپاردەك يۈگۈرگەك قۇياش
ئۆز يورۇقلۇقى بىلەن قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ! . . . »①
— «ئاۋېستا، ياشت (94:30)»

«قۇياش نۇرى يېتىپ بارغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە قۇياش ئەپسانىلىرى مەۋجۇت. »②

— ئېدۋارد تەيلور

ئېھتىمال دۇنيادا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرى قۇياش ھەققىدە ئەڭ كۆپ تەپەككۇر قىلغان خەلقلەردىن ھېسابلانسا كېرەك. چۈنكى قۇياش ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان بىر مۇنچىلىك دىنلار — ئاتەشپەرەستلىك ۋە مانىخىزم ئەڭ ئالدى بىلەن ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولغانىدى. تارىم، ماۋارائۇننەھر ۋە ئىران چۆللۈكلىرىنىڭ ئاسمىنىدا پارلاپ تۇرغان قۇياش ئەلمىساقتىن بۇيان بۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تەپەككۇرىنى غىدىقلاپ، ۋۇجۇدىدىكى ھېسسىيات كەپتىرىنىڭ قانىتىنى يېشىپ كەلدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، قۇياش — ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى ئەڭ كۆپ ھەيرەتتە قالدۇرغان جىسىم ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، قەدىمكى كىشىلەر ئاۋۋال قۇياشىنى ئىلاھلاشتۇردى ۋە قۇياش ھەققىدە تۈرلۈك ـ تۈمەن ئەپسانىلەرنى توقۇشتى. بولۇپمۇ قۇياش نۇرى ئۇزاقىچە تىك چۈشىدىغان، بۇلۇتسىز كۈنلىرى كۆپ بولىدىغان، ئىقلىمى قۇرغاق، ھۆل ـ يېغىنى ئاز، دەشت ـ چۆللىرى تونۇردەك قىزىيدىغان ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادا قۇياش ئېتىقادچىلىقى ناھايىتى

---

① «ئاۋېستا. ياشت»، شەرق نەشرىياتى، لوندون ئىنگلىزچە نەشرى، 30 ـ باب، 94 ـ مىسرا.

② ماكس مۇللېر (گېرمانىيە): «سېلىشتۇرما ئەپسانىشۇناسلىق»، شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1989 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 15 ـ بەت.

ئەۋج ئالغانــدى. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىــڭ ئەڭ قەدىــمكى
ئاھالىسى — ئارىيانلارنىڭ قۇياشقا چوقۇنغانلىقى ھەققىدىكى تارىخىي
ئۇچۇرلار زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. ھرودېت ماسساگېتلار ھەق-
قىدە توختالغاندا، ئۇلارنىڭ گۇلخان يېقىپ ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ
ئوتقا مېۋە تاشلاپ، مېۋە پۇراقلىرىدىن مەست بولۇپ، ناخشا ئوقۇپ،
ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقىنى يازغان. سترابون: ماسساگېتلار قۇياشنى
تەڭرى بىلىپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئاتاپ ئاتلارنى قۇربانلىق
قىلىشىدۇ، دەپ قەيت قىلىدۇ①. ئارىيانلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن
جەنۇب تەرەپكە سۈرۈلگەندە قەدىمكى ھىندى ۋە ئىران تەۋەسىدىمۇ
قۇياش ۋە ئوت (ئاتەش) قا تېۋىنىش ئېتىقادى ئەۋج ئالغان. قەدىمكى
ئىرانغا قوشنا بولغان مىسوپوتامىيە ۋە مىسىردىمۇ قۇياش ئېتىقادى
كەڭ قانات يايغان. قەدىمكى مىسىر فىرئەۋنى ئۆزىنى قۇياش ئىلاھى
رانىڭ ئوغلى دەپ قارىغان ۋە قۇياشقا ئوخشاش ئەبەدىي نۇر چېچىپ
تۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان. مىسىر فىرئەۋنلىرى ھەتتا ئۆز قەبرىلىرى-
نىمۇ نىل دەرياسىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرغان. شۇڭا
قەدىمكى مىسىرنىڭ «ئۆلۈكلەر مەكتۇبى» ناملىق دەستۇرىدا مۇنداق
قۇرلار ئۇچرايدۇ: «مەن — يورۇق دۇنيانىڭ خوجىسى، ھاياتلىقنىڭ
ئەبەدىيلىك باھارى، ئالەمدىكى تۇنجى تۆرەلمە، كائىناتتىكى تۇنجى
شەيئىي. مەن — ياش ھەم قېرىماس شاھزادە، مەن — قۇياش ئىلاھى
رادىن تۇغۇلغان ئەبەدىيلىك ۋۇجۇد! . . . »② مىسوپوتامىيە ۋادىسىدى-
كى مۇنبەت زېمىندا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان قەدىمكى سۇمېر -
بابىللىقلار قۇياش ئىلاھى شاماش (Shemash) قا بولغان ئېتىقادىنى
ئۆز ئىدىئولوگىيىلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگىچە سىڭدۈرگەن. «گىل-
گامىش» ئېپوسىدا، گىلگامىش ئۆزىنى قۇياش ئىلاھىنىڭ ئەۋلادى

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 37 - بەت.
② «ئۆلۈكلەر مەكتۇبى»، جىلىن خەلق نەشرىياتى، 1957 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 14 - بەت.

دەپ قارىغان. قەدىمكى بابىللىقلار يەنە قۇياش ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىپ بىر يىلنى 12 ئايغا، بىر كۈننى 12 سائەتكە بۆلگەن. قۇياش كالېندارىنى ئىجاد قىلغان. «خاممۇرابى قانۇنى» دا: «قانۇنلىرىم گويا قۇياش ئىلاھى شاماشتەك پۈتكۈل زېمىنغا ئۆز يورۇقلۇقىنى يەتكۈزگەي...»① دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ.

تاڭ دەۋرىدە دۇەن چېڭشى «شىياڭ زازۇ» نىڭ 1 - جىلد 4 - بابى «يات ئەللەر مەنزىرىسى» دە تۈركلەر ھەققىدىكى مۇنداق بىر ئەپسانىنى خاتىرىگە ئالغان: «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى شېموشېلى (射摩舍利) دەپ ئاتىلىدىغان دېڭىز ئىلاھى ئىدى. ئۇ، ئاشىر غارىنىڭ غەربىي تەرىپىدە تۇراتتى. شېمو (射摩) نىڭ ئىلاھىي ئىقتىدارى بار ئىدى. دېڭىز ئىلاھىنىڭ قىزى ھەر كۈنى قۇياش ئولتۇرغاندا، ئاپئاق بۇغىنى مىنىپ شېمونى دېڭىزغا ئەكىرىپ كېتەتتى، ئەتىسى قۇياش كۆتۈرۈلگەندە، دېڭىزدىن ئېلىپ چىقىپ قوياتتى. بۇنداق ئەھۋال نەچچە ئون يىل داۋاملاشتى...»②. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئاپئاق بۇغىغا مىنىپ قۇياش بىلەن تەڭ دېڭىزغا كىرىپ، ئەتىسى قۇياش كۆتۈرۈلگەندە دېڭىزدىن چىقىدىغان شېمو ياكى شېموشېلى ئەمەلىيەتتە قۇياش ئىلاھىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى ئىدى. بۇ، قەدىمكى بابىللىقلار ئەپسانىسىدىكى ئوت ھارۋىسىنى ھەيدەپ ھەر كۈنى شەرقتىن غەربكە يۈرىدىغان قۇياش ئىلاھى شاماش ياكى شېماشقا قانچىلىك ئوخشايدۇ - ھە؟ تەيلور، فرازېر قاتارلىق مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ئىلمىنىڭ ئاساسچىلىرى قىلچىمۇ ئۆتۈشۈش ئىمكانىيىتى بولمىغان خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت جەھەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە بەزى ئوخشاشلىقلار بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. تەڭرىتاغ، ئالتاي ۋە تارىم ۋادىسىدىكى قىيا تاشلاردا

---

① «خاممۇرابى قانۇنى»، سودا نەشرىياتى، 1962 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 58 - بەت.

② بۇ ئەپسانە توغرىسىدا تاڭ دەۋرىدىكى دۇەن چېڭشى رەتلىگەن «شىياڭ زازۇ» 1 - جىلد، 4 - باب، «يات ئەللەر مەنزىرىسى» گە قاراڭ.

قۇياشقا تېۋىنىشقا ئائىت ئېپتىدائىي سىزمىلار، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئۆۋەن ئېقىمىدىكى قۇياش شەكىللىك قەبرىلەر مەركىزىي ئاسىيا قۇياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ ناھايىتى قەدىمىيلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ساكلار، ھونلار ۋە تۈركلەرگە ئائىت قەدىمكى مەنبەلەردە قۇياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئىزنالىرى تېخىمۇ روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» دە: «ھون تەڭرىقۇتىنىڭ چېدىرى كۈن چىقىش تەرەپكە قارىتىلىپ تىكىلىدۇ. ئۇلار ئەتىگەندە ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشقا، كەچتە ئايغا بەيئەت قىلىدۇ. ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ئىش تۇتىدۇ. ئاي تولغاندا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئاي كەمتۈكلەشكەندە قوشۇن چېكىندۈرىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «تۈركلەر كۆك تەڭرىگە سېغىنىدۇ. كۈن چىقىشقا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. چېدىر ئىشىكىنى كۈن چىقىش تەرەپكە قارىتىپ ئاچىدۇ...» دەپ يېزىلغان.

دېمەك، شۇ نەرسە ئېنىقكى، قۇياش ئاسمان جىسىملىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئىنسانلارنى تەپەككۇرغا مەجبۇر قىلغان جىسىم. خۇددى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدە تەسۋىرلەنگەندەك دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان قەدىمكى خەلقلەر روھ قۇياش پاتقاندا قۇياش بىلەن تەڭ دېڭىزغا كىرىپ كېتىدۇ. ئەتىگەندە قۇياش كۆتۈرۈلگەندە دېڭىزدىن چىقىدۇ، دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇلار قۇياشنىڭ چىقىشىنى تۇغۇلۇش ۋە ھاياتلىققا، قۇياشنىڭ پېتىشىنى ئۆلۈمگە سىمۋول قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا: «يەر شارىدا باشقا ھەر قانداق بىر مەۋجۇدات قۇياشتىن بالدۇر بولمىسا كېرەك. قۇياش — ئالەمدىكى تۇنجى ‹تۇغۇم›، شۇنداقلا تۇنجى ‹ئۆلۈم› ئىدى»① شۇڭلاشقا قەدىمكى بابىللىقلارنىڭ «گىلگامىش»، پارسلارنىڭ «شاھنامە»، تۈركىي تىللىق

① لىيۇس: «شەيئىيلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى»، سىچۇەن مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 341 - بەت.

خەلقلەرنىڭ «ماناس»، «ئوغۇزنامە»، «ئالپامىش» قاتارلىق ئې-
پوسلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ھايات - پائالىيىتى قۇياشنىڭ ھەرىكە-
تىگە تەتبىقلىنىپ يارىتىلغانىدى. قۇياشنىڭ چىقىشى — ئېپوس
قەھرىمانلىرىنىڭ تۇغۇلۇشىغا؛ قۇياشنىڭ چىڭقى چۈشتىكى تىكلەن-
گەن، قىزىغان ۋاقتى — قەھرىماننىڭ ياشلىق دەۋرى، تويى، يىراققا
يۈرۈشلىرى ۋە ئالەمشۇمۇل غەلىبىلىرىگە؛ قۇياشنىڭ قىزغۇچ ئۇپۇق
سىزىقى ئىچىدە پېتىشى — قەھرىماننىڭ ئۆلۈم پاجىئەسىگە سىمۋول
قىلىنغان①. ئەپسانە — ئەندىزە نەزەرىيىچىلىرى مۇشۇ تۈردىكى قەھ-
رىمانلىق ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانلارنى «قۇياش قەھرىمانلىرى» دەپ
ئاتىدى②. قۇياش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق تەقدىرى-
نى چۈشەندۈرۈش بىر خىل ئىلمىي چۈشەنچە بولمىسىمۇ، لېكىن
ئاللىقاچان ھېس قىلىنغان تەبىئىي مۇقەررەرلىك ئارقىلىق تېخى
ھېس قىلىنمىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇقەررەرلىكىنى چۈشەندۈ-
رۈش ئىنسانلارنىڭ بىلىش تارىخىدىكى چوڭ سەكرەشتۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاكى ئىران چۆللۈكلىرىگىچە بولغان بىپايان
زېمىندا قۇياش ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان ئوت — ئاتەشكە تېۋىنىش
ئادەتلىرى ناھايىتى ئەۋج ئالغانىدى. شەرقىي ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسى-
يادا مەيدانغا كەلگەن ئاتەشپەرەسلىك (زەردۇشتىلىق)، مانىخىزم
قاتارلىق دىنىي ئېتىقادلار ئۆز مەنىسى بىلەن قۇياش ئېتىقادچىلىقىنى
ئۆزىگە مەنبە قىلغانىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر پەل-
سەپە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، زورا-
ئاستېر دىنى مەيدانغا چىقىشتىن ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇياشقا
سېغىنىش، ئوتقا سېغىنىش ئەنئەنىسى بولغان. . . زارائاستېرىزم-

---

① فرېي (ئامېرىكا): «ئەپسانە ۋە ئەندىزە نەزەرىيىسى» — «تەنقىد ئوپېراتسىيىسى»، نيۇ - يورك، ئېنگلىزچە نەشرى، 1971 - يىل، 113 - بەت.

② يې شۇشيەن: «قەھرىمان ۋە قۇياش»، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى، 29 - بەت.

نىڭ ئەسلى ماكانى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىيىۋى بۇلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ يورۇقلۇق مەنبەيى — قۇياش بىلەن ئوتقا بولغان ئەنئەنىۋى ئېتىقادى ئىدى. . . ‹ئاۋېستا› نىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ‹گاتا› (Gatha) كىتابى باكتېرىيە — غەربىي تۇران تىلىدا يېزىلغان»①.

بۇ ھەقتە ۋىلليئام مىككوۋېرن «‹ئاۋېستا› نىڭ تىلى قەدىمكى پېرسىيە تىلىغا ئوخشىمىغان. . . قەدىمكى باكتېرىيە تىلىدا يېزىلغان. . . ھەقىقەتەن ‹ئاۋېستا› دا غەربىي ئىران ئىنتايىن ئاز تىلغا ئېلىنغان. شەرقتىكى دەريا ۋە جايلار كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان» دەپ يازغان②. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى تاجىك تارىخچىسى غاپۇروۋ «تاجىكلار تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «‹ئاۋېستا› نىڭ 14 ـ بابى ھېسابلانغان ‹مېھرياشت› ناملىق مۇناجاتتا قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا روشەن سۈرەتلەنگەن: ئۇ يەرلەردە نۇرغۇن ئېگىز تاغلار بار، تاغلاردا ئوتلاقلار، سۇلۇقلار بار. چارۋا باقىدىغان مول يەم ـ خەشەكلەر بار. ئۇ يەرلەردە چوڭقۇر كۆللەر، كېمە قاتنايدىغان دەريالار بار. . .»③ دېگەن نەقىلنى كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، زەردۇشت دىنىنىڭ دەستۇرى — «ئاۋېستا» نىڭ شەكىللىنىشىگە ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىپتىدائىي قۇياش ئىلاھىيەتچىلىكى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. زەردۇشتىلۇقتىن تارتىپ مانى ئېتىقادىغىچە بولغان ئۇزاق جەرياندا يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، پاكلىق بىلەن خۇنۈكلۈك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئەبەدىيلىك كۈرەش ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە ئىجادىغا كۈچلۈك تەسىرلەرنى قالدۇردى. «ئاۋېستا» دىن تاكى يېقىنقى زاماندىكى شائىرلار ئىجادىغا قەدەر، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئۇزاق يىللىرى مابەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زەڭگەر ئاسمىنىدا ئېسىلىپ

---

① ② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 36 ـ، 37 ـ، 38 ـ بەتلەر.

③ غاپۇروۋ: «تاجىكلار تارىخى»، 52 ـ بەت.

تۇرغان قۇياش كىلاسسىكلار ئىجادىدا سانسىز قېتىم كۈيلەندى. ئەڭ گۈزەل نەرسىلەر — ھاياتلىق، مېھىر - مۇھەببەت، پاكلىق، گۈزەل جانان ۋە ئىشق قاتارلىقلار قۇياش ئارقىلىق سۈپەتلەندى. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا «كۈن تەڭرىدە قۇت بولمىش. . . ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش» دېگەن قۇرلار ئارقىلىق تۈرك قاغانلىرى تەسۋىرلەندى. ئوتقا ھۆرمەت قىلىش، ئىسرىق سېلىش، ياغ پۇرىتىش، قاپاق كۆيدۈرۈش، توي قىلغان قىزنى گۈلخان ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈش، ئوت بىلەن ئۇچۇقداش، ئۆلۈم بولغان ئۆيدە چىراغ يېقىش قاتارلىق بىر قاتار ئادەتلەر تارىمدىن ئىران چۆللۈكلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يېزا - قىشلاقلار ھاياتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. «خارەزمدىكى قەدىمكى قەلئەلەر قېزىلغان چاغدا، ناھايىتى قەدىمكى ‹ئاتەشخانىلار› نىڭ قالدۇقلىرى تېپىلدى. بۇ يەردە مۇقەددەس ئوت (ئاتەش) قا تېۋىنغانلىقى مەلۇم. سترابون ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ماسساگېتلار ‹قۇياشنى خۇدا دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ ئاتلارنى قۇربانلىق قىلىدۇ› دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇنىسى خاراكتېرلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ‹خارەزىم› دېگەن ئەلنىڭ قەدىمكى نامى ئەسلىدە ‹قۇياشلىق يەر› (خۋار — قۇياش، زىم — يەر - ماكان) دېگەننى بىلدۈرەتتى»①.

دەرۋەقە، قۇياش خۇداسى مىترا ھەققىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىدە ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلمەكتە. بەزى خەلقلەر ھەتتا قۇياش ئىلاھىنى خۇدانىڭ ۋەكىلى دەپ قارىغان. ئاسسۇرىيە تىلىدا قۇياشنىڭ نامى بولغان Shamash سۆزىنىڭ مەنىسى «تەڭرىنىڭ خىزمەتكارى» دېگەننى بىلدۈرىدىكەن②. «ئاۋېستا» دا ئۇچرايدىغان «مېھرياشت» (Mihr Yasht) تىكى Mihr سۆزى «دوستانە قۇياش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىكەن③. ئوتتۇرا

① ۋ. ئى. ئاۋدىيېۋ: «قەدىمكى شەرق تارىخى»، 625 - بەت.
② ③ ماكس مۇللېر (گېرمانىيە): «سېلىشتۇرما ئەپسانشۇناسلىق»، 10 -، 14 - بەتلەر.

ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىدە قۇياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ شۇ دەرىجە-
دە چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇشى ئۆزىگە خاس جۇغراپىيىۋى ۋە ئىقلىم
شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. شۇنىسى ئايانكى،
چۆل — تارىمدىن ئەرەب سەھرالىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەر
قايسى خەلقلەرنىڭ ۋەتىنى. چۆل ئاسمىنىدا ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش
چۆل خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى بۇلىقى. قۇرغاق، ھۆل - يېغىنى ئاز،
قۇياش نۇرىنىڭ تىك چۈشۈش ۋاقتى ئۇزاق بولغان ئىچكى ئاسىيادا
ئادەم بىلەن قۇياش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىۋاستە ۋە دائىملىق
بولاتتى. ئۇزاق مۇددەتلىك چۆل ھاياتى ۋە قۇياشنىڭ تونۇردەك قىز-
دۇرۇشى بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ قۇرغاق، ئەمما ئۆتكۈر؛ قاغجىرىغان
ئەمما ھېسسىياتقا باي، ھېس - تۇيغۇلىرىنى نەپىس تىللار بىلەن
ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇشتەك خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن. خۇددى فى-
لىپ ھىتتى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «چۆل، خورما، تۆگە ۋە قۇم
دانچىلىرى قۇملۇق خەلقلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ تۆت چوڭ مەزمۇنى ئى-
دى. بىز ئۇلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ۋە پسىخىك قۇرۇلمىسىدىن چۆل
كىشىلىرىگە خاس ئۈزۈلۈكسىزلىك، قۇرغاقلىق ۋە زېرىكەرلىكنى
بايقايمىز...»①. تەڭرىتاغ بويلىرىدىن قىزىل دېڭىزغىچە سوزۇلغان
ئۇزاق ئاسىيادا ئۇششاق بوستانلىق ۋە ھەيۋەتلىك تاغلار بىلەن گىرەلە-
شىپ كەتكەن تەكلىماكان قۇملۇقى، قۇربان تۇڭغۇت چۆلى، قىزىل-
قۇم چۆللىكى، سارى ئۆزەك دالىسى، قاراقۇم باياۋىنى، مازاندىران
دەشتى، كەربالا ۋە ئەرەب چۆللۈكلىرىدىن ئىبارەت غايەت زور قۇم-
لۇقلار بوزىرىپ ياتىدۇ. ئاۋرېل سېتېيىن دۇنيادىكى قۇملۇقلار ئىچى-
دە ئەڭ قورقۇنچلۇقى تەكلىماكان چۆلى دەپ ئېيتقان②. دەرۋەقە،
تاغلىق يەر شەكلى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرىگە
غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن، لېكىن چوڭ قۇملۇقلارنىڭ تەسىرى

① فىلىپ ھىتتى (ئامېرىكا): «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 25 - بەت.
② گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 6 - بەت.

ئۆنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ①. مانا مۇشۇ چوڭ قۇملۇقلار بىلەن ئۇششاق بوستانلىقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادا لەۋلىرى قۇرىغان، ئەمما ھېسسىياتى قايناپ تۇرغان ئاشۇ خەلقلەر يەھۇدىي، خرىستىئان، زارائاستېر، مانى، بۇددا ۋە ئىسلام دىنلىرىنى؛ مەزكۇر دىنلارنىڭ مۇقەددەس دەستۇرلىرى «زەبۇر»، «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «ئاۋېستا» ۋە «قۇرئان» لارنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەنىۋىيىتىگە تەقدىم قىلدى. مۇسا، ئەيسا، ساكيامونى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، زورائاستېر، مانى قاتارلىق دىنىي پېشۋالارنى؛ ئاتتىلا، باتۇر تەڭرىقۇت، چىڭگىزخان، ئەمىرتېمۇر، دارا قاتارلىق مەشھۇر جاھانگىرلارنى تارىخ سەھنىسىگە چىقاردى. نۇرغۇن ئىمپېرىيىلەر بۇ يەردە قۇرۇلۇپ، يەنە بۇ يەردە يىمىرىلدى. نۇرغۇن مىللەتلەر بۇ يەردە يوقىلىپ يەنە نۇرغۇن مىللەتلەر پەيدا بولدى.

قىسقىسى، ئۇزاق چۆللەر بىلەن قۇياشنىڭ ئاتەشتەك قىزدۇرۇشى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ يىراق تارىختىن بۇيانقى تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە ئىجادىي ئىلھامىغا سىرتقى غىدىقلىغۇچى بولدى. قۇياش رادىئاتسىيىسى بۇ خەلقلەرنىڭ شېئىرىي تۇيغۇسىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. چۆل ئۇلارغا چىدام ۋە روھىي چەكسىزلىك ئاتا قىلدى. ئىسكەندەردىن چىڭگىزخانغىچە بولغان ئۇزاق جەرياندا ئىستېلاچىلارنىڭ سانسىز قېتىملىق يۈرۈشلىرى ئارقىسىدا شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى مۇشۇ بەلباغ ئارقىلىق ئۆزئارا ئالماشتى. «مىلادىيەدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردە پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر ئۇچى گرېتسىيەگە، يەنە بىر ئۇچى ھىندىستانغا يېتىپ باردى. گرېكلار ئەڭ دەسلەپ پارسلاردىن ھىندىستانلىقلارنىڭ Indoi دېيىلىدىغانلىقىنى، ھىندىلار پارسلار ئارقىلىق گرېكلەرنىڭ Yona دېيىلىدىغانلىقىنى بىلگەن»②. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران شەرق بىلەن غەرب لىنىيىسىدىكى مەدەنىيەت ئۆتكۈزۈش كۆۋرۈكى بولۇپ قالغان.

---

① گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 6 - بەت.

② جىن كېمۇ: «ھىندى مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ماقالىلار توپلىمى»، 190 - بەت؛ جاڭ خۇڭنيەن: «پارس ئەدەبىيات تارىخى»، 1 - بەت.

## ئۈچىنچى دىئالوگ:
## جەڭگاھتىكى ئەفراسىياپ ۋە رۇستەم

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ.
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ،
پەلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

**— مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»**

«ئاۋېستا» دىن تاكى «شاھنامە» گىچە بولغان 15 ئەسىرگە يېقىن ئۇزاق جەرياندا، ئىرانلىقلار تۇران خاقانى ئەفراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) نىڭ سەلبىي ئوبرازىنى سانسىز قېتىملار ياراتتى. «ئاۋېستا» دا ئەفراسىياپنىڭ سەلبىي ئوبرازى تۇنجى قېتىم يارىتىلىپ «بەتبەشىرە، ياۋۇز» كۈچلەرنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنسە؛ «قەھرىمان زەرىرگە مەرسىيە» ناملىق قەدىمكى ئېپوستا ئەفراسىياپ «ئارجاسپ» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، زەردۇشت دىنىنىڭ دۈشمىنى، تاجاۋۇزچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. فىردەۋسىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «شاھنامە» دە بولسا، ئۇرۇشخۇمار، قارانىيەت، ئىرانلىقلارنى تىنماي پاراكەندە قىلغان تۇران شاھى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. لېكىن تولىمۇ ئەپسۇس، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەنبەلىرىدە ئۆز مىللىي قەھرىمانى ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى بىر قانچە جۈملە مەدھىيىسى بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بىر قانچە كۈپلىت مەرسىيە قوشاقلىرىدىن باشقا ھېچقانداق خاتىرە قالمىغان. تېخىمۇ ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي قەھرىمانى بولغان ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدە بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئىجادىدا پارس مەنبەلىرىچىلىك مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان. ئەمەلىيەتتە، ئەفراسىياپنىڭ ئوبرازى يىراق تارىختىكى ئىران بىلەن تۇران ئۇرۇشىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان مۇھىم يىپ ئۇچى ھېسابلىنىدۇ.

ئالىپ ئەرتۇڭا ياكى پارس مەنبەلىرىدىكى ئەفراسىياپ تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخسمۇ؟ تۇران خاقانى بولغان ئەفراسىياپ نېمە ئۈچۈن ئىران خەلقلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىدا سەلبىي شەخس سۈپىتىدە قايتا ـ قايتا تىلغا ئېلىنىدۇ؟

نېگىزىدىن ئېيتقاندا، بۇ بىر مۇرەككەپ مەسىلە. ئىران مەنبەلىرىگە قارىغاندا ئەفراسىياپنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي سىماسى «ئاۋېستا» دا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭدىكى بىر بابتا مۇنداق قۇرلار ئۇچرايدۇ.

«پەم ـ پاراسەتلىك گوشتاسىپ فارس دېگەن جايدا دەريا قىرغىقىغا چىقتى ۋە يۈز ئات، مىڭ كالا، بىر تۈمەن قوينى دەريا ئىلاھىغا قۇربانلىق قىلماقچى بولدى. ئۇ شۇ چاغدا دەريا ئىلاھىغا يالۋۇرۇپ مۇنداق خىتاب قىلدى: ‹پاك رەھىمدىل دەريا ئىلاھى! . . . رەزىللىكتە ئۇچىغا چىققان ھۇشاڭ بىلەن دېۋە كەبىي ئارجاسپنى يېڭىشىمگە مەدەت بەرگەيسەن. . . › »①.

ئۇندىن باشقا «ئاۋېستا» نىڭ يەنە بىر بابىدا مىللىي قەھرىمان زەرىرىنىڭ دەريا ئىلاھىغا قىلغان ئوخشاش خىتابى تەكرارلىنىدۇ ۋە «يالغانچى ئارجاسپ» دېگەن ئىسىم تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ‹ ئارجاسىپ › (Arjasp) ئەمەلىيەتتە كېيىنكى مەنبەلەردىكى «ئەفراسىياپ» ئوبرازىنىڭ ئىپىدائىي ئۈلگىسىدۇر. ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «تارىخى مۇلكى ئەجەم» (ئىران پادىشاھلىرىنىڭ تارىخى) ناملىق ئەسىرىدە: «ئارجاسپ» بىنىنى ئەفراسىياپكىم، تۈرك پادىشاھى ئەردى»②دەيدۇ. نەۋائى يەنە تەكىتلەپ مۇنداق يازىدۇ: «ئەفراسىياپ — ھۇشاڭ بىنىنى تۇر بىنىنى فېرىدون ئوغلىدۇر. ۋە بەزى ئانىڭ نىسبەتىنى كەيۇمارسگە يەتكۈزۈپتۇرلەر. ئەمما

① جاڭ خۇڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، 12 ـ بەت.
② نەۋائى: «تارىخى مۇلكى ئەجەم» — «ئون بەش توملۇق نەۋائى ئەسەرلىرى توپلىمى»، 14 ـ توم، 195 ـ بەت.

ئالدىنقىسى دۇرۇستراقدۇر. ئۇ ئىران مۇلكىنى ئانداق بۇزدىكى ئاز يەردە مەمۇرچىلىق قالدى، يىغاچلارنى كەستى، ئىمارەتنى يىقىتتى ۋە كارىزلار بىلەن بۇلاقلارنى كۆمدى. . . ئەفراسىياپ پادىشاھلىقى ئون ئىككى يىل ئەردى①. نەۋائى يەن مۇنۇ شېئىرىنى كەلتۇرىدۇ:

چۇ ئەفراسىياپ ئۆلدى ئالەم شاھى،
ئەمەس ئەردى ئىش سىرىنىڭ ئاگاھى.
جاھان مۇلكىن ئۆز مۇلكى قىلدى گۇمان،
ئانى ھەم ئارىدىن چىقاردى جاھان②.

دېمەك، نەۋائى قەلىمى ئاستىدىكى ئەفراسىياپنىڭ ئوبرازى پارس مەنبەلىرى (ئاساسلىقى «شاھنامە») دىن كەلگەن. نەۋائى ئىران تارىخىنى يېزىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن تۈرك پادىشاھى ئەفراسىياپنى تىلغا ئالغان ۋە ئۇنى ئىرانغا قاتتىق سورۇقچىلىق سالغان سەلبىي شەخس سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن.

ئېھتىمال، مەيلى تۈركىي مەنبەلىرى بولسۇن، ياكى ئىران مەنبەلىرىدە بولسۇن، ئەفراسىياپ ئوبرازى ئەڭ كۆپ تەسۋىرلەنگەن ئەسەر ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (940 — 1020) نىڭ «شاھنامە» ناملىق گىگانت ئەسىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەسەرنىڭ ھەجمى جەمئىي 120 مىڭ مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاپتور ئىراننىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرىدىن تاكى مىلادىيە 651 - يىلى ساسانىيلار سۇلالىسى ئەرەب قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يىمىرىلگەنگە قەدەر بولغان 4600 يىلدىن ئارتۇق جەرياندىكى پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق تارىخىنى بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. گەرچە فىردەۋسىدىن بۇرۇنلا ئىراندا بىر قانچىلىغان «شاھنامە» لەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىگە يېتەلمىگەنىدى. فىردەۋسى ئەسىرىدە نۇرغۇن

---

① ② نەۋائى: «تارىخى مۇلكى ئەجەم» — «ئون بەش تومluq نەۋائى ئەسەرلىرى توپلىمى»، XIV توم، 191 -، 195 - بەتلەر.

سۈژىتلار ئارقىلىق ئەفراسىياپقا كەڭ سەھىپە ئاجراتتى. بولۇپمۇ ئەسەردىكى ئىران - تۇران ئۇرۇشىغا دائىر تۆت شەخسنىڭ پاجىئەسى — ھىلاج، سوقراب، سىياۋۇش ۋە ئىسفەندىيالارنىڭ پاجى- ئەسى تۇر، ھۇشاڭ ۋە ئەفراسىياپ قاتارلىق تۇران پادىشاھلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشلار داۋامىدا يۈز بېرىدۇ. پۈتكۈل ئەسەردە سىياۋۇش پاجىئەسى ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. ئەفرا- سىياپنىڭ سەلبىي ئوبرازىمۇ ئىران قەھرىمانى سىياۋۇش بىلەن بول- غان مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر جەريانىدا يارىتىلىدۇ. گەرچە «شاھنا- مە» رېئال تارىخنىڭ ئۆزى بولمىسىمۇ، لېكىن ئىران ۋە تۇران تارىخىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان ۋە ناھايىتى زور دەرىجىدە بەدىئىي پىششىقلاشتىن ئۆتكەن.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا «ئامۇ دەرياسى ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى يەنى پارس تىللىق خەلقلەر بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى پاسىل بولغان»①. ئىراندىكى بې- ھىستۇن تاش پۈتۈكلىرىدە، ئىران پادىشاھى دارا I نىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 517 - يىلى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ساكلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. دارا I دىن بۇرۇن ئىراننىڭ تۇنجى شاھىن- شاھى كەيخىسراۋنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماسساگېت قەبىلىلىرى بە- لەن بولغان قاتتىق جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. بېھىستۇن پۈتۈك- لىرىدە دارانىڭ مۇنداق سۆزلىرى ئۇچرايدۇ: «شاھ دارا ئېيتۇركى، مەن ساكلار يۇرتىغا باستۇرۇپ باردىم؛ ئۇل ساكلار يۇرتى دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدە بولۇپ، ئۇلار ئۇچلۇق چوققىلىق قالپاق كىيىپ يۈرىدىكەن. ئەلقىسسە، مەن دەرياغا كېمىلەردىن كۆۋرۈك سېلىپ، شۇ كۆۋرۈك ئارقىلىق ساكلار يۇرتى ئىچكىرىسىگە كىردىم ۋە ئۇلارنى

① فىلىپ. ھىتتى (ئامېرىكا): «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 241 - بەت.

يەر بىلەن يەكسان قىلدىم. ساكلارنىڭ باشلىقلىرىدىن بىر قانچىلىرىنى ئەسىر ئالدىم. پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ ھوزۇرۇمغا كەلتۈردۇم. . . ئۆز خاھىشىم بويىچە ساكلار يۇرتىغا يېڭى باشلىق تەيىن قىلدىم. شۇندىن كېيىن، مەملىكەت مېنىڭ قولۇمغا ئۆتتى. . . »①. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بېھىستۇن پۈتۈكلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «ساكلار يۇرتىدىكى دەريا» دەل ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۆزىدۇر. ئامۇ دەرياسىنى چېگرا قىلىپ ئىران تېررىتورىيىسىدىن ئايرىلىپ تۇرغان ساكلار يۇرتى تارىخىي مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان «تۇران»، «تۇرانىيە» دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدۇر. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مۇھىم بىر ئېتنىك تەركىبى بولغان ساكلار زامانىسىدىن باشلاپلا ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى تىنىمسىز ئۇرۇشلار باشلانغان. «شاھنامە» دە تەسۋىرلەنگەن ئىران ۋە تۇران ئۇرۇشى ئەمەلىيەتتە ئاشۇ ئۇزاق تارىختىكى ئۇرۇشلارنىڭ بەدىئىي ئىنكاسىدۇر. «شاھنامە» دە ئەفراسىياپ مۇنداق دەيدۇ: «چىندىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان زېمىنلار مېنىڭ ئىلكىمدىدۇر. ئامۇ دەرياسىنى پاسىل قىلغان سوغدىلار مېنىڭ قوشۇنلىرىمنىڭ قولىدىدۇر. تۇران بىلەن ئىراننىڭ زىددىيىتى سېلىم بىلەن تۇران زامانىسىدىن باشلانغاندۇر. . . »②.

ھىرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە، ئىران شاھى كەيخىسراۋ بىلەن ماسساگېتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى تېما قىلغان «تۇمارىس» ناملىق ئايال پادىشاھ ھەققىدىكى رىۋايەت خاتىرىلەنگەن. «بۇ رىۋايەت قاراقالپاقلار ئارىسىدا ھېلىھەم ساقلانماقتا»③. ئۇندىن باشقا گرېك تارىخچىسى پولىئېن (مىلادىيە II ئەسىر) نىڭ «ھەربىي ھىيلىلەر» ناملىق ئەسىرىدە، قەدىمكى ئىران كەييانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دارا I نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى

---

① ③ ۋ. ئى. ئاۋدىيېۋ: «قەدىمكى شەرق تارىخى»، 620 ـ، 621 ـ، 627 ـ بەتلەر.
② فىردەۋسى: «شاھنامە»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1991 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 362 ـ، 363 ـ بەتلەر.

خەلق ھەرىكەتلىرىنى مەزمۇن قىلغان «شىراق» رىۋايىتى خاتىرلەنگەن. قەدىمكى ئىرانلىقلار بىلەن ساك ۋە ماسساگېتلار ئوتتۇرىسىدىكى تىنىمسىز ئۇرۇشلار كېيىنكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدە ئىران ـ تۇران ئۇرۇشلىرى، ئەفراسىياپ، رۇستەم ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە مول مەنبەلەرنى تەقدىم قىلغان. تۇران خاقانى ئەفراسىياپ (ئالپ ئەرتۇڭا) توغرىسىدا تۈركىي مەنبەلەردە قاراخانىيلار دەۋرىدىن ئاۋۋالقى ئاپتورلار ئىجادىدا ھېچقانداق مەلۇمات قالمىغان. پەقەت «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئاز ـ تولا مەلۇمات ساقلانغان. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بەزى سۆزلەرنى ئىزاھلاش ئېھتىياجى بىلەن ئالپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ) نىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ توقۇلغان مەرسىيە قوشاقلىرىدىن پارچىلار بېرىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ قوشاقلارنى ئالپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى مۇكەممەل بىر ئېپوسنىڭ پارچىلىرى بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ①. بۇ قوشاقلاردىن ئىرانلىقلارنىڭ نەزىرىدە تاجاۋۇزچى ۋە سەلبىي شەخس سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن ئالپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ) نىڭ تۈركىي خەلقلەر ئىجادىدا دانىشمەن پادىشاھ، ئۇلۇغ قەھرىمان سۈپىتىدە مەيدانغا چىققانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە چەكسىز قايغۇرۇپ مەرسىيە قوشاقلىرى توقۇلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا «دىۋان» دا يەنە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بارلىق خاقانلىرى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى دەپ ھېسابلىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ②. شۇنداقلا يەنە ئەفراسىياپ (ئالپ ئەرتۇڭا) ھاۋاسى ناھايىتى ياخشى بولغان ئوردۇكەنت (قەشقەر) نى ئۆزىنىڭ دائىمىي تۇرۇشلۇق شەھىرى قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ③.

---

① ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، 1 ـ كىتاب، 1 ـ قىسىم، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەركىزى، 1982 ـ يىل نەشرى، 161 ـ بەت.

② ③ ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى، 103 ـ، 106 ـ بەتلەر.

مەھمۇد قەشقەرى يەنە «بارچۇق — ئەفراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر، ئۇ يەردە بۇختۇ نەسسارنىڭ ئوغلى بەتزەن قامالغان»[1] دېگەن مەلۇماتنى بېرىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تە تۇران شاھى ئەفراسىياپنى زېرەك سەركەردە، قابىل شاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقى مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان تۇران پادىشاھى ئەفراسىياپ تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي قەھرىمانى ئالپ ئەرتۇڭانىڭ ئىرانلاشقان ئىسمىدۇر. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە تىلغا ئېلىنغان تۇران شاھى ئەفراسىياپنىڭ تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار بىلەن تۈركىي خەلقلەر قەدىمكى ئەدەبىياتىدا ساقلانغان ئالپ ئەرتۇڭاغا دائىر قوشاقلار بۇ ئىككى ئىسىمنىڭ بىرلا شەخسنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

قەدىمكى ئىران ئەدەبىياتىدا رۇستەم ھەققىدىكى رىۋايەتلەر كەڭ كۆلەمدە ساقلانغان. بۈگۈنكى كۈندە پارس قولتۇقىدىن تارىم ۋادىسىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردىكى خەلقلەر ئارىسىدا رۇستەم ھەققىدىكى رىۋايەتلەر كەڭ تارقالغان. ئىسلامىيەتتىن خېلى بۇرۇنقى زامانلاردىلا رۇستەم ھەققىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئىران خەلقى ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرگەن. «رۇستەم» سۆزى پەھلەۋى تىلى (ئوتتۇرا قەدىمكى زامان پارس تىلى) دا «روستاستاخماك» (Rostastahmak) ياكى «روستاستاخم» (Rostastahm) دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىسىم ئەڭ دەسلەپ ئارساك (باكتېرىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 247 - يىلىدىن مىلادىيە 226 - يىلىغىچە) خاندانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان «ئاسسۇرىيلار دەرىخى» ناملىق مەسەللەر توپلىمىدا ئۇچرايدۇ[2]. كېيىنچە زورائاستېر دىنىنىڭ يەنە بىر مۇھىم

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، I توم، 608 - بەت.

② «ئىران ئەدەبىياتى ماقالىلار توپلىمى»، 132 - بەت.

دەستۇرى «بەنداخىش» ، «يارالمىش خاتىرىلىرى» دا يەنە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىران تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بەزىلىرى رۇستەم ئارساك سۇلالىسى دەۋرىدىكى ساكىستان (شەرقىي ئىران) دا ئۆتكەن داڭلىق بىر بەگ بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭغا دائىر رومانتىك رىۋايەتلەر تارقىلىشقا باشلىغان. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بۇ رىۋايەتلەر شەرقىي ئىران رايونىدىن غەربتىكى ئىككى دەريا ۋادىلىرىغا تارقالغان دەپ قارايدۇ①.

فىردەۋسى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ رىۋايەتلەر جۇغلىنىپ، بىر قانچىلىغان «شاھنامە» لەرنىڭ سۇژىتىغا ئۇلگە تەقدىم قىلدى. لېكىن رۇستەم ئوبرازى پەقەت فىردەۋسىنىڭ قەلىمى ئاستىدىلا يۇكسەك بىر بەدىئىي ئوبرازغا ئايلاندى. فىردەۋسى «شاھنامە» دە رۇستەمنى ئاجايىپ قۇدرەتلىك مىللىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، شەرق داستانچىلىقىنىڭ يۇكسەك ئۇلگىسىنى ياراتتى. «شاھنامە» دە رۇستەم ئوبرازى سوقراب، سىياۋۇش ۋە ئىسفەندىيارلار پاجىئەسىگە ياندىشقان ھالدا تراگېدىك زىددىيەتلەر ئىچىدە راۋاجلىنىدۇ ۋە ئەفراسىياپ بىلەن بولغان تىنىمسىز جەڭلەر داۋامىدا يارىتىلىدۇ.

فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىن كېيىن، رۇستەم ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئىران تەۋەسىدىن ھالقىپ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالدى. رۇستەم ئوبرازى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىش جەريانىدا قەھرىمانلىقى ئۈستىگە ئىلاھلاشتۇرۇلدى، غايىۋىلەشتۈرۈلدى، كلاسسىكلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا قايتا ـ قايتا زىكرى قىلىنىپ، مەدداھ ـ ۋائىزلارنىڭ ئېغىزلىرىدا تەكرار ـ تەكرار ئېيتىلدى.

شۇنىسى قىزىقارلىقكى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئومۇمىيۈزلۈك

---

① بەھورا سەفا (ئىران) : «ئىراندا ئېپوسچىلىق ئىجادىيىتى» — «ئىران ئەدەبىياتى ماقالىلار توپلىمى» ، 133 ـ، 134 ـ بەتلەر.

ئىسلام ئېتىقادىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئىجادىدا ياراتقان ۋە غايىۋىلەشتۈرگەن قەھرىمانلىرىنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇپ كېتىشتى. قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىن، ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى رىۋايەت - قىسسىلەر قايتا تىلغا ئېلىنمىدى. ئۇنىڭ ئور-نىغا پارس قىسسىلىرىدىكى رۇستەم، جەمشىد، فېرىدون، سوقراب، سىياۋۇش، ئەردەشىر قاتارلىق قەھرىمانلار ئوبرازى ئالماشتى. غاپۇ-رۇف: «تاغلىق رايونلاردىكى تاجىكلار بىرەر ئىش باشلىغاندا ‹يا، پىرىم رۇستەمدىن مەدەت›، دەپلا باشلايدۇ. ئۇلار ئاسماندىكى ھەسەن - ھۈسەننى ‹رۇستەمنىڭ ئوقياسى› غا تەقلىد قىلىدۇ. كامان-نى رۇستەم دەپ ئاتايدۇ»① دەيدۇ.

تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىمۇ رۇستەم، جەمشىدلەرنى ئۇلۇغلايدى-غان ۋە ئىلاھلاشتۇرىدىغان ئادەتلەر ۋە رىۋايەتلەر ھېلىھەم ساقلانماقتا. ئەپسۇسكى، بىز ئالىپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ) ھەققىدە «تۈركىي تىل-لار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئازراق مەلۇماتتىن باشقا ھېچ-قانداق فولكلور خاراكتېرلىق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز.

## تۆتىنچى دىئالوگ:
## شەرقچە ئوتوپىيە — ئىسكەندەر سېپىلى

بىر كۈنى كېچىسى خەلىپە مەئمۇن چۈش كۆردى. چۈشىدە ئاپئاق يۈزلۈك، كۆك كۆزلۈك، پېشانىلىرى كەڭ، يۇرۇش - تۇرۇشى سىپايە بىر كىشى ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى. خەلىپە ئېھتىرام بىلەن سورىدى: «سىز كىم؟»، مويسىپىت سۆپەت كىشى جاۋاب بەردى: «ئارىستوتېلمەن»، خەلىپە سورىدى: «ئېھ، دانىشمەن، سوئالىم بار، گۈزەللىك نېمىدە؟»، ئارىستوتېل جاۋاب بەردى: «گۈزەللىك ئەقىل - پاراسەتتە». خەلىپە سورىدى: «يەنچۇ؟». ئارىستوتېل جاۋاب بەردى: «گۈزەللىك قانۇن - تۈزۈمدە».

① غاپۇروف: «تاجىكلار تارىخى»، 61 - بەت.

خەلىپە يەنە سورىدى: «يەنىچۇ؟»، ئارىستوتېل جاۋاب بەردى: «گۈزەللىك ئاۋام خەلق ئىچىدە». خەلىپە يەنە سورىدى: «يەنىچۇ؟». ئارىستوتېل ئاستا باش چايقىدى: «بەس، ئەمدى كۇپايە»①.

— ئىبنى نەدىم: «كىتاب»

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئالېكساندر ماكېدونىسكىي دېگەن بۇ نام ياۋروپالىقلارغا قانچىلىك تونۇش بولسا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دېگەن بۇ ئىسىممۇ پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىغا شۇنچىلىك تونۇشتۇر. ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشىدىن كېيىن، ئىران چۆل-لۈكلىرىدىن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا؛ ھىندىقۇش تاغلىرى شۇنىڭدەك تاكى ھىندى دەرياسى ۋادىسىغا قەدەر بولغان ئۇزاق ئاسىيادا «قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر» ھەققىدە تالاي رىۋايەتلەر توقۇلدى. ئۇنىڭ ئاسىياغا قىلغان ئىستېلاچىلىق يۈرۈشلىرى داۋامىدا كەلتۈرگەن سو-رۇقچىلىقلىرى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. مىلادىيە VII ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى — «قۇرئان» دا ئىسكەندەر زۇل-قەرنەيىن نامىنىڭ قايتا زىكرى قىلىنىشى ۋە ئۇ ھەقتىكى رىۋايەتنىڭ تىلغا ئېلىنىشى، ئىسكەندەرنىڭ پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئادىل پادىشاھ سۈپىتىدە غايىۋىلەشتۈرۈلۈشىگە ئاساسلىق مەنبە بول-دى. شۇندىن باشلاپ قانچىلىغان شەرق كلاسسىكلىرى ئىسكەندەر ھەققىدە ئاجايىپ - غارايىپ قىسسىلەرنى يېزىپ چىقىشتى. ئادىل پادىشاھ، ھەققانىي ھۆكۈمرانلارنىڭ غايىۋى مىزانى ئىسكەندەر ئوبرا-زىدا ئىپادىلىنىدىغان بولدى. ئېھتىمال، شەرق دۇنياسىغا تونۇلغان جاھانگىرلار ئىچىدە بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئىسكەندەرچىلىك مەدھىيىلەن-گەن شەخس بولمىسا كېرەك. ئىسكەندەرگە ئوتتۇرا ئەسىر خرىستى-ئان ياۋروپاسى بېرەلمىگەن شان - شۆھرەتنى ئوتتۇرا ئەسىر مۇسۇل-

① سەي ۋېيلياڭ تۈزگەن: «گۈللەنگەن ئابباسىيلار مەدەنىيىتى»، شاڭخەي چەت ئەل تىلى مائارىپى نەشرىياتى، 1997 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 33 - بەت.

-مان شەرقى بەرگەندى. قىسقىسى، ئىزامىدىن نەۋائىغىچە، «قۇر-ئان» قىسسىلىرىدىن مەدداھلارنىڭ ئېغىزلىرىغىچە بولغان بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئىسكەندەر شەرقچە ئوتوپىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىزانى بولۇپ قالدى.

ئىسكەندەرنىڭ مۇسۇلمان دۇنياسىدا شۇنچىلىك دەرىجىدە غايە- ۋىيلەشتۈرۈلۈشىنىڭ سىرى نېمە؟ ماكېدونىيىدىن قىلىچ ئوينىتىپ كەلگەن بىر ئىستېلاچى قانداقلارچە شەرق ئوتوپىزمىنىڭ سىماسى بولۇپ قالدى؟

ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى قەدىمكى ياۋروپاغا شەرق- نىڭ تۈنجى دەرۋازىسىنى ئاچقانىدى. شۇندىن باشلاپ شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئىسكەندەر ئىستېلا قىلغان چەكسىز ئۇزاق زېمىننى بويلاپ، ئۆزئارا كەڭ كۆلەملىك ئۆتۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئۆز دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئىراننىڭ ئومۇرتقىسى ھېسابلان- غان باكتېرىيە مەشرىق بىلەن مەغرىبتىن كېلىدىغان ئۇچۇرلارنىڭ تۈگۈنىگە ئايلاندى. خۇددى دراپېر ئېيتقاندەك: «ئەگەر ياۋروپا ئىدد- يىلىرى باكتېرىيە ئارقىلىق يىراق شەرققە تارقالغان دەيدىكەنمىز. ئوخشاشلا ئاسىيا چۈشەنچىلىرىمۇ ئاشۇ قانال ئارقىلىق ياۋروپاغا تار- قالغان»①. گەرچە، ئىسكەندەرنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشى شۇنچە- لىك تاسادىپىي باشلىنىپ، شۇنچىلىك تېز ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ياۋروپاغا سىرلىق تىلسىم ھېسابلانغان شەرقنى تۇنجى قېتىم تونۇتقان شەخس ئىدى. شەرق دۇنياسىمۇ ئوخشاشلا ئىسكەندەر ئىستې- لاسى جەريانىدا ياۋروپا ھەققىدىكى تۇنجى كەڭ كۆلەملىك ئۇچۇرغا ئېرىشكەنىدى. شۇڭلاشقا ئىسكەندەر يۈرۈشلىرى شەرق خەلقلىرىگە مۆلچەرلىگۈسىز چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇردى.

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى V ئەسىردىن باشلاپ ماكېدونىيىنىڭ گرېتسىيىدىكى تەسىرى كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. مىلادىيەدىن بۇ-

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 52 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ.

رۇنقى IV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ماكېدونىيە زور دەرىجىدە كۈچىيىپ، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرى ئېلىپ بېرىشقا تەييارلاندى. دەل شۇ چاغدا ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش ئالېكساندىر ماكېدون تەختىگە چىقتى. ئۇ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 336 - يىلىدىن باشلاپ شەرققە قارىتا كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى قوزغىدى. شۇ دەۋردە شەرقتە ئىران ئاخمانىيلار سۇلا-لىسى (پېرسىيە ئىمپېرىيىسى) ئەڭ كۈچلۈك خاندانلىق ئىدى. مىلا-دىيەدىن ئىلگىرىكى 331 — 334 - يىللىرى ئالېكساندىر پارس قوشۇنلىرىنى بىر قانچە قېتىم قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئاخمانىيلار سۇلالىسى ئاخىرقى ھېسابتا پۈت تىرەپ تۇرالمىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 330 - يىلى ئاخمانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى دارا III ئوردىنى تاشلاپ شەرققە قاچتى ۋە يېرىم يولدا بىر ھەربىي سەركەردىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇندىن باشلاپ ئالېكساندىر كاسپىي دېڭىزىنى بويلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلدى. لېكىن ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلار، ساكلار ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. گرېك قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى تولۇق ئىستېلا قىلغىچە زور دەرىجىدە ھالسىرىدى. نەتىجىدە ئاخىرقى نىشانىنى ھىندىستانغا قاراتقان گرېك - ماكېدون قوشۇنلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 323 - يىلى ئالېكساندىر كېسەل بولۇپ قازا تاپقاندىن كېيىن، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قېپقالدى. بىر قىسمى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ياۋروپاغا قايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوت-تۇرا ئاسىيا ۋە ئىران تەۋەسىدە سەلۋكىلەر، پارفىيە، گرېك، ماكېدو-نىيە قاتارلىق شەرقچە تۈس ئالغان خاندانلىقلار قۇرۇلدى ۋە بىر قانچە ئەسىر داۋاملاشقان ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزم مەدەنىيىتىنى شەكىللەن-دۈردى. «گرېك - ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى گەرچە ئىلگىرىكى ئارىيان - سىكىف - تۇران كارۋان يولى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئۇ تەدرىجىي مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ شەكىللىنى-

شىگە ھەسسە قوشتى. . . يىپەك يولى قەدىمكى زاماندىن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئەسىرگىچە داۋاملىق راۋاجلاندى. گرېك ـ رىم، بۇددا ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى دەۋرىدە داۋاملىق يېڭى مەزمۇنلار بىلەن روناق تاپتى. بۇ جەرياندا ئېللىنىزملىق مەدەنىيەت ئوخشىمىغان دەۋرلەردە يەنىلا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلدى»①.

ئالېكساندىر ماكېدونىسكىي ئاران 33 يىل ياشىدى. قىسقىغىنە 12 يىل ئىچىدە ئاسىياغا يۈرۈش قىلىپ بالقاندىن پەنجاپقىچە بولغان بىپايان تېررىتورىيىنى ئىستېلا قىلدى ۋە غەرب بىلەن شەرقنى تۇنجى قېتىم تۇتاشتۇردى. ئۇزاق ئاسىيانىڭ دەشت ـ باياۋانلىرىدا ئالېكساندىرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان قانچىلىغان شەھەرلەر بىنا قىلىندى. پەقەت ئۆز دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىلا باكتېرىيە بىلەن سوغدىيانانى تايانچ قىلغان ئالېكساندىر نامىدىكى 8 ـ 10غىچە شەھەر بەرپا قىلىنغانىدى. بۇلاردىن ھىرات قېشىدىكى ئالېكساندىرىيە، قەندىھاردىكى ئالېكساندىرىيە، ھىندىقۇش تېغى ئېتىكىدىكى ئالېكساندىرىيە، كافكازدىكى ئالېكساندىرىيە، ئامۇ دەرياسى بويىدىكى ئالېكساندىرىيە، باكتېرىيە ئەتراپىدىكى ئالېكساندىرىيە ۋە مەرغىياناردىكى ئالېكساندىرىيە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن②. ھەتتا بىر قىسىم شەرق ئالىملىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم قەدىمكى مىللەت ناملىرىنى ئالېكساندىر بىلەن باغلايدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئۇيغۇر» نامىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «ئۇيغۇر، بىر ئەلنىڭ نامى. . . زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. بۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەين

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 54 ـ، 56 ـ بەتلەر.
② گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 38 ـ، 39 ـ بەتلەر؛ غاپۇروف: «تاجىكلار تارىخى»، 1 ـ كىتاب، 106 ـ، 107 ـ بەتلەر.

بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹ئىنان خۇزخۇرەند — بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن. بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ› دەپتۇ. شۇندىن باشلاپ بۇ ئەل ‹خۇزخۇر› دەپ ئاتىلىپتۇ ۋە ئاستا ـ ئاستا ‹ئۇيغۇر› سۆزىگە ئۆزگىرىپتۇ»①. ئۇنـ ـدىن باشقا مەھمۇد قەشقەرى يەنە ئالېكساندرغا باغلىق بولغان يەنە بىر مۇنچە ئاملارنى تىلغا ئالىدۇ: «بىر تۇرك ئەسكىرى ئىسكەندەرنىڭ بىر ئەسكىرىنى قىلىچ بىلەن چاپقاندا، ئۇنىڭ تورۋسىمۇ چېپىلىپ كەتكەن، تورۋىدىكى ئالتۇنى چېچىلىپ قانغا مىلەنگەن. بۇ جاينى شۇندىن كېيىن ‹ئالتۇن قان› دەپ ئاتاپ كەلگەن»②. «ئەتىياز پەسـ ـلىدە تۇرك يېرىدە يامغۇر يېغىپ پاتقاقچىلىق بولغاندا ئىسكەندەر: ‹ئىنچى گىل ئەست؟› دەپ سوراپتۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى، بۇ قانداق پاتقاقچىلىق؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. بۇ سۆزدىن ‹چىگىل› سۆزى تۇغۇلۇپ قەبىلە ھەم يەر نامىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپتۇ»③.

دېمەك، ئالېكساندر ئىستېلاسىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلى ئۇزاق زامانلارغىچە، ئېللىنىزم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسكەندەر ئوبرازى زور دەرىجىدە غايىۋىلەشتۇرۇلدى. ئىسلامىيەت دەۋرى باشلانغاندىن كېيىن، زۇلقەرنەيىن ھەققىدىكى قىسسىلەرنىڭ «قۇرئان» سۈرىلىرىگە كىرىپ كېلىشى، ئۇنىڭ ئوبرازىنىڭ پۈتكۈل مۇسۇلمان شەرقىدە غايىۋى پادىشاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىگە ئاـ ساس ياراتتى. ئېھتىمال، نىزامىغىچە بولغان ئۇزاق جەرياندا ئىسكەنـ ـدەرگە ئائىت تالاي قىسسىلەر توقۇلغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن غايىۋىلەشتۇرۇلگەن ئىسكەندەر ئوبـ ـرازىدا تۇنجى قېتىم شەرقچە ئوتوپىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى نىزامى گەنجىۋى (1114 — 1209) دۇر.

---

① ② ③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى، I توم، 135 ـ، 151 ـ، 152 ـ بەتلەر.

نىزامى شەرق خەلقلىرىگە كەڭ تارقالغان خەلق رىۋايەتلىرىگە ئاساسەن بەش داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان «خەمسە» سىنى يېزىپ چىقتى ۋە شەرق ئەدەبىياتى جۈملىدىن پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى «خەمسىچىلىك هادىسىسى» گە بايراقدار سۈپىتىدە يول ئاچتى. نىزامى «خەمسە» سىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، يەنى بەشىنچىسى — «ئىسكەندەرنامە» ئىدى. «نىزامى بۇ داستاننى هاياتىنىڭ ئاساسىي مەهسۇلى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئالاهىدە ئەهمىيەت بەرگەن»①.

ئالېكساندىر ماكېدونىسكىي هەققىدە ئۇنىڭ يۈرۈشلىرىگە قاتناشقان پتولېمېي، ئارستوبان، كاللىسفېنلار؛ ئېللىنىزم دەۋرىدە ئانتىكلىد ئافىنسكىي، نىمفىس هېراكلېسكىيلار؛ رىم دەۋرىدە كلاۋىي ئاررىئان، پلوتارخ، لۇكىئان، كۇرسىي رۇف، دىئادارلار تەرىپىدىن تارىخىي، بىئوگرافىك، جۇغراپىيىلىك ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر يارىتىلغان. شەرقتە نىزامىغىچە ياشىغان تەبەرى، بەيهەقى، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، بېرۇنى قاتارلىق مۇئەللىپلەر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئالېكساندىرغا تالاي سەهىپىلەرنى ئاجراتتى②.

نىزامى «ئىسكەندەرنامە» نى يېزىشتا تارىخىي يازما مەنبەلەر بىلەن خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەرگە تەڭلا مۇراجىئەت قىلدى. ئۇنى قىزىقتۇرغىنى ئىسكەندەرنىڭ سىياسىي تارىخى ئەمەس، بەلكى غايىۋىيلەشكەن ئىسكەندەر ئوبرازىدا ئەكس ئەتتىدىغان غايىۋى جەمئىيەت ئىدى. «ئىسكەندەرنامە» ئىككى قىسىمغا — «شەرەپنامە» ۋە «ئىقبالنامە» گە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئالدىنقى قىسىمدا، ئىسكەندەر يىراققا يۈرۈش قىلغان بىر جاهانگىر ئەمەس، بەلكى مىسىردىن هىندىستانغىچە بولغان شەرق ئەللىرىنى زۇلۇمدىن، ئۇرۇش ـ ماجىرالاردىن خالاس قىلغۇچى، ئادالەتنى ياقلاپ خەلققە ئاسايىشلىق بەرگۈچى شاھ

① ② «نىزامى خەمسىسىگە ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەر»، كىرىش سۆز قىسمى، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى، «پەن» نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى، 8 ـ بەتكە قاراڭ.

سۆپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.
«ئىسكەندەرنامە» نىڭ ئىككىنچى قىسمى — «ئىقبالنامە» دە شائىر نىزامىنىڭ غايىۋى تەسەۋۋۇرى تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئىسكەندەر ۋەتىنى رۇمغا قايتىدۇ ۋە ئىران، ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن كىتابلارنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئۆز ئوردىسىغا ئارىستوتېل، سوقرات، ئەپلاتون، ۋەلىس، ھەرمىس قاتارلىق ئالىملارنى توپلاپ ئىلمىي سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. ئاندىن ئىسكەندەر يۈز مىڭ لەشكەر توپلاپ، يىراققا يۈرۈش قىلىدۇ. ھەر تەرەپتىكى ئەللەرگە بارىدۇ. يەجۇج - مەجۇجىيلەرنىڭ يولىنى توسۇغۇچى «سەدد» (تام) قۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئىسكــەندەر گۈللەپ - ياشنىغان، باي - كەمبەغىلى بولمىغان، زۇلۇمدىن خالىي، ئادالەت ياقلانغان، ھەممە بەختىيار ياشايدىغان بىر مەملىكــەتكــە كېلىــدۇ. بۇ يــەردە كىبىسەللىــك ۋە ئازاب - ئوقۇبەت بولمايدۇ. كىشىلەر پەقەت قېرىلىق يەتكەندە ئاندىن ئۆلىدۇ. . . ئىسكەندەر ئاخىرى بەختىيار بىر جەمئىيەتنى تاپىدۇ ۋە قايتىشىدا شەھرىزۇردا ۋاپات بولىدۇ. . .
دېمەك، نىزامىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئىسكەندەر شەرقچە ئوتوپىينىڭ مەنزىرىسىنى يارىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تە يارىتقان «ئادالەت، قانۇن ۋە بىلىم ئارقىلىق دۆلەت ئىدارە قىلىنىدىغان» غايىۋى جەمئىيىتى نىزامى ئىجادىدا ئىسكەندەر ئوبرازىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، نىزامىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى شەرقچە ئوتوپىينىڭ ۋەكىلى بولغان ئىسكەندەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 323 — 334 - يىللىرى ئارىلىقىدا شەرقتە قىلىچ ئوينىتىپ كەلگەن ئالېكساندر ماكېدونىسكىيدىن تۈپتىن پەرقلىنەتتى. ئۇ، غايىۋىيلەشتۈرۈلگەن ئىسكەندەر ئوبرازى ئارقىلىق شەرق ئوتوپىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىدېئال ھاكىم، پەيلاسوپ شاھ ۋە ئاسايىشلىق ئەلگە باش بولغۇچى دانىشمەن پادىشاھ سىماسىنى يارىتقانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزامى گەنجە-

ۋى، ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى ۋە ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىقلار يارانقان شەرقچە ئوتوپىيە، خرىستىئان ياۋروپاسى ئويغانغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن كامپانىللانىڭ «قۇياش شەھىرى»، توماس مورنىڭ «ئوتوپىزم»، سېنسىمۇن، فۇربى، ئوۋېن قاتارلىقلارنىڭ «خىيالىي سوتسىيالىزم» قاتارلىق غەربچە ئوتوپىيىسىدىن كۆپ بالدۇر ئىدى. شۇڭا شەرقشۇناس ئالىم ئاكادېمىك ئى. ئا. ئوربېلى: «نىزامى ئالېكساندىر ھەققىدىكى داستانغا ئېپىزوت سۈپىتىدە ئاجايىپ ئوتوپىك جەمئىيەت تەسۋىرىنى كىرگۈزدى ۋە توماس مور، كامپانىللا غايىلىرىدىن بىر قانچە ئەسىر بالدۇر ئېيتتى»① دەيدۇ.

نىزامىدىن كېيىن، شەرقچە ئوتوپىيىنىڭ راۋاجى ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى (1253 — 1325) نىڭ «خەمسە» سىگە كىرگۈزۈلگەن «ئىسكەندەر ئەينەكى» دا يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. لېكىن ئۇنى ھەقىقىي مۇكەممەللىككە يەتكۈزگەن شەخس تۈركىي خەلقلەرنىڭ XV ئەسىردىكى بۈيۈك شائىرى، مۇتەپەككۇرى ئەلىشىر نەۋائى ئىدى.

نەۋائى «سەددىي ئىسكەندەر» نى يېزىشتا نىزامىدىن بۇيانقى شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئىران تارىخىنى ۋە خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن ئىسكەندەرگە ئائىت قىسسىلەرنى تىرىشىپ ئۆگەندى ۋە ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ بولغان ئوتوپىك جەمئىيەتنىڭ كارتىنىسىنى سىزىپ چىقماقچى بولدى. نەۋائى ياراتماقچى بولغان غايىۋى جەمئىيەت، ئىران باياۋانلىرىدىن تارىم چوڭقۇرلۇقلىرىغىچە بولغان تېررىتورىيىدىكى خەلقلەر ئىنتىلىۋاتقان شەرقچە ئوتوپىيە ئىدى. . . داستاندا تەسۋىرلىنىشىچە، پادىشاھ ئىسكەندەر بىر يۇرت ياكى بىرەر مىللەتنىڭ ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل يەر يۈزىنىڭ پادىشاھى ئىدى. ئۇ ئىستېلاچىلىق ۋە مۇستەبىتلىكنى ئەمەس، بەلكى بىلىم، ئادالەت ۋە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان، تىنچ ۋە ئاسايىشلىق ھۆكۈم

---

① ئى. ئا. ئوربېلى: «ئەرمىنىيىنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەت تارىخى»، موسكۋا پەن نەشرىياتى، 1968 ـ يىل، رۇسچە نەشرى، I توم، 274 ـ بەت.

سۇرگەن، خەلق باياشات بىر غايىۋى جەمئىيەتنى ئىزدىگۈچى ھۆكۈمـ
ـران ئىدى. ئۇ، قىرۋان دېگەن جايغا سورۇقچۇلۇق كەلتۈرۈۋاتقان
يەجۇج ـ مەجۇجلەردىن مۇداپىئە كۆرۈپ، خەلقنى تىنچ ھاياتقا ئېرىشـ
ـتۈرۈش ئۈچۈن، نۇرغۇن قەبىلە ۋە تائىپىلەردىن مىگلىغان ئۇستىلارـ
نى تەكلىپ قىلىپ، غايەت زور سېپىل سالدۇرىدۇ:

كى نەچچە مىڭ ئۇستادۇ سەنئەتكارى،
تامام ئەتتىلەر سەددىي ئىسكەندەرى.

دەرۋەقە، يەجۇج ـ مەجۇجلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن سېـ
ـلىنغان بۇ غايەت زور سېپىل ئۆز مەنىسى بىلەن شەرقچە غايىۋى
جەمئىيەتنىڭ سىمۋولى بولغان — ئىسكەندەر سېپىلى ئىدى. خۇددى
نەۋائى «تارىخى مۇلكى ئەجەم» ناملىق تارىخىي ئەسىرىدە ئېيتقاندەك،
ئىسكەندەر ئىلىم ـ مەرىپەتنى سۆيىدىغان، ئادالەتلىك پادىشاھ ئوبرا-
زىدا پۈتكۈل شەرققە تونۇلغاندى: «. . . ھەر تەقدىر بىلەن ئىسكەنـ
ـدەر پادىشاھى ئەردىكىم، ئاندىن بۇرۇنقى ۋە سوڭغى سەلاتىن بۇگۈنگەـ
چە ئول قىلغان ئىشنى قىلمادىلەر. ھەم ھەكىم ئەردى، ھەم ۋالىي.
بەزى ئانىڭغە نۇبۇۋۋەت ئۇستادى ھەم قىلىپتۇرلەر. تۆرت يۈز ھەكىم
ئانىڭ خىزمەتىدە ئەردىلەر. ئەفلاتون ئىلاھىي باشلىغ ۋە ئەرەستۇدەك
ۋەزىرى بار ئەردى. سېكىز مىڭ شاھ ۋە شاھزادە خىزمەتىنى قىلۇر
ئەردىلەر. . . »①.

دېمەك، نەۋائى قەلىمى ئاستىدىكى ئىسكەندەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى
ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تەلپۈنگەن غايىۋى جەمئىيەتنىڭ
مۇجەسسەمى ئىدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئىسكەندەر سېپىلىدا ئىپادە
قىلىنغان شەرقچە ئوتوپىيە ياۋروپا ئويغىنىشىدىن كېيىنكى ئىنسانـ
ـيەت تەپەككۇرى ئىنقىلابىغىمۇ مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

---

① «ئون بەش توملۇق نەۋائى ئەسەرلىرى توپلىمى»، XIV توم، 202 ـ بەت.

## بەشىنچى دىئالوگ:
## شەرقچە تراگېدىيە — ئاشىق ـ مەشۇقلار قىسسىلىرى

خىسراۋ: نىدۇر ساڭا ئالەمدە پىشە؟
پەرھاد: ئىشق ئىچرە مەجۇنۇنلۇق ھەمىشە.
خىسراۋ: جانىڭغە بۇ ئىشدىن ئەلەم بار،
پەرھاد: ئىشق ئىچرە جاندىن كىمگە غەم بار؟
— نەۋائى: «پەرھاد ـ شىرىن»

ئىنسان سەنئەتنى ياراتتى. سەنئەت ئۆز نۆۋىتىدە.ئىنساننى مەڭ-
گۈلۈك مەقسەت قىلدى. ئىنسان يارىتىلغان ئاشۇ يىراق نۇرلۇق
سەھەردىن باشلاپ ئۇلارنىڭ سەنئىتىمۇ پەيدا بولغان. شۇنداق دېيىشكە
بولىدۇكى، مۇھەببەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا سەنئەتمۇ پۈتمەس ـ تۈگى-
مەس يوشۇرۇن ئېنېرگىيىگە ئىگە بولغان. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا
«چەكلەنگەن مېۋە» نى يەپ ئۆز يالىڭاچلىقلىرىدىن ئۇيالغىنىدا، جەن-
نەتتىن ھەيدىلىپ زېمىندىن ئىللىق توپا ھىدىنى تۇنجى قېتىم پۇرىغى-
نىدا، ئەنجۈر ياپراقلىرى بىلەن ئۇياتلىق يەرلىرىنى توسۇشقا باشلىغى-
نىدا، رەڭدار ئۇپۇقنى ـكۆرۈپ، زۇمرەتتەك كۆكۈش دېڭىزنىڭ تىنى-
قىنى ئاڭلىغىنىدا، ئۇلارنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئويغانغان. . . شۇن-
دىن باشلاپ سەنئەت مۇھەببەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى.

دەرۋەقە، مۇھەببەت — ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەڭگۈلۈك تېمى-
سى. ئەلمىساقتىن بۇيان سەنئەت ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن باشلان-
غان ئىشق ـ مۇھەببەتنى كۈيلەپ كەلدى. بولۇپمۇ شەرق كلاسسىكلى-
رىنىڭ قەلىمى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن داستانچىلىق ژانىرى ئالاھىدە
دىققەتكە سازاۋەردۇر. شۇنىسى ئېنىقكى، شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ
قەلىمىدە يۈكسەك بەدىئىي كامالەتكە يەتكەن ئاشىق ـ مەشۇقلار ھەققى-
دىكى داستانلار يازما ئەدەبىياتقا كىرىشتىن ئاۋۋال ئۇزاق زامانلار
خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ كەلگەنىدى. يەنە كې-

لىپ بۇ ھەقتىكى ھېكايە ـ رىۋايەتلەر مەلۇم بىر ئىجتىمائىي كوللېكـ
تىپ، قەبىلە ـ قوۋم ياكى مىللەت ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەرەب
سەھرالىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا قىشلاقلىرىغىچە بولغان ئۇزاق تېررىتو-
رىيىدىكى خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغانىدى.

شەرق دۇنياسىدا جۇملىدىن ئىسلام شەرقىدە ئىشق ـ مۇھەببەت
تېمىسىدىكى قىسسە ۋە داستانلارنىڭ كەڭ تارقىلىشى بۇ يەردە ياشىغۇ-
چى خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي تەسەۋۋۇرى، پسىخىك قۇرۇلمىـ
سى ۋە تەپەككۇر ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شەرق كلاسـ
سىكلىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدا تەكرار ـ تەكرار يېزىلىپ، ئاۋام خەلققە
تونۇلغان «پەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «غېرىب ـ
سەنەم» داستانلىرىدىن باشقا خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئىشق ـ
مۇھەببەت ھەققىدىكى ھېكايە چۆچەكلەرنىڭ سانسىزلىغان ۋارىيانتلىـ
رى شەرق ئەدەبىياتىدىكى بىر خىل ئەنئەنىۋى بەدىئىي فورمىنى شەـ
كىللەندۇردى.

شۇنىسى ئېنىقكى، قۇرغاق ئىقلىمدا ياشىغۇچى قۇملۇق خەلقلەـ
رىنىڭ ھېس ـ ھاياجانغا نىسبەتەن فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىك
سەزگۈسى ئالاھىدە كۈچلۈك كېلىدۇ. چۆل بىلەن بوستانلىق ئوتتۇرىـ
سىدىكى تىنىمسىز ھايات يېتىلدۇرگەن چاڭقاق ۋە قۇرغاق ئىستەك
ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى دولقۇنسىمان پسىخىك ھالەتنى ھاسىل
قىلغان. ئۇلاردىكى ئاسان غىدىقلىنىدىغان ۋە سەزگۈرلۈك ئۈستىگە
قۇرۇلغان پسىخىك تىندۇرما ئۆزىنى ئەڭ نەپىس تۇيغۇ ئارقىلىق تىل
ئىمكانىيىتىدە ئىپادىلىنىشنى ئىزدىگەن. شۇڭا شەرق شېئىرىيىتىـ
نىڭ بەدىئىي كامالىتى بولغان ئىشقىي شېئىرىيەت ئەرەب سەھرالىرىـ
دىن تەكلىماكان گىرۋەكلىرىگىچە بولغان قۇرغاق، ھۆل ـ يېغىنسىز
چۆل ـ جەزىرىلەر بىلەن كىچىك بوستانلىقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ
كەتكەن ئىچكى ئاسىيادا تەرەققىي قىلغانىدى. «بۇ يەردىكى قۇياش
نۇرىنىڭ تونۇردەك قىزدۇرۇشى بىلەن سۇسىز چۆللۈكلەرنىڭ ئالۋۇن-

ـدەك يالىلدىشىدىن شەكىللەنگەن زېرىكەرلىك ھايات ئۇلارنى شېئىرىي
تۇيغۇغا باي، ھېسسىياتچان، تىل سەنئىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ
چاڭقىغان روھىي دۇنياسىغا تەسەللىي تېپىشقا ئۈگەتكەن»①. ئاكىلىـ
ـرى تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلانغان يۇسۇپنىڭ كەنئان چۆللۈكلىرىدىن
مىسىرغا ئېلىپ بېرىلىپ قۇللۇققا سېتىلىشى؛ باش ۋەزىرنىڭ خوتۇنى
زۇلەيخانىڭ يۇسۇپنىڭ پىراقىدا قىرىق يىل كۆيۈشى؛ يۇسۇپنىڭ ئۆز
جامالىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ئاچارچىلىقتا قالغان مىسىر خەلقىنى
قۇتقۇزۇشى؛ ئاللاتائالانىڭ قىرىق ياشلىق زۇلەيخاتى ئون سەككىز
ياشلىق گۈزەل قىزغا ئايلاندۇرۇپ يۇسۇپكە جورا قىلىپ بېرىشى. . .
پەقەت ئاسىيا چۆللۈكلىرىدىكى زېرىكەرلىك ھاياتقىلا خاس بولغان
شەرقچە رومانتىكا ئىدى. «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» ھەققىدىكى گۈزەل
رىۋايەتلەرنىڭ «قۇرئان» سۈرىلىرىدە ئورۇن ئېلىشى، ئۇنىڭ پۈتكۈل
شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىغا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشىغا ئاساس بولـ
ـغان. مۇھەببەت قىسسىلىرىگە سىڭگەن شەرقچە رومانتىكا تۆگە كارـ
ـۋىنى، كولدۇرما ساداسى ۋە باش ـ ئاخىرى يوق سۇررەڭ قۇملۇق
ئارقىلىق خاراكتېرلىنىدىغان بەدىئىي ئىجادىيەتتە پۈتمەس ـ تۈگىمەس
ئېنېرگىيە بولغانىدى. خۇددى «ئەرەب ئەدەبىياتى» ناملىق ئەسەرنىڭ
ئاپتورى خاملتۇن. ئا. گىببى ئېيتقاندەك: «يىل بويى ئۆزگەرمەيدىـ
ـغان تەبىئىي مۇھىت ئۇلارنىڭ ئادىتى، ئىدىيىسى ۋە تىلىنى شەكىلـ
ـلەندۇرگەن. توختىماي تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ھادىسىلەر ۋە تاسادىـ
ـپىي ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرغان
ۋە ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشى ھەم ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە
ئەكس ئەتكەن»②.

شۈبھىسىزكى، چۆل — چۆللۈك خەلقلىرىنىڭ روھىي دۇنياسى

---

① ئە. سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ» — «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1997 ـ يىللىق 5 ـ سان، 44 ـ بەت.

② خاملتۇن. ئا. گىببى (ئەنگلىيە): «ئەرەب ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى، 4 ـ، 5 ـ بەتلەر.

ۋە پسخىك خاھىشىنى شەكىللەندۈرگەن مۇھىم بىر تاشقى ئامىل.
چۆل خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ئۆز مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا قۇملۇق
بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. يەھۇدىي، ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي
خەلقلەر مەدەنىيىتىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. «سۆز ئېتىمولوگە-
يىسىدىن قارىغاندا، ئەرەب (Arab) قەدىمكى سېمىت تىلىدىكى نام
بولۇپ، مەنىسى قۇملۇق ياكى قۇملۇق خەلقى دېگەننى بىلدۈرەتتى»①.
ئەنە ئاشۇ ئۆزاقتا سوزۇلغان ئاسىيا چۆللۈكلىرىدە قۇم بارخانلىرىنى
قوچاقلاپ، قۇياشنىڭ تونۇردەك تەپتىگە كۆنۈكۈپ، يىراق غايىۋى
مەنزىرىلەرگە ئىنتىلىپ ياشاۋاتقان ئىسسىق مىزاج (خىلىت) لىق
كىشىلەر ئاشىق - مەشۇقلار ھەققىدە ئاجايىپ گۈزەل رىۋايەتلەرنى
توقۇشتى. ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان تۆگە كارۋانلىرى بۇ
رىۋايەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ كولدۇرما سادالىرىغا قوشۇپ يىراقلارغا ئې-
لىپ كېتىشتى. ئىسلام دىنى ئورتاق ئېتىقاد سۈپىتىدە پۈتكۈل غەر-
بىي ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىدىئولو-
گىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ تۈردىكى رىۋايەت
ۋە چۆچەكلەرنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. نەتىجىدە
X ئەسىردىن كېيىنكى پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىدە
ئاشىق - مەشۇقلارنى تېما قىلغان مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ ئالتۇن
دەۋرى يېتىپ كەلدى.

پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىغا تونۇلغان ئاشىق - مەشۇقلار
قىسسىلىرى ئىچىدە «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرھاد - شېرىن»،
«غېرىب - سەنەم» قاتارلىق ئۈچ مەشھۇر داستان ئالاھىدە خاراكتېر-
لىكتۇر. يەنە كېلىپ بۇ داستانلاردا ئىپادە قىلىنغان تراگېدىيە يۇك-
سەكلىكى شەرق سەنئىتىدىكى تراگېدىك ئاڭنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى
ياراتتى.

① فىلىپ. ك. ھىتتى (ئامېرىكا) : «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، I توم،
46 - بەت.

«لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىنىڭ ئەسلى ۋارىيانتى خەلق ئارىسى-دىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان گۈزەل رىۋايەت ئىدى. بەزى تەتقى-قاتچىلار لەيلىنىڭ ئىشقىدا «مەجنۇن» بولغان قەيسنى رېئال شەخس دەپمۇ قارايدۇ. ھەتتى «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى» ناملىق ئەسى-رىدە، ئەرەب ئەدەبىياتىدا پلاتونچە مۇھەببەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان شائىر جەمىل (ئۆلۈمى مىلادىيە 701 ـ يىلى) گە تەڭلىشەلەيدىغان كىشى «يېرىم ئەپسانىۋى تۇس ئالغان شەخس مەجنۇندۇر. ئېيتىشلار-غا قارىغاندا ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى قەيس ئىبىن مۇلاۋۋاھ بولۇپ، لېرىك شېئىر ـ قوشاقچىلىقنىڭ ۋەكىلىدۇر. قەيس لەيلى ئىسىملىك قىزغا ئاشىق بولۇپ، مەجنۇنلۇق دەرىجىسىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن «مەجنۇن لەيلا» (لەيلىنىڭ مەجنۇنى) دەپ ئاتالغان»[1] دەپ يازىدۇ. ئىسلام دىنى ۋە ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ بۇ رىۋايەت ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ چىقىپ ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالدى.

«لەيلى ـ مەجنۇن» رىۋايىتىنى تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەن كىشى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىدۇر. ئۇ، «شاھنامە» دە لەيلى ـ مەجنۇن ھەققىدىكى رىۋايەتنى قوشۇمچە سۆژىت سۈپىتىدە ئۆز ئەسىرىگە قوشىدۇ. فىردەۋسىدىن بۇرۇن «بۇ ۋەقە ئىبىن قۇتەيبە-نىڭ ‹شېئىر ۋە شائىر ھەققىدە كىتاب›، ئەبۇل فەراج ئەل ـ ئىسفاھانىينىڭ ‹مەجنۇن ھەققىدە ھېكايە›، ئەسىرى ۋە ئەبۇ بەكرى ئەل ـ بەلابى تۈزگەن ‹دىۋانى مەجنۇن› دا خاتىرىگە ئېلىنغان»[2]. لېكىن بۇ سۆژىتنى تۇنجى قېتىم يۈكسەك بەدىئىي كامالەتكە يەتكۈز-گەن كىشى نىزامى گەنجىۋىدۇر.

① «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، I توم، 291 ـ بەت.
② «نىزامى خەمسىسىگە ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەر»، كىرىش سۆز قىسمى، 5 ـ بەت.

فىردەۋسىدىن نىزامىغىچە ئىككى يۈز يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. خەلق ئارىسىدا ۋە بەزى قەلەمكەشلەرنىڭ ئىجادىدا ئادەتتىكىدەك زىكرى قىلىنىپ كەلگەن بۇ رىۋايەت نىزامىنىڭ قەلىمى ئاستىدا پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا تونۇلدى. نىزامى «خەمسە» سىگە كىرگۈزۈلگەن «لەيلى ـ مەجنۇن»، «خىسراۋ ـ شىرىن» قاتارلىق داستانلار كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان مۇشۇ تېمىدىكى مۇھەببەت داستانلىرىغا ئۈلگە بولدى. نىزامىنىڭ مەزكۇر داستانلارغا سىڭدۈرگەن بەدىئىي قۇۋۋىتى كېيىنكى قەلەمكەشلەرنى تاڭ قالدۇردى. شەيخ سەئدى (1208 — 1292)، جالالىددىن رۇمى (1207 — 1273) ۋە ھاپىز شىرازى (1320 — 1389) قاتارلىق بۈيۈك شائىرلار بۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى (1253 — 1325)، ئابدۇراھمان جامى (1414 — 1492)، ئەلىشىر نەۋائىيلار ئۆز «خەمسە» لىرىدە «لەيلى ـ مەجنۇن»، «پەرھاد ـ شىرىن» داستانلىرىغا ئالاھىدە ئورۇن بەردى ۋە نىزامىغا يۇقىرى باھا بەردى. نەۋائى: «نىزامىغا كىمنىمۇ سېلىشتۇرۇش مۇمكىن!؟» دەپ يازدى. بېرتېلس «نىزامى خەمسەسى» نىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە يازغان كىرىش سۆزىدە: «‹لەيلى ـ مەجنۇن› نىزامى ئىجادىيىتىدە يۈكسەك پەللە ياراتتى. مەزكۇر داستان شەرقنىڭ ‹رومېئو ـ ژۈلېتتا›سىغا ئايلاندى شۇنداقلا ‹خىسراۋ ـ شىرىن› بىلەن بىرلىكتە قوشكېزەك ئاچا ـ سىڭىلدەك ئەسىرلەر بويى شەرق ئەدەبىياتىدا نۇر چېچىپ كەلدى»[1]. گېرمانىيە شائىرى گيۆتى ئۆزىنىڭ «شەرق ـ غەرب دىۋانى» دا: «پەرھاد بىلەن شىرىن مۇھەببەت رىيازىتى ئىچىدە ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى، مەجنۇن بىلەن لەيلىنىڭ مۇھەببىتى تاكى ئۆلگىچە ئۆزگەرمىدى»[2] دەپ يازدى.

---

[1] ئى. ئە. بېرتېلس: «نىزامى»، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى «پەن» نەشرىياتى، كىرىش سۆز قىسمى، 1956 ـ يىل، رۇسچە نەشرى.

[2] «گيۆتى شېئىرلىرىدىن تاللانما»، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ جىلد، 360 ـ بەت.

نىزامىدىن كېيىن «خەمسە» يازغانلار ئىچىدە ئەلىشىر نەۋائىي «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىنى يەنە بىر بالداق بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈردى. شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، نەۋائىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى مۇھەببەت داستانلىرى ھەرگىزمۇ نىزامى، دېھلىۋى ۋە جامىلار ئىجادىيتىنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى ۋە تەكرارى بولماستىن، بەلكى يېڭىچە ماھارەت بىلەن تراگېدىيە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن قايتا ئىجادىيەتتۇر.

«پەرھاد ـ شېرىن» ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەتلەر ئەسلىدە VII ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىران خەلقى ئارىسىدا بارلىققا كەلگەندى ۋە خەلق ئىچىگە «خىسراۋ ۋە شېرىن» نامى بىلەن تونۇلغانىدى. بۇ رىۋايەتنىڭ مەنبەسى VII ئەسىردە ئۆتكەن ئىران ساسانىيلار خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى خىسراۋ پەرۋىزنىڭ نامى بىلەن باغلىنىپ، يۇقىرىقى نام بىلەن ئاتالغانىدى.

كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە بۇ رىۋايەت ئىسلام شەرقىدىكى نۇرغۇن قەلەم ئىگىلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. X ئەسىرگە كەلگەندە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى بۇ رىۋايەتنى تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىردى. لېكىن فىردەۋسى پەرھاد ھەققىدە ھېچنېمە دېمەيدۇ. بەلكى خىسراۋ بىلەن شېرىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى تەسۋىرلەيدۇ:

«... ئىران شاھى خىسراۋ ئوۋ قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە شېرىننى ئۇچرىتىپ، ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە شېرىنگە ئۆيلەنمەكچى بولىدۇ. لېكىن شېرىن ئېسىلزادىلەر نەسلىدىن بولمىغاچقا، ئوردا ئەمەلدارلىرى شاھنىڭ ئۆيلىنىشىگە قارشى تۇرىدۇ. خىسراۋ توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئاخىرى شېرىنگە ئۆيلىنىدۇ. خىسراۋنىڭ ئالدىنقى خوتۇنى مەريەمدىن بولغان ئوغلى شىرۇيا شېرىننى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ، شېرىننى ئەمرىگە ئالماقچى بولىدۇ. لېكىن شېرىن خىسراۋنىڭ قەبرىسى ئالدىدا زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالىدۇ...»①.

① ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 539 ـ بەت.

دېمەك فىردەۋسى تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتتا «خىسراۋ ۋە
شېرىن» داستانىنىڭ ئىپتىدائىي سيۇژىتىنى يارىتىدۇ. XII ئەسىرگە
كەلگەندە نىزامى ئۆزىنىڭ «خەمسە» سىدە «خىسراۋ ۋە شېرىن» داس-
تانىغا ئالاھىدە ئورۇن بەردى. «نىزامى ياراتقان لېرىك داستان ئوتتۇ-
را ۋە يېقىن شەرقتە كېيىنچە بۇ ژانىردا يارىتىلغان ئەسەرلەرگە تۈرتكە
بولدى... لېرىك - ئېپىك داستان يېزىشنى مەقسەت قىلىپ يۈرگەن
نىزامى قەدىمكى ئىران تارىخىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ دىققىتىنى
ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خىسراۋ پەرۋىز (591 — 628) نىڭ
ساداقەتلىك رەپىقىسى گۈزەل شېرىن ئوبرازى جەلپ قىلىدۇ. شېرىن-
نىڭ نامى ۋىزانتىيە، سۈرىيە ۋە ئەرەب. تارىخنامىلىرىدا ھەم تىلغا
ئېلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايالنىڭ تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىگە
شۈبھە يوق»①. لېكىن مەيلى خىسراۋ ياكى شېرىن تارىختا ئۆتكەن
رېئال شەخس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نىزامى قەلىمى ئاستىدا بەدى-
ئىي ئوبراز سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. نىزامى داستانىدا خىسراۋ،
شېرىن ۋە پەرھادتىن ئىبارەت بەدىئىي ئوبرازلارنى ياراتتى ۋە بۇ
ئوبرازلارنى مۇرەككەپ، ئەگرى - توقاي زىددىيەتلەر ئىچىگە قويدى.
شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرى پەرھاد، خىسراۋ ۋە شىرىنلارنىڭ پاجىئەسىنى
يۈرەكنى پارە - پارە قىلغۇدەك دەرىجىدە تەسۋىرلىدى. ئەسەرنىڭ
خاتىمىسىدە پەرھاد شېرىنغا بولغان ساپ مۇھەببىتى ئۈچۈن خىسراۋ-
نىڭ رەشىك قىلىشى تۈپەيلىدىن ناھەق ئۆلۈپ كېتىدۇ. خىسراۋ
ئوغلى شىرۇيا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. شىرۇيا شېرىننى ئەمرىگە
ئالماقچى بولغاندا، شېرىن خىسراۋنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۆزىگە خەنجەر
تىقىپ ئۆلۈۋالىدۇ. پۈتكۈل ئەسەر تراگېدىيە ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ.

XV ئەسىرگە كەلگەندە نەۋائى قەلىمى ئاستىدا «پەرھاد - شې-
رىن» يېڭى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. فىردەۋسىدىن بەش
ئەسىر، نىزامىدىن ئۈچ ئەسىر، ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋىدىن بىر ئەسىر
كېيىن بۇ گۈزەل ماۋزۇغا بىزنىڭ بۈيۈك شائىرىمىز يۈكسەك ئىشەنچ

① «نىزامى خەمسىسىگە ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەر»، كىرىش سۆز قىسمى،
4 - بەت.

بىلەن مۇراجىئەت قىلدى①. نەۋائىنىڭ قەلىمى ئاستىدا پەرھاد چىن شاھزادىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، ئۇنىڭ ئەرمەن مەلىكىسى شىرىن بىلەن بولغان مۇھەببىتى ئاساسىي لىنىيە قىلىنىدۇ. خىسراۋ بولسا نامەرد، تاجاۋۇزچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ ۋە پەرھاد - شىرىن پاجىئەسىگە سەۋەب بولىدۇ. نەۋائىدىن كېيىن ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى پەرھادنى خوتەن شاھزادىسى، شىرىننى شەھرىيار مەلىكىسى دەپ تەسۋىرلەپ، كۇچادىكى «مىڭ ئۆي»لەرنى پەرھاد قازغان دېگەن سۇژىتقا تەرەققىي قىلدۇردى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر، تۈرك، تۈركمەن، ئەزەربەيجان، ئۆزبېك خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «غېرىب - سەنەم» داستانى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر.

قويۇق شەرقچە تراگېدىيىگە ئىگە ئاشىق - مەشۇقلار ھەققىدىكى خەلق داستانلىرى ئوتتۇرا شەرقتىن تاكى تارىم ۋادىسىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدىكى خەلقلەر ئارىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى ۋە ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە «يەتتە ئاشىق - مەشۇق» دېگەن نام بىلەن ھەممىگە تونۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رايون خاراكتېرىگە ئىگە «بەھرام - دىلئارام»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «ۋامۇق - ئۇزرا»، «مەھزۇن - گۈلنىسا»، «رابىيە - سەئدىن»، «تاھىر - زۆھرە» قاتارلىق ئاشىق - مەشۇقلار ھەققىدىكى قىسسە - داستانلار مۇھەببەت تراگېدىيىلىرى بىلەن سۇغۇرۇلدى.

دەرۋەقە، تراگېدىيە — سەنئەتنىڭ يۇقىرى شەكلى. شەرق ئەدەبىياتىدا ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى ئارقىلىق يۇقىرى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەت ياراتقان تراگېدىيىلەر نېمە ئۈچۈن ئەسىرلەر بويى خەلق ئىچىدە شۇنچە زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ؟ شۇنىسى ئېنىقكى، شەرق سەنئىتى تراگېدىيە يۇكسەكلىكى ئارقىلىق بەدىئىي سەنئەتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئېستېتىك گۈزەللىكنى ئىپادە قىل-

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 542 - بەت.

غان. شەرق دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان ئاشىق ـ مەشۇقلار قىسسىلە-رىدىكى ئاشۇ پاجىئە بىلەن سۇغۇرۇلغان مىسلىسىز تراگېدىك زوق ئىچىدىن ئادەم ئۆزىنى ئۆزى ئويغىتىدۇ. ئەسلى ئۆزىدە ئەزەلدىن بار بولغان، ئەمما بىۋاستە ھېس قىلىنمايدىغان، ئىنساننىڭ ھاياتقا بول-غان مۇھەببەتلىك چۈقانىغا يېڭى مەزمۇن قوشىدۇ. سەنئەت مانا مۇشۇنداق تراگېدىيىنى بەدىئىي يول بىلەن ئىپادە قىلىش ئارقىلىق ئىنساندىكى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ھاياتلىق ئېنېرگىيىسىنى قېزىپ چىقىرىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. تراگېدىيە مەنزىرىسى ئادەمنىڭ پىنھان روھىي دۇنياسىنى لەختە ـ لەختە قىلىپ، مەنىۋىيەتتە مىسلىسىز ئازابلىق زىلزىلە قوزغايدۇ. ئادەم تراگېدىك زوق ئىچىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە بولغان قىسقا دەقىقە ئىچىدە بۇ دۇنيانىڭ جىمى رىيازەتلىرىنى بىراقلا سىلكىپ تاشلىۋېتىپ، ھاياتقا يېپيېڭى مۇھەببەت بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. كلاسسىكلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان شەرقچە مۇھەببەت تراگېدىيىلىرى بەدىئىي سەنئەت-تىكى ئاشۇ خىل روھنى ئىپادە قىلغان.

## ئالتىنچى دىئالوگ:
## تەسەۋۋۇپ: ئىنسان بىلەن خۇدانىڭ ئارىلىقىدا

«ئادەم پەقەت ئۆزىنى بىلگەندىلا، ئاندىن رەببىنى بىلەلەيدۇ»①
— پەرىدىدىن ئەتتار

«ئايا سىزجان تىكىپ ھەرلەھزە ئىزدەيسىز ئىلاھىنى،
ئۇنى ئىزدەشكە نە ھاجەت، ئىلاھى ـ سىز، ئىلاھى ـ سىز!»②
— جالالىددىن رۇمى

---

① «پارس سوپىستىك پەيلاسوپى: ئەتتار»، مارگارېت سىمىت نەشرگە تەييارلىغان، لوندون 1932 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى.
② رادىي فىش: «جالالىددىن رۇمى»، تاشكەنت، 1986 ـ يىلى، ئۆزبېكچە نەشرى، 46 ـ بەت.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇش ۋە ئىختىرا قىلىش تارىخىدۇر. يىراق قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا ئىنسانىيەت ئەجدادلىرى ئادەمدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك سىرنىڭ مەزمۇنىنى يېشىشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى. يۇنان دەۋرىدە «ئادەم» تېمىسى پەيلاسوپ — ھەكىملەرنىڭ تەپەككۇر ئوبيېكتىغا ئايلاندى. سوقرات: «تەپەككۇرسىز ھايات — ياشاشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ. ئۆزۈڭنى تونۇ! .»① دەپ خىتاب قىلسا، ئۇنىڭ شاگىرتى پلاتون: «بىز سىرتقى دۇنيانى بىلسەكمۇ، لېكىن ئۆزىمىزنى تەستە تونۇيمىز» دەپ كۆرسەتتى. يۇنان - رىم دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ياۋروپانىڭ ئىنسان ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى تاكى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىگە قەدەر بىر ئىزدا توختاپ قالدى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر چېركاۋ پەلسەپىسىنىڭ دېدىكىگە ئايلاندى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ياۋروپا غەپلەت ئۇيقۇسىغا چۆمگەن ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىردە، شەرق ئىسلام پەلسەپىسى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى. بەزى شەرقشۇناسلار بۇ دەۋرنى «شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى» دەپ ئاتىدى. ئاكادېمىك ن. پ. كونراد «غەرب ۋە شەرق» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازدى: «ئويغىنىش دەۋرى ئىتالىيە خەلقى تارىخىغىلا تەئەللۇق بولۇپ قالمىسا كېرەك. . . ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىمالىي، غەربىي ھىندىستان تارىخىدا IX — XII ئەسىرلەرنى، ياۋروپا تارىخىدا XVI — XIV ئەسىرلەرنى شۇنداق دەۋر دەپ ھېسابلاش مۇمكىن»②. ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئىسلام پەلسەپىسى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ چۈشكۈنلەشكەن بولسىمۇ، لې-

① خۇاڭ يەن: «قارا ئۆڭكۈردىن ھالقىش»، شاڭخەي مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى، 1 - بەت.

② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 119 - بەت.

كىتىن يۇنان دەۋرىدىن قالغان تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى ئەدەبىي ئويغى-
نىش دەۋرىگە كەلگەندە ياۋروپاغا قايتۇرۇپ بەردى. ئېخىمۇ توغرىراقى
ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام پەلسەپىسى قەدىمكى يۇنان دەۋرىنى ئەدەبىي
ئويغىنىش دەۋرىگە ئۇلىدى. خۇددى فىلىپ ھىتتى ئېيتقاندەك: «ئە-
رەبلەرنىڭ قۇرغىنى بىر ئىمپېرىيە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر
خىل مەدەنىيەت ئىدى. ئۇلار دەجلە، ئېفرات، نىل دەريالىرى ھەم
ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا بىر مەھەل گۈللەنگەن قەدىمكى
مەدەنىيەتلەرگە ۋارىسلىق قىلدى. يۇنان - رىم مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھى-
دىلىكلىرىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلدى ۋە سىڭدۈردى. كېيىنچە ئۇلار بۇ
مەدەنىيەتنى ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىغا تارقىتىپ، غەربنىڭ ئويغىنى-
شىنى تېزلەتتى ھەمدە ياۋروپانى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىگە ئېلىپ
كىردى. ئوتتۇرا ئەسىردە، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئىنسانىيەت
تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى ئەرەبلەر ۋە ئەرەب تىلىدا
سۆزلىشىدىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۆھپىسىگە سېلىشى-
تۇرۇشقا بولمايدۇ»①.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئەرەب مەدەنىيىتى
ياكى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى يالغۇز ئەرەبلەرگىلا تەئەللۇق مەدەنى-
يەت ئەمەس ئىدى. ئۆز دەۋرىدىكى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتو-
رىيىسىگە كىرگەن ھەرقايسى خەلقلەر، جۈملىدىن پارسلار ۋە ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللى-
نىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. خامىلتون. ئا. گىببى بۇ
ھەقتە مۇنداق دەپ يازدى: «كلاسسىك ئەرەب ئەدەبىياتىغا تۆھپە
قوشقانلار قان سىستېمىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ مىللەتلەر بولۇپ،
ئۇلار ئەرەب ئىستېلاچىلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۆز مىللەتلىرىنىڭ
تىلى، ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، بىرلىككە

① فىلىپ. ھىتتى (ئامېرىكا): «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 2 - بەت.

كەلگە ئىدىيە ۋە ئېتىقادنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى ۋە بارغانسېرى زورىيىۋاتقان ئەرەب مىللىتىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. يالغۇز پارسلارلا ئەرەبلەرنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكى ۋە ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي ۋە ئىرقىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالىغان»①.

ئەرەب ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ ھەقىقىي زىلزىلىسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى پارسلار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارقىلىق ئىشقا ئاشقانىدى. ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىسلام كالامىزمى، تەسەۋۋۇپ ۋە مەدرىس پەلسەپىسىدىن ئىبارەت بىر قانچە تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تەسەۋۋۇپ ياكى سوپىزم شەرق ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ گۈلتاجى ۋە يۈكسەك پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم بىلەن ئاللانىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى مۇرەككەپ ئىزدىنىشلەر ۋە ئىنساننىڭ ئۆزى ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىمۇ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە مۇپەسسەل يورۇتۇلغانىدى. شۇڭلاشقا بەزىلەر تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى ئاللا، كائىنات ۋە ئىنسان پەلسەپىسى دەپمۇ ئاتىدى.

ئىسلام دىنى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ناھايىتى تېزلىكتە غەربتە ئىسپانىيىدىن، شەرقتە ھىندى دەرياسى ۋادىسى ۋە تارىم ئويمانلىقىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئېتىقادىغا ئايلاندى. ئىسلام دىنى بىلەن تەڭلا مەيدانغا كەلگەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىمۇ بۇ رايونلاردا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنى بۇددىزم ۋە خرىستىئان دىنلىرىدىكى مىستىتىك تەلىماتلارغا باغلىدى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسىنى ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى دىنلاردىن ئىزدىدى. ئەمما شۇنى قەيت قىلىش زۆرۈركى، تەسەۋۋۇپ بىر خىل دىنىي پەلسەپە سۈپىتىدە ئۆزد-

① خاملتۇن. ئا. گىببى: «ئەرەب ئەدەبىياتى»، 1 ـ بەت.

ىنىڭ دەسلەپكى ئىدىيىۋى ئاساسىنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەس-
تۇرى «قۇرئان» دىن ئالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئىبراھىم
ھەققۇلوف ئۆزىنىڭ «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت» ناملىق ئەسىرىدە:
«شەرق تەسەۋۋۇپىدا بۇتپەرەسلىك، خرىستىئانلىق ئېلېمېنتلىرى
مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئىلىم ساھەسىدە قايتا - قايتا ئىزاھلاپ ئۆتۈل-
گەن. دەرۋەقە، يېڭى پلاتونىزم غايىلىرى ئۇنىڭدە مۇئەييەن دەرىجىدە
ئورۇن ئالغان. لېكىن تەسەۋۋۇپنىڭ روھى ئىسلامى روھ»① دەپ
يازىدۇ. گەرچە تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى ئومۇمىي خاراكتېر جەھەتتىن
دىنىي مەۋقەنى ئىپادە قىلسىمۇ، لېكىن ئۆز نۆۋىتىدە ئۇمۇ ئىنساند-
يەتنىڭ ئۆزىنى ۋە دۇنيانى بىلىش يولىدىكى بىر خىل ئىزدىنىشى
ۋە ئالاھىدە تەپەككۇر شەكلى ئىدى. تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ مۇستەھ-
كەم مەۋقەگە ئېرىشىشىدە بىبى رابىيە، ئەبۇ ھەمىد غەززالى، بايازىد
بەستامى، ئىبىن ئەرەبى، پەرىدىدىن ئەتتار، ئىبىن رۇشىد، ئەبۇبەكىر
شىبلى، مەنسۇر ھەللاجى، جالالىددىن رۇمى، يۇنۇس ئەمرە، خوجا
ئەھمەد يەسسەۋى، باھاۋىددىن نەقشىبەندى قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىم
ۋە شائىرلارنىڭ ئەمگىكى ناھايىتى مۇھىمدۇر.

تەسەۋۋۇپ ئۆزىنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنى ئەڭ ئالدى
بىلەن «قۇرئان كەرىم» دىن ئالغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. «سۇرە بەقەر»
دە، ئاللا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتقاندىن كېيىن، ئەرش-
تىكى بارلىق مالائىكە - پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا باش ئېگىپ سەجدە
قىلىشقا بۇيرۇغان. ئىبلىس (شەيتان) دىن باشقا بارلىق پەرىشتىلەر
ئادەمگە سەجدە قىلغان. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئىسلام دىنىدا ئىنسان
يارىتىلىشىدىنلا ئۇلۇغلانغان. «قۇرئان كەرىم» 95 - سۇرە 3 - ئايەت:
«شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارات-
تۇق» دېگەن ئايەت بار. ئىسلامدىن ئوزۇق ئالغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپە-

① ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، تاشكەنت، 1991 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 3 - بەت.

سىمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى تەلىماتلىرىدا باشتىن ئاخىر ئىنسانىي يۈكسەك ئورۇنغا قويىدۇ. ئىسلام مىستىتسىزمىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان «ئىنسانىي كامىللىق» ئۇقۇمى «تەۋرات» تىكى خۇدا ئۆزىنىڭ شەكلىگە ئاساسەن ئادەمنى ياراتقان دېگەن ئۇقۇمدىن كەلگەن. مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ئاللا ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا ئاساسەن ئادەم (تۇنجى ئادەم ئەلەيھىسسالام) نى ياراتقان دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ئەمەلىيەتتە، ئاللا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنى گەۋدىلەندۇرگەن، يەنى ئادەمنىڭ يارىلىشىدا ئاللا ماھىيەتلىرىنىڭ پۈتكۈل تەرەپلىرى نامايەن بولغان دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرەتتى. دەرۋەقە، ئىنسانىنىڭ ئىنسانىي كامىللىقى ئۇنىڭ ئاللانىڭ ئىلاھىيلىقى بىلەن بىرلىشىشىدە ئىشقا ئاشاتتى. مانا بۇ ئىبنى ئەرەبى (1165 — 1240) نىڭ «ئىنسانىي كامىللىق» چۈشەنچىسى ئىدى①. ئىبنى ئەرەبى ئۆزىنىڭ بۇ قاراشىنى «قۇرئان كەرىم» نىڭ 15 ـ سۈرە 29 ـ ئايىتى ئارقىلىق دەلىللەيدۇ: «مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا، سىلەر ئۇنىڭغا باش ئېگىپ سەجدە قىلىڭلار». ئاللا ئۆزىنىڭ «روھى» نى تۇنجى ئىنسان — ئادەم ئەلەيھىسسالامغا پۈۋەپ كىرگۈزگىنىدىن بۇيان، بۇ «روھ» ئۈزۈلۈپ قالماستىن بىر پەيغەمبەردىن يەنە بىر پەيغەمبەرگە ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەدتە «ئىنسانىي كامىل» لىققا ئېرىشكەنىدى②. مەنسۇر ھەللاجى (857 — 922) دىن كېيىن، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ نامايەندىسى ئەبۇ ھەمىد ئىبنى مۇھەممەد غەززالى (1058 — 1111) مۇ ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ: «ئاللا ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشىتىپ ياراتقان» دېگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ③.

---

① ② كوروتا مېزۇكى (ياپونىيە): «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى»، بېيجىڭ جۇڭگو نەشرىياتى، 1992 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 259 ـ، 260 ـ بەتلەر.
③ غەززالى: «ئېھيايى ئۇلۇم ئەددىن»، لېيدىن، 1965 ـ يىل، ئېنگلىزچە نەشرى؛ غەززالىنىڭ شۇ ناملىق ئەسىرى، رۇسچە تەرجىمىسى، موسكۋا، 1984 ـ يىل نەشرى، 214 ـ، 215 ـ بەتلەر.

دېمەك، «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەردىن ئوزۇق ئالغان تەسەۋۋۇپ پەلسە-
پىسى ئىنسان بىلەن ئاللا ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى ئۆزئارا ئۇلاش
ۋە ئۇلارنى ئەڭ ئاخىرى ئۆزئارا قوشۇش ئۇستىدە جاپالىق ئىزدىنىش-
لەرنى ئېلىپ باردى. تەسەۋۋۇپ بۇ نۇقتىدا ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسان-
نىڭ ئۆزىگە مۇجەسسەملەشكەن ئۇلۇغلىقىغا مۇراجىئەت قىلدى. تە-
سەۋۋۇپنىڭ قارىشىچە، كائىناتتىكى باشقا شەيئىلەر ئاللا سۈپەتلىرى-
نىڭ تارقاق ياكى قىسمەن ھالدىكى تەجەللىسى (پارلاپ كۆرۈنۈشى)
بولۇپ، پەقەت ئىنسانلا ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ تولۇق ۋە پۈتۈن ھالەتتىكى
تەجەللىسى بولالايتتى. شۇڭا ئىنسان ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «نۇسخەئى
ئەسرارى ئىلاھى» (ئاللا سىرلىرىنىڭ نۇسخىسى) بولۇپ، ئاللادىن
ئىبارەت «ھۆسنى مۇتلەق» نىڭ چەكسىز گۈزەللىكى ئادەم ھۆسنىدە
ئىپادە قىلىنغانىدى. شۇڭا ئاللانى بىلىش، تونۇش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى
بىلەن ئىنسان ئۆزىنى تونۇشى ۋە بايقىشى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا جالالىد-
دىن رۇمى ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ: «سەن ئىلاھىي سىرلارنىڭ نۇس-
خىسىدۇرسەن. ئالەمدىكى ھەر قانداق نەرسە سەندىن تاشقىرى ئەمەس-
تۇر، سەن نېمىكى ئىزدىسەڭ ئۆزۈڭدىن ئىزدىگىن!»[1] دەپ يازىدۇ.
تەسەۋۋۇپتا ئىنساننىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغلىنىشى دەل ئىنساننىڭ «نۇس-
خەئى ئەسرارى ئىلاھى»، يەنى ئىنساننىڭ قەلبى ئاللا سىرلىرىنىڭ
ماكانى بولغانلىقىدا ئىدى. شۇڭلاشقا ئىنسان ھەق (ئاللا) نى سىرتقى
دۇنيادىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن ئىزدىشى كېرەك ئىدى. بۇ ھەقتە
تۈرك تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى بولغان يۇنۇس
ئەمرە (1240 — 1320) مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئىلىم ئىلىم بىلمەكتۇر،
ئىلىم ئۆزنى بىلمەكتۇر.

---

① «تۈرك تىلى ئاراشتىرما يىللىقى» (TDAY)، ئەنقەرە، 1971 ـ يىل، تۈركچە نەشرى، 70 ـ بەت.

ئوقۇماقتىن مۇراد نە؟
كىشى ھەقنى بىلمەكتۇر.①.

يۇنۇس ئەمرە يەنە ئۆز «دىۋان»ىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:
بۇ جاھانغا كەلمەستە مەشۇق بىلەن بىر ئىدىم،
قۇل ھۆۋەللا، سۇپەتلىك بىر نىشانسىز نۇر ئىدىم.
مەن كەلمىدىم دەۋا ئۇچۇن، مېنىڭ ئىشىم سۆيگۇ ئۇچۇن،
دوستنىڭ ئۆيى كۆڭۈلدۇر، كۆڭۈللەر ئالغىلى كەلدىم.
ئىزدىدىم ـ يۇ ئىزدىدىم، يەرۇ كۆكنى ئىزدىتدىم.
شۇنچە ئىزدەپ تاپمىدىم، تاپتىم ئىنسان ئىچىندە②.

دېمەك يۇنۇس ئەمرەنىڭ ئىلىم بىلمەك ئۆزىنى بىلمەكتۇر دېگىنى ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ ئىنسان بىلەن ئاللانىڭ بىرلىكى قارىشىنى ئالغا سۈرگىنى ئىدى. چۈنكى تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ نەزىرىدە: «ئىنساننى بىلمەك ئاللانى بىلمەك ۋە ئاللانى سۆيمەكتۇر. ئاللانى سۆيۈش بولسا، ئۆز مەنىسى بىلەن يەنىلا ئىنساننى سۆيۈشتۇر. سۆيگۈ بىلەن ئىنسانلار بىر ـ بىرىدە باغلىنىدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە قوۋشىدۇ. ئىنساننى ئىنسان ئەتكەن سۆيگۈدۇر»③. يەنە بىر تەرەپتىن يۇنۇس ئەمرەنىڭ شېئىرلىرىدىكى «كۆڭۈل» (قەلب) ئاللا سىرلىرىنىڭ ماكانى ۋە «ئاللانىڭ ئۆيى»④ ئىدى. شۇڭا نەۋائىمۇ ئۆزىنىڭ «لىسسا-نۇتتەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرىدە:

ئۆز ۋۇجۇدۇڭنى تەفەككۇر ئەيلەگىل،
ھەر نە ئىزدەرسەن، ئۆزۇڭدىن ئىزدەگىن⑤.

دەپ ىىدا قىلىدۇ.

---

① ② «يۇنۇس ئەمرە دىۋانى»، تۈركىيە مەدەنىيەت ۋە ساياھەتچىلىك مىنىستىرلىكى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 1986 ـ يىل، تۈركچە نەشرى.
④ ③ ناكى گۈلتاي: «يۇنۇس ئەمرەدە تىل ۋە ئىنسان سۆيگۈسى» — «مىللىي مەدەنىيەت» ئىلمىي ژۇرنىلى، 1991 ـ يىل، تۈركچە نەشرى.
⑤ نەۋائى: «لىسسانۇتتەير» — «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى ئۆزبېكچە، 1991 ـ يىل، 4 ـ سان.

دېمەك تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە باشتىن - ئاخىر ئىنسان بىلەن ئاللانىڭ مۇناسىۋىتى بىرلىكى تىلغا ئېلىنغان ۋە پەۋقۇلئاددە مۇھاكىمە ئوبيېكتىغا ئايلانغان. تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىدىن قارىغاندا، ئىنسان ئاللا ياراتقان جىمى مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ئۇلۇغ ئىجادىيەت ئىدى، شۇنداقلا كائىناتتىكى جىمى سىرلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۈيۈك «كىتاب» ئىدى. ئىنساننىڭ ئىنسانىي كامىللىقى ئۇنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك دەرىجىدە بىلىشى ۋە تونۇشىدا ئىشقا ئاشاتتى. ھەتتا جالالىددىن رۇمى:

گەر كۆرۈنۈشتە بولساڭمۇ «ئالەمى ئەسغەر»،
ھەقىقەتتە سەندۇرسەن «ئالەمى ئەكبەر»①.

دەپ يېزىپ، كائىناتنى «ئالەمى ئەسغەر» (كىچىك - مىكرو ئالەم)، ئىنساننى بولسا، «ئالەمى ئەكبەر» (چوڭ - ماكرو ئالەم) دەپ قارىدى ۋە جىمى كائىنات سىرلىرىنىڭ ئىنسان قەلبىگە مۇجەسسەملەشكەنلىكىنى تەكىتلىدى. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» دېگەن ھەدىسىگە ئاساسلىنىپ، غەززالى ئۆز قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. غەززالىنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ ھەممىنى بىلىش ۋە تونۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى ئەڭ ئالدى بىلەن «ئۆزىنى بىلىش»تىن باشلىناتتى. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ساڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭدىنمۇ يېقىن نەرسە بارمۇ؟ ئۆزۈڭگە ئەڭ يېقىن بولغان ئۆزۈڭنى بىلەلمىسەڭ، ئۆزۈڭدىن تاشقىرىقى نەرسىلەرنى قانداق بىلەلەيسەن؟»②. دېمەك، دەسلەپكى مۇتەسەۋۋۇپلار ئۆز تەلىماتلىرىدا ئىنسان بىلەن ئاللانىڭ ئوتتۇرىسىدا زەررىچە ئارىلىقنىڭ يوقلۇقىنى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بىردەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ ھەمدە بۇ قاراشلىرىنى «قۇرئان» دىكى «مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمەن» (50:16) دېگەن ئايەت بىلەن

① رادىي فىش: «جالالىددىن رۇمى»، 46 - بەت.
② «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى»، 90 - بەت.

«مەشرىق بىلەن مەغرىب ئاللانىڭدۇر، سىلەر قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلار، ئاللانىڭ يۈزىمۇ شۇ تەرەپتىدۇر» (8 : 58) دېگەن ئايەت ئارقىلىق دەلىللەيدۇ.

ئىنسانىنىڭ بىلىش جەريانىنىڭ سىرتقى دۇنيادىن ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يۈزلىنىشى ياكى ھەقىقىي يوسۇندىكى ئۆزىنى تونۇشقا ئۆتۈشى — بىلىش تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ئىدى. مانا مۇشۇنداق يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندىلا، ئىنسان ئاندىن «فەنا» (يوقلۇق، ئۆزلۈكنى يوقىتىش) قايىنىمىغا كىرەلەيتتى ۋە ئۆزلۈكنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ ياكى ئۆزلۈكتىن ھالقىپ، بىردىنبىر مەۋجۇتلۇق بولغان ئەسلى ۋۇجۇد (ھەق ۋۇجۇدى) غا قوشۇلۇپ كېتەلەيتتى. ئۆزلۈك يوقالغان، نەپس ئۆلتۈرۈلگەن، ھەق ۋۇجۇدى بىلەن مەڭگۈلۈك بىرلىشىپ كەتكەن بۇ يۈكسەك باسقۇچتا «مەن» ئوقۇمى مەۋجۇت بولمايتتى. بەلكى «مەن» ۋە «سەن» ياكى ئاشىق بىلەن مەشۇق ئەمەلىيەتتە بىرگەۋدە، بىر ۋۇجۇدقا ئايلىنىپ كېتەتتى ۋە يۇنۇس ئەمرەدەك: «بۇ جاھانغا كەلمەستە مەشۇق بىلەن بىر ئىدىم» دەپ نىدا قىلىدىغان بولاتتى.

ناھايىتى روشەنكى «فەنا» — تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى بىر خىل يۇقىرى باسقۇچ ئىدى. بۇ ئاتالغۇنى دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغان كىشى بايازىد بەستامى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەسلەپكى «ئىلاھىي ئىشق» تەلىماتىنىڭ راۋاجى ۋە تەرەققىياتى ئىدى. تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ دەسلەپكى يۇقىرى دولقۇنىغا ئۈچ مەشھۇر شەخس — جۇنەيد باغدادى، بايازىد بەستامى ۋە مەنسۇر ھەللاجىلار ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاتالمىش تەسەۋۋۇپنىڭ يۇقىرى پەللىسى — ئىنسانىنىڭ ئۆزلۈكىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاللا ۋۇجۇدىدا يېڭى ھاياتقا ئېرىشىشىدە مەزمۇن تاپاتتى. ئەنە ئاشۇ يېڭى ھاياتلىق ئىچىدە ئادەم ئۆزىدىكى بارلىق ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، «سۆيگۈ ۋەسلىگە يەتكەن كىشى» سۆيىتىدە ئاللا بىلەن ئەبەدىيلىك بىرلىككە ئىگە بولاتتى. مانا

بۇ باسقۇچ جۇنەيد بەكرى ۋە بەستامىلار تەكىتلەۋاتقان «فەنا» باسقۇچى ئىدى①.

بۇ باسقۇچ ئىنساننىڭ ھەق ۋۇجۇدىدا چەكسىزلىككە ئېرىشكەن باسقۇچى يەنى چەكلىك ھاياتلىقتىن چەكسىز ھاياتلىققا، ئۆزلۈك ئالىمىدىن ئۆزلۈكسىزلىك ئالىمىگە ھالقىغان باسقۇچى ئىدى. ئىنسان «فەنا» ئارقىلىق نەپس ـ بالاغا چىرمالغان تەننىڭ قاراڭغۇ قەپىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، مەڭگۈلۈك روھىي پارلاقلىققا ئېرىشەلەيتتى. شۇڭا بەستامىنىڭ قارىشىچە، ئاللا پەقەت «بىر»لا بولۇپ قالماستىن، يەنە تېخىمۇ توغرىراقى «تەنھا بىر» دۇر ياكى «مۇتلەق تەنھا مەۋجۇتلۇق» تۇر. ئەگەر ھەرقانداق شەيئىيگە ئاللانىڭ ئىشتىراكى بولمىسا، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ مۇمكىن بولمايتتى. شۇڭلاشقا روھ ئۆزىنىڭ «غەيرىي بارلىقىدىن پاك ـ پاكىز قۇتۇلغان، ئۆزلۈك ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆلتۈرۈلگەن» ئاشۇ ئۇلۇغۋار دەقىقىدە «ئاللا» بىلەن «مەن» ئارىلىقىدا زەررىچە مۇساپە قالمايتتى شۇنداقلا مەڭگۈلۈك قوشۇلۇشقا مۇيەسسەر بولاتتى. ئادەم ئاللانىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالاتتى. بۇ چاغدا «مەن» نى كۆرگەنلىك، ئەمەلىيەتتە «ئاللا» نى كۆرگەنلىك ھېسابلىناتتى. بايازىد بەستامى بۇ ھالەتنى «فەنا ئەينىكى» ياكى تېخىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ «بىرلىك ئەينىكىدە يوقىلىش»②، دەپ ئاتىدى ۋە بۇنى مۇنداق شەرھىلىدى: «ئوتتۇز يىلدىن بۇيان، ئاللا مېنىڭ ئەينىكىم بولدى، لېكىن ھازىر مەن ئۆزۈمنىڭ ئەينىكى. بىراق مەن ئاللىقاچان مۇتلەق يوقلۇق بولغاچقا، ئاللا ئۆز ـ ئۆزىنىڭ ئەينىكىدۇر. قاراڭ، مەن سۆزلەۋاتىمەن، بۇ يەردە ئاللا يەنىلا مېنىڭ ئەينىكىم، چۈنكى مېنىڭ تىلىمدىن چىقىۋاتقان سۆز ئاللانىڭدۇر. مەن بولسام ئاللىقاچان ئىز ـ تىزسىز يوقالغانمەن...»③

---

① جۇنەيد باغدادى: «فەنا ھەققىدە»، لوندون، 1962 ـ يىل نەشرى.
② ③ كوروتا مىزۇكى (ياپونىيە): «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى»، 132 ـ، 133 ـ بەتلەر.

ئىلاھىي ئىشقىنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ، ئاللا ۋۇجۇدىدا مەست بولغان ئاشىقنىڭ تىلى «مەستلىك تىلى» ئىدى. بايازىد بەستامى بۇنى مۇنداق شەرھىلىدى: «. . . ئاللا مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆردى، مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزۈمنى كۆردۈم. نەتىجىدە مېنىڭ ئەكسىم ئاللا ۋۇجۇدىدا شۇئان يوق بولدى. مەن ئاللانىڭ نۇرى ئىچىدىن ئۆز نۇرۇمنى كۆردۈم. . . مەن ئاللادىن سورىدىم: ‹بۇ زادى كىم؟›، ئاللا دېدى: ‹بۇ مەن ئەمەس، شۇنداقلا مەن›. مەن ئاللا ئارقىلىق ئاللانى كۆردۈم، ئاللا ئارقىلىق ئاللانى بىلدىم»①. بايازىد بەستامى ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئېغىزىدا كۈندە زىكرى قىلىنىپ تۇرىدىغان «سۇبھانا ئاللا» (شان ـ شەرەپ ئاللاغا مەنسۇپ) دېگەن سۆزنى «سۇبھانى» (شان ـ شەرەپ ماڭا مەنسۇپ) دەپ ئۆزگەرتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» (مەن خۇدا) دېگىنى بىلەن ئوخشاش ئىدى. مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» تەلىماتى ئۆز مەنىسى بىلەن بايازىد بەستامىنىڭ «فەنا» قارىشىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى. چۈنكى «فەنا» ئارقىلىق ئۆزلۈكتىن ۋاز كېچىپ، ھەق ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئىنسان ۋۇجۇدى ئاللانىڭ ۋۇجۇدى ئىدى. شۇڭا «سۇبھانى» ياكى «ئەنەلھەق» دېيىش «خۇدا مەۋجۇت ئەمەس، مەنلا مەۋجۇت» دېگەن ئۇقۇمنى ئەمەس، بەلكى «مېنىڭ قەلبىم ئاللا بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن، شۇنداق بولغاچقا مەن مەۋجۇت ئەمەس، ئاللا مەۋجۇت» دېگەن چۈشەنچىنى بېرەتتى.

«فەنا»، يەنى ئۆزلۈك ئېڭىنى يوقىتىش تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ئەمەس ئىدى. ئۆزلۈك يوقالغان ۋاقىتتا، روھ ئاللانىڭ ۋۇجۇدىدا چەكسىزلىككە ئېرىشىپ «ماھىيەتلىك بىرلىشىش» كە ئىگە بولاتتى. شۇڭا تەسەۋۋۇپنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى «فەنا» (يوقلۇق) بولماستىن، بەلكى «بەقا» (مەڭگۈلۈك ھاياتلىق) ئىدى.

① كوروتا مېزۇكى (ياپونىيە): «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيۋى تەرەققىياتى»، 133 ـ بەت.

دەرۋەقە، تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ تاشقى پوستىغا قاراپلا، خۇددى ئۆز دەۋرىدىكى ئەھلى سۈننەتلەرنىڭ مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» سۆزىنى «خۇدالىق دەۋاسى قىلدى» دەپ خاتا چۈشەنگىنىدەك، ئۇنى قانداقتۇر «خۇدانى ئىنكار قىلغان ئاتېئىستىك پەلسەپە» دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇپ پېشۋالىرىنىڭ «ئىنساننى سۆيمەك ئاللانى سۆيمەكتۇر»، «ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» دېگەن قاراشلىرى قانداقتۇ «خۇدا مەۋجۇت ئەمەس، ئىنسانلا مەۋجۇت» دېگەن مەنىنى ئەمەس، بەلكى «‹مەن› (ئىنسان) ‹فەنا› ئارقىلىق ئۆزلۈكىنى تامامەن يوقىتىپ، ھەق ۋۇجۇدىغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا ‹مەن›، ‹سەن› دېگەن ئۇقۇملار مەۋجۇت بولمايدۇ. نەتىجىدە ئىنساننى سۆيۈش، ماھىيەتتە ئاللانى سۆيگەنلىك بولىدۇ.» دېگەن چۈشەنچىنى ئالغا سۈرەتتى. شۇڭا تەسەۋۋۇپ باشقا دىنىي پەلسەپىلەردە بولمىغان ئىنسان ئۇلۇغلىقى تەلىماتلىرىنى ۋە بىر قىسىم ئىلغار ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلەرنى ئالغا سۈردى.

تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى ئىسلام دىنى مەيدانىغا كەلگەندىن كېيىن، VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي قىسمىدىكى رايونلار بىلەن ئىران ئېگىزلىكىدە رەسمىي بىر پەلسەپىۋى ئېقىم سۈپىتىدە شەكىللىنىشكە باشلىدى. X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئىران ۋە خۇراسان رايونلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ ئوچىقىغا ئايلاندى. گەرچە تەسەۋۋۇپ ئەرەب ئىسلام پەلسەپىسى نامى بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي تەلىماتلىرىنى پارس مۇتەپەككۇرلىرى راۋاجلاندۇرغانىدى. شۇڭا ئىسلام سوپىزمىنى تەتقىق قىلغان فرانسۇز ئالىمى لۇئىس ماسسىنۇن مۇنداق دەيدۇ: «پارس قان تىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىسمىلىكى دائىم كىشىدە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەرەب تىلىدا تەپەككۇر

قىلاتتى ۋە ئەسەر يازاتتى»①. ئەگەردە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان كلاسسىك شائىر ۋە مۇتەپەككۇرلارنى سانايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە جۇنەيد باغدادى، ئەبۇ سەئىد سانائى، پەرىدىدىن ئەتتار، بايازىد بەستامى، مەنسۇر ھەللاجى، جالالىددىن رۇمى، شەمسى تەبرىزى غەززالى، بىبى رابىيە، ھاپىز شىرازى قاتارلىقلار پارسلاردىندۇر. XII ئەسىردىن كېيىن، تەسەۋۋۇپنىڭ يۇقىرى پەللىسى پارسلاردىن تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا يۆتكەلدى. يۇنۇس ئەمرە، ئەھمەد يەسسەۋى، ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىقلار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىن تەرەققىياتىغىچە بولغان پۈتكۈل جەرياندا پارسلار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىغان، تەسەۋۋۇپ ئىسلام ئويغىنىشىنىڭ غەربتىن شەرققە (دەمەشىق، باغداتلاردىن سەمەرقەنت، قەشقەرگە) سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى شەرق ئىسلام تەپەككۇرىدا يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ ھالەتنى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ تەسۋىرلىدى: «ئىسلام شەرقىدىكى مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىدىن چىڭگىزخان ئىستىلاسىغىچە داۋام قىلىش جەريانىدا ھەر قايسى ئىسلام شەرق ئەللىرىدە ئوخشىمىغان باسقۇچ ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقى بىلەن بىللە، ئومۇمەن ئۈچ ئاساسىي باسقۇچقا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچى، ئەرەب - ئىران مەدەنىيىتى ئاساسىدا، گرېكلار ۋە ھىندىستان قاتارلىق شەرق خەلقىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، باغداتنى مەركەز قىلغان

① جېفرېي پالىندېر (ئەنگلىيە): «دۇنياۋى دىنلاردا مىستىسىزم»، بۇگۇنكى جۇڭگو نەشرىياتى، 1992 - يىل نەشرى، 149 - بەت.

ئاساستا باشلاندى. كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەرەب خەلىپىلىكى دۇنياسىدا تۇتقان ئورنىنىڭ كۈچىيىشى، خەلىپە-لىكنىڭ نىسپىي ھالدا چۈشكۈنلىشىشىگە ئەگىشىپ بۇخارا ـ سەمەر-قەنتنى مەركەز قىلغان ماۋرائۇننەھردە داۋام قىلغان ئىككىنچى باسقۇچنى شەكىللەندۇردى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تىزگىنلىشى ۋە مەدەنىيەتتە گۈللەنگەن دەۋرگە قەدەم قويۇشى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بىۋاسىتە رىقابەتكە چۈشۈشى، ھەتتا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «سەلتەنەت قۇياشى تۈركلەر بۇرجىدا جەۋلان قىلغان»، «زامان ئەھلىنىڭ تىزگىنى شۇ-لارنىڭ قولىدا»، بولغان شارائىتتا ئىسلام شەرقىدىكى ئويغىنىش قەش-قەرنى مەركەز قىلغان ئۈچىنچى باسقۇچقا كىردى»①.

دېمەك، ئەرەب سەھرالىرى، ئىران ئېگىزلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدا تەسەۋۋۇپ مۇھىم بىر پەلسەپىۋى ئېقىم سۈپىتىدە شەرق تەپەككۇرىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى. گەرچە تەسەۋۋۇپ كېيىن-كى دەۋرلەرگە كەلگەندە، بەدەخشاندىن تارىمغىچە بولغان رايونلاردا خوجا ـ ئىشانلار ۋە ئاتالمىش سوپىلار تەرىپىدىن سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن شەرمەندىلەرچە پايدىلىنىپ كېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەسلى ماھىيىتىدىن بىر خىل پەلسەپە ۋە ئىدىيە ئىنقىلابى ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسان سۆيگۈ-سى، ۋەھدەتى ۋۇجۇد ۋە ئىلغار ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى ئۆز دەۋرىدىكى باشقا ھەر قانداق دىنىي پەلسەپە ئوتتۇرىغا قويمىغانىدى. شۇڭا كۆپلىگەن ئالىملار بۇ دەۋرنى «شەرقنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىشى» ياكى «مۇسۇلمانلارنىڭ ئويغىنىشى» دەپ ئاتىدى ۋە كېيىنكى دەۋر-لەردىكى ياۋروپا ئويغىنىشىغا ئاساس ياراتتى، دەپ قارىدى.

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 120 ـ بەت.

## يەتتىنچى دىئالوگ:
## پارس ۋە تۈركىي تىلى ھەرىكەتتە

«مەن ئوتتۇز يىل جاپالىق ئىزدىنىپ پارس تىلى بىلەن ئىراننى قۇتقۇزۇۋالدىم».

— ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى «شاھنامە»

«بۇ تارىخنىڭ ياخشى ھەم يامان بارچە تەرەپلىرىنى بىلسۇن دەپ تۈركىي تىل بىلەن ئېيتتىم. بىركەلىمە چاغاتاي تۈركىيدىن، فارسىيدىن ۋە ئەرەبىيدىن قوشمىدىم. روشەن بولسۇن دەپ، تۈركىي تىلىدا شۇنداق يازدىمكى، بەش ياشلىق ئوغلان ھەم چۈشىنەر...»

— ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تۈرك»

ياكۇب گرىم: «بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ تارىخىدۇر. بىر مىللەتنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن ئۇستىخان - سۆڭەك، قەبرە - كېپەنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق بىر پاكىت باركى، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تىلىدۇر»① دەيدۇ. ھىتتى «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبىسى ئەمەلىيەتتە بىر تىلنىڭ غەلىبىسى، بولۇپمۇ بىر كلاسسىك دەستۇرنىڭ غەلىبىسى ئىدى»② دەپ يازىدۇ.

دەرۋەقە، تىل مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىللارنىڭ بىرى. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر تاشلىساق، بىر ئەل ياكى بىر خەلقنىڭ مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋرى دەل ئۇلارنىڭ تىلىنىڭمۇ زور دەرىجىدە تاكامۇللاش-

---

① ستالىن: «ماركسىزم تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، تاشكەنت، شەرق ھەقىقىتى نەشرىياتى، 1958 - يىل نەشرى.
② فىلىپ. ھىتتى (ئامېرىكا): «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 1 - كىتاب، 105 - بەت.

قان دەۋرى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلە-رىنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەپەككۇر تارىخىدىمۇ پارس ۋە تۈركىي تىللىرى-نىڭ ئوينىغان رولى ھەقىقەتەن مۇھىمدۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى، گۈللىنىشى ئەرەبلەرنى تارىخ سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى، شۇنداقلا پۈتكۈل شەرق تارىخىنى يېڭى بىر دەۋرگە ئېلىپ كىردى. ئەرەبلەر سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى باشلىغان چاغدا، ئۇلارنى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى ئىككى مەدەنى-يەتلىك ئەل — شەرقتىكى ئىرانلىقلار بىلەن غەربتىكى ۋىزانتىيىلىك-لەر بولغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ ئىران ساسانىيلار تېررىتورىيىسىگە يۈ-رۈش قىلىشى مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاپاتىدىن ئىككى يىل كېيىن، يەنى مىلادىيە 634 - يىلى باشلاندى. 634 - يىلى 26 - نويابىردا ئىراقنىڭ ھىرا دېگەن يېرىدىكى جەڭدە ئەرەب قوشۇنلىرى پارسلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي تارمار قىلىندى. شۇندىن كېيىن ئەرەبلەر قاتتىق ھەربىي تەييارلىق قىلىپ، قايتا ھۇجۇمغا ئۆتتى. 637 - يىلى ماينىڭ ئاخىرلىرى ئەرەب قوشۇنلىرى پارسلارنىڭ دەجلە دەرياسىغا قۇرغان ئىستىھكامىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ شەرققە يۈرۈش قىلىش لىنىيە-سىنى ئاچتى. شۇ يىلى ئىيۇندا ئەرەبلەر ساسانىيلار پايتەختى تەسفىن-نى ئىشغال قىلدى. پادىشاھ يېزدىگېرد Ⅲ ئوردىنى تاشلاپ شەرقتىكى ئۆلكىلەرگە قاچتى. 651 - يىلى پادىشاھ يېزدىگېرد Ⅲ مەرۋى قېشىدىكى بىر تۈگمەندە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىلگىرى - ئاخىر 1 مىڭ 2 يۈز يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن پېرسىيە ئىمپېرىيىسى ئېچىنىشلىق ھالدا ھالاك بولدى①. مۇشۇ دەۋرگىچە پارسلار پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ناھايىتى زور رول ئويناپ كەلگەنىدى. ئۇلار ياراتقان مەدەنىيەت ئەرەبلەرنىڭ قوملۇق، تۆگە، چېدىر ۋە خورمىدىن ئىبارەت تۆتلا نەرسىدىن قۇرۇل-

---

① فىلىپ. ھىتتى: «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 184 - بەت.

غان سەھرا مەدەنىيىتىدىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى. خۇددى ھىتتى يازغانداك: «ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئەڭ چوڭ پايتەختىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى، قاقاس چۆلدىكى ئەرەب ئاھالىلىرىنى ئۆز دەۋرىدىكى زامانىۋى تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئارامبەخش سارايلار بىلەن ئۇچراشتۇردى. پارس شاھىنشاھىنىڭ ھەشەمەتلىك كۆتۈۋېلىش زاللىرى، چىرايلىق ئەگمە دەرۋازىلىرى، گۈمبەزلىك قەسىرلىرى ۋە كۆزنى قاماشتۇرغىدەك بېزەكلىرى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەرەب شېئىرىيىتىدە كۈيلەندى. . . »①. ئىران ئېگىزلىكىنىڭ ئەرەب قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تولۇق ئىستېلا قىلىنىشى، ئەرەبلەرنىڭ تېخىمۇ شەرقتىكى رايونلارغا يۈرۈش قىلىشىغا ئاساس ياراتتى. ئەرەبلەر 710 — 712 - يىللىرى پەرغانە ۋادىسىنى ئىشغال قىلدى. تەبەرى ۋە باشقا تارىخچىلارنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى قۇتەيب 715 - يىلى قەشقەرگىچە يېتىپ بارغان②.

شۇنداق قىلىپ، ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىپ بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەرەبلەر غەربتە ئىسپانىيىدىن شەرقتە پەنجاپقىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە ئۈچ قىتئەگە سوزۇلغان چوڭ ئىمپېرىيە قۇردى. ئىسلام دىنى بىلەن ئەرەب تىلى بۇ رايونلارغا تېزلىكتە ئومۇملاشتى. ئەرەبلەر ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر جۈملىدىن پارسلار، مىسىرلىقلار، يەھۇدىيلار، سۇرىيىلىكلەر، گرېكلار ۋە تۈركىي قوۋملەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ مەشھۇر ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنى ياراتتى.

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا پارسلارنىڭ رولى پەۋقۇلئاددە زور بولغانىدى. ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋال ئەرەبلەر تېخى قەبىلە ۋە ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدە ئاددىي چارۋىچىلىق ھاياتىدا ياشاۋاتقان چاغلاردا ئاخمانىيلار، ئارساكلار ۋە ساسا-

① ② فىلىپ. ھىتتى: «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 182 -، 241 - بەتلەر.

نىيلار سۇلالىلىرىنى قۇرغان پارسلار ئاللىقاچان مۇكەممەل فېئوداللىق تۈزۈم شەكىللەندۈرۈپ، مەدەنىيەت جەھەتتە شەرق دۇنياسىدىكى بىر مەركەزنى ھاسىل قىلغانىدى. شۇڭا ئەرەبلەر پارسلارنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلمىلىرىنى ئەڭ ئالدى بىلەن پارسلارغا تەقلىد قىلىش ئاساسىدا قۇرۇپ چىقتى. ئابباسىيلار دەۋرىدە خەلىپە مەنسۇردىن خەلىپە ھارۇن رەشىدكىچە بولغان مەزگىللەردە باش ۋەزىر پارسلاردىن بولدى ۋە پارسلارنىڭ تەسىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ھەتتا بەزىلەر ئابباسىيلار خەلىپىلىرىنى «مۇسۇلمانلارنىڭ ساسانىيلار پادىشاھى»① دەپ ئاتىدى. «ئەرەب خەلىپىلىرى باغداتتا ساسانىيلارنىڭ خىسراۋ شەكلىدىكى ھۆكۈمەتلىرىنى قۇرۇپ چىقتى ۋە پارسلارنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۇ دەۋرلەردە پارسلارنىڭ باش كىيىمى، پارسلارنىڭ مەي ـ شارابلىرى، پارس ئاياللىرى ۋە ئاشنىلىرى، پارس ناخشا ـ كۈيلىرى ۋە پارسچە تەپەككۇر مودا بولغانىدى. . . شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، پارسلارنىڭ تەسىرى ئەرەبلەرنىڭ ئىپتىدائىي تۇرمۇش پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئىلىم ـ پەن ۋە ئىلمىي مۇلاھىزە بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان يېڭى ئېراغا داغدام يول ئاچتى. ئەرەبلەردە ئىككىلا نەرسە — دۆلەت دىنى بولغان ئىسلام دىنى بىلەن دۆلەت تىلى بولغان ئەرەب تىلىلا ساقلىنىپ قالدى»②. «سەنئەت، قۇرۇلۇش، پەلسەپە، تىببىي ئىلىم، تەبىئىي پەن، ئەدەبىيات ۋە سىياسىي قاتارلىق جەھەتلەردە ئەرەبلەرنىڭ باشقىلارغا بەرگىدەك ھېچنىمىسى يوق ئىدى. بەلكى ھەممىنى باشقىلاردىن ئۆگەنگەنىدى»③. «خەلىپىلىك دەۋرىدە پارسلار ۋە مىسىرلىقلار يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان ئىسلام مۇرىتلىرى سۈپىتىدە ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ مەشئە-

---

① رېنى گروسسارت: «يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيىتى»، 87 ـ بەت، سودا نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

② ③ فىلىپ. ھىتتى (ئامېرىكا) : «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 1 ـ كىتاب، 341 ـ، 342 ـ، 203 ـ بەتلەر.

لىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەڭ ئالدىنقى سەپتە ماڭغانىدى».

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئەرەبلەرنىڭ ئىراندىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاز كەم ئۈچ ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشتى. IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، ئىران تەۋەسىدە سەففارىيلەر (861 — 900)، بۇۋەيىيلەر (945 — 1055) ۋە سامانىيلار (875 — 999) قاتارلىق يەرلىك خانلىقلار قۇرۇلۇپ، ئاستا - ئاستا ئەرەبلەرنىڭ ئىراندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. لېكىن ئەرەب تىلى «قۇرئان»نىڭ تىلى بولغانلىقى ئۈچۈن، دىنىنىڭ تىلى سۈپىتىدە ئەرەب ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدە ئورتاق تىل سۈپىتىدە رول ئوينىدى ۋە تېز ئارىدا ئومۇملاشتى. گىببىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، پارسلار گەرچە ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي ۋە ئىرقىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەرەب تىلىنى يەنىلا دىن تىلى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلغان. «پارس ئەدەبىياتى گۈللەنگەندىن كېيىن، پارس تىلى شەرقتىكى ئۆلكىلەردە ئەرەب تىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەرەب تىلى يەنىلا ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرى، پەلسەپە ۋە ئىلىم - پەندە ئورتاق تىل بولۇپ كەلدى»①. شۇڭلاشقا ئابباسىيلار دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان ئالىملار ۋە مۇتەپەككۇرلار ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يازغان. تاكى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى X ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئاندىن دارى پارس تىلىدا ئەسەر يېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بەزى ئالىملار شۇ دەۋردىكى ئەرەب تىلىنى ئىلىم - پەن ۋە پەلسەپە تىلى، پارس تىلىنى ئەدەبىيات - سەنئەت تىلى دەپ ئاتىدى.

دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئەسىر پارس ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى پارس تىلىنىڭ ئىراندا قايتا تىرىلىشىدىن باشلانغانىدى. پارس تىلىدا تۇنجى قېتىم شېئىر يېزىش دولقۇنى سەففارىيلەر سۇلالىسى دەۋرىدە باشلان-

① خ. ئا. گىببى: «ئەرەب ئەدەبىياتى»، 1 - بەت.

دى. بىر قېتىم بىر شائىر ئەرەبچە شېئىر يېزىپ، سەففەرىي خانلىقىنىڭ پادىشاھى ياقۇپ لېس (868 — 878 يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) قا سۇنغان. پادىشاھ ھېلىقى ئوردا شائىرىنى ماختاشنىڭ ئورنىغا غەزەپ بىلەن: «نېمىشقا مەن چۈشەنمەيدىغان تىلدا شېئىر يازىسەن؟» دېگەن ۋە باش ۋەزىرى مۇھەممەد بىن ۋاسىپقا پارس تىلىدا شېئىر يېزىشقا بۇيرۇق قىلغان①.

پارس تىلىنىڭ ئىران تېررىتورىيىسىدە بەدىئىي ئىجادىيەت تىلى سۈپىتىدە قايتا مەيدانغا چىقىشى پارس ئەدەبىيات - سەنئىتىنى يېڭى بىر دەۋرگە ئېلىپ كىردى. شۇ دەۋردىكى نۇرغۇن زىيالىيلار پارس تىلىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتى. تېخىچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان زورائاستېر ئېتىقادىدىكى يۇقىرى قاتلام پارس ئاقسۆڭەكلىرى مەخپىي ھالدا ئۆتمۈشتىكى شانلىق پارس مەدەنىيىتىگە سېغىنىپ، ئەرەبلەرگە قارشى ئىدىيە جېڭى ئېلىپ باردى. شائىر - يازغۇچىلار بەس - بەس بىلەن پارس تىلىدا شېئىر يېزىپ خەلقنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى قوزغىدى. نەتىجىدە ئاببا-سىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرىقى مەزگىللىرىدە ئىراندا ھەيۋەتلىك مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى — شۇئۇبىيەھ (Shuubiyah) ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى. «شۇ ئۇبۇ» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «مىللەت، قوۋم» مەنىسىنى بېرەتتى. بۇ ھەرىكەت مىللىي ئويغىنىش ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، قويۇق مىللەتچىلىك ۋە مىللىي ئىپتىخارلىق ئىدىيىلىرى بىلەن خاراكتېرلىنەتتى. بۇ ئېقىمنىڭ تەرەپدارلىرى «قۇرئان» نىڭ 49 - سۈرە 13 - ئايىتىنى، يەنى «ئىھ، ئىنسانلار، مەن سىلەرنى ياراتتىم، سىلەرنى ئەر - ئايال قىلىپ ئايرىدىم، ئوخشاش بولمىغان مىللەت ۋە قوۋملەرگە بۆلدۈم، سىلەر ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىڭلار، سىلەرنىڭ شان - شەرىپىڭلارنى

---

① ھۈسەيىن فاراۋال: «ئىران ئەدەبىياتى تارىخى» — جاڭ خۇڭنيەن تۈزگەن «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، 21 - بەتتىكى نەقىلگە قاراڭ.

ئاللا بەرگەن» دېگەن سۆزلەرنى ئۆز تەلىماتلىرىنىڭ ئىدىيە ئاساس قىلغانىدى. ئۇلار «قۇرئان» دىكى بۇ ئايەتكە ئاساسلىنىپ، ئەرەبلەر-نىڭ پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشىنىڭ ھېچقانداق دىنىي ئاساسى يوق، ئاللا ئۆز بەندىلىرىنى تاغاقىنىڭ چىشىدەك تەكشى، باراۋەر ياراتقان، پارسلار ئەرەبلەردىنمۇ شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە دې-گەنلەرنى تەشەببۇس قىلدى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى «چوڭ ئەرەبچىلىك» خاھىشلىرىغا قارشى تۇردى. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئىسمائىل بىن ئېھسان، بەسسال بىن بۇلد، ئىبن مۇغەييە، ئەبۇ نۇۋاس، ئىبن رۇمى قاتارلىقلار مەشھۇر ئىدى. ھەتتا ئىبن نۇسۋان (756 — 810) بىر شېئىرىدا: «بىر ئىتقا ئايلىنىپ، مەككە دەرۋازىسىدىن ئۆتكەن ھەر بىر ھەج تەلەپ قىلغۇچىنى چىشلىسەم» دەپ يازغانلىقى ئۈچۈن خەلىپە ھاشىم بىن ئابدۇلمالىك تەرىپىدىن سۇغا تۇنجۇقتۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەن①.

شۇئۇبىيەھ ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى ئىككى تەرەپتىن كۆرۈلدى. بىرى، پارس ئەدىبلىرى پارس تىلىدىكى كلاسسىك ئەسەر-لەر ۋە مەدەنىيەت دەستۇرلىرىنى ئەرەب تىلىغا كۆپلەپ تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى ۋە شۇ ئارقىلىق پارس مەدەنىيىتىنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئەرەبلەرگە نامايەن قىلدى؛ يەنە بىرى، پارس شائىرلىرى پارس ۋە ئەرەب تىللىرىدا تەڭلا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى تەرغىب قىلدى. ئاباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدىكى يۈز يىللىق تەرجىمە ھەرىكىتى (750 — 847) داۋامىدا پارس ئەدىبلىرى ناھايىتى زور رول ئوينىدى. مىلادىيە 750 - يىلى ئىبن مۇقەففە پەھلەۋى (ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلى) تىلىدىن ھىندىستاننىڭ مەشھۇر مەسەللەر توپلىمى «بەشنامە» (سانسكرىت تىلىدا Panchatanra) نى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلدى ۋە «كەلىلە ۋە دېمە-

① سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن: «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»، سودا نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، Ⅲ توم، 146 - بەت.

نە» دەپ نام بەردى. ئۇندىن باشقا ئىبن مۇقەففە يەنە ئىراننىڭ
قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر توپلىمى «خۇدايىنامە» نى ئەرەب تىلىغا
تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. كېيىنچە «شاھنامە» مۇ تۈنجى بولۇپ
ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە
تونۇشلۇق بولغان ئەرەب خەلق چۆچەكلىرى توپلىمى «مىڭ بىر كېچە»
نىڭ ئەسلى مەنبەسى پارسلارنىڭ «مىڭ ئەپسانە» (Hazar Afsana)
سىدىن كەلگەنىدى. كېيىنكى ئەرەبلەر ئۇنى بېيىتىپ ۋە ئۆز ئىجادىيەتلىـ
رىنى قوشۇپ «مىڭ بىر كېچە» (ئەرەبچە Alif Layla Wa Layla) دەپ
ئاتىغان. ئۇندىن باشقا يەنە پارسلارنىڭ «ئاۋېستا»، «مازداك»،
«ئەردەشىرنىڭ سىياسىتى»، «رۇستەم ۋە ئىسفەندىيار» قاتارلىق
ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنغان. ھەتتا ئارىستوتېلنىڭ «مېتافىزىكا»،
بوففېرنىڭ «ئارىستوتېل ‹كاتېگورىيە نەزەرىيىسى› گە مۇقەددىمە»،
«ئىلمىي مەنتىقىگە كىرىش» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ پارس تىلىدىن
ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى مەلۇم①.

دېمەك، ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىـ
رىدە مەيدانغا كەلگەن مىللىي ئىرىلىش ھەرىكىتى پارس تىلى ۋە
ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە زور تۈرتكە بولدى، شۇنداقلا ئەرەبلەرنىڭ
يۈز يىللىق تەرجىمە ھەرىكىتىدە مۇھىم رول ئوينىدى. ئەدەبىياتتىكى
مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى «شۇئۇبىيە» دەپ
ئاتالدى. «ئۇلار ساسانىيلار ئەنئەنىسىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئىدى؛
ئىرق ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى پارسلار
ئىدى. «شۇئۇبىيە» چىلەر ئەرەب ئۆلىمالىرىنىڭ مەنمەنچىلىكىگە ھۇ-
جۇم قىلاتتى. ئۇلارنىڭ تىلىغا زەربە بېرەتتى. شېئىرلىرىنى مەسخىـ
رە قىلاتتى. پارسلار ۋە ئەرەب بولمىغان خەلقلەر ئەرەبلەردىن ھەر

① ناجۇك: «ۋارىسلىق ۋە يۇغۇرۇش: — ئەرەب مەدەنىيىتى»، 178 - بەت، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

جەھەتتىن ئۇستۇن تۇرىدۇ دەپ قارايتتى. بۇ خىل توقۇنۇش كېيىنكى دەۋرلەرگىچە داۋاملاشتى»①. شۇ دەۋردە شۇئۇبىيە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان مەشھۇر شائىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پارسلار ئىدى. ئۇلار ئەرەب تىلىدا يازغان شېئىرلىرىدا، شۇ دەۋرنىڭ رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قويۇق پارس پۇرىقىنى نامايەن قىلدى، شۇنداقلا شۇئۇبى ئىدىيىلىرىنى ئىپادە قىلدى②.

مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى، يەنى خۇراسان رايونىنى مەركەز قىلغان ھالدا دارى پارس تىلى قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. دارى پارس تىلى پەھلەۋى تىلى- نى ئاساس قىلىپ، ئەرەب تىلى بىلەن بولغان رىقابەت جەريانىدا شەكىللەنگەن كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر پارس ئەدەبىي تىلى ئىدى. رۇداكى (850 — 941) تۇنجى بولۇپ دارى پارس تىلىدا شېئىر يېزىپ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى ۋە «پارس شېئىرىيىتىنىڭ ئاتى- سى» دەپ ئاتالدى. رۇداكىنىڭ ئىجادىيىتى دارى پارس تىلىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچتى. رۇداكىدىن كېيىن، دەقىقى (؟ — 977)، فىردەۋسى قاتارلىقلار دارى پارس تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ پارس شېئىرىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئاساس ياراتتى ۋە ئەرەب تىلىنىڭ شەرقىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مونوپوللۇقىغا خاتىمە بەردى. شۇڭا فىردەۋسى زور ئىشەنچ بىلەن «مەن پارس تىلى بىلەن ئىراننى قۇتقۇ- زۇۋالدىم» دېگەنىدى.

XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان جەريان پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللەنگەن دەۋرى ھېساب- لىنىدۇ. مانا مۇشۇ ئۇزاق جەرياندا پارس ئەدەبىي تىلى ئىران تەۋەسى- دىن ھالقىپ چىقىپ شىمالىي ھىندىستان، پامىر، ماۋارائۇننەھر ۋە

---

① خ. ئا. گىببى: «ئەرەب ئەدەبىياتى»، 92 ـ بەت.

② يۈەن ۋېنچى: «ئىسلام ئەدەبىياتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1995 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 17 ـ بەت.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپ-مۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىرىغا، جۈملىدىن چاغاتاي تۈرك-چىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇئەييەن رول ئوينىدى. XV ئەسىرگە كەلگەندە، پارس تىلى ئەرەب تىلىنىڭ شەرقىي رايونلاردىكى تەسىرىگە تامامەن خاتىمە بەردى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا پارس تىلىنىڭ تەسى-رى كۈچىيىپ، تۈركىي تىللىرى بىلەن بىۋاسىتە رىقابەتلەشتى. تۈر-كىي تىللىرىنىڭ لۇغەت تەركىبىگە پارس تىلىنىڭ سۆزلۈكلىرى كۆپ-لەپ ئۆزلىشىشكە باشلىدى. پارس تىلىنىڭ تاكامۇللىشىشى ۋە تەسىر دائىرىسىنىڭ كۈچىيىشىدە فىردەۋسى، رۇداكى، ئۆمەر ھەييام، سانا-ئى، جالالىددىن رۇمى، نىزامى گەنجىۋى، شەيخ سەئدى، ھاپىز شىرازى ۋە ئابدۇراھمان جامى قاتارلىق شائىر ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرى مۇھىم رول ئوينىدى.

خەيرىيەت، XV ئەسىرگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىرى خۇددى ئۆز دەۋرىدىكى پارس تىلى دۇچ كەلگەن قىسمەتكە دۇچ كەلدى. پارس تىلىنىڭ كۈچلۈك خىرىسى ۋە كۆپ قىسىم تۈركىي ئاپتورلارنىڭ پارس تىلىدا ئەسەر يېزىشى تۈركىي تىللىرىنىڭ تەقدىرىگە تەرەققىي قىلىش ياكى كېيىنگە چېكىنىش مەسىلىسىنى ئاڭدى.

ئەمەلىيەتتە، تۈركىي تىللىرىنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىللىرى بىلەن بولغان رىقابىتى X ئەسىرنىڭ ئاخىرىقى مەزگىللىرىدىن باشلاپلا باش-لانغانىدى. شۇ چاغدا ئاببباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ سەلتەنىتى ئاستا - ئاستا ئاخىرلىشىپ، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا سەففەرىيلەر، ساما-نىيلار، غەزنەۋىلەر قاتارلىق يەرلىك بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر بارلىققا كەلگەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ئورنىنى قاراخانىيلار ۋە سالجۇ-قىيلاردىن ئىبارەت ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر قۇرغان خانلىقلار ئىگىلىدى. نەتىجىدە ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداتتا ئاۋۋال ئەرەبلەر، ئاندىن پارسلار، ئەڭ ئاخىرىدا تۈركلەرنىڭ تەسىرى كۈچ-

لۈك بولۇشتەك ھالەت شەكىللەندى. مەھمۇد قەشقەرى ئەنە ئاشۇ «سەلتەنەت قۇياشى تۈركلەر بۇرجىدا جەۋلان قىلغان» دەۋردە ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى — «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىپ چىقتى. ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىتى ھەققىدە: «. . . تۈرك تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن. . .»①، «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ. . . بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا ‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك› دەپ ئات قويدۇم»② دەيدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، مەھمۇد قەشقەرى بۇ قامۇسىي ئەسىرىنى ئۆز دەۋرىدە ئەرەبلەرگە ۋە تۈركىيچىنى بىلمەيدىغان خەلقلەرگە تۈركىي تىللىرىنى تونۇتۇش ئۈچۈن يازغانىدى.

دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئەسىر دۇنياسىدا غەربتە لاتىن تىلى، شەرقتە ئەرەب تىلى خىرىستىئان ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ تىلى سۈپىتىدە ئاساسلىق تىل دەپ قارالغانىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادىكى كۆپلىگەن ئىنگلىز ۋە گېرمان ئالىملىرى ئۆز ئەسەرلىرىنى لاتىن تىلىدا يازغان بولسا، شەرقتىكى نۇرغۇن مۇسۇلمان ئالىملىرى (مەسىلەن فارابى، ئىبنى سىنا قاتارلىقلار) ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يازدى. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىش ئارقىلىق تۈركىي تىلىنىڭ شەرق دۇنياسىدىكى شۆھرەتلىك تىل دەپ تونۇلۇۋاتقان «ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ» كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى. مەھمۇد قەشقەرى بىلەن دەۋرداش يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق بۈيۈك ئەسىرىنى ساپ تۈركىي تىلدا يېزىپ، ئۆز دەۋرىدىكى تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. تىلشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئەرەبچە سۆزلەر 94 بولۇپ، ئەرەبچە - پارسچە

① ② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى، I توم، 3 -، 5 -، 6 - بەتلەر.

سۆزلەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ 400 دىن ئاشمايدىكەن①.

ھالبۇكى، XV ئەسىرگە كەلگەندە ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش بولدى. ئۆز دەۋرىدە «ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك تەڭ چېپىشىپ كېتىۋاتقان» تۈركىي تىلى ئەمدىلىكتە پارس تىلىنىڭ كۈچلۈك خىرىسىغا دۇچ كەلگەنىدى. پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ خۇراسان (شەرقىي ئىران) نى مەركەز قىلىپ گۈللىنىشى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا «پارسگۇي» (پارسچە يېزىشقا مايىل) لۇق دولقۇنى ئەۋج ئالدى. بۇ ھەقتە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تېمۇرىيلەر سۇلالىسى دەۋرىدە پارس تىلى بىلەن ئەرەب تىلى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا بويىلاپ ناھايىتى كەڭ تۈردە يامراپ كېتىشى بىلەن ئەدەبىياتتا ھاكىم تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەدىب - شائىرلىرى ئۆز ئانا تىلىنى تاشلاپ ياكى ياراتماي پارس تىلىدا ئەسەر يېزىشنى بىر خىل مودىغا ئايلاندۇرۇۋالغان. ھەتتا ئۆز ئانا تىلىدا يازغان ئەدىب - شائىرلار مەسخىرە قىلىنىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى»②. بۇنداق بولۇشىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىدى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىران تېررىتورىيىسىدە قۇرغان سالجۇقىيلار قاتارلىق بىر قانچە ھاكىمىيەتلىرىدە پارس تىلى ھاكىمىيەت تىلى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە X ئەسىردىن XV ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا پارس ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىياتى مىسلىسىز گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن بولۇپ پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادا زور تەسىر پەيدا قىلغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە پارسلار بىلەن يېقىن

---

① چېن زۇڭجېن: «‹قۇتادغۇ بىلىك›، دە ئەرەب - پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى» — «تۈركىي تىلى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ناملىق مەجمۇئە، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، II توپلام، 124 -، 125 - بەتلەر.

② ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «‹مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن› دىن پارچىلار» — «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1980 - يىل، I توپلام، 145 - بەت.

قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈر-
كىي خەلقلەر پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرى-
دى. پارسچە يېزىش، پارسچە ئوقۇش دولقۇنى ئەۋج ئالدى. ھەتتا
بەزى تۈركىي ئەدىبلىرىنىڭ پارسچىغا بولغان چوقۇنۇشى شۇ دەرىجىگە
بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار «پارسىي شېكەرەست» (پارس تىلى شېكەر
تىل)، «ئەرەبىي ھەسەلەست» (ئەرەب تىلى ھەسەل تىل) دەپ داۋ-
راڭ سېلىشتى. تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ تەقدىرى جىددىي ئويلىنىشقا
تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى.

مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ئەلىشىر نەۋائى، لۇتپى، سەككاكى ۋە
ئاتايى قاتارلىق ئەدىب ۋە شائىرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي «شۇئۇبى-
يە» ھەرىكىتى قوزغىدى. نەۋائىدىن بۇرۇن ئاتايى، سەككاكى، لۇتپى
قاتارلىق شائىرلار پارسچە يېزىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن شارائىتتا
مەردانىلىك بىلەن تۈركىي تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ باردى ۋە تۈركىي
تىلنىڭ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغان گۈزەل تىل ئىكەنلىكىنى تۇن-
جى بولۇپ نامايەن قىلدى. نەۋائى دەۋرىگە كەلگەندە تۈركىي تىلى
تىرىلىش ھەرىكىتى ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئىجادىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈ-
رۈلدى. نەۋائى پارس تىلىنى سۇدەك بىلىدىغان، پارس تىلىدا ئاجايىپ
پاساھەتلىك شېئىرلارنى يازالايدىغان بولسىمۇ، لېكىن تۈركىي تىلى-
نىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، تۈركىي تىلدا ئىجادىيەت
ئېلىپ باردى. ئۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتە-
يىن» ناملىق ئىلمىي ئەسىرىدە تۈركىي تىلى بىلەن پارس تىلىنى
سېلىشتۇرۇپ، تۈركىي تىلىنىڭ پارس تىلى مۇمكىن بولمىغان ئىپا-
دىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى دەلىللەر ئارقىلىق ئوچۇق
كۆرسەتتى. شۇنداقلا «تۈركىي ھۇنەرەست» (تۈركىي تىلى ھۇنەر -
سەنئەت تىلى) دەپ ئاتىدى. نەۋائى ئۆز دەۋرىدىكى پارسگۈي ئەدىبلەر-
گە قارىتىپ مۇنداق دەپ يازدى: «... بۇ سۆزلەردىن دۈشمەنلىرىم
بىلەن مۇخالىپلىرىم مېنى ئۆزىنىڭ تەبىئىتى تۈركىي تىلغا مايىل

بولغىنى ئۈچۈن بۇ تىلنىڭ تەرىپىدە مۇبالىغە قىلىۋاتىدۇ، پارس تىلى بىلەن ئانچە ئالاقىسى بولمىغاچقا ئۇنى رەت قىلىشتىمۇ گەپنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى دەپ گۇمان قىلىشمىسۇن. ھالبۇكى، پارس تىلى تەتقىقاتىدا ۋە پارسچە سۆزلەردىن پايدىلىنىشتا ھېچكىم تېخى مەنچىلىك ئىش قىلالىغىنى يوق. بۇ تىلنىڭ ئارتۇق ۋە كەم تەرەپلىرىنى ھېچكىم مېنىڭدىن ئارتۇقراق بىلمەس»①.

دېمەك، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، نەۋائى يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن تۈركىي تىلنىڭ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغان گۈزەل ۋە پاساھەتلىك تىل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مەنا مۇمكىنچىلىكىنىڭ چەكسىزلىكىنى قەيت قىلىدۇ ۋە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۈركىي سۆزلەرنى ئىلگىرى كۆپ ھاللاردا ئەڭ ئۇششاق ئۇقۇملار ئۈچۈنمۇ مۇبالىغە يولى بىلەن مەخسۇس سۆزلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇنى شۇ تىلنىڭ ئىگىلىرى چۈشەندۇرۇپ بەرمىگۈچە، باشقىلار ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ»②.

ناھايىتى روشەنكى، ئۆز دەۋرىدە مۇنداق ئىلمىي قاراشلارنى تىلشۇناسلىق ۋە مەنتىقە ئىلمى نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. نەۋائى بىر ئۇلۇغ شائىرلا ئەمەس، بەلكى كەسكىن بىر تىل تەتقىقاتچىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ پۈتكۈل تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تەپەككۇرىنى يېتەكلىگۈچى شەخس سۈپىتىدە «كەنجى ئويغىنىش دەۋرى» نىڭ سەركەردىسى بولغانىدى. نەۋائى مەزكۇر ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا تۈركىي تىلنى ئانا تىل ھېسابلايدىغان ياشلارنى ۋە ئەدىبلەرنى ئۆز ئانا تىلىدا يېزىشقا دەۋەت قىلىدۇ ۋە بۇ پىكرىنى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن دەلىللەيدۇ: «... يىغىپ ئېيتقاندا، تۈركىي تىلدا مۇنداق ئىنچىكىلىك ۋە نەپىسلىك ناھايىتى كۆپ. بۈگۈنگىچە ھېچ كىشى ئۇنى چىن ماھىيىتى بىلەن مۇلاھىزە قىلمىغا-

① ② ئەلىشىر نەۋائى: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» — «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1980 - يىل، 1 - توپلام، 148 -، 160 - بەتلەر.

نى ئۇچۇن ئاشكارا بولماي كەلمەكتە. بىزنىڭ تەييارغا ئاشىق بىلىمىسىز ياشلىرىمىز ھە دېسىلا ئىشنىڭ ئوڭسىنى كۆزلەپ، پارس تىلى بىلەن شېئىر يېزىشقا قىزىقماقتا ۋە شۇغۇللانماقتا. ۋەھالەنكى، ئەگەر كىشى ياخشىلاپ مۇلاھىزە قىلىدىغان بولسا، تۈركىيچە سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن نەقەدەر كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقىنى، ئۇسلۇب جەھەتتىن نەقەدەر پەسھ ئىكەنلىكىنى، بۇ تىلدا مەنىنى راۋان، ئېنىق ۋە ئوچۇق ئىپادىلەشنىڭ ئاسانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. تۈركىي تىلىنىڭ كەڭ مەنىلىكى ياكى ھەر تەرەپلىمىلىكى شۇنچە دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان ھالدا، ئەمدى بۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدىكى شائىرلار ئۆزىنىڭ شۇنداق گۈزەل ۋە باي تىلى تۇرۇقلۇق، ئۆز قابىلىيەت ۋە ماھارەتلىرىنى باشقا تىل بىلەن كۆرسىتىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسا ئىدى. ئەگەر ئىككى تىلدا يېزىش ئىقتىدارى بولسا، ئۆز تىلىدا كۆپرەك يازسا ئىدى...»①.

نىھايەت، نەۋائى ۋەكىللىكىدىكى تۈركىي تىللىق ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى، مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى گۈللىنىش دەۋرىنى، يەنى ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «كەنجى ئويغىنىش دەۋرى»②نى ياراتتى. بۇ دەۋر تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەر تەپەككۇرىنىڭ پەللىسىنى ياراتتى، تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. نەۋائىنىڭ يازغىنىدەك:

تۈرك نەزمىدە چۇ تارتىپ مەن ئەلەم،
ئەيلەدىم ئول مەملىكەتنى بىر قەلەم.

① ئەلشىر نەۋائى: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» — «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1986 - يىل، 1 - توپلام، 159 -، 160 - بەتلەر.
② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 293 - بەت.

دېيىش ئارقىلىق تۈركىي تىلىنىڭ يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنى ئاشكارا قىلدى. نەۋائىلار قوزغىغان «تۈركىي ھۈنەرەست» دولقۇنى يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىللىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تاكامۇللىشىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

## سەككىزىنچى دىئالوگ:
## بۇخارا ئۇيقۇسى

بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانىسى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەگەكلىك زامانى، جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم - مەرىپەت دەۋرى. . . ئۇيقۇ بولسا ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق — يوقىلىش ۋە ئۆلۈم بولىدۇ!

— ئابدۇقادىر داموللام

ئويغان مىللەت، يۇرتۇڭنى سەن قۇتۇلدۇر.
مەكتەپ بىلەن چىراغ ياققىن، نۇر تولدۇر.

— مەمتىلى ئەپەندى

ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبى مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈپ ياتارىمەن.

— ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

بۇخارا ئۇيقۇسىنىڭ قانداق ئۇيقۇ ئىكەنلىكى نامەلۇم، ئەمما بىز دائىم قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنلەرنى «بۇخاراغا كەتتى» دەيمىز. بۇ ئىبارە قانداقلارچە تۇراقلىشىپ قالغاندۇ؟ ئېھتىمال بىزدىن بۇرۇنقىلارغا بۇخارا ناھايىتى يىراق تۇيۇلغاندۇ، ئېھتىمال بۇ شەھەرنىڭ ئۇيقۇسى راستىنلا تاتلىقتۇر. . مەن XVI ئەسىردىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەنىۋى چۈشكۈنلىكىنى «بۇخارا ئۇيقۇسى» دەپ ئاتىماقچى بولدۇم. . . ئەمەلىيەتتە، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيالا ئەمەس، گىيۇتى

«شېئىر مەملىكىتى»① دەپ ئاتالغان ئىرانمۇ يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدە بۇخاراچە غەپلەت ئۇيقۇسىغا مۇپتىلا بولغانىدى.

ئەمەلىيەتتە، كەربالادىن تارىم چوڭغۇرلۇقلىرىغىچە بولغان رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى چۈشكۈنلۈكىنى چوڭ جەھەتتىن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى، كىچىك جەھەتتىن سىياسىي تىنچسىزلىق ۋە ئىچكى تەپرىقچىلىق مۇئەييەن جەھەتتە بەلگىلەپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربتە ئويغىنىش يۈز بېرىپ، دېڭىز - ئوكيان دەۋرى باشلىنىشى بىلەن «يىپەك يولى»نىڭ خارابلىشىشى شەرقنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى مۇھىم رولىنى ئىككىلەمچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، پەقەت قۇرۇق نامىلا قالغان باغدات خەلىپىلىكى شەرقتىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن موڭغۇللارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى بىلەن غەربتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ئەھلى سەلىبچىلەرنىڭ ھۇجۇملىرى ئاستىدا بەربات بولدى. شۇندىن كېيىن، ئەرەب دۇنياسى تاكى ئوسمان تۈركلىرىنىڭ قىلىچى ئاستىغا ئۆتكىچە بولغان ئارىلىقتا سىياسىي مالىمانچىلىق ۋە ئىچكى تەپرىقچىلىق ئىچىدە قالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە «شەرقتىكى مۇسۇلمانلار دۇنياسى بۆلۈنۈپ، تەنھا، كۈندىن - كۈنگە پارچىلىنىۋاتقان مەدەنىيەت رايونى بولۇپ قالدى. پېرسىيىدە كونا مەدەنىيەتنىڭ گۇمران بولۇشى داۋامىدا پارسلارنىڭ ھېسسىياتىنى تامامەن پارس تىلى بىلەن ئىپادىلەيدىغان يېڭى مەدەنىيەت بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ تارمىقى بولغان يېڭى زېمىن ئاناتولىيە ۋە ھىندىستاننىڭ شىمالىدىمۇ راۋاجلىنىپ تۈرك ۋە ھىندى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مىللىي ئەدەبىيات بولۇپ قالدى»②. لېكىن پارس ۋە تۈركىي مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى

---

① گيۇتى: «شەرق - غەرب شېئىرلىرى توپلىمى» — «گيۇتى شېئىرلىرى توپلىمى»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1982 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

② خ. ئا. گىببى: «ئەرەب ئەدەبىياتى»، 238 - بەت.

ئەڭ كەينىگە سۈرۈلگەندىمۇ XVI ئەسىر بىلەن چەكلىنەتتى. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە ئەرەبلەرنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈشى بىپايان ئاسىيانىڭ دىن، مەدەنىيەت ۋە تىل بىرلىككە كەلگەن رايونلىرىدىكى خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەڭپۇڭلۇقىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىغانىدى. ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ چۈشكۈنلىشىشىگە نۇرغۇن ئامىللار سەۋەب بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام روھىنىڭ سۇسلىشىشى ۋە ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى خەلىپىلىكنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زەئىپلىكىنى تېزلەتكەنىدى. ھىتتى بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشتا چىرىكلىشىشى، ئۇلارنىڭ روھىي ۋە ئەخلاقىي مىزانلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خەلىپەلىك مۇنقەرز قىلىنغان خەلقلەرنىڭ ئىمپېرىيىسىگە ئايلىنىپ قالدى. خەلىپە ئوردىسىدىكى سانسىزلىغان ئاغۋاتلار، ھەرەمخانىلاردىكى ئاختا قىلىنغان قۇللار، ئەيش - ئىشرەت ئۈچۈن تۇتۇلغان چۆرە - كېنىزەكلەر، قەدەمدە ئۇچراپ تۇرىدىغان غىلمان ۋە زەيپانىلەر، ئاستا - ئاستا ئەرلەرنىڭ ئەرلىك جاسارىتىنى، ئاياللارنىڭ ئاياللىق زىباسىنى يوقىتىپ، ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ چۈشكۈن، چىرىك كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى. خەلىپە قەسىرلىرىدىكى سانسىز ھوجرىلار، ئاتا بىر ئانا باشقا قېرىنداشلار، ساقلانغىلى بولمايدىغان تۈرلۈك ھەسەت - رەشىك ۋە سۇيىقەستلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئوردىدىكى كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش، مەي - شاراب ۋە رەققاسلارنىڭ غىلجىڭلىق بىلەن ئوينىغان يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللىرى ئوردىدىن شەھەر كوچىلىرىغىچە بولغان ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىنى چىرىتتى...»①.

ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ زەئىپلىشىشىدىن ئۇلارنىڭ تارىخ بېتىدىن تامامەن چۈشۈپ قالغىنىغا قەدەر بولغان ئۈچ ئەسىر

---

① فىلىپ. ھىتتى (ئامېرىكا): «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، I توم، 580 - 581 - بەتلەر.

( XI — XIV ئەسىردىن ئەسىرگىچە) مابەينىدە، ئەرەبلەرنىڭ تەپەككۇر قۇۋۋىتى پەۋقۇلئاددە تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. ئۆز دەۋرىدىكى پەلسەپە، مىدىتسىنا ۋە فىقھ ئىلىملىرىدە ئېرىشىلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئەمدىلىكتە ھېچكىمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇ دەۋرىدىكى داڭلىق سەيياھ ئىبن بەتۇتە (1303 — 1337) ئەرەب تىلى تەتقىقاتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىگە ئېچىنىپ مۇنداق دەپ يازدى:

مەن بىر كۈنى مەسچىتكە جۈمە نامىزىغا باردىم. ئىمامنىڭ سۆزىدە بىر مۇنچە روشەن گرامماتىكىلىق خاتالىقلار بار ئىدى. مەن بۇ ئەھۋالدىن ھاڭ - تاڭ قالدىم. كېيىن بۇ ھەقتە قازى بىلەن سۆزلىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا: «بۇ شەھەردە گرامماتىكا بىلىدىغان بىرمۇ ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ئاگاھلاندۇرۇش. ئەي، ھەممىگە قادىر قۇدرەتلىك خۇدا! بەسرە — ئەرەب تىلى گرامماتىكىسىنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابى سىبەۋەيىنىڭ يۇرتى. ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى مۇشۇ يەردە دۇنياغا كەلگەن ۋە مۇكەممەللەشكەن. ئىلگىرى بۇ يەردە كىشىلەر گرامماتىكىغا كامىللىقتا يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى. ۋەھالەنكى، بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇ بەسرەدە ۋەز ئېيتقاندا، خاتا سۆزلىمەيدىغان بىرەر ئىمامنىمۇ تاپقىلى بولماس بولۇپ كېتىپتۇ!...①

ئەرەبلەرنىڭ تەپەككۇر ۋە ئىلمىي مۇلاھىزە ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ پەلسەپە پەنلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاستا - ئاستا غايىب بولدى. ئىسلام دىنى ۋە «قۇرئان» تەپسىرلىرى ھەققىدىكى مەزھەپچىلىك ۋە ئىختىلاپلار بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ، ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراشتا بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. 1502 - يىلى سەفەۋىي خاندانلىقى (1499 — 1775) ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەز-

---

① خ. ئا. گىببى: «ئەرەب ئەدەبىياتى»، 239 -، 240 - بەتلەر.

ھىپىنى ئىراننىڭ دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىدى. نەتىجىدە سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر چەتكە قېقىلىپ، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا دىنىي مەزھەپچىلىك دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇ، ئۆز دەۋرىدىكى بارا - بارا چۈشكۈنلۈككە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان ئىسلام شەرقىنىڭ ئىچكى ئىختىلاپلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئىراننىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئەدىبىي گۈللىنىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى ئابدۇراھمان جامى (1414 — 1492) دىن كېيىن پارس ئەدەبىيات - سەنئىتى ۋە ئىرانلىقلارنىڭ تەپەككۇرى ئومۇمىيۈزلۈك پەسكويغا قاراپ يۈزلەندى. «شېئىر مەملىكىتى» ، «شائىرلار ئېلى» دەپ تەرىپلەنگەن ئىراندا بەدىئىي ئەدەبىيات ۋە پەلسەپىۋى ئىزدىنىشلەر بىر ئىزدا توختاپ قالدى. بۇ ھال ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چۈشكۈنلۈكىنىمۇ تېزلەتتى. ھالبۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چۈشكۈنلۈكى ئىراندىن كېيىنرەك باشلاندى. چۈنكى ئىراندا ئەدەبىيات - سەنئەت تامامەن چۈشكۈنلەشكەن XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سەمەرقەنت ۋە ھىراتنى مەركەز قىلغان تېمۇرىيلەر سۇلالىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. ئەمىر تېمۇر (ئاقساق تېمۇر 1333 — 1405) ئۆز دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۆلۈنمە ۋەزىيىتىنى بىر مەھەل بىرلىككە كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا نىسبىي تىنچلىق بارلىققا كېلىپ، مەدەنىيەتنىڭ بىر مەزگىل گۈللىنىشىگە شارائىت ھازىرلاندى. ئەمىر تېمۇر ئۇزۇن ئۆتمەي زور قوشۇن تارتىپ خۇراسان، ئىران قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى ھەتتا ئاناتولىيىگىچە بېسىپ بېرىپ، ئوسمان تۈركلىرى بىلەن تىركەشتى. شۇڭا تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىرلىككە كەلگەن، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن چوڭ خاندانلىق دېيىشكە بولاتتى. ئۆزبېكىستان ئالىمى بۆرىباي ئەھمىدوف ئەمىر تېمۇر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەمىر تېمۇر ھەم ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ۋە قۇتەيبە ئىبن مۇسلىم، دارا ۋە مەھمۇد

غەزنەۋى، چىڭگىزخان ۋە باتۇ، ئىۋان گروزنىي ۋە پېتر I ، ناپولېئون ۋە مىخائىل فرۇنزىگە ئوخشاش ھۆكۈمران ئىدى»①. «تېمۇرلەڭنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى يىپەك يولى ئالاقىلىرىدە شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ياۋروپالىقلارغا تونۇشتۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ كېيىنكى بىرۋاستە بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم.» دەيدۇ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن②.

دەرۋەقە، تېمۇرىيلەر سۇلالىسى دەۋرى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى بىر مۇرەككەپ دەۋر بولدى. 1405 - يىلى ئەمىر تېمۇر جۇڭگوغا قىلغان يۈرۈشىدە قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى بالا - چاقىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش ئۇرۇشلىرى داۋامىدا ناھايىتى تېزلا پارچىلاندى. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ قىسقىغىنا دەۋر مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەدەنىيەت گۈللىنىش دەۋرى بولدى. ئەلىشىر نەۋائى، ئۇلۇغبېك، ئەلى قوشچى قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار ئەدەبىيات، تەبىئەت ئىلمى، ئىلمىي نوجۇم قاتارلىق پەنلەرنىڭ مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈردى. بۇ شۇنداق بىر دەۋر بولغانىدى: «بىر تەرەپتە، تەبىئەت ئىلمى، ھۈنەر - سەنئەت ئالىملىرى ئۆز لاگېرىنى، ئۆز داھىيلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن؛ يەنە بىر تەرەپتە، ئىلاھىيەتچىلىك، روھانىيەتچىل سوپىزم ھامىيلىرى ئۆز لاگېرىنى، ئۆز ۋەكىللىرىنى شەكىللەندۈرگەن؛ بىر تەرەپتە، دەھشەتلىك نىزا ۋە ئۇرۇشلار، خانىۋەيرانلىق؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قۇرۇلۇش، بىناكارلىق ۋە مەدەنىيەت گۈللىنىشى. ئالاھىدە تىپىكلىككە ئىگە بولغان بۇ تارىخىي مۇھىت پۈتكۈل ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىدىئولوگىيىسى تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى»③. ۋەھالەنكى، بۇ دەۋر ئۇزاققا بارمىدى. ئەمىر تېمۇر ۋاپاتىدىن بىر ئەسىر كېيىن، يەنى 1501 - يىلى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر

① بۆرىباي ئەھمەدوف نەشرگە تەييارلىغان: «ئەمىر تېمۇر ئۆگۈتلىرى» ، تاشكەنت، «نەۋرۇز» نەشرىياتى، 1992 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 6 - بەت.

② ③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ، 240 - بەت.

ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر چوققا — شائىر ئەلىشىر نەۋائى ۋاپات بولدى. شۇندىن كېيىن، «سۆز ئەھلى خامىنىنىڭ باشتەرگۇچىسى، سۆز گۆھەرلىرى خەزىنىسىنىڭ ئىشەنچلىك ئامانەت ساقلىغۇچىسى، شېئىرىيەت گۈلىستانىنىڭ خۇشناۋا بۇلبۇلى بولغان ئەلىشىر نەۋائى»① چىلىك مۇتەپەككۇر تارىخىمىزدا قايتا كۆرۈلمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى باش - ئاخىرى يوق ئىچكى مالىمانچىلىق قاينىمىغا كىرىپ قالدى. مەھمۇد قەشقەرى ئېيتقان: «تۈركلەر بۆرجىدا جەۋلان قىلغان قۇياش» ئۆز بۆرجىدىن كەتتى. 1857 - يىلى ئېنگلىزلار بابۇرىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى سىراجىددىن باھادىر شاھ II نى تەختتىن چەتلەشتۈرۈپ، تۈركىي خەلقلەر قولىدىن ھىندىستاننى تولۇق تارتىۋالدى②. ئەمەلىيەتتە، ئېنگلىزلارنىڭ ھىندىستانغا بولغان ئەمەلىي كونتروللۇقى XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا باشلانغانىدى. تارىم ۋادىسىدا سەئىدىيە سۇلتانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، بەدەخشان، بۇخارا، قەشقەر ۋە يەركەن ئارىلىقىدا ئاتالمىش «ئاق ئۇستىخان» ئەۋلادلىرىدىن بولغان خوجا - ئىشانلار تىنىمسىز قۇتراپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى تۈگىمەس نىزا ۋە تەپرىقچىلىق دەرۋىرىگە باشلاپ كىردى. موللا مۇسا سايرامىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ئاراملىق خۇددى ئەنقا قۇشىنىڭ تۇخۇمىدەك غايىب بولدى، تىنچلىق خۇددى سۇمۇرغ قۇشىدەك كۆھىقاپنىڭ ئىچىدىن ۋەتەن تۇتتى»③. نەۋائىدىن كېيىنكى 500 يىل مابەينىدە، ئىچكى ئاسىيادىكى بۇ سىرلىق بالىياتقۇدا ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان يېڭى مەدەنىيەتنىڭ تۆرەلمىلىرى بىخلىيالمىدى. بۇ يەردە شەرق تىرىمچىلىرىدەك كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەققىدىكى چىگىش ئېتىكىلىق مەسىلىلەر ۋە ئائىلە،

---

① ئەلىشىر نەۋائى: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» — «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1980 - يىل، 1 - توپلام، 147 - بەت.

② م. توردىدىنوف: «بابۇرىيلار سۇلالىسى»، تاشكەنت، «پەن» نەشرىياتى، 1994 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 47 - بەت.

③ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 329 - بەتتىكى كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ.

نەسەپ ئەھكاملىرى مۇھاكىمە قىلىنمىدى؛ ھىندىستانلىقلاردەك مىتا-
فىزىكىغا باي، پانىي ئالەمنىڭ چەكسىزلىكىگە مەھلىيا بولىدىغان ئوي -
خىياللار بولۇنمىدى؛ غەربلىكلەردەك شەخسىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى،
ئەقلىي يۈكسەكلىكىنى، كەسكىن ئەمەلىيەتچانلىقنى ئۆز ئورۇنۇشلىرى-
نىڭ مىزانى قىلىدىغان پەلسەپە تېخىمۇ مەيدانغا كەلمىدى. بۇ يەردە
پەقەت قۇم بارخانلىرىنىڭ سۈررەڭ، زېرىكەرلىك جىمجىتلىقىغا ئوخ-
شاش چىدىغۇسىز سۈكۈنات؛ پىنھان، ئاندا - ساندا كۆرۈلۈپ قالىدى-
غان غۇۋا ھاياجان؛ قۇرغاق، چاڭقاق ئىستەك، ئاخىرقى نۇقتىغا
يېتىشنى خالىمايدىغان سەۋرىسىزلىك ھۆكۈم سۈردى. تېخىمۇ توغرى-
سى، يېڭىدىن گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋروپالىقلار مەۋج ئۇرۇپ
تۇرغان ئاتلانتىك ئوكياندا، تەۋەككۇلانە قەدەملىرى بىلەن شامال يۆنى-
لىشىگە قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كېمىلىرىنىڭ ئاپئاق يەلكەنلىرىگە
يېڭى دۇنيانىڭ تارىخىنى يېزىشقا باشلىغان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە
تارىم ۋادىسى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ «ۋاكۇئۇم بەلبېغى» غا، كونا
قۇرۇقلۇقتىكى «تەنھا ئارال» غا، يېقىنقى زامان تارىخىدىكى «ئۇنتۇل-
غان زونا» غا ئايلىنىپ قالدى. . . ①

رۇس سەيياھلىرىدىن كوروپاتكىن يازغان «قەشقەرىيە» ، چوقان
ۋەلىخانوف (قازاق) يازغاق «قەشقەرىيە خاتىرىلىرى» قاتارلىق ئە-
سەرلەرنى ئوقۇساق، زۇلمەت پەردىسى ئىچىدە جاھالەت ئۇيقۇسىنى
قانغىچە ئۇخلاۋاتقان تارىملىقلارنىڭ ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق
كۈنلەرنى — ماڭقۇرتلۇق كومېدىيىسىنى ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز؛
ئابدۇللا قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىنى ئوقۇساق قوقان خانى-
لىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى خۇدايارخاننىڭ ئوردىدىكى 400 خوتۇنغا
بېرىلىپ، مىسلىسىز دەرىجىدە چىرىكلەشكەن قەسىر ھاياتىدا دۆلەت
ئىچىدە كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان تەپرىقچىلىقنى كونترول قى-

① ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگە روھ» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنى-
لى، 1997 - يىللىق 5 - سان.

لىشقا قۇربى يەتمەيۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. . . ئوتتۇرا ئاسىياغا نېمە بولدى؟ ئۇلارنىڭ خەلقىگىچۇ؟

شانلىق ئۆتمۈش چۈشكە ئايلانغانىدى. بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە قەشقەر ئېغىر ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇلۇغبېكنىڭ رەسەتخانىسى، نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاياغ ئىزلىرى قالغان يېزا - قىشلاقلارنى بىر قەۋەت قويۇق چاڭ - توزان باسقانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىرلىق سۈكۈتىنى بۇخارا مەسچىتىنىڭ مۇنارىسى بىلەن قەشقەر ھېيتگاھنىڭ پەشتىقىدىن كۈندە بەش قېتىم ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئەزان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق سادا بۇزالمايدىغان بولدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدا قالدۇرغان: «مىللەتنىڭ دەردلىرىگە دەرمان بولماق ۋەزىپىڭىزدۇر. ئادالەت ۋە ھۆرلۈك دەستۇرىڭىز بولسۇن. مەن كەبى ئۇزۇن سەلتەنەت سۇرۇشنى ئىستىسىڭىز قىلىچىڭىزنى يېنىڭىزدا چىڭ ساقلاڭ! . . .»① دېگەن ۋەسىيەتلىرى سەمەرقەنتنىڭ مۆك بېسىپ تۇرغان ساراي تاملىرىدىلا قېپقالدى. نەمەنگاندىن «ئىشق» شارابىنى ئىچىپ مەست بولغان شاھ مەشرەپ قەشقەردىكى رىيازەتلىك كۈنلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، قۇندۇزغا بارغىنىدا جاھالەتچى ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋاسىدىن ھازىرلانغان دار سىرتمىقىغا ئېسىلدى ۋە ئەڭ ئاخىرقى نەپەسدە تۆۋەندىكى شېئىرىنى ئوقۇدى:

مەنسۇرى ھەللاجىدەك ئىچىپ شارابى ئەنتەھۇر،
چەرخ ئۇرۇپ يىغلاپ تۇرارمەن ئۇشبۇ دەم دار ئالدىدا.
چۈن مۇبارەك بولسۇن، ئەي مەشرەپ، قىزىل قانىڭ سېنىڭ،
خوپ ئىش بولدى ساڭا بۇ جان بەرگىنىڭ ئاپەت ئەمەس②.

دەرۋىشلەرنىڭ جەندە - كۇلاسىنى كىيىپ، مۇرىسىگە خۇرجۇن ئارتىپ، تارىم گىرۋەكلىرىدە توپا كېچىپ كېتىپ بارغان زەللى

---

① «ئەمىر تېمۇر ئۆگۈتلىرى»، 61 - بەت، تاشكەنت، 1992 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى.

② «مەشرەپ شېئىرىيتىدىن»، تاشكەنت، سابىق ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى نەشرىياتى، 1979 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى.

ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ، مەنسۇر ھەللاجنىڭ «ئەنەلھەق» سۆزىنى قانچە قېتىملار تەكرارلىدى: «كەل ئەي مەنسۇر بولۇپ ساقى سىرىمنى ئاشكارا ئەيلەي»①.

گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان بۇ مۇدھىش دەۋر ئۇزاق داۋاملاشتى. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار جاھالەت بۆشۈكىدە يەتكۈچە ئۇخلىدى. بۇخارا، قوقان خانلىقىنىڭ غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە قۇرغان ئىستىھكاملىرى چاررۇسىيە قوشۇنلىرىنىڭ توپ ـ زەمبىرەكلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلغان گاۋىن ھامبلىي ئېيتقاندەك: «XVI ئەسىردىن باشلاپ توپ ـ زەمبىرەك ۋە مىلتىق دورىسىنىڭ ھىدى ئوتتۇرا ئاسىيادا پۇراشقا باشلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ قوشنا ئەللەر نەزىرىدىكى ھەربىي ئۈستۈنلۈكى يوق بولدى. ھەتتا ئۇلار ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولدى. توپ ـ زەمبىرەكلەرنىڭ ساداسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنيا تارىخىدىكى مۇھىم رولىغا خاتىمە بەردى»②.

ئاشۇ ئۇزاق دەۋردە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇخلاۋاتقان «بۇخارا ئۇيقۇسى» نى ئىران ئېگىزلىكىمۇ ئوخشاشلا ئۇخلاۋاتاتتى. تارىمدا مۇدھىش قىسمەتلەرنىڭ چاڭگىلىدا ئىڭراۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانلىرى بولغان ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار جاھالەت ئۇيقۇسىدا ياتقان بۇ مىللەتنى ئويغىنىشقا دەۋەت قىلماقتىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

چۆل ـ جەزىرە، دەشتۇ ـ سەھرا ئىچرە قالدىم نائىلاج،
ئاھ، قاچان بىر يول تېپىپ قوشۇلاي قاتارىمەن.

دەپ نىدا قىلىپ، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرىدىن قايغۇرسا، غەربتىكى ئىران ئېگىزلىكىدە شائىر ئەشرەفىددىن (1871 — 1934) : «ئىران

---

① «زەلىلى دىۋانى» ، 42 ـ غەزەل، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

② گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا) : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى» ، 1994 ـ يىل، سودا نەشرىياتى، 23 ـ بەت.

ئاغرىق، ئۇنىڭغا دەۋا بولغىدەك دورا يوق»[1] دەپ خىتاب قىلماقتىدى. ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەھەر ـ قىشلاقلىرىنى قاپلىغان غەپلەت ئۇيقۇسى تاكى يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگىچە داۋاملاشتى.

## خاتىمە

«ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ خۇشاللىقى بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز، ئازابىمۇ بىزنىڭ ئازابىمىزدۇر. ئەگەر ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا مۇنداق ئورتاق ھېسسىيات بولمايدىكەن، تارىخ بىر دۆۋە قەغەز پارچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ»[2].

**— ماكس مۇللېر**

تۇران بىلەن ئىراننىڭ مەدەنىيەت دىئالوگى تېخى ئاخىرلاشمىدى. ئىسلام قىسسىلىرىدىكى نوھنىڭ ئوغلى يافەس، يافەسنىڭ ئوغلى تۇرك؛ ئىران رىۋايەتلىرىدىكى فېرىدوننىڭ ئۈچ ئوغلى سېلىم، تۇر ۋە ھىلاج دەۋرىدىن باشلانغان بۇ دىئالوگ ئۇزاق ئۆتمۈشنى بېسىپ ئۆتۈپ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلدى. تۇركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى غايىۋى قەھرىمانى ئالىپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ) قەدىمكى ئىرانلىقلارغا قانچىلىك زور تەسىر قىلغان بولسا، ئىران رىۋايەتلىرىدىكى جەمشىد، رۇستەملەر ئوبرازىمۇ تۇركىي خەلقلەرگە شۇنچىلىك چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، بۇ خىل مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى ئورتاق دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. پارسلار ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنى ئېلىپ كەلگەن ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭمۇ شەرققە تارقاتقۇچىسى بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئىران ۋە ئىراننىڭ غەربىدىكى رايونلارغا تارقىلىشىغا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا

① خې نەيىڭ تۈزگەن: «ئىران شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار»، 388 ـ بەت.
② ماكس مۇللېر: «سېلىشتۇرما ئەپسانىشۇناسلىق»، 7 ـ بەت.

خەلقلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىغا «قۇرئان»، ھەدىس ـ ھەپتىيەكلەردىن باشقا يەنە «مىڭ بىر كېچە» رىۋايەتلىرى، فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى، نىزامىنىڭ «خەمسە»لىرى، جالالىددىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى»لىرى، شەيخ سەئدىنىڭ «گۇلىستان»ى، ھاپىز شىرازىنىڭ شېئىرلىرى، ئابدۇراھمان جامىنىڭ قەلب دەپتىرىمۇ ھەمراھ بولدى؛ فارابى، ئىبىن سىنا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يەسسەۋى ۋە نەۋائىلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىمۇ ئىرانلىقلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىغا چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇردى. پارس ۋە تۈركىي تىللىرى تارىم چوڭقۇرلۇقلىرىدىن ئىران ئېگىزلىكىگىچە بولغان ئۇزاق تېررىتورىيىدە ئۇزتاق قوللىنىلدى. نەتىجىدە بۇ ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشۈش ناھايىتى كۈچەيدى. بولۇپمۇ ئىسلاملىشىش نەتىجىسىدە ئەرەب، پارس تىللىرى تۈركىي تىللىرىغا شىددەت بىلەن تەسىر قىلدى. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ 1944 ـ يىلى شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان بىر ئۇيغۇرچە گېزىتنى ستاتىستىكا قىلىشىغا قارىغاندا، شۇ گېزىتتىكى سۆزلەر ئىچىدە ئەرب ـ پارس تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەر 40% دىن ئارتۇق سالماقنى ئىگىلىگەن①. ئېھتىمال، تۈركىي تىللىرىنىڭ پارس تىلىغا بولغان تەسىرىمۇ خېلى كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن.

تارىخ گويا دېڭىز دولقۇنىدەك گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ يىراق ئۆتمۈشنى بۇگۈنگە ئۇلىدى. بەسرە، ئىسپاھانلاردىن سەمەرقەنت، قەشقەرلەرگە سوزۇلغان چۆل ـ جەزىرە ۋە توپىلىق يوللاردا «سوپى ئاللا يار»نى ئېيتىپ، ئىشق سەۋداسىغا چۆمگەن قانچىلىغان جاھانكەزدى دەرۋىشلەرنىڭ ئاياغ ئىزلىرى كۆمۈلدى؛ مەدداھ ـ ۋائىزلارنىڭ شالىلىرىنى چاچرىتىپ، جەمشىد ـ رۇستەملەر ھەققىدە تەكرار ـ تەكرار ئېيتقان جەڭنامىلىرى چۆچەككە ئايلاندى؛ ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەجدادلىرى بىر چاغلاردا ئېتىقاد

① يې شاۋجۇن: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر توغرىسىدا» — «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 ـ يىل، 2 ـ سان.

قىلغان زەردۇشتىلىق، شامانلىق ۋە مانى دىنلىرى ئىسلامىيەت ئەقىدىسى يېتىپ كەلگەن چاغدا ئىز - تىزسىز غايىپ بولدى. . . قىسقىسى، «ئاۋېستا» دا يارىتىلغان ئاشۇ ئۇزاق ئۆتمۈشتىن نەۋائىي دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق جەريان شەرق تارىخىدىكى ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ئېرا بولغاندى. ئىنسانىيەتنىڭ كۆپلىگەن مەدەنىيەتلىرى، قانۇن - ئەھكاملىرى، سىستېمىلىق دىنلىرى، ئىنسان بىلەن تەڭرى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگلىرى، تەپەككۇر ۋە شېئىرىي تۇيغۇدىكى ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلىرى بۇ يەردە يارىتىلغاندى. . . لېكىن يېقىنقى زامان ياۋروپاسىنىڭ ئويغىنىشى، يەلكەنلىك كېمىلەرنىڭ ماچتىلىرى بىلەن پار ماشىنىلىرىنىڭ سادالىرى شەرقنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئورنىنى ئىككىلەمچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى.

گېگېلنىڭ «مۇتلەق ئوقۇم» ۋە «ئەقلىيلىك» نى ئۆلچەم قىلغان سوغۇققان پەلسەپىسى غەرب مەركەزچىلىك تەلىماتىغا ئاساس ياراتتى. گېگېل ئۆزىنىڭ «روھىي تەرەققىيات» پرىنسىپىغا ئاساسەن ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ جەريانىنى شەرھىلىدى. ئۇ: «دۇنيا تارىخى ئەمەلىيەتتە ئەقلىيلىك ھالقىلىرىنىڭ روھ ئەركىنلىكى ئوقۇمى ئىچىدىن ئاجرىلىپ چىقىشىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، شۇنداقلا روھنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ مۇقەررەر تەرەققىياتى[1]» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىيات تەرتىپى: شەرق دۇنياسى ← گرېك دۇنياسى ← رىم دۇنياسى ← گېرمان دۇنياسىدىن ئىبارەت تۆت ھالقىدىن تەركىب تاپقان، بۇ تۆت دۇنيا «روھ» تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاشمىغان باسقۇچلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ شەرق دۇنياسى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بالىلىق دەۋرىگە، گرېك دۇنياسى ئىنسانىيەتنىڭ شېئىرىي تۇيغۇغا باي ياشلىق دەۋرىگە، رىم دۇنياسى ئىلاھىي پەلسەپە ھۆكۈم سۈرگەن ئىنسانىيەتنىڭ قىرانلىق دەۋرىگە، گېرمان دۇنياسى

---

① گېگېل: «قانۇن، پەلسەپە پرىنسىپلىرى»، 352 - بەت. سودا نەشرىياتى، 1982 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى، يەنى «روھ» نىڭ پىش-
قان دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ كۆرسەتتى①. شۇندىن كېيىن،
ياۋروپانىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ غەرب مەركەزچىلىك نەزەرىيىسى
دۇنيا مەدەنىيىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلدى. غەرب ئىنسانىيەت
تەپەككۇرىنىڭ پاراۋۇزىغا ئايلاندى. پۈتكۈل شەرقتىكى نۇرغۇن خەلق-
لەر يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگەندە، ئۇزاق ئۇيقۇدىن
چۆچۈپ ئويغىنىپ، غەربتىن ئۆگىنىشنى ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇشنىڭ
نەزەرىيە قورالى قىلدى. بۇنداق ھالەت ئۇزاق داۋاملاشقاندىن كېيىن،
شەرقلىقلەر ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مىللىي ۋە ئىرسىي ئېنېرگىيىنىڭ كۈن-
دىن - كۈنگە خوراپ كېتىۋاتقانلىقىنى، روھىي دۇنياسىنىڭ قۇرۇق-
دىلىنىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆز
ئالدىغا شانلىق ئۆتمۈشنىڭ غۇۋا مەنزىرىسى ئايان بولغانىدى.

شۇنداق، ئەمدى شەرقنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يولىنى تېپىش
زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى!...

① گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 268 -، 323 -، 387 - بەتلەر، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1956 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

# مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىيەت دىئالېكتىكىسى

## — ئۇيغۇر مەدەنىيەت پسىخىكىسى ئۈستىدە سىلىشتۇرما تەتقىقات

### 1

يېڭى ئىرانىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتىمىز. كەينىمىزدە ئۇزاق تارىخنىڭ سىرلىق مۇساپىسى، ئالدىمىزدا يېڭى ئەسىرنىڭ سىناقلىرى بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمدى ئەلمىساقتىن بۇيان كۆنۈككەن تۇر- مۇش ئۇسۇلىمىز، تەپەككۇر ئەندىزىمىز ۋە روھىيەت قۇرۇلمىمىز بىر مەيدان كەسكىن رىقابەتكە دۇچ كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. مۇشۇ بىر ئەسىردىن بۇيان، بولۇپمۇ 30 - يىللاردىكى بوران - چاپقۇنلۇق مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىدىن بۇيان، سوۋېتچە مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە يېقىنقى يىللاردىكى تېنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن ئېقىپ كىرگەن غەربچە ئەندىزە ئارقىلىق ئۆزىمىزنى سەگىتىپ كەلگەن روھىيەت تۇ- زۇلمىمىز يېڭى ئىرانىڭ كەسكىن سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرە- لەمدۇ - يوق؟ ئېغىر يوقىتىشلار بەدىلىگە ئېرىشكەن ھازىرقى زامان ئېڭىمىز كۈنساناپ ئۆزگىرىش ياساۋاتقان ئىنسانىيەتنىڭ يېڭىچە تە- پەككۇر ئەندىزىسىگە ماسلىشالامدۇ - يوق؟ ئىزدىنىش ۋە رىقابەتكە تولغان ئەسىرنى قانداق روھىي تەييارلىقىمىز بىلەن كۈتۈۋالىمىز! ؟ . . . XXI

دەرۋەقە، بىزلا ئەمەس، بەلكى باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئە- سىر ھالقىش ھارپىسىدا بۇنداق سوئاللارنى ئۆز - ئۆزىدىن تالاي قېتىم

سورىغانلىقى تەبىئىي. قايتا تەپەككۇر ياكى قايتا ئويلىنىش بىز ئۈچۈن
تېخى بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدىكى ئومۇمىي تەپەككۇر خاھىشىغا
ئايلانغىنى يوق. بىز نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، تالاي يوقـ
ـتىشلار ئىچىدە ئۆزىمىز ھەققىدىكى قايتا ئويلىنىشنىڭ قانچىلىك
زۆرۈرلۈكىنى روھىيەت قۇرۇلمىمىزنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرۈشـ
ـنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. چۈنكى بىزدە
ئۇزاق ئاسىيادىكى شەرق تېرىمچىلىرى بىلەن ئويغاق ياۋروپادىكى
غەرب تەۋەككۈلچىلىرىنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىگە تامامەن ئوخشىمايدىـ
ـغان، مەركىزىي ئاسىياغا خاس چاڭقاق ۋە قۇرغاق پىسخىكا شەكىللەنـ
ـگەنىدى. يەنە كېلىپ، ھەم شەرقچە سۈكۈناتىمۇ، ھەم غەربچە تەمـ
ـكىنلىكىمۇ ماس كەلمەيدىغان بۇنداق مۇرەككەپ روھىي ئەندىزىنى
شەرھىيلەش ئاسان ئەمەس ئىدى.

پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياۋروپا ئويغىنىشـ
ـدىن كېيىنكى 500 يىللىق ھەل قىلغۇچ تارىخىي جەريان ھەر قايسى
مىللەتلەرنىڭ پار ماشىنىسىنىڭ گۈدىكىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۆز ـ
ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرىدىغان، ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيانقى روھىي
چاڭقاقلىقىنى يېڭى دەۋرنىڭ تەپەككۇر ئىنقىلابى ئارقىلىق سۇغۇرىدىـ
ـغان بىر جەريان بولدى. «ۋەھالەنكى، بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق
ھالدا ياۋروپا بىلەن ئۇچرىشىشنى ئۈزۈپ قويغان ئوتتۇرا ئاسىيا بۇ
يېڭىلىقلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ھالدا بۇرۇنقى ھالىتىدە تۇرۇۋېـ
ـرىپ، يېقىنقى زامان مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن تولىمۇ يىراقلاپ
كەتتى»①. جۇغراپىيىلىك يېتىملىك ۋە ئىچكى ئاسىيانىڭ يېقىنقى
زامان روھىي مەھكۇملۇقى بۇ يەرگە يېڭى دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ
شاۋقۇنلىرىنى ئېلىپ كېلەلمىدى. تاكى XX ئەسىرنىڭ پەردىسى
كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر، قاتمۇ ـ قات تاغلار بىلەن پايانسىز قۇملۇقلارنىڭ

① خانېدا تورۇ (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى، 189 ـ بەت.

قورشاۋى ئىچىدە تۇرغان بۇ رايوننىڭ مەنىۋى تۇرغۇنلۇقىنى بۇزۇپ تاشلىغىدەك سىرتقى تەسىر ۋە غىدىقلىغۇچى كۈچ مەيدانغا كېلەلمىدى. ئۇلار ئاسىيانىڭ كېيىندىكىدە تۇرۇپ، قېرىپ تىنىپ كەتكەن بۇ قۇرۇقلۇقنىڭ يا بېشىنى، يا ئايىغىنى كۆرەلمىدى. ئىچكى ئۆلكىلەردە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرنىڭ ئۇچۇرلىرى بۇ يەرگە كەمدىنكەم تەسىر قىلدى. ھىندىستاندىكى دەۋر بۆلگۈچ مىللىي ئويغىنىش ھەردەكەتلىرىنىڭ سادالىرى ھىمالايا تاغلىرىنىڭ شىمالىغا ئاڭلانمىدى، بەلكى ھىندى ۋە گانگ دەريالىرىنىڭ شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ يىراق دېڭىز تەرەپكە ئۇزاپ كەتتى. ئۇلار شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ زىلزىلىسىنى، «4 ـ ماي» ھەرىكىتىنىڭ چۇقان ـ سادالىرىنى سىياسىي سېھىرگەرلەرنىڭ سىرلىق ئەپسۇنلىرىدىن پۈتكەن قورغان ـ سېپىللار ئىچىدە تۇرۇپ يىراقتىن ئاڭلىدى، خالاس. 1930 ـ يىللاردا كۆتۈرۈلگەن مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى گەرچە ئۇلارنى بىر مەزگىللىك سەگەدەش پۈرسىتىگە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسى پاجىئە بىلەن تۈگەللەندى. شۇنىڭدىن كېيىنكى سابىق سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى ئارقىلىق ئۆزلەشكەن مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئەندىزىسى شۇنداقلا ستالىنچە سىياسىي فورما مىللىتىمىزنىڭ يېقىنقى يىللارغىچە چوقۇنغان ئىجتىمائىي غايىسىنى ھاسىل قىلدى. 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ، ئىسلاھات دولقۇنلىرى ئىچىدە تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن چايقىلىپ كىرگەن غەرب مەدەنىيىتى مىللىتىمىزنىڭ سولغۇن روھىيىتىدە يەنە بىر قېتىم چوڭ داۋالغۇش پەيدا قىلدى. قىسقىسى، نەچچە ئەسىردىن بۇيان، يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى نەتىجىسىدە سىرتقى مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان مەركىزىي ئاسىيا ئۆزىدە تۇراقلىشىپ قالغان روھىيەت ئەندىزىسىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يېڭىلىغۇدەك ئىمكانىيەتكە زادىلا ئىگە بولالمىدى. كۇنساناپ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىۋاتقان دۇنيا ۋەزىيىتى ئۇلارنى ئارتۇقى بىلەن بەدەل تۆلەشكە قىستاۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلار ئاخىر

ئۆز ۋۇجۇدىدىكى روھىي ئېنېرگىيىسىنىڭ يېتىشسىزلىكىنى، ھەقىقىي مەنىدىكى ھازىرقى زامان مىللىتىگە ئۆتۈش ئۈچۈن، بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتى بىلەن ئۇزۇل - كېسىل تەپەككۇر ئىنقىلابىغا تەييارلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى. يەر شارىنىڭ بىر ئۈچۈر تورىدىن شەكىللەنگەن كىچىككىنە كەنتكە ئايلىنىشى مەركىزىي ئاسىيانىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە كۈچلۈك ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. شۇنداق، دۇنيا مەدەنىيىتىگە قاتنىشىش ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالدى. ئاتاقلىق تۈركولوگ بارتولد ئۆز دەۋرىدىلا ناھايىتى ئېنىق ئېيتقانىدى: «ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ناھايىتى زور دەرىجىدە دۇنيا مەدەنىيىتىگە قانچىلىك قاتنىشىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ»①.

2

«ئوتتۇرا ئاسىيا»، «مەركىزىي ئاسىيا»، «ئىچكى ئاسىيا» دېگەن بۇ جۇغراپىيىلىك ناملار پەقەت يېقىنقى بىر - ئىككى يۈز يىلدىن بۇيان ئىلىم ساھەسىدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جۇغراپىيىلىك ناملارنىڭ كونكرېت كۆرسىتىدىغان دائىرىسى ئۈستىدىكى تالاش - تارتىشلار تا ھازىرغىچە ئىلىم ساھەسىدە بىرلىككە كەلمىدى. ئومۇمەن ئوتتۇرا ياكى مەركىزىي ئاسىيا دېگەندە، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى، يەنى دەريالىرى ئوچۇق دېڭىزغا ئېقىپ بارالمايدىغان كەڭ رايونلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. مانا مۇشۇ تۆت ئەتراپى دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق، ئىقلىمى قۇرغاق، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، ئېگىز تاغ، پايانسىز چۆل، ئىچكى دەريا ۋە ئۇنى ئەگەشكەن بوستانلىقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن سىرلىق

① ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1984 - يىل نەشرى، 254 - بەت.

رايوندا قەدىمكى زاماننىڭ بۈيۈك كەشپىياتى — ئاتلىقلار مەدەنىيىتى يارىتىلغانىدى. ئات تۇياقلىرى ئارقىلىق يارىتىلغان بۇ كۆچمەنلەر مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى ئارقىلىق يىراق شەرقتىكى تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن غەربتىكى دېڭىز مەدەنىيىتىنى تىنىمسىز غىدىقلاپ، قوزغاپ ۋە زەرەتلەپ كەلگەنىدى. ۋەھالەنكى، ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىنكى كۇنساناپ ئۆزگىرىش ياساۋاتقان دۇنيا ۋەزىيىتى كونا قۇرۇقلۇقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بۇ چەۋەنداز مىللەتلەرنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىنى كەلمەسكە ئېلىپ كەتتى. قەدىمكى دۇنيا تارىخىنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلانغان بۇ زونا يېقىنقى زامانغا كەلگەندە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تاشلاندۇق بەلبېغىغا ئايلىنىپ قالدى. دۇنيانىڭ بۇ رايونغا بولغان تونۇشى بارغانسېرى سۇسلاپ باردى. خۇددى تاجىك ئالىمى غاپۇرۇف ئېيتقاندەك: يېقىنقى زامانغا كەلگەندە «دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئافرىقىنىڭ ئەڭ ئىچكى قىسمى ياكى بېرىش تەس بولغان شىمالىي قۇتۇپقا ئوخشاش رايونلارنى بىلگىنىگە ئۇزاق بولمىغىنىدەك، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى رايونلارنى بىلگىنىگىمۇ ئانچە ئۇزۇن بولمىدى»[1]. چۈنكى دۇنيا تارىخىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن دېڭىز بويلىرىغا يۆتكىلىشى بۇ رايوننىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ھەل قىلغۇچ ئورنىنى يوقاتتى. تۈركولوگ ھېرمان ۋامبېريي قاتتىق ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە مۇنداق قۇرلارنى يازدى: «يۈز نەچچە يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا بولغان چۈشەنچىمىز بارغانسېرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق بولۇپ باردى. ۋەھالەنكى، ماۋارائۇننەھر ۋادىسى شۇنداقلا كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان تونۇشىمىز بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. بىز يېقىنقى زامانغا قانچە يېقىنلاشقانسېرى، بۇ رايوننىڭ ئاتموسفېراسىنى قاپلاپ تۇرغان تۇمانلارنىڭ

---

① ب. گ. غاپۇرۇف: «‹مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات› قا مۇقەددىمە» — «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى»، 1987 ـ يىل 1 ـ سان.

شۇنچە قويۇقلىشىپ بارىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. . . »①.

شەرقتە جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكى، جەنۇبتا ھىندىستان، غەربتە پېرسىيە ۋە ئۇنىڭ نېرىسىدىكى غەرب ئەللىرىنىڭ قورشاۋى ئىچىدە تۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيانى مەدەنىيەت تىپى جەھەتتىن، ھەم بىر پۈتۈن گەدىگە ھەم ئايرىم بۆلەكلەرگە بۆلۈپ تەتقىق قىلىش مۇمكىن. بۇنداق بولۇشى بىنپايان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چوڭ جەھەتتىن ئورتاق مەدەنىيەت بىرلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكى، كىچىك جەھەتتىن چوڭ بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان رايونلارنىڭ ئايرىم پەرقلەرگىمۇ ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ياپونىيە ئالىمى خانېدا تورۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «جۇغراپىيىلىك مۇھىت، ئىرق ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى كەم دېگەندە تەخمىنەن ئۈچ بۆلەككە ئايرىش مۇمكىن. يەنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى بىرىنچى بۆلەككە، پامىرنىڭ غەربىنى، سىر ۋە ئامۇ دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى مەركەز قىلغان جايلارنى ئىككىنچى بۆلەككە، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە يەتتە سۇ قاتارلىق جايلارنى ئۈچىنچى بۆلەككە ئايرىش مۇمكىن. بۇ بۆلەكلەر ئېگىز تاغلار ۋە كاتتا دەريالار بىلەن بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ يەرلەردە ياشاپ كەلگەن ئىرقلارمۇ دەۋرنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلەنگەچكە، بۇ يەرلەر مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. مۇشۇ جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، بۇ يەرلەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك. شۇڭا بۇ بۆلەكلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە تەتقىق قىلساق ئانچە مۇۋاپىق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەمما يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ جايلار سىياسىي جەھەتتە قەدىمدىن تارتىپ بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. گاھىدا كۆپ قىسمى، گاھىدا ھەممىسى، مەلۇم بىر

---

① ھېرمان . ۋامبېرى: «بۇخارا ۋە ماۋارائۇننەھر تارىخى» — «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلى، تاشكەنت، 1990 - يىل، 3 - سان.

تەسىر كۆچ ئاستىدا بىرلىككە كەلگەن. بۇنداق بولمىغاندىمۇ ھەر قايسى جايلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇش تۈپەيلىدىن بىر ـ بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشقان ياكى بىر ـ بىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەن چاغلاردا تاغ ـ دەريالاردىن ئىبارەت تەبىئىي توساقلارمۇ بۇلار ئارىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدىكى خىلمۇخىل ئىرقلار ۋە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي ھالدا ئۆزئارا قوشۇلۇش پەيدا بولغان. تۈركلەرنىڭ غەربتە پېرسىيىگە بېسىپ كىرىپ كىچىك ئاسىيانى ئىشغال قىلغان، ئاندىن ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن قىسمىدىن باشقىلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان مىللەتلەرنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ تەكشۈرمەي بولمايدۇ. شۇڭا بۇ جايلار ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە — ئوتتۇرا ئاسىيا گەۋدىسى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تولۇق ئاساسقا ئىگە. پەقەت ئۇنىڭ جۇڭگو، پېرسىيە، ھىندىستان قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئورنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇنى ئاددىي ھالدا جۇغراپىيىۋى چۈشەنچە دەپ بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ»①.

ئومۇمەن، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا مەيلى جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن، ياكى سىياسىي جەھەتتىن بولسۇن، نىسبەتەن مۇرەككەپ رايون. بۇ جاينى ئاددىي ھالدا بىر تۇراقلىق مەدەنىيەت تىپىغا ياكى مۇقىم ئەندىزىگە يىغىنچاقلىغىلى ۋە قېلىپلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ناھايىتى كۆپ مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ بۇ يەردە ئۇچراشقانلىقى ۋە ئۆتۈشكەنلىكى، ئوخشىمىغان ئىرق ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلغانلىقى، چارۋىچىلىق بىلەن بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولغانلىقى، بۇ رايوننىڭ دۇنيانىڭ باشقا

① خانېدا تورۇ (ياپونىيە) : «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ، 3 ـ ، 4 ـ بەتلەر.

جايلىرىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ھاسىل
قىلغان. مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى تارىختىن بۇيان ئاسىيادى-
كى بىر قانچە چوڭ دۆلەتلەر ۋە ئۇلار ياراتقان جاھىل خاراكتېرلىق
قەدىمكى مەدەنىيەت رايونلىرىنى بىر - بىرىگە باغلىغۇچى ۋە تەڭشىگۈ-
چى بەلباغ بولغان. بۇنداق تۆت كوچا ئېغىزىغا ئوخشايدىغان ئۆتۈشمە
مۇھىت بۇ يەردە بىرلا خىل جاھىل خاراكتېرلىق مەدەنىيەتنىڭ يەرلى-
شىشىگە ئورۇن بەرمىگەن. شۇنداق بولغاچقا، مەركىزىي ئاسىيالىق-
لارنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى ھەرگىزمۇ ئۆز ئەتراپىدىكى ئاللىقا-
چان قېلىپلاشقان چوڭ مەدەنىيەت ئەندىزىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى
بولمايدۇ. ئۆز ئەتراپىدىكى ئەنئەنىۋى چوڭ مەدەنىيەتلەر، جۇملىدىن
خەن - تاڭ مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە ئىران مەدەنىيىتى
ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى تەڭشەپ تۇرۇش، سىرتقى
ئۇچۇرلارنى يەرلىك تەركىبلەر ئارقىلىق بېيىتىش، تىنىمسىز غىدىق-
لىنىشنى ئۆز گۈللىنىشىنىڭ پىلتىسى قىلىش بۇ رايوننىڭ مەدەنىيە-
تىكى تۈپ ئالاھىدىلىكى ئىدى. قىسقىسى، بۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت
ئېكولوگىيىسىدىكى خاراكتېرى تۇراقسىزلىق، ئۆزگىرىش ۋە تىنىم-
سىز يېڭىلىنىپ تۇرۇش ئارقىلىق يېڭى مەزمۇن تاپاتتى. ئەتراپىدىكى
دۆلەتلەر ۋە چوڭ مىللەتلەرنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئاجىزلىشىشىغا ئەگى-
شىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي كۈنتەرتىپىنى بەلگىلەش، تىنىمسىز سۈر-
كىلىش ۋە غىدىقلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت مۇۋازىنىتىنى
تەڭشەپ تۇرۇش، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ دىئالېكتىكىسى ئىدى.
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەرلىك مەدەنىيىتى ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئومۇمىي
خاھىشىنى ئۆزى بەلگىلەپ باققان ئەمەس، بەلكى سىرتقى مەدەنىيەت-
لەرنىڭ تۇسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئېقىمى يا ئۇنىڭ كەيپىياتىنى ئەۋ-
جىگە كۆتۈرەتتى، يا پەسكويغا چۈشۈرەتتى. ھېچ بولمىغاندىمۇ بۇنداق
ئەھۋال يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇق سودىسى زە-
ئىپلەشكىچە بولغان دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئومۇمىي كەيپىيا-

تىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا، شەرقتىكى ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىك، جەنۇبتىكى ھىندى ـ گانگ دەريالىرى ھاۋزىسى، غەربتىكى
ئىران ئېگىزلىكى ۋە ئۇنىڭ نېرىسىدىكى يۇنان - رۇم ساھىللىرىغا
تامامەن ئوخشىمىغان ھالدا، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە ئىچكى قانۇ-
نىيەت ۋە نىسبەتەن تۇراقلاشقان ئەندىزە بېكىتىش تەس ئىدى. سىرتقى
مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچۇر ۋە رادىئاتسىيىسى ئارقىلىق غىدىقلىنىپ تۇ-
رۇشقا كۆنۈككەن شۇنداقلا ئۇنى ئۆز گۈللىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى
قىلىدىغان بۇنداق خاراكتېر 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە
بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى ئىدى.
يەنە بىر تەرەپتىن، خۇددى ياپونىيە ئالىمى خانېدا تورۇ ئېيتقاندەك،
بىر قانچە چوڭ دۆلەتلەر ياكى شىمالدىكى كۆچمەنچى جەسۇر مىللەت-
لەرنىڭ «ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ رايوندا كۈچلۈك سىياسىي كۈچ
بارلىققا كېلىدىغان تەبىئىي شەرت ـ شارائىت زادىلا ھازىر ئەمەس.
قەدىمدىن بۇيانمۇ بۇ رايوننى تايانچ قىلغان قۇدرەتلىك بىرەر تەسىر
كۈچ باش كۆتۈرۈپ چىققان ئەمەس. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا
بارلىققا كەلگەن قۇدرەتلىك تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنى تارىختىكى بىر
مەزگىللىك مۇستەسنالىق دېگەن تۈزۈك. چۈنكى ئەينى چاغدىكى ئا-
سىيا ئەللىرىنىڭ زەئىپ ئەھۋالى ئۇنى پەقەت بىر مەھەل زومىگەر
بولۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ قويغان، خالاس. شۇڭا بۇ
رايون تارىختا ھامان ئۆز ئەتراپىدىكى تەسىر كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا
ئۇچراپ تۇرىدىغان، ھەممەيلەن تەڭ تالىشىدىغان نىشان بولۇپ قال-
غان. . . ھەتتا بۇ خىل ئەھۋال گويا قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تەقدىرگە
ئايلىنىپ قالغان. بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆز ئەتراپىدىكى
كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ توقۇنۇشىنى پەسەيتىدىغان ئارىلىق رايون بول-
غان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاسىيادىكى بىر - بىرىدىن يىراق
ئايرىلىپ تۇرىدىغان كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بۇ جاي ئارقىلىق ئۆزئارا
تۇتىشىپ تۇرۇشىغا ۋە يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا ئىمكانىيەت

يارىتىپ بەرگەنىدى»①. ۋەھالەنكى، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەتتىكى سەزگۈر زونا ئۆز ئۆتمۈشىدىكىگە تامامەن ئوخشىمىغان ھالدا تۇرغۇنلۇق ۋە چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. يەنە كېلىپ بۇنداق تارىخىي قىسمەت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆزىدىكى بارلىق مىللىي پەرقلەرنى ئېزىپ، ئومۇمىي «تۈركىي» ئېتىنىڭ تەركىبىگە سىڭدۈرۈپ تاشلىغان، غەربتە يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى پارلىغان بىر تارىخىي دەۋردە يۈز بەردى.

## 3

مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشى ۋە ئۆزئارا قوشۇلۇشى، تىنىمسىز ئۇرۇشلار ۋە كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرى شۇنداقلا ھەر قايسى يات مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىشى ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيانقى تارىخ مېلودىيىسى بولۇپ كەلدى. ئەگەردە دۇنيا يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئېچىپ ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، شەرقتە چوڭ - كىچىك ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە قارا دېڭىز ساھىللىرىغىچە، شىمالدا يېنىسەي ۋە سىبىرىيە دالىلىرىدىن جەنۇبتا قۇرۇم تاغلىرىغىچە بولغان چەكسىز ئۇزاق بەلباغنى كۆرىمىز. مانا مۇشۇ بىپايان ۋادىدا — ئوچۇق دېڭىزلارنىڭ نەم ئېقىمى يېتىپ كېلەلمەيدىغان، دەريالىرىنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان، ئادەملىرى پايانسىز چۆل، ئېگىز تاغ ۋە قۇرغاق يايلاقلار ئارىلىقىدا مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان يىراقتىكى ئۇپۇق سىزىقىنى قوغلاپ ياشايدىغان سىرلىق زونىدا — ئىنسانىيەت ئۆتمۈشىنىڭ شانلىق بىر قىسمى يارىتىلدى. مانا مۇشۇ ئۇزاققا سوزۇلغان ئىچكى قۇرۇقلۇقتا رەھىمسىز تەبىئەتنىڭ رىيازەتلىرىگە كۆنۈككەن بۇ جەسۇر ئادەملەر ئاتتىن ئىبارەت جەڭگىۋار ھايۋاننى كۆندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا

① خانېدا تورۇ (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، 5 -، 6 - بەتلەر.

مىنىش تېخنىكىسىنى ياراتتى. ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ۋە جەڭدە ئىشلىتىلىشى ئىنسانىيەتنى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە ئېلىپ كىردى. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا ئۆزىنىڭ ئۇچقۇر ئاتلىرى بىلەن شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندى. شۇندىن تارتىپ كونا قۇرۇقلۇقنىڭ مەدەنىيەت تارىخى شەرق تېرىمچىلىرى، غەربتىكى خرىستىئان ياۋروپاسى ۋە ئىچكى ئاسىيادىكى يايلاق مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توختاۋسىز كۈچ سىلىشتۇرمىسى جەريانىدا مەزمۇن تاپتى. ئات — يايلاق مىللەتلىرىنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىنى ئاچتى. ئات — قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ۋە تەپەككۇرىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى بولغان ئېپوسچىلىق ئىراسىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئات تۇياقلىرىنىڭ شىددەتلىك دۈپۈرلەشلىرى ئىنسانىيەت تەپەككۇرى ۋە ئىجادىيەت سېزىمىنى قاناتلاندۇردى.

شۇندىن ئېتىبارەن يىراق قەدىمكى دەۋرنىڭ تىمتاسلىقى بۇزۇپ تاشلاندى. ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيادىكى چەۋەنداز مىللەتلەرنىڭ قويۇندەك ئۇچقۇر ئاتلىرى شەرق تېرىمچىلىرىنى تۈگمەس ۋەھىمىلەرگە سالسا، غەربتىكى قۇياش پاتىدىغان ئەللەرنى دەككە - دۈككىچىلىككە بەنت قىلدى. يىراق مۇساپە ۋە تاغ - دەريالاردىن ئىبارەت تەبىئىي توساقلارمۇ ئاتلىقلارنىڭ ھەيۋىسىنى توسۇپ قالالمىدى. ھونلارنىڭ قويۇندەك ئۇچقۇر ئاتلىرى ئالدىدا ئامالسىز قالغان خەن ۋۇدى چاڭئەندىكى ھەيۋەتلىك ئوردا - قەسىرىدە شەرق گۈزەللىرىنىڭ ناز - كەرەشمىگە تولغان ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈۋېتىپمۇ سەمەرقەنتنىڭ ئارغىماقلىرىنى چۈشەيدىغان بولۇپ قالدى. ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق پەۋقۇلئاددە يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىنغان پەرغانە ئارغىماقلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى نەم ئىسسىق كىلىماتتا ئۆز جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتتى. خۇددى ياپونىيە ئالىمى ئېگامى نامىئو ئېيتقاندەك: «نوپۇسى خەن سۇلالىسىنىڭ بىر ۋىلايىتىنىڭ نوپۇسچىلىك كېلىدىغان ھونلارنىڭ خەن خاندانلىقىغا تۈگمەس بالايى ئاپەت بولغانلىقى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئاھالى-

بنىڭ ۋەھىمە ئىچىدە ئاھ ئۇرۇشلىرى دەل شۇنىڭ سەۋەبىدىندۇر»①.
ەرقتىكى تېرىمچى مىللەتلەرنىڭ ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئات
ارقىلىق تاقابىل تۇرۇش خىيالى بەربات بولغاندىن كېيىن، ئۇلار
ۇنۇملۇك مۇداپىئە يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. شۇنداق قىلىپ،
ەرق تېرىمچىلىرىنىڭ ئىشكىنى تاقىۋېلىپ جىمجىت ياشاش، قورغان ـ
ېپىللارنى ئېگىز سېلىپ سىرتقى مۇداخىلىلەرنى توسۇشتەك سەۋر.
ان روھى ۋە بېكىنمە مەدەنىيەت پسىخىكىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى.
ەددىچىن سېپىلىدىن ئىبارەت بۇ غايەت زور مۇداپىئە لىنىيىسى تاكى
ىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە قەدەر قايتا ـ قايتا ياسال.
ى. ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيادىكى كۆچمەنچى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ
ىنىمسىز يۈرۈشلىرى غەربتىكى ئەللەرگىمۇ غايەت زور خاتىرجەم.
ىزلىك ئېلىپ كەلدى. غەرب ئەللىرىدىكى نۇرغۇنلىغان تارىخچىلار،
ۇملىدىن ساسانىي ۋە ۋىزانتىيە ئوردىلىرىدىكى پۇتۇكچى ـ مىرزىلار
ىترەپ تۇرغان پەي قەلەملىرى بىلەن كۆن چىقىش تەرەپتىن كېلىدى.
ان ئاتلىق «يەجۇجى ـ مەجۇجى»لەر ھەققىدە قورقۇنچلۇق خاتىرد.
ەرنى قالدۇردى. قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەرنىڭ ئاشۇ قورقۇنچلۇق
ەخلۇقلارنى توسۇش ئۈچۈن كافكاز تاغلىرىغا سېپىل سالدۇرغانلىقى
ەققىدىكى رىۋايەتلەر يىپەك يولى بويلاپ يىراقلارغىچە تارقالدى.
ىلادىيە 445 ـ يىلى ھون ئىمپېراتورى ئاتتىلا بىلەن بىللە غىزال.
ىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان شەرقىي رىم ئەلچىسى پرىكس ئۆز
اتىرىسىگە «تەڭرىنىڭ قامچىسى» دەپ نام ئالغان بۇ ئىستېلاچى ھەققىدىكى
ەھىمىلىك تەسۋىرلەرنى قالدۇردى②.

دەرۋەقە ئات مەدەنىيىتى دۇنيا تارىخىغا دەۋر بۆلگۈچ ئۆزگىرىش.
ەرنى ئېلىپ كەلدى. ئاتلىق يۈرۈشلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆ.

---

① ئېگامى نامىئو (ياپونىيە): «ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەتلىرى» — «نۇر گېزىتى» شرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى، 13 ـ بەت.

② پرىكس: «ھون پادىشاھى ئاتتىلا بىلەن بىللە غىزالىنىش»، «شىنجاڭ تەزكىرىچە.
ىكى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان.

چۈشلىرى ئىنسانىيەت پىكىر تارىخىدا قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىن
ئىبارەت ئالاھىدە بەدىئىي تەپەككۇر ئەندىزىسىنى ياراتتى. دۇنياۋى
خاراكتېرلىق چوڭ ھەربىي يۈرۈشلەر — ئالېكساندىرنىڭ شەرققە
يۈرۈشى، ھونلارنىڭ ياۋروپاغا باستۇرۇپ بېرىشى، تۈركىي قوۋملەر-
نىڭ ئاسىيادا باش كۆتۈرۈشى، ئەرەبلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىكى، چىڭ-
گىزخاننىڭ رەھىمسىز ئىستېلاسى، ئوسمان تۈركلىرى ئىمپېرىيىسى-
نىڭ ھەيۋىسى، ياۋروپالىقلارنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىنى ئېچىشى قاتار-
لىق زور تارىخىي ۋەقەلەر پەقەت ئات بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەلگە
ئاشتى. ياپونىيە ئالىمى ئېگامى نامىئو: «ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەت-
لىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازدى: «شۇنى تەسەۋۋۇر قى-
لىشقا بولىدۇكى، ئەگەردە ئاتقا مىنىپ جەڭ قىلىش تېخنىكىسى
مەيدانغا كەلمىگەن بولسا، ئىنسانىيەت تارىخى پۈتۈنلەي باشقىچە بول-
غان بولاتتى. ئاتنىڭ ھەربىي يۈرۈشلەردىكى ئۈستۈنلۈك ئورنى تەخ-
مىنەن ئۈچ مىڭ يىلغا يېقىن داۋام قىلدى. پەقەت بىرىنچى جاھان
ئۇرۇشى پارتلاپ، ئايروپىلان ۋە تانكىلار بارلىققا كەلگەندىن كېيىنلا
ئاتنىڭ ئۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ئورنىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى»①.
مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن تاكى ئورال
ۋە كافكاز تاغلىرىغىچە سوزۇلغان بىپايان ئىچكى ئاسىيا رايونى ياۋروپا
ئەدەبىي ئويغىنىشىغىچە بولغان چەكسىز ئۇزۇن تارىخىي مۇساپىدە
ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قېتىملىق قوشۇلۇشى ۋە كۆتۈرۈلۈ-
شىگە غايەت زور قوزغاتقۇچى بولدى. دۇنيا تارىخىدىكى ھەر قېتىملىق
زور ۋەقەلەر، ئىجتىمائىي فورماتسىيىلەرنىڭ ئالمىشىشى، ئوخشاش-
مىغان ئىرق ۋە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى مانا مۇشۇ كاتالىزاتورلۇق
رولىغا ئىگە سەزگۈر بەلباغنىڭ تۈرتكىسىدە ئەمەلگە ئاشتى. ئوتتۇرا
ۋە مەركىزىي ئاسىيا مۇشۇ تارىخىي جەرياندا شەرق تېرىمچىلىرىنىڭ

① ئېگامى نامىئو: «ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەتلىرى»، 9 ـ بەت.

جاھىل، بېكىك ۋە ئەنئەنىگە ھېرىسمەن پىسخىك قىياپىتى؛ غەرب ئەللىرىنىڭ دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ مەۋجلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ پىكىر تاكامۇللىقى ئىزدەيدىغان، تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي روھىي ھالىتىنى يارىتىشقا سىرتقى يوشۇرۇن ئېنېرتسىيىلىك كۈچ بېغىشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئەجدادلىرى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ دەسلەپكى خېمىرتۇرۇچلىرىنى شەكىللەندۈردى.

## 4

قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ جانلىق كارتىنىسىنى ھاسىل قىلدى. گېلگامىشنىڭ ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلىنىشى، يۇنان سەركەردىسى ئاگامېنوننىڭ دېڭىزدىكى رىيازەتلىرى، «رامايانا» ئېپوسىدىكى رامانىڭ ئايالى شېدونى ئىزدەپ كۆلپەت چېكىشى، ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، سەككىز ئەۋلاد ماناسنىڭ تىراگېدىك پاجىئەسى، جاڭغىر ۋە گېسارلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرى قەدىمكى ئىنسانىيەت بەدىئىي تەپەككۇرىغا ئەبەدىيلىك ئۈلگە تەقدىم قىلدى.

شۇنىسى روشەنكى، ئىنسانىيەتنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدە قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشىنى ئۆزىگە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى قىلدى. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ سەزگۈر زونا ئارقىلىق يۈز بېرىدىغان ھەر قېتىملىق چوڭ كۆچۈشلەر، ئىرق ۋە ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ يۆتكىلىشلىرى، كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرى ۋە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى چوڭ تىپتىكى ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە مۇھىت ھازىرلىدى. قەھرىمانلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى پۈتكۈل مىللەتنىڭ كوللېكتىپ ئىجادى داۋامىدا

يۇرۇشلەشتۇرۇلدى ۋە ئېپوس ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ ئىلاھلاشتۇرۇل-
دى. ئېپوسلارنىڭ كەينى - كەينىدىن مەيدانغا كېلىشى ھەر قايسى
ئىنسان تۈركۈملىرىدە مىللىي ئاڭنىڭ ئاستا - ئاستا ئويغىنىۋاتقان-
لىقىدىن دېرەك بەردى. بېلىنسكىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئې-
پوسلار بىر مىللەتنىڭ بالىلىق دەۋرىدە، يەنى «مىللىي ئاڭ ئەمدىلا
ئويغىنىشقا باشلىغان چاغدا، شېئىرىيەت ساھەسىدە قولغا كەلگەن
تۇنجى پىشىشىق مېۋە»① ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەھرىمانلىق ئېپوسلى-
رى يارىتىلىش، تارقىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا بىر مىللەت
روھىي قىياپىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى ۋە پىسخىك تىندۇرمىلىرىنى
ئۆزىگە جۇغلىۋالغان بولىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئېپوسلار ناھايىتى
زور دەرىجىدە ئۆزلىرى تەۋە بولغان مەدەنىيەت تىپىنىڭ خاراكتېرى
ۋە ئېستېتىك ئەندىزىسىنى نامايەن قىلىدۇ. يۇنانلىقلارنىڭ «ئودىس-
سا» ئېپوسىدىكى ساھىبجامال خېلىن ئۈچۈن ئون يىللاپ قانلىق
ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش ۋەقەلىرى شەرقتىكى تېرىم مىللەتلىرى ئۈچۈن
ئۆتۈپ كەتكەن بىمەنىلىك ھېسابلانسا، مىڭجياڭنۇنىڭ يىراققا كەتكەن
ئېرىنى ئىزدەپ سەددىچىن سېپىلىدا يىغلىشى ۋە ھىندى ئېپوسلىرىدى-
كى ساداقەت تېمىلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان تەپسىلاتلار شەخسنىڭ
قىممىتى ۋە ئەركىنلىكىنى كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىزانى
قىلىدىغان غەربلىكلەر ئۈچۈن چۈشىنىكسىز ھادىسە ھېسابلىناتتى.
شۇڭلاشقا گېگېلنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى
«قەھرىمانلىق دەۋرىدە تۇرغان خەلقنىڭ ساپ ئىپتىدائىي ھاياتىي
كۈچىنى ۋە مىللىي روھىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تولۇق نامايەن قى-
لىپ بېرەلەيدۇ»②. تېخىمۇ توغرىسى، بىر مۇنەۋۋەر مىللىي ئېپوس
«بىر مىللەت روھىي ماھىيىتىنىڭ كۆرگەزمىخانىسى»③ بولالايدۇ.

---

① «بېلىنسكىينىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى قاراشلىرى»، يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1958 - يىل نەشرى، 214 - بەت.

② ③ گېگېل: «ئېستېتىكا»، 3 - جىلد، سودا نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، II توم، 131 -، 108 - بەتلەر.

ئېپوسچىلىق دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى ھەر قايسى مەدەنىيەت سىستېمىلىرىدا ماھىيەتلىك ئىچكى پەرقلەر ۋە ئېستېتىك ئەندىزىنىڭ ئاستا - ئاستا گەۋدىلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى. ھەر قايسى ئىرقلار ۋە ئېتنىك تۈركۈملەرنىڭ چوڭ تىپتىكى كۆچۈشلىرى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك قوشۇلۇشى ئۇزاقتىن بۇيان ۋاكۇئۇم ھالەتتە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن رايونلارنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىدا زور داۋال- غۇش پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ ياۋرو - ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ كونا قۇرۇقلۇقنىڭ مەدەنىيەت مۇۋازىنىتىدە كەسكىن دەۋرەش يۈز بەردى. يىراق شەرقتىكى چوڭ دەريا ھاۋزىلىرىنى مەركەز قىلغان شەرق تېرىمچىلىرىنىڭ تارىخىي تۇيغۇغا باي كەيپىياتى ئۇلارنىڭ كۆپرەك نەسرىي شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىشنى ئىستەيدىغان ئېستېتىك فور- مىسى ۋە ئىجمايىل مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى ئاستا - ئاستا شەكىللەن- دۈرۈۋاتقان چاغدا، كونا قۇرۇقلۇقنىڭ باشقا رايونلىرىدا شېئىرىي تۇيغۇ پارتلاپ، ئېپوسچىلىق دەۋرى باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇنداق بۈيۈك دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىشى شەرقتە موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن باش- لاپ غەربتە ئورال ۋە كافكاز تاغلىرىدىن ھالقىپ ياۋروپاغا تۇتىشىپ كېتىدىغان سەزگۈر بىر جۇغراپىيىلىك زونىنى ئۆزىگە سەھنە قىلغان- دى. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ سەھنىنىڭ كىندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىدى. يەر شارىدا مۇز دەۋرى ئاخىرلىشىپ شەرق ۋە غەربتىكى ئىرقىي پەرقى زور ئىنسان تۈركۈملىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىشقا باشلى- غاندىن بۇيانقى ئۇزاق دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى مىللەتلەر چوڭ كۆچۈشلىرىنىڭ زۆرۈر پاسىلىغا ئايلانغانىدى. شۇڭلاشقا دۇنياۋى چوڭ ئېپوسلارنىڭ يارىتىلىشى، شۇ جۈملىدىن قەھرىمانلىق ئېپوسلى- رىنىڭ ئۈچ قېتىملىق ئالتۇن دەۋرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت سەھنىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ يىراق ئۆتمۈشى نېمە ئۈچۈن

دۇنيا ئېپوسچىلىق دەۋرىنىڭ پارتلىشى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىدۇ؟ دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ شاۋقۇنى ئارقىلىق كونا قۇرۇقلۇقتىن ئايرىلىپ تۇرغان ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن قۇياش رادىئاتسىيىسى كۈچلۈك بولغان سىرلىق ئافرىقا تۇپرىقىدا نېمىشقا قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى يارىتىلمىدى؟ يەنە نېمە ئۈچۈن تېرىم مىللىتى بولغان قەدىمكى ھىندىلاردا ئىككى بۈيۈك ئېپوس مەيدانغا كەلدىيۇ، لېكىن نەچچە مىڭ يىللىق يازما تارىخقا ئىگە جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدە بىرەرمۇ مۇكەممەل ئېپوس دۇنياغا كېلەلمىدى؟ . . .

شۇنىسى ئېنىقكى، دۇنيا ئېپوسچىلىق دەۋرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۆزىگە تىنچ - مۇقىم بولغان تۇرغۇن ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئەمەس، بەلكى ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ئارقىلىق زىلزىلە ھاسىل بولغان قاينام - تاشقىنلىق تارىخىي دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلدى. ئاتنىڭ جەڭدە ئىشلىتىلىشى ۋە كۆچمەنچى جەسۇر مىللەتلەرنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى چوڭ دەريا ھاۋزىلىرىنى مەركەز قىلغان قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ سۈرلۈك قوۋۇقلىرىنى كەڭ ئېچىۋەتتى.

ئوخشاشمىغان ئىرقلار ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانى نۇقتا قىلىپ، شەرقتىن غەربكە ياكى غەربتىن شەرققە قاراپ كۆچۈشكە باشلىدى. ئات ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرى ۋە مىللەتلەرنىڭ تۈركۈم - تۈركۈملەپ كۆچۈشى قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشىغا سەۋەب بولدى. توختاۋسىز ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلارنىڭ، ئوخشىمىغان ئىرق، قان تىپى، مەدەنىيەت ۋە تىل سىستېمىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇلۇشى ۋە قوشۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ھىنگان تاغلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ياۋروپا دېڭىز ساھىللىرىغا يېتىپ بارىدىغان بۇ تىنچسىز ئۆتۈشمە كارىدوردا قەھرىمانلىق روھى ئۇرغۇپ تۇرغان چوڭ تىپتىكى ئېپوسلار مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. مۇشۇ

مەنبەدىن ئېيتقاندا، ئاتلىقلار مەدەنىيىتى ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوتتۇرا ۋە ئىچكى ئاسىيا رايونى ئىنسانىيەت قەدىمكى مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچۇر بەلبېغى ۋە ئېپوسلارنى مەيدانغا چىقىرىدىغان سەزگۈر جۇغراپىيىلىك زونىغا ئايلانغان شۇنداقلا دۇنيا قەدىمكى مەدەنىيەتلىرىنىڭ دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئاۋۋالقى ئۇچرىشىش نۇقتىسى بولغان. بۇ بەلباغدا ياشىغان نۇرغۇنلىغان ئاتلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ جەسۇر، قارام ۋە ئۇرۇشخۇمار خاراكتېرى بىلەن چاپچىپ تۇرىدىغان ئاتلىرىنى مەدەنىيەت قوشۇلۇشىنىڭ ۋاستىسى قىلغان. نەتىجىدە مۇشۇ مەدەنىيەت بەلبېغىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئەرلىك جاسارىتى ۋە قىزىققانلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان پىسخىك خاراكتېرى ئارقىلىق زەبەردەست قەھرىمانلارنىڭ داستانلىرىنى توقۇپ چىقىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان بۇ مەدەنىيەت ئۇچۇر بەلبېغى دۇنياۋى ئېپوسلارنىڭ بۆشۈكىگە ۋە چوڭ تىپتىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى.

مۇشۇ بەلباغ بىلەن باغلانغان بارلىق مىللەتلەردە قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى يارىتىلدى. شۇنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە زىلزىلە پەيدا بولمىغان ياكى غىدىقلىنىشقا ئۇچرىمىغان شۇنداقلا سىرتقى مەدەنىيەتلەر بىلەن سۇغۇرۇلمىغان رايونلاردا ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئەكسىچە، سىرتقى مىللەتلەرنىڭ مۇداخىلىسىگە ئاسان ئۇچرايدىغان، باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ رادىئاتسىيىسىگە نىسبەتەن ئەڭ سەزگۈر بەلباغلار چوڭ تىپتىكى ئېپوسلار ئەڭ كۆپ مەيدانغا كېلىدىغان رايونلار بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا دۇنياۋى ئېپوسلارنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇنداق بىر فورمۇلىنى يەكۈنلەش مۇمكىن: ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيا قەدىمكى مەدەنىيىتىدىكى ئېپوسچىلىق بەلبېغىدۇر. ئوخشىمىغان ئىرق، ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئۇچرىشىش ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى شەكىللەندۈردى.

مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە

دەۋرەپ تۇرغان رايونلار ئېپوسچىلىق ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ سەزگۈر ۋە قىزىق نۇقتىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئېپوسلار ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلار، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت بەلبې-غى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بىز پامىر ئېگىزلىكىدىكى قارلىق چوققىدا تۇرۇپ، دۇنيا مەدە-نىيەت تارىخىنىڭ قەدىمكى بەتلىرىنى ۋاراقلىساق، كۆز ئالدىمىزدا شۇنداق بىر مەنزىرە ئايان بولىدۇ: بۇنىڭدىن تۆت – بەش مىڭ يىل مۇقەددەم ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىنى بازا قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئېگىز بويى، قاڭشارلىق؛ ئورا كۆز، چاچ – ساقاللىرى قويۇق كەلگەن ئارىيانلارنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبتا ھىندىس-تانغا بېسىپ كىرىشى، غەربتە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىران ئېگىز-لىكىگە سۈرۈلۈشى، قەدىمكى دۇنيا ۋەزىيىتىدە غايەت زور زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئارىيانلارنىڭ بۇ قېتىملىق چوڭ كۆچۈشى ھىندى – ياۋروپا تىل سىستېمىسىنى تىل جۇغراپىيىسى جەھەتتىن بىر پۈتۈن-لۈككە ئىگە قىلدى. ياۋرو – ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىد-كى سەزگۈر زونىدىن جەنۇب ۋە غەربكە سۈرۈلگەن بۇ زور سىرتقى ئېقىم ھىندى ۋە ئىران تۇپرىقىدا زور داۋالغۇش پەيدا قىلىپ، جەنۇ-بىي ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇقىنىڭ سۈكۈناتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. مۇشۇ قېتىمقى مەدەنىيەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى دۇنيا ئېپوسچىلىق تارىخىنىڭ تۇنجى ئالتۇن دەۋرىنى يەنى ھىندىستاننىڭ «ماخابخاراتا» ۋە «رامايانا»، بابىللىقلارنىڭ «گىلگامىش»، يۇناننىڭ «ئودىسسا» ۋە «ئىللىئادا» ئېپوسلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بەزى ئالىملار دۇنيا ئېپوسچىلىقىدىكى بۇ تۇنجى ئالتۇن دەۋرنى «ئارىيان ۋە غەيرىي ئارى-يان مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قوشۇلۇشتىن كېلىپ چىققان ئەكس سادا»①دەپ تەرىپلىدى.

① ئىدوس. گ. شاسترى (ھىندىستان) : «ئېپوس دەۋرى» — «جىنياڭ ئىلمىي ژۇر-نىلى»، 1990 – يىللىق 4 – سان، 29 – بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ.

دۇنيا تارىخى ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئارىيانلار-
نىڭ چوڭ كۆچۈشىدىن كېيىن چىققان مەدەنىيەت پارتلىشىنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى شاۋقۇنلىرىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. كونا قۇرۇقلۇق جىددىي دەۋ-
رەشكە تەقەززا بولماقتا ئىدى. ئەنە شۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا،
ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ماكېدونىيىلىك ياش ئىمپېراتور
ئالېكساندىر ئۇزاق ئاسىيانىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئالېك-
ساندىرنىڭ تاكى ھىندىستانغىچە سوزۇلغان شەرققە يۈرۈشى ئوتتۇرا
ئاسىيادا گرېك - ئېللىنىزم مەدەنىيىتى دەۋرىنى ئاچتى ۋە ھىن-
دى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك پۈتۈنلۈكىنى يەنە-
مۇ مۇستەھكەملىدى. ھالبۇكى، بۇ دەۋر ھېچقانچە ئۇزاققا سوزۇلمى-
دى. شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇخار، ئۇيسۇن، ھون، سوغدى
قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ توختاۋسىز ھەربىي يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە،
شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىمالىي
ھىندىستان، غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپاغىچە تۇتىشىدىغان مىل-
لەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈش ھادىسىسى مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ يۈگۈ-
رۈك ئاتلىرى ۋە ئۆتكۈر قىلىچلىرى ئارقىلىق چوڭ زىلزىلە ھاسىل
قىلغان كۆچۈش تارىخى ئاسىيا ئىرقىنىڭ ياۋروپا ئىرقىغا كەڭ كۆلەم-
دە قوشۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھىندى -
ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك بىر پۈتۈنلۈكى بۇزۇپ
تاشلىنىپ، بىر - بىرىدىن يىراق بولغان ئىككى رايونغا ئايرىپ
تاشلاندى. بۇ قېتىمقى مەدەنىيەت قوشۇلۇشى ئاسىيادىكى يايلاق مىل-
لەتلىرىنىڭ تىنىمسىز غىدىقلىشى ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدىغان يېڭى
ئېپوسچىلىق دەۋرىنى ئاچتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن غەربكە سۈرۈلگەن
ھونلارنىڭ ئورال تاغلىرىدىن يوپۇرۇلۇپ ئۆتۈپ شەرقىي ياۋروپا تۈز-
لەڭلىكىگە كىرىشى تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ياۋروپانىڭ ۋەزىيىتى-
نى ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋەتتى. شەرقتىن كەلگەن بۇ ئاتلىق
مىللەتنىڭ زەربىسى غەربىي رۇم ئىمپېرىيىسىنى غۇلىتىپ، شىمالىي

ياۋروپادىكى گېرمان قەبىلىلىرىنى سارىسىمىغا سالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە گېرمان خەلقىنىڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق ئېپوسى «نىبېلۇنگېن ناخشىسى» نىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمە شەكلى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. مەزكۇر ئېپوس مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشىدىن كېيىنكى ھون ئىمپېراتورى ئاتتىلا بىلەن گېرمانلارنىڭ بوراندى سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلدى①. شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھون سەلتەنىتىدىن كېيىن ئاجايىپ گۈللىنىشكە ئېرىشكەن تۈركلەرنىڭ بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن جەڭ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، غەرب تەرەپكە سۈرۈلۈشى ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە يېڭى كونتەرتىپنى ھاسىل قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيانى بازا قىلىپ كاسپىي ۋە قارا دېڭىز ساھىللىرى ئارقىلىق كىچىك ئاسىيا ۋە بالقان يېرىم ئارىلىغا بېسىپ كىرگەن تۈركلەر شەرقىي رىم (ۋىزانتىيە) ئىمپېرىيىسىنىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن سەلتەنىتىگە خاتىمە بەردى. ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى نەتىجىسىدە يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشكەن ئەرەبلەرنىڭ ئافرىقا قىرغاقلىرىنى بويلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ۋە جەبىلتارىق بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، ئىسپانىيە ۋە فرانسىيىلەرگە ھۇجۇم قىلىشى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە غەرق بولغان خرىستىئان ياۋروپاسىنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالدى. ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ بۇ قېتىملىق شىددەتلىك يۈرۈشلىرىدىن كېلىپ چىققان مەدەنىيەت ئۇرۇلۇشى ئىسپانلارنىڭ «شىد ناخشىسى»، فرانسۇزلارنىڭ «روللاند ناخشىسى» قاتارلىق مەشھۇر ئېپوسلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئورال تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، رۇس كىنەزى ئىگورنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى تارمار قىلغان تۈركىي قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆچمەنچى ئاتلىق قوۋملەرگە خاس شىددىتى ئارقىلىق رۇس ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى پارلاق سەھىپە — «ئىگورنىڭ يىراققا

---

① «نىبېلۇنگېن ناخشىسى»، خەلق ئەدەبىيات نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1984 - يىل نەشرى، كىرىش سۆز قىسمىغا قاراڭ.

يۇرۇشى» ناملىق ئېپوسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولدى. ئىران بىلەن تۇران خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك تىنىمسىز ئۇرۇشلار مىلادىيە X ئەسىردە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «شاھنامە» ئېپوسىنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشىغا تىما تەقدىم قىلدى. تۈركىي قوۋملەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تايانچ قىلىپ ئېلىپ بارغان چوڭ كۆچۈشلىرى ۋە تىنىمسىز ئۇرۇشلىرى ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى باشقا خەلقلەردە ئېپوس دەۋرىنى ئېچىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئېپوسلىرى — «ئالىپ ئەرتۇڭا»، «ئوغۇزنامە»، «دەدە قورقۇت» قاتارلىقلارنىمۇ مەيدانغا كەلتۈردى. مانا بۇ دۇنيا ئېپوسچىلىق تارىخىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئالتۇن دەۋردۇر.

تارىخ مىلادىيە XIII ئەسىرنىڭ سىگنالىنى چالغان چاغدا، شىمالىي ئاسىيادىكى بارلىق كۆچمەن مىللەتلەرنى تارىخ سەھنىسىگە چىقارغان ئاشۇ سىرلىق زونىدا ھاياتىي كۈچى ۋە ياۋايى جەسۇرلۇقى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر مىللەت باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار چىڭگىزخاننىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، يۈگۈرۈك ئاتلىرىغا تايىنىپ، تۆت ئەتراپقا قاراپ سەلدەك ئاقتى. ھېچقانداق بىر كۈچ ئۇلارنىڭ يۈرۈشلىرىنى توسۇپ قالالمىدى. بىپايان ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئۇلارنىڭ ئات تۇياقلىرى ئاستىدا بىرلىككە كەلدى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ غايەت زور قوشۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چىڭگىزخاننىڭ ئىستېلاسى ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتىنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىۋەتكەن بولسا، ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن سەگىتىپ، فېئوداللىق تۈزۈم ۋە رىم پاپاسىنىڭ مۇستەبىت تۈرىنى تەۋرىتىپ تاشلىدى شۇنداقلا ياۋروپادا كاپىتالىزمنىڭ دەسلەپكى بىخلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە قوزغاتقۇچىلىق رولىنى ئوينىدى. شۇڭلاشقا تارىخشۇناس ماكېندى: «ئىنتايىن رېئال مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياۋروپا مەدەنىيىتى ئاسىيادىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تىنىمسىز تاجاۋۇزىغا

قارشى ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش جەريانىدا شەكىللەنگەن»① دەيدۇ. موڭغۇللارنىڭ كەڭ كۆلەملىك كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرى دۇنيا ئېپوسچىلىق تارىخىدا ئۈچىنچى قېتىملىق ئالتۇن دەۋرنى ئاچتى. «جاڭغىر»، «گېسار»، «ماناس»، «ئالپامىش»، «قوبلاندى»، «ئېرتارغىن» قاتارلىق ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيا قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى.

5

دۇنيا ئېپوسچىلىق دەۋرىنىڭ ئېچىلىشى ۋە ئۈچ قېتىملىق ئالتۇن دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ سىرلىق زونا نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنى تارىخ سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان ۋە ئۇلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلىرى ئارقىلىق كونا قۇرۇقلۇق ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغانىدى. مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلىرى ۋە شىددەتلىك ئۇرۇشلىرىسىز دۇنيا تارىخىدىكى چوڭ داۋالغۇشلارنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى، ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تېخىمۇ قىياس قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭلاشقا ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە كەم دېگەندە مۇنداق ئۈچ شەرت زۆرۈر ئىدى: بىرىنچىدىن، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشىدىن شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى؛ ئىككىنچىدىن، مەزكۇر مىللەتلەرنىڭ ئىككى خىل ئىجتىمائىي فورماتسىيىسىنىڭ ئۆتۈش مەزگىلىدە تۇتۇۋاتقان تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شەرت ـ شارائىتى؛ ئۈچىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلىپ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان

---

① ماكېندى: «تارىخنىڭ جۇغراپىيىۋى تۈگۈنلىرى»، سودا نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى، 46 ـ بەت.

چوڭ كۆچۈش كاردورى، يەنى دۇنيا ئېپوس بەلبېغى بىلەن مۇناسىـ
ۋەتلىك بولغان جۇغراپىيىلىك ئۆتۈشمە رايون. چوڭ تىپتىكى قەھرىـ
مانلىق ئېپوسلىرى بولغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ئەمەلىـ
يىتى بىزگە ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى چوڭقۇر ئارقا كۆرۈـ
نۈشنى كۆرسىتىپ بەردى. ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن ئېپوسلارنىڭ
مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ توختاۋسىز ئېـ
لىپ بارغان كۆچۈشلىرى ۋە يىراقتا يۈرۈشلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى
بولمايدۇ. «ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن بارلىق ئېـ
پوسلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مىللەتلەرنىڭ چوڭ تىپتىكى كۆـ
چۈشلىرى ۋە كېڭەيمىچىلىك ئۈرۈشلىرىنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش ۋە
ماتېرىيال مەنبەسى قىلغان. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ قارشى تۇرۇش
ئوبيېكتى كۆپ ھاللاردا ئاسىيا مىللەتلىرى، جۈملىدىن ھون ياكى
تۈرك قاتارلىق ئالتاي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ مىللەتلەر ئىدى.
شۇ ۋەجىدىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئوتتۇرا قەدىمكى زاماندا
شەرق ۋە غەربتىكى ئوخشاشمىغان مىللەت ۋە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىـ
دىكى توقۇنۇش، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى چارۋىچى
مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن ياۋروپا مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇـ
نۇش، ئوتتۇرا ئەسىردىكى زور بىر تۈركۈم ئېپوسلارنى مەيدانغا كەلـ
تۈرگەن تۇپراق بولغانىدى. . . »[①].
    ھالبۇكى، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى مىللەتلەرگە تامامەن ئوخشىمىـ
غان ھالدا، ئافرىقا، ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيە قىتئەلىرىدىكى خەلقلەر
ئىجادىدا چوڭ تىپتىكى ئېپوسلار زادىلا مەيدانغا كېلەلمىدى. بىز
بۇنىڭدىن دۇنيا ئېپوسچىلىق بەلبېغىنىڭ پەقەت ئوتتۇرا ۋە شىمالىي
ئاسىيادىن ياۋروپاغىچە سوزۇلغان ئات تۇياقلىرى ئاستىدا ھاسىل
بولغان سەزگۈر زونا بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىـ

① يې شۇشيەن: «قەھرىمان ۋە قۇياش»، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 16 ـ بەت.

مىز. چۈنكى ئىپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى كۆپىنچە ھاللاردا مەدەنىيەت كۆچۈشى ۋە قوشۇلۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بىپايان دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ قورشاۋى ئارقىلىق قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇرغان ئافرىقا، ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيە قىتئەلىرىنىڭ تارىخى دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئاۋۋال ئاساسىي جەھەتتىن تۇرغۇن ھالەتنى ساقلاپ كەلگەنىدى. بۇ يەردە ياۋرو ـ ئاسىيا يايلاقلىرىدەك مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشلىرى ۋە توختاۋسىز ئۇرۇشلار ئېلىپ كەلگەن ئوخشىمىغان مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇش ھادىسىسى كەمدىنكەم يۈز بەرگەنىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ قىتئەلەردىكى يەرلىك مەدەنىيەتلەر نىسبەتەن تەنھا، پىنھان ۋە تۇرغۇن ھالەتنى ساقلاپ كەلگەنىدى، شۇنداقلا چوڭ تىپتىكى داۋلغۇشلاردىن خالىي تۇرۇپ كەلگەنىدى. ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىلزىلىلەردىن خالىي ـ پىنھان مۇھىتتا چوڭ تىپتىكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ مەيدانغا كېلەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئافرىقا، ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيە قىتئەلىرىنى دۇنيا ئېپوسچىلىق مەدەنىيىتىدىكى ۋاكۇئۇم قۇرۇقلۇق دېيىشكە بولاتتى.

ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى نىسبەتەن بېكىك مەدەنىيەت رايونلىرىدا، بولۇپمۇ يىراق شەرق تۈزلەڭلىكىدىكى تېرىم خەلقلىرىدە ئوخشاشلا ئېپوسچىلىق ئەنئەنىسى كەمچىل ئىدى. شەرقتىكى تېرىم مىللەتلىرىنىڭ ئېپوس ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن ئېستېتىك ھەزىمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى ئۇلارنىڭ تارىخىي شەكىل ئارقىلىق گەۋدىلىنىشىنى ئىستەيدىغان گۈزەللىك تۇيغۇسى بىلەن، ئۆزىدىن باشقا يات مەدەنىيەتلەرنى ئىزچىل چەتكە قېقىپ كەلگەن مۇداپىئە پسىخىكىسى بەلگىلەپ قويغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانى شەرق ۋە جەنۇب تەرەپتىن قورشاپ تۇرغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ھىندى ۋادىسى ئاسىيادىكى جاھىل خاراكتېرگە ئىگە، ئاياللىق جەزبىگە ۋە نازاكەتلەرگە باي قەدىمكى

بۈيۈك مەدەنىيەت رايونلىرى ئىدى. قەدىمدىن بۇيان ئۆزىنىڭ يۇمشاق
ھېسسىياتى ۋە سېھىرلىك ناز - زىباسى بىلەن ئىچكى ئاسىيادىكى
جەسۇر مىللەتلەرنى ئىنقىلاپ كەلگەن بۇ رايونلاردا چوڭ دەريا لاتقىلى-
رىدەك تىنىپ كەتكەن ھۆل خاراكتېر شەكىللەنگەنىدى. ئۇلار باشقى-
لارنى ئەتەي ئىنقىلمايتتى، ئەمما باشقىلار ئۆزىنى سەزمىگەن ھالدا
ئىنقىلىناتتى. سىرتقى كۆرۈنۈشى كۈچتۈڭگۈرلۈككە تولغان، ئەمما
ئىچكى پىسخىك جۇغلانمىسى ئاجىز يايلاق مىللەتلىرى ئۇلار بىلەن
بولغان مۇناسىۋەتتە، ئۆزىنىڭ روھىي تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ھامان،
گويا ماگنىت قۇتۇبىغا ئاققان تۆمۈر ئۇۋاقچىلىرىدەك ئۇلارنىڭ جەزبى-
دار قوينىدا ئىز - تىزسىز غايىب بولاتتى. شۇڭلاشقا، ياۋروپا مەدەنى-
يىتى ئاسىيادىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ توختاۋسىز ھۇجۇملىرىدىن
زىلزىلە ئىچىپ ئالغا ئىلگىرىلىگىنىدەك، شەرقتىكى چوڭ دەريا ھاۋ-
زىلىرىنى مەركەز قىلغان تېرىم مەدەنىيەتلىرىمۇ شىمالدىكى ئاتلىق
مىللەتلەرنىڭ ۋەھىمىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يۇمشاق، ئەمما جاھىل
جىسمى ئارقىلىق خورىتىش جەريانىدا پىشىپ يېتىلدى.
ئۆز قوشنىسى ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن ئىككى بۈيۈك
ئېپوس — «رامايانا» ۋە «ماخابخاراتا»غا تامامەن ئوخشىمىغان ھالدا،
شەرقتىكى جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدە بىرەر مۇكەممەل ئېپوسنىڭ
مەيدانغا كېلەلمىگەنلىكى كىشىنى تولىمۇ تەئەججۈپلەندۈرىدۇ. جۇڭگو
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدە مىللەتلەرنىڭ چوڭ تىپتىكى كۆچۈشى ئارقىلىق
يۈز بېرىدىغان ئوخشىمىغان مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچ-
رىشىش ھادىسىسى كەمدىنكەم يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن شىمالدى-
كى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ توختاۋسىز پاراكەندىچىلىكلىرى ئۇلارنىڭ
تېرىم ھاياتىنىڭ جىمجىتلىقىغا كۆنۈككەن پىسخىك كەيپىياتىنى سە-
گىتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايون نىسبەتەن يېپىق جۇغرا-
پىيىلىك شارائىتى، مۇقىم ۋە سىرتقى زىلزىلىلەردىن خالىي تېرىم
ھاياتى، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ كەلگەن ناتۇرال ئىگىلىكى شۇنداقلا

سىرتقى تەسىرلەرنى ھەر ۋاقىت چەكلەشكە تەييار تۇرىدىغان مۇداپىئە
پىسخىكىسى سەۋەبلىك ئىپتىپتىك ئىنتىلىشتىكى يۈكسەكلىككە ئە-
مەس، بەلكى تارىخىي تۈيغۇغا خۇشتار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ
بەدىئىي ئىجادىيىتىدە ئىپوسلا ئەمەس، بەلكى ئەپسانە ژانىرىنىڭمۇ
مۇكەممەل راۋاجلانمىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەستۇر. لۇشۇن ئەپەن-
دى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «. . . جۇڭگودا ئەپسانە-
دىن ئىبارەت بۈيۈك ئەسەر مەۋجۇت ئەمەس، ئەگەردە بار دېيىلگەندىمۇ
پارچە - پۇرات ئەپسانىلەر تا ھازىرغىچە كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلمى-
دى»①. قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي خاھىشىدىكى باي
تارىخىي تۈيغۇ ۋە ئەمەلىيەتچان ئەندىزە ئۇلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىدا
باشقا خەلقلەرگە زادىلا ئوخشىمايدىغان فورمىنى ھاسىل قىلغان. يەنە
كېلىپ بۇ خىل فورما ئۇلاردا قەھرىمانلىق ئەپسانىلىرى ۋە ئىپوسلى-
رىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە زادىلا ئىمكانىيەت بەرمىگەن. خۇددى گېر-
مان پەيلاسوپى شېللىڭ ئېيتقاندەك: «بارلىق قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ
تەرەققىيات تارىخى ئەپسانە دەۋرىنى بېسىپ ئۆتكەن. دەرۋەقە، جۇڭگو
تولىمۇ قەدىمىي ئەل. ھالبۇكى، ئۇ باشقا ھېچقانداق ئەپسانىۋى تەپەك-
كۇرغا باي مىللەتكە تەقلىد قىلىپ باققان ئەمەس. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر
دۇنياسىدىن باشقا مىللەتلەر ئەپسانىلىرىنىڭ كۆلەڭگىسىنى بايقىغىلى
بولمايدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قەدىمىي ئەپسا-
نىلەرگە باي نۇرغۇن مىللەتلەر ئىچىدە پەقەت جۇڭگولۇقلارلا ئەپسانە
ئىجادىيىتىدىن خالىي مىللەتتۇر. ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى ئەپسانە ھەر-
كىتىدىن تامامەن ئايرىلغان ھالدا، ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇق كاتېگور-
يىسىنىڭ باشقا بىر يۆنىلىشىگە بۇرۇلۇپ كەتكەن. نۇرغۇن دۆلەتلەر
ۋە مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئەپسانە باسقۇچى غايەت زور سېھىرىي

---

① لۇشۇن: «جۇڭگو ھېكايىچىلىقىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى» — «لۇشۇن ئەسەرلىرى ئومۇمىي توپلىمى» 9 - توم، 303 - بەت، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.

كۆچكە ئىگە بولسىمۇ، پەقەت جۇڭگولا ئالاھىدە مۇستەسنالىقنى شەكىللەندۈرگەن»①.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، قەھرىمانلىق ئەپسانىلىرى ۋە قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئوخشىمىغان مىللەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشىدىن ئىبارەت قاينام تاشقىنلىق ئارقا كۆرۈنۈش ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش پىشىپ، تىنىپ كەتكەن روھىي جۇغلانما بىلەن ئاللىقاچان قېلىپلاشقان ئەخلاقىي ئەندىزىنى ئەمەس، بەلكى بالىلارچە بەڭباشلىق ياندىشقان، سىرتقا ئىنتىلىشچان مەدەنىيەت تىپىنى تەلەپ قىلاتتى. شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتلىق كۆچمەنچى مىللەتلەر تارىخ سەھنىسىگە چىقىشتىن ئاۋۋالقى ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشيا مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئۆز ئەتراپىدىكى ئوخشاش بىر ئىرقىي تىپقا ۋە مەدەنىيەت سىستېمىسىغا مەنسۇپ خەلقلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا ئوخشاش بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە ئېلىپ بېرىلغان مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تاكى ھونلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى باشلانغانغا قەدەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تېرىم ھاياتىدا ھېچقانچە زىلزىلە پەيدا قىلالمىدى. شىمالدىكى يايلاق مىللەتلىرى تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، ئات تۇياقلىرى ئارقىلىق ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا شىددەتلىك دولقۇن ھاسىل قىلغان چاغدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئاھالىلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك «ئاسىياچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى» نىڭ پەيلىشى بىلەن قېرىلارچە تەمكىنلىككە ئىگە «بالدۇر يېتىلگەن بالا» بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى «گەرچە ئېپوسلار مەيدانغا كېلىدىغان ئەڭ ياخشى تارىخىي باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلىدىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى شەكىللەنمىگەچكە، قەھ-

① «گېرمان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ جۇڭگو ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، جياڭسۇ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى، 135 - بەت.

رىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشىمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس
ئىدى»①. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ سەلتەنە-
تى باشلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تىنىمسىز پاراكەندىچىلىكلەرنى
سېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ گاھ كۈچىيىپ، گاھ
ئاجىزلاپ تۇرىدىغان ھەربىي ئۈستۈنلۈكى شەرق تېرىمچىلىرىنىڭ بۇ
نەم، ئىللىق ماكاندا پۈتكۈل مىللەت سۈپىتىدىكى چوڭ كۆچۈشلەر،
ھايات - ماماتلىق سىناقلار ۋە يات مەدەنىيەتلەرنىڭ شىددەتلىك قوشۇ-
لۇشىدەك ھادىسىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلمىدى. دۇنيادىكى نۇرغۇنلى-
غان قەدىمكى مەدەنىيەتلەر، جۈملىدىن قەدىمكى مىسىر، بابىل ۋە
ھىندى مەدەنىيەتلىرى يېڭىدىن گۈللەنگەن ياش ۋە كۈچتۈڭگۈر مەدە-
نىيەتلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا بارا - بارا ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە قەدىمكى
ئەندىزىسىنى يوقاتتى. ۋەھالەنكى، پەقەت جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
مەدەنىيىتىلا ئىزچىل ئۆزگەرمەي كەلدى، بەلكى ئۆز ئەتراپىدىكى ئۆز
خاراكتېرىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ئۇششاق مەدەنىيەتلەرنى
ئۆز گەۋدىسىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، بارغانسېرى يوغىناپ، سەددىچىن ئار-
قىلىق باشقا مەدەنىيەت سىستېمىلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان، ئۆزگى-
چە ئالاھىدىلىككە ئىگە شەرقىي ئاسىيا مەدەنىيەت تىپىنى ياراتتى.
بۇ خىل مەدەنىيەت تىپىدا شەخسنىڭ قىممىتى ۋە ئەركىنلىكىگە قار-
شى ھالدا، فېئودallىق نەسەب - ئەھكام، ئائىلە، جەمەت ۋە قانداش-
لىق مۇناسىۋەتنى بىرلىك قىلغان سىياسىي تۈزۈلمە ھەممىدە قېلىپلاش-
قان ئەخلاق ئەندىزىسى تەكىتلىنەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئاتتىلادىن چىڭ-
گىزخانغىچە بولغان ئاسىيا چەۋەندازلىرىنىڭ شىددەتلىك يۈرۈشلىرى
نەتىجىسىدە فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئۇلى ياۋروپادا ئاللىقاچان تەۋرىتىپ
تاشلانغان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگودا تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى-
غىچە داۋاملاشقانىدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلار جەريانىدا

① ياۋ باۋشۈەن: «دۇنيا ئېپوسلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈگۈنلىرى» — «جىنياڭ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 - يىللىق 4 - سان.

گرىتسىيىدىن كۆپىنچە يالىڭاچ ھەيكەللەرنىڭ، جۇڭگودىن نەزىر - مۇراسىم ۋە يىمەك - ئىچمەك بۇيۇملىرىنىڭ تىپىكلىشىشىمۇ يۇقىرقى ئوخشاشمىغان ئىككى خىل مەدەنىيەت تىپىنىڭ روشەن پەرقلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

قەدىمكى جۇڭگودا ياكى تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا قەدىمكى خەنزۇ مىللىتىدە نېمە ئۈچۈن چوڭ تىپتىكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ مەيدانغا كېلەلمىگەنلىكى ھەققىدە گېگىل مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «جۇڭگولۇقلاردا مىللىي ئېپوسلار بولغان ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزىتىش ۋە تەسىرات ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن نەسرىي شەكىللىنى ئۆزگە تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مۇنداق بولۇشىنى تارىخ باشلانغان يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىلا شەكىللەنگەن، بىر خىل نەسرىي شەكىلدە قېلىپلاشقان تارىخىي رېئاللىق بەلگىلەپ قويغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ دىنىي نۇقتىئىنەزەرلىرىمۇ سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىشكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. مانا بۇ ئەھۋاللار ئېپوسلارنىڭ يارىتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ناھايىتى زور توسالغۇ بولغان»①. گېگىلنىڭ قارىشىچە، ئېپوسلار ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرى، يەنى ماركس ئېيتقان «ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى» دا تۇرۇۋاتقان «بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە قارشى ئۇرۇشلىرىنىڭ ئوبرازلىق ھېكايىلىرى» شۇنداقلا «قەھرىمان شەخسنىڭ ئىش - ئىزلىرى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيانى ۋە پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئېپتىدائىي روھىي ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان»② چوڭ تىپتىكى ئاغزاكى سەنئەت شەكلى ئىدى. قەدىمكى جۇڭگونىڭ قانداشلىق مۇناسىۋەت ۋە ئادەم بىلەن تەڭرىنىڭ بىرلىكىنى تەكىتلەيدىغان مۇستەبىت تۈزۈمى شۇنداقلا تارىخىي تۈيغۇنى ئېستېتىك ئىدىئالنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمى قىلىدىغان مەدەنىيەت پسىخىكىسى ئېپوس ژانىرىنىڭ مەيدان-

---

① ② گېگىل: «ئېستېتىكا»، سودا نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، 3 - جىلد، I توم، 170 -، 108 -، 109 - بەتلەر.

غا كېلىشىگە زادىلا ئىمكانىيەت بەرمىگەنىدى. شەرقىي ئاسىيادىكى تېرىم هاياتىغا ماس كېلىدىغان بۇ نەم، ئىللىق بەلباغدا، قەدىمكى يۇنانىنىڭ شەھەر فېدېراتسىيىسى شەكلىدىكى يېرىم دېموكراتىك قۇل- لۇق تۈزۈمىدىن كۆپ زامانلار ئىلگىرىلا قانداشلىق مۇناسىۋەت ئارقى- لىق خاراكتېرلىنىدىغان هاكىممۇتلەق، مۇستەبىت تۈزۈم قېلىپلاشقا- نىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ يەردە باشقا مەدەنىيەت سىستېمىلىرىغا تامامەن ئوخشىمىغان هالدا ئۇستقۇرۇلمىدا «بىر خىل تۇراقلاشقان قانۇن، سىياسىي تۈزۈم ۋە ئەخلاقىي فورمىلارنىڭ نەسرىي شەكلىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى»① مەيدانغا كەلدى. بەدىئىي تەپەككۇردىكى بۇنداق دوگماتىك خاھىش ئېپوستىن ئىبارەت ھەرىكەتچان ژانېرنى كەسكىن رەت قىلاتتى.

شەرق تېرىمچىلىرىنىڭ بالدۇرلا قېلىپلاشقان مەپكۇرىسىگە تاما- مەن ئوخشىمىغان هالدا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ يېنىك شاۋقۇنلىرىغا سىرداش بولۇپ ياشىغان قەدىمكى يۇناندا بۈيۈك ئېپوس دەۋرى ئېچىل- دى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئوتتۇرا ۋە ئىچكى ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئاتلىق يۈرۈشلىرى دۇنيا ئېپوس دەۋرىنى يۇقى- رى پەللىگە كۆتۈردى. ئۇلار يەنى ئېپوس ئىجادىيىتىگە قاتناشقان بارلىق مىللەتلەر — ئارىيانلار، بابىللىقلار، يۇنانلىقلار ۋە كېيىنكى ئاسىيا چەۋەندازلىرى شەرقىي ئاسىيادىكى «بالدۇر يېتىلگەن» تېرىم مىللەتلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخىچە تەنتەكلىكى كەتمىگەن، «تەرەققىياتى ئەڭ مۇكەممەل بولغان» ، «نورمال بالا»② ئىدى. بۇ «بالا» دا دولقۇنلاپ تۇرغان سەبىي هېسسىيات، قايناق شېئىرىي تۇي- غۇ، شوخلۇق بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن قورقۇمسىزلىق بار ئىدى. ئۇلار ئوخشاشمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن هاسىل

---

① گېگىل: «ئېستېتىكا» ، سودا نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، 3 - جىلد، II توم، 170 -، 108 -، 109 - بەتلەر.

② كارل ماركس: « ‹سىياسىي - ئىقتىساد ئىلمىگە تەنقىد› كە مۇقەددىمە» ، خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى.

بولىدىغان زىلزىلىلەرگە خۇشتار ئىدى. ئىنساننىڭ تەبىئىي گۈزەللى-
كىنى ئىستەيتتى. باشقىلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن قېچىپ كەتكەن
گۈزەل خانىش خېلىن ئۈچۈن ئون يىللاپ قانلىق جەڭ قىلىشقا تەييار
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تىندۇرمىسىدا ئاستا -
ئاستا بىخلىنىۋاتقان دېموكراتىك خاھىشلار ۋە مەڭگۇ ئويغاق سەزگۈ-
دىكى تاشمايىل ئەندىزە ئېپوس دەۋرىنىڭ ئېچىلىشىغا تۈرتكە بولغاند-
دى. شۇڭلاشقا غەربتىكى ئەللەردە، جۇملىدىن هاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ
تۇرغان يۇنانلىقلاردا ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرى باشلىنىپ،
بالىلىق تەپەككۇرى پارتلىغان چاغدا، شەرقتىكى سېرىق توپىلىق جا-
ھىل مەدەنىيەت بەلبېغىدا قېرىپ تىنىپ كەتكەن ئاسىياچە پىسخىك
ئەندىزە قېلىپلىشىشقا باشلىغانىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن دۇنيادىكى تارى-
خىي تۈيغۇغا ئەڭ باي ۋە يىلنامىچىلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە بۇ تېرىم
مىللەتتە بىرەرمۇ مۇكەممەل ئېپوس مەيدانغا كېلەلمىدى.

## 6

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ شەرقتىن باشلىنىپ، چەكسىز ئۇزاق
مۇساپىلەردىن كېيىن غەربتە ئۆز تاكامۇللىقىغا ئېرىشكەنلىكى بىزگە
ئىنسان تارىخىنىڭ ئەمەلىيەتتە روھ تارىخى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ
بەردى. دەرۋەقە، بىر مىللەتنىڭ تارىخىمۇ ئۆز ماھىيىتىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، مىللىي روھنىڭ پىشىپ يېتىلىش جەريانى ئىدى، مىللىي
روھ بىر مىللەت هاياتىدىكى ھەممە تەرەپلەرنىڭ ئورتاق يىغىندىسى
ئىدى. ياكى تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مىللەت هاياتىدىكى
بارلىق ئىپادىلەرنىڭ مىللىي روھتا قانات يېيىشى ئىدى. گېگىل ئۆز
پەلسەپىسىدە دۇنيا تارىخىنى روھنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە ئىشقا ئې-
شىش جەريانى، دەپ قارىدى. شۇنداقلا روھنىڭ ماھىيىتى ئەركىند-
لىكتە، شۇڭا دۇنيا تارىخىمۇ ئەمەلىيەتتە ئەركىنلىكنىڭ ئەمەلگە
ئېشىش تارىخىدۇر، دەپ ھېسابلىدى.
«مىللىي روھ» ئۇقۇمىنى ياۋروپا مەرىپەتچىلىك دەۋرىدە ياشى-

غان مونتېسكيۇ تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. كېيىن گېگېل
بۇ ئاتالغۇنى كۆپ قېتىم ئىشلەتتى ۋە مونتېسكيۇنىڭ «قانۇن روھى»
ناملىق ئەسىرىنى «بىر گۈزەل ئەسەر» ، «ئۇلۇغۋار ئىدىيە»① دەپ
تەرىپلىدى. گېگېلنىڭ قارىشىچە دۇنيا تارىخى جۇملىدىن روھنىڭ
پىشىپ يېتىلىش تارىخى تۆت باسقۇچنى، يەنى شەرق دۇنياسى، گرېك
دۇنياسى، رۇم دۇنياسى ۋە گېرمان دۇنياسىدىن ئىبارەت تۆت دۇنيانى
بېسىپ ئۆتكەنىدى. بۇ تۆت دۇنيا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىنسانىيەت
روھ تارىخىنىڭ بالىلىق، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە قېرىلىق دەۋر-
لىرىگە ۋەكىللىق قىلاتتى. شۇڭلاشقا «مىللىي روھ بىر خىل تەبىئىي
بىرلىك ھېسابلىناتتى. بۇ تەبىئىي بىرلىكتە گۈللىنىش ۋە قۇدرەت
تېپىشمۇ، زەئىپلىشىش ۋە يوقىلىشمۇ مۇقەررەر يۈز بېرەتتى»②. بىر
مىللەت ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان تارىخىي دەۋرىگە
كىرگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئەمەلىيەت تەسىر كۈچىمۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى-
نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ۋە سىرتقى بېسىملارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۆز
مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا تامامەن يېتەتتى. مانا مۇشۇنداق
باسقۇچتا مەزكۇر مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىغا جۇغلانغان جىمىكى ئېنېرگى-
يىلەر بىراقلا پارتلاپ چىقىپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ تەپەككۇر قانىتىنى
يېشەتتى ۋە پىكىر تاكامۇللۇقىنى ئىشقا ئاشۇراتتى. بۇ دەل ئۇنىڭدى-
كى مىللىي روھنىڭ گۈللەنگەن ۋە قۇدرەت تاپقان باسقۇچى بولاتتى.
لېكىن مەزكۇر مىللەت ئۆزىنى ئۆزى ئەمەلگە ئاشۇرغان، بۇرچىنى
ئادا قىلغان ھامان، ئۇنىڭ ھاياتلىق غايىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى مەنزىلى
ۋە ئۇلۇغۋار ئىنتىلىشلىرىمۇ غايىب بولاتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى-
دىكى ھاياتىي كۈچىمۇ ئاستا - ئاستا خوراشقا باشلايتتى. بۇنىڭ
نەتىجىسىدە مىللىي روھ زەئىپلىشىش ۋە يوقىلىش گىرداۋىغا يۈز

---

① گېگېل: «پەلسەپە تارىخىدىن لېكسىيىلەر» ، سودا نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى، Ⅳ توم 231 - بەت.
② گېگېل: «تارىختىكى ئەقلىيلىك» ، 65 - بەت.

ئۆتاتتى. چۈنكى روھنىڭ پىشىپ يېتىلىشى دەل ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىنكار قىلىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. «ئۆزىنى تونۇش ۋە بايقاشنىڭ يۇقىرى پەللىسى روھنىڭ ئەڭ ئالىي بۇرچىنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇ بۇ مۇقەددەس بۇرچنى ئورۇندىشى زۆرۈر ئىدى. لېكىن، مەزكۇر بۇرچنىڭ ئورۇندىلىشى ئۇنىڭ زەئىپلىشىشىدىن دېرەك بېرەتتى شۇنداقلا زەئىپلىشىش باشقا بىر باسقۇچقا، يەنى يېپيېڭى بىر روھنىڭ تۇغۇلۇشىغا ھامىلدار بولاتتى»①. گېگېل ھەتتا روھنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى بىر مىللەت ئۆز ھاياتىدا ئىچمىسە بولمايدىغان ئاچچىق شاراب دەپ ھېسابلىدى. «مۇئەييەن مىللىي روھ دۇنيا تارىخى تەرەققىياتىدىكى بىر ئايرىم بىرلىك. بىر مىللەتنىڭ ھاياتى ۋە روھىي مۇساپىسى مېۋە بېرىش ئارقىلىق پىشىپ يېتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھەرىكەت مۇددىئاسى ئۆز پرىنسىپلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. لېكىن بۇ مېۋە ئۇنى ئۆستۈرگەن ۋە ئايىنتقان ئاشۇ مىللەتنىڭ قولىغا چۈشمەيدۇ ھەمدە ئاشۇ مىللەتنىڭ ھوزۇرلىنىشىغىمۇ ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇ ئاشۇ مىللەتنىڭ لېۋىنى كۆيدۈرىدىغان بىر ئاپقۇر ئاچچىق شارابقا ئايلىنىدۇ. بۇ مىللەت ئۆزىنى زەئىپلەشتۈرۈش ۋە ھالاكەتكە باشلاش بەدىلىگە ئاشۇ بىر ئاپقۇر ئاچچىق شارابنى ئىچىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆتكۈر قوزغاتقۇچى كۈچى يېڭى بىر پرىنسىپنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ»②.

گېگېل بۈيۈك تارىخىي شەخسلەرنى «دۇنياۋى تارىخىي شەخس» دەپ ئاتىغىنىدەك، دۇنيا روھىنى ئۆز ۋۇجۇدىغا يۈكلىگەن مىللەتلەرنىمۇ «دۇنياۋى تارىخىي مىللەت» دەپ تەرىپلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، دۇنياۋى روھ يەككە ـ يېگانە ئىدى. مۇنداق يېگانە روھ ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ روھىيىتىدە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. دۇنياۋى روھ ھەر قېتىم مەلۇم بىر مىللەتنى تاللىۋېلىپ ئۆز ھالقىلىرىدىكى بۇرچنى ئىجرا قىلدۇراتتى. ھەر قانداق مىللەت ئۆز ھاياتىدا پەقەت بىرلا

① ② گېگېل: «تارىختىكى ئەقلىيلىك»، 67 ـ، 72 ـ بەتلەر.

قېتىم «دۇنياۋى تارىخىي مىللەت» لىك پۇرسەتكە ئېرىشەلەيتتى. مۇنداق بىر پۇرسەتكە سازاۋەر بولغان ھەر قانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچنى مۇقەررەر بېسىپ ئۆتەتتى: بىرىنچى باسقۇچ دەل ئۇنىڭ ھەقىقىي يوسۇندىكى خاسلىقىنىڭ شەكىللىنىش مەزگىلى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن تاكى ئىچكى دۇنياسى بىر پۈتۈنلۈككە ئېرىشكۈچە بولغان جەرياننى تەقەززا قىلاتتى. بۇ باسقۇچتا ئۇ بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سىرتقى مەدەنىيەتلەردىن ئەۋرىشكە قوبۇل قىلاتتى ھەمدە ئاشۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ بىرىكمىسى ئارقىلىق ئۆز خاسلىقىنى چېنىقتۇراتتى. ئىككىنچى باسقۇچ ئۇنىڭ سىرتقا قارىتا قىلغان غەلىبىسى جەريانىدا يېتىلگەن مۇستەقىللىقى ۋە گۈللىنىشكە ئېرىشكەن مەزگىلى ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دۇنياۋى تارىخىي مىللەتلەر بىلەن ئۇچراشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇ خىل ئۇچرىشىشتىن ھاسىل قىلغان غەلىبىسى ئارقىلىق دۇنياۋى روھتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس بۇرچنى ئىجرا قىلغۇچىغا ئايلىناتتى. بۇ دەۋر ئۇنىڭ ئەڭ قۇدرەت تاپقان مەزگىلى بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق كۈچ - قۇدرەتنىڭ كەينىدە ئۇنىڭ بۇرچىنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت مۇقەررەر تەقدىرى يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. شۇڭلاشقا، سىرتتىن بولىدىغان غىدىقلىنىش تۈگىگەن ھامان، ئۇنىڭ ئىچكى تاكامۇللىقىغىمۇ دەز كېتەتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە دۆلەت سىياسىي جەھەتتىن پارچىلىنىپ، سەنئەت ۋە ئىلىم - پەندىكى غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ قوياتتى - دە، بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتى بىلەن زەئىپلىككە يۈز تۇتاتتى. ئۈچىنچى باسقۇچ ئۇنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك زەئىپلىشىش مەزگىلى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلاد دۇنياۋى تارىخىي مىللەت بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇ خىل ئۇچرىشىشنىڭ مەغلۇبىيىتى نەتىجىسىدە، دۇنياۋى روھ ئۇنى شاللاپ قوياتتى ۋە ھاياتىي كۈچى ئۇر-

غۇپ تۇرغان يېڭى بىر مىللەتنىڭ زېمىنىسىگە يۆتكىلەتتى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى بىر گۈللىنىشتىن خارابلىشىشقىچە بولغان جەريان باشلىناتتى. گېگېل گەرچە قەدىمكى گرېكلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تۇتقا قىلىپ، بۇ خىل ھالقىسىمان جەرياننى يەكۈنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «بۇنداق ئوخشاش جەرياننى بىز ھەر بىر دۇنياۋى تارىخىي مىللەتنىڭ ھاياتىدىن ئېنىق كۆرەلەيمىز»① دەيدۇ.

دۇنياۋى تارىخىي مىللەت بولۇش پۇرسىتى باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىگە، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەرگە تالىق بولالىدىمۇ - يوق؟ ئۇلارنىڭ مىللىي روھى دۇنياۋى روھنىڭ بىر مۇھىم ھالقىسىغا ئايلىنالىدىمۇ؟

گېگېلنىڭ دۇنيا تارىخىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئاساسلىرى ھەققىدىكى تەلىماتى شەرقنى جۈملىدىن ئېچكى ئاسىيا رايونىدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ تارىختىكى رولىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە بىر چەتكە قايرىپ قويدى. گەرچە گېگېلنىڭ بۇ ھەقتىكى نۇقتىئىنەزەرلىرى تارىخ پەلسەپىسىدىكى ناھايىتى چوڭ بوشلۇقلارنى تولدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يەر شارىدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات سىرلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، گېگېلنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت تارىخىغا كۆرسەتكەن رولى ھەققىدىكى قاراشلىرى مونتېسكيۇ ۋەكىللىكىدىكى جۇغراپىيىلىك شارائىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، تەرەپدارلىرىنىڭ كەسكىن يەكۈنلىرىدىن مۇئەييەن ئارىلىقنى ساقلاپ كەلدى. شۇڭلاشقا ئۇ يۇنان ئېپوسلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە گۈزەللىكى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەسىرىنى بەك يۇقىرى ياكى بەك تۆۋەن مۆلچەرلەپ تاشلىماسلىقىمىز لازىم. ئىئونىيىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان زەڭگەررەڭ ئاسمىنى ھو-

① گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1956 - يىل نەشرى، 269 - بەت.

مېر ئېپوسلىرىنىڭ گۈزەللىكىگە ھەقىقەتەن زور تەسىر كۆرسەتكەن
بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ زەڭگەررەڭ ئاسمانىنىڭ يالغۇز ئۆزىلا ھومېرنى
تۇغقان ئەمەس. شۇنداقلا يەنە باشقا ‹ھومېر› لارنىمۇ داۋملىق تۇغال-
مىدى»①. ئۇ، دۇنياۋى تارىخىي مىللەت بولالىغان خەلقلەرنىڭ كۆ-
پىنچىسى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىللىق بەلباغلارنى
ئۆزىنىڭ ھاياتلىق سەھنىسى قىلغان. سوغۇق ۋە ئىسسىق بەلباغلار
«دۇنيا تارىخىنىڭ ھەرىكەت لىنىيىسىدىن ئەبەدىي چەتتە تۇرۇپ كەل-
گەن»②، چۈنكى «سوغۇق ۋە ئىسسىق بەلباغلاردا دۇنياۋى تارىخىي
مىللەتلىك پۈرسىتىگە ئېرىشەلىگەن خەلقلەرنىڭ ئىزلىرىنى تاپقىلى
بولمايدۇ. بۇ يەردىكى تومۇز ئىسسىق ۋە قەھرىتان سوغۇق ‹روھ›
نىڭ ئۆز دۇنياسىنى قۇرۇپ چىقىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ»③ دەپ
قارىدى.

گېرمانىيىنىڭ 18 ـ ئەسىردە ياشىغان دۇنياغا داڭلىق بۇ مەش-
ھۇر پەيلاسوپى تەكىتلەۋاتقان ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ جۇغراپىيىلىك
سەھنىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىن
ئىبارەت كونا دۇنياغا مەركەزلىشەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەت
مەدەنىيەت تارىخىنىڭ جۇغراپىيىلىك سەھنىسى ئوخشاشمىغان ئۈچ
خىل مۇھىتتىن، يەنى كېلىماتى قۇرغاق ئېچكى قۇرۇقلۇق، ئېگىز-
لىك ۋە پايانسىز يايلاق مۇھىتى؛ چوڭ دەريا ھاۋزىلىرىنى مەركەز
قىلغان تېرىم تۈزلەڭلىكى مۇھىتى ۋە دېڭىز ساھىللىرى مۇھىتىدىن
تەركىب تاپاتتى.

ئېگىزلىك ۋە ئېچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قۇر-
غاق ۋە قاقاس زونىلار بولۇپ، بۇ يەردە تار دائىرىدىكى ئېكىن تۇرمۇ-
شىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاھالىلارنىڭ كۆپىنچىسى چارۋىچىلىق ئە-
گىلىكى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلارنىڭ مۈلكى ۋە مەئىشىتى «يەردە

---

① ② ③ گېگىل: «تارىخ پەلسەپىسى»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1956 ـ يىل،
خەنزۇچە نەشرى، 123 ـ، 124 ـ بەتلەر.

ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى بىلەن بىللــە تىنىمســىز كۆچۈپ تۇرغــان
مال - چارۋىلىرىدا ئىدى»①. ئۇلار قەبىلە - ئۇرۇق ۋە ئائىلە
باشلىقلىق تۈزۈم ئارقىلىق ئىدارە قىلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا
قانۇنىي مۇناسىۋەت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. مۇنداق ھالەت ئۇلاردا
مېھماندوستلۇق ۋە بۇلاڭ - تالاڭغا خۇشتارلىقتەك ئادەتتىن تاشقىرى
پىسخىكىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا تىنچ تۇر-
مۇشقا مايىلدەك قىلىسىمۇ، لېكىن ئاتقا مىنگەن ھامان، ھەش - پەش
دېگۈچە ئۇيۇشۇپ، گويا توسۇۋالغىلى بولمايدىغان غايەت زور كەلكۈن-
دەك تېرىم ئەللىرىگە باستۇرۇپ بارىدۇ. شۇنداقلا بىر مەھەل پاراكەن-
دىچىلىكتىن كېيىن ئىز - تىزسىز غايىب بولىدۇ. ئۇلاردا ئۆز
ھېسسىياتىنى ئۆز مەدەنىيىتى ۋە پىسخىك تىندۇرمىسى بىلەن كونت-
رول قىلالايدىغان روھىي ئېنېرگىيە خېلىلا كەمچىل ئىدى. ئۇلار
ھامان باشقا مەدەنىيەتلەر، جۈملىدىن تېرىم ۋە دېڭىز مەدەنىيەتلىرى-
نىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان زىباسى تەرىپىدىن غىدىقلىناتتى. يەنە
كېلىپ بۇنداق غىدىقلىنىشتىن ئۇرغىغان ئەرلىك جاسارىتى باشقا
جاھىل مەدەنىيەتلەرنىڭ قەدىمىنىمۇ ئالغا سىلجىتاتتى. ئومۇمەن ئۇ-
لاردا ھەر قانداق شەكىلدىكى تۇراقلاشقان مەۋجۇتلۇق پرىنسىپى يوق
ئىدى. گېگىل ئۇلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە چىڭگىزخان ۋە ئاقساق
تېمۇرنىڭ قىلىچى ئاستىغا ئۇيۇشقان موڭغۇل - تۈركلەرنى ۋە غەربىي
ئاسىيادىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئەرەبلەرنى تىلغا ئالىدۇ.

چوڭ دەريا ھاۋزىلىرىنى مەركەز قىلغان شەرقتىكى مۇنبەت تې-
رىم تۈزلەڭلىكلىرى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يەنە بىر جۇغراپىيىۋى
مۆھتىنى ھاسىل قىلغانىدى. دەريا لاتقىلىرىدىن شەكىللەنگەن مۇنبەت
تۇپراقتا مەيدانغا كەلگەن بۇ قەدىمىي تېرىم مەدەنىيەتلىرى ئۆزىنىڭ
جاھىللىقى، بالدۇر يېتىلگەنلىكى ۋە ئاسان ئۆزگەرمەيدىغانلىقى بىلەن

① گېگىل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 133 - بەت.

باشقا مەدەنىيەتلەردىن تۇپتىن پەرقلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ دەسلەپكى بەتلىرى مۇشۇ يەرلەردە باشلانغان بولۇپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقلاردىكى ئاتلىق مىللەتلەر بىلەن غەربتىكى دېڭىز مىللەتلىرى تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغان چاغدا، ئۇلار ئاللىقاچان قېلىپلاشقان ئەخلاقىي ئەندىزە بىلەن ھاكىممۇتلەق سىياسىي تۈزۈلمىنى تىكلەپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا تەبىئەت دۇنياسىدىكى قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلگەنگە ئوخشاش روھنىڭ قوياشىمۇ شەرقتىن كۆتۈرۈلگەنىدى. ئەمما ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ماھىيىتى بولغان ئەركىنلىك ئۇقۇمى بۇ يەردە ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئىمكانىيەت تاپالمىغانىدى. گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازدى: «دۇنيا تارىخى شەرقتىن غەربكە قاراپ تەرەققىي قىلدى، چۈنكى ياۋروپا مۇتلەق ھالدا تارىخنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى، ئاسىيا باشلىنىش نۇقتىسى بولغانىدى»①. «روھنىڭ پارلاق نۇرى ئاسىيادىن كۆتۈرۈلگەچكە، دۇنيا تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسىمۇ ئاسىيا قىتئەسىدىن باشلاندى...②». دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بۇ جۇغراپىيىۋى سەھنىگە «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى مەركەز قىلغان جۇڭگو، ھىندى ۋە گانگ دەريالىرى ھاۋزىسىدىكى ھىندىستان، دەجلە - ئېفرات ئارقىلىق سۇغۇرۇلىدىغان بابىل، نىل دەرياسى بويىدىكى مىسىر قاتارلىقلار ۋەكىللىك قىلاتتى. مانا مۇشۇ ۋادىلاردا مەيدانغا كەلگەن بۈيۈك سۇلالىلەر ناھايىتى چوڭ مەدەنىيەتلەرنىڭ ئاساسىنى قۇرۇشقا باشلىغانىدى. بۇ يەردىكى خەلقلەر دېھقانچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى ۋە رېتىملىق ئالمىشىپ تۇرىدىغان تۆت پەسىلنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تېرىقچىلىق قىلاتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە يەرگە بولغان مۇلۇكچىلىك ۋە ھەر خىل قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت

---

① ② گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 144 -، 148 - بەتلەر.

قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى دەل مۇشۇ قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ باشلىنىشى جەريانىدا مۇمكىنچىلىككە ئىگە بولدى»①. لېكىن بىر خىلدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان تېرىم هاياتى بۇ يەردىكى خەلقلەردە تىنچ ــ ئاسايىشلىقنى خالايدىغان، ئەنئەنىگە هېرىسمەن، توختاۋسىز زىلزىلىلەرگە قارىغاندا شېرىن سۈكۈتنى ياقتۇرىدىغان پىسخىك خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەنىدى. گېگىل تىلغا ئالغان شەرق دۇنياسى دەل مۇشۇ رايونلاردىكى خەلقلەرنى كۆرسىتەتتى. گەرچە چوڭ دەريا هاۋزىلىرىنى مەركەز قىلغان جۇڭگو، هىندىستان، پېرسىيە ۋە مىسىر قاتارلىق ئەللەر «شەرق دۇنياسى» دېن ئىبارەت بۇ سىستېمىنى هاسىل قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماهىيەتلىك پەرقلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. بولۇپمۇ جۇڭگو مەدەنىيىتى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ بېكىك، جاهىل ۋە ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان تىپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسىيانىڭ چە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قالغان تۇرغۇن خاراكتېرى تارىخنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنى «بالدۇر يېتىلگەن بالا» غا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

پايانسىز دېڭىز ــ ئوكيانلار ئارقىلىق قورشىلىپ تۇرغان ئارال، يېرىم ئارال ۋە تاقىم ئاراللارنىڭ ئەبەدىي سۈيۈشۈپ تۇرۇشىدىن هاياتىي كۈچ ئالغان ساهىل رايونلىرى گېگىل تەكىتلىگەن ئىنساندىيەت تارىخىنىڭ ئۈچىنچى مۇهىم جۇغراپىيىلىك سەهنىسى ئىدى. يىراقتىكى ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئەتراپىدىكى ساهىل رايونلىرى دەل مۇشۇ زونىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلاردا شەرقتىكى تېرىم مىللەتلىرىگە ئوخشاش ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئۆز يەرلىرىنىڭ نىسىۋىسى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، تىنچ ــ خاتىرجەم ياشايدىغان شارائىت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇلار تېرىم ياكى چارۋىچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقىم ئىگىلىك شەكلى قىلمايتتى. بەلكى شەهەر هاياتى

① گېگىل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 134 ــ بەت.

ئارقىلىق خاراكتېرلىنىدىغان بازار رىقابىتى ۋە سودىنى ئاساس قىلات-
تى. ئۇلار دېگىنىز - ئوكيانلار كېچىپ يېڭى مەۋجۇتلۇق ماكانى ئىز-
دەشكە، ھەممە تەئەللۇقاتىنى، ھەتتا ھاياتىنى دوغا تىكىپ تەلەي
سىناپ بېقىشقا، تەۋەككۇلچىلىككە ۋە تەبىئەت بىلەن بولغان تىنىمسىز
ئېلىشىشلار جەريانىدا شەخسنىڭ قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە خۇش-
تار ئىدى. دېڭىز ئۇلارغا چەكسىزلىك، ئوچۇقلۇق، تەمكىنلىك ۋە
سىرتقا ئېنتىلىشچانلىق ئاتا قىلغانىدى. دېڭىز قاتنىشىنىڭ مەيدانغا
كېلىشى ئۇلارنى جۇملىدىن ئويغاق ياۋروپانى دۇنيا تارىخىنىڭ پاراۋۇ-
زىغا ئايلاندۇرغانىدى. شۇڭا گېگىلنىڭ ياۋروپانى ئىنسانىيەت تارىخى-
نىڭ «ئاخىرقى ۋە پىشقان پەللىسى» دېيىشى شۇ سەۋەبتىن ئىدى.
گېگىل ئۆزىنىڭ تارىخ پەلسەپىسىدە بارلىق ھېس - ھاياجىنى ۋە
مۇھەببىتىنى دېڭىز ساھىلىدىكى رايونلارغا ئاتا قىلدى. بۇ رايونلارنىڭ
ئىللىق ئىقلىمىنى سوغۇق ۋە ئىسسىق بەلباغلارنىڭ كېلىماتىغا قارى-
غاندا، ئىنسان تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇرۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارى-
دى. ئۇنىڭ قارىشىچە «دېڭىز كىشىلەرگە پايانسىزلىق ۋە چەكسىز-
لىك ئۇقۇمى ئاتا قىلاتتى. ئىنسان دېڭىزنىڭ چەكسىزلىكى ئىچىدىن
ئۆزىنىڭ چەكسىزلىكىنى ھېس قىلغان چېغىدا ۋۇجۇدى كۈچ - قۇۋ-
ۋەت ۋە جاسارەتكە تولۇپ، كۆز ئالدىدىكى چەكلىك مەۋجۇتلۇقلارنىڭ
ھەممىسىدىن ھالقىپ كېتىشنى ئىستەيتتى. كىشىلەرنى دېڭىز بوي-
سۇندۇرۇش ۋە يېڭىشقا چاقىراتتى شۇنداقلا يەنە پايدا قوغلىشىپ سودا
بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۈندەيتتى. . . »①. شۇڭلاشقا ئوتتۇرا يەر دېڭى-
زىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئىنسانىيەت روھىي دۇنياسىنى ئەبەدىي
سۇغۇرۇپ كەلگەن بۈيۈك مەدەنىيەتلەر — مىسىر مەدەنىيىتى،
ئىبراي - يەھۇدىي مەدەنىيىتى ۋە يۇنان - رۇم مەدەنىيەتلىرى يارىتىل-
غانىدى. ئۈچ بۈيۈك دىن — يەھۇدىي، خرىستىئان ۋە ئىسلام دىنلىرى

① گېگىل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 134 ـ، 131 ـ، بەتلەر.

مۇشۇ يەردە مەيدانغا كەلگەندى. ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت كونا دۇنيانى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلغۇچى «بىرىكتۈرمە ئامىل» ئىدى. «ئۇ، يەر شارىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى بىر ـ بىرىگە باغلىغانىدى. ئۇ، دۇنيا تارىخىنىڭ مەركىزى، كونا دۇنيانىڭ يۈرىكى ئىدى. چۈنكى ئۇ كونا دۇنيانىڭ بەرپا بولۇشىغا شارائىت ۋە ھاياتىي كۈچ بەرگەنىدى. ناۋادا ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بولمىغان بولسا، دۇنيا تارىخىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان بولاتتى»①.

دېمەك گېگېلنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىت بىلەن تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياۋروپا مەركەزچىلىك تەلىماتىغا ئاساس ياراتتى. ئۇ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ قۇياشى شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ، تەدرىجىي غەربكە قاراپ ياۋروپادا ئاخىرقى پەللىسىگە يەتتى، شۇڭلاشقا ياۋروپا دۇنيا تارىخىنىڭ مەركىزى ۋە ئاساسىي ئېقىمى بولالايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە گېگېلنىڭ نۇقتىئىينەزەرلىرىدىن ئوزۇق ئالغان، ياۋروپانى مەركەز قىلغان يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخ پەلسەپىسى ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى ۋە رولىغا ھېچقانچە سەھىپە بەرمىدى.

## 7

مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىۋى مۇھىتتا ئىپادە قىلغان مەدەنىيەت پىسخىكىسى ۋە روھىيەت قاتلىمىنى ئوپېراتسىيە قىلىشتا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قانچە چوڭ مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىش ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. چۈنكى ئەجدادلىرىمىز پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى

① گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 132 ـ بەت.

بۇرۇندىن تارتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشيا مەدەنىيىتىنى مەر-
كەز قىلغان شەرقىي ئاسىيا مەدەنىيەت تىپى، ھىندى مەدەنىيىتىنى
ئاساس قىلغان جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە پارس،
ئىبراي، ئەرەب مەدەنىيەتلىرىدىن يۇغۇرۇلغان غەربىي ئاسىيا مەدەنى-
يەت تىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق رايون ئىدى. ئۇ، ئۆز ئەتراپى-
دىكى بىر قانچە چوڭ مەدەنىيەت چەمبىرەكلىرىنى بىر ـ بىرىگە
تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى ۋە ئۆز ئارا باغلايتتى. بۇ رايون ناھايىتى زور
ئۆتكۈزگۈچكە ئوخشايتتى. شۇڭلاشقا بۇ جايدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ
ئۆز ئەتراپىدىكى چوڭ مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى
مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇنداق تەسىر قارا ـ قويۇق، ئۆلۈك
ھالەتتە بولماستىن، بەلكى ئىلغاش ـ شاللاش ۋە تاللاش شۇنداقلا
پائالىيەتچان مۇئامىلىدە بولۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. يەنە كې-
لىپ سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەننىۋا تەسىرلىرىنى ئۆز مەدەنىيىتى-
نىڭ قوينىغا يۇغۇرۇپ، ئۆز ئىجادىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ تاشلايتتى.

ھالبۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ
تۇرغان بىر قانچە چوڭ مەدەنىيەت تىپلىرى مۇئەييەن مىقداردا ئۆز ئارا
ئۇچۇر ئالماشتۇرۇپ، شەرق دۇنياسىغا ئورتاق ئەندىزىنى يارىتىشقا
تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆز خاسلىقىنى
ساقلاپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردىكى جاھىلانە خاسلىق ھەر
ۋاقىت بىر ـ بىرىنى چەتكە قېقىشقا تەييار تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئۇزاق
ئاسىيانىڭ تارىخى شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەر بىلەن جەنۇبتىكى تې-
رىم مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توختاۋسىز سۈركىلىش جەريانى بو-
لۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەر قايسى چوڭ مەدەنىيەت تىپلىرى
ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سىنىشىش جەريانىمۇ ئىدى. لېكىن، شۇنداق
بولۇشىغا قارىماي، ئاسىيا قىتئەسىدىكى ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت
تىپى — شەرقىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا مەدەنىيەت
تىپلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئوتتۇرا ۋە ئىچكى ئاسىيادىكى

ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرى ۋە كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلى-رىدىن زىلزىلە ئېلىپ كەلدى. بۇنداق زىلزىلىلەر ئۇلارنىڭ ھەر قېتىملىق مەدەنىيەت گۈللىنىشىگە بىۋاستە سەۋەب بولدى. بۇنىڭدىن تۆت - بەش مىڭ يىللار مۇقەددەم ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىيانلىرىنىڭ ھىندىقۇش ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، ھىندىستانغا باستۇرۇپ كىرىشى ۋە يەرلىك ئاھالە دارۋىدلار بىلەن قوشۇلۇشى، ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ تۇنجى پارلاق سەھىپىسىنى ئاچتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھىندىستاندا ئېپوس دەۋرى ئېچىلىپ، ھىندى - گانگ دەريالىرىنىڭ بىر خىلدا لۆمۈلدەپ ئېقىشىغا كۆنۈككەن شەرقچە جىمجىت كەيپىيات بۇزۇلۇپ تاشلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتلىق قوۋملەرنىڭ گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولىدىغان بۇنداق توختاۋسىز يۈرۈشلىرى تاكى بابۇرنىڭ ھىندىستاندا سەلتەنەت تىكلىشىگىچە بولغان ئۇزاق جەريانغىچە داۋاملاشتى.

غەربىي ئاسىيا مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى ئەڭ پارلاق نامايەندە ھېسابلانغان ئىران مەدەنىيىتىمۇ ئۆز تارىخىدا يېقىن قوشنى-سى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىۋاستە تەسىرى ۋە زەرەتلىشىگە ئۇچرىدى. قەدىمكى ئاخمانىيلار ۋە ساسانىيلاردىن تارتىپ، ئوتتۇرا ئەسىردە ئە-رەب ئىمپېرىيىسى گەۋدىسىگە ئۇيۇشقان پارس مەدەنىيىتى دەۋرىگىچە ئىرانلىقلار ئىزچىل ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ توختاۋسىز مۇداخىلىسىگە ئۇچراپ كەلدى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان كۈچ سېلىشتۇر-مىسى جەريانىدا ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ باردى. X ئەسىردە فىر-دەۋسىنىڭ قەلىمى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن گىگانت ئېپوس — «شاھنامە» دەل ئىران بىلەن تۇران خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك توختاۋسىز ئۇرۇشلارنى ئۆزىگە باش تېما قىلدى.

شەرقتىكى جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىمۇ تارىختىن بۇيان شىمال-دىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ تىنىمسىز پاراكەندە قىلىشىغا ئۇچراپ كەلدى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاتلىق يۈرۈشلىرىنى توسۇش ۋە تاقابىل

تۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنى ئۆزى كۆچەيتىپ باردى. ئەمەلىيەتتە جۇڭگو تارىخىدىكى بىر قانچە قېتىملىق چوڭ بىرلىككە كېلىشلەر شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەر تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. خۇددى تارىخشۇناس گې جيەنشيۇڭ ئەپەندى ئېيتقاندەك: «جۇڭگودىكى تېرىم رايونلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى خەنزۇ مىللىتى تەرىپىدىن ئورۇندالدى، لېكىن جۇڭگو تارىخىدىكى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى بولسا، تامامەن شىمالدىكى يايلاق مىللەتلىرى تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بولۇپمۇ يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئۈچ قېتىملىق جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشى جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى»①.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئاسىيا قىتئەسىدىكى بىر قانچە چوڭ مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى ئاتلىق قوۋملەرنىڭ زور قوزغىتىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇنداق قوزغىتىشتىن كېلىپ چىققان مەدەنىيەت ئەندىزىسى پۈتۈنلەي باشقا - باشقا ئىدى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، دۇنيا قارىشى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئېستېتىك تەلپۈنۈشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماھىيەتلىك پەرقلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ باردى.

جۇڭگو مەدەنىيىتى، جۈملىدىن خۋاشيا مەدەنىيىتى ئاسىيادىكى بىر قانچە چوڭ مەدەنىيەت تىپلىرى ئىچىدە خاسلىقى كۈچلۈك ۋە ئۆزگىچە مەدەنىيەت تىپى ئىدى. دۇنيادىكى باشقا نۇرغۇن قەدىمكى مەدەنىيەتلەر تارىخنىڭ تەرەققىياتى ۋە دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى يوقاتقان ياكى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن پەقەت جۇڭگو مەدەنىيىتىلا ئۆزگىرىپ كەتمەستىن، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەندىزىسىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. جۇڭگونىڭ نىس-

---

① گې جيەنشيۇڭ: «بىرلىككە كېلىش ۋە بۆلۈنۈش — جۇڭگو تارىخىدىن كۆرسەتمىلەر»، ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى، 114 - بەت.

بەتەن بېكىك جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە بالدۇرلا قېلىپلاشقان «ئاسىياچە ئىشلەپچىقىرىش شەكلى» ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتتە ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان جاھىلانە كەيپىياتنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە مۇئەييەن ئىجتىمائىي بىرلىككە بولغان مەسئۇلىيەتنى كۆپرەك تەكىتلىگەچكە، ئۇلار ئەزەلدىنلا دىنىي چۈشەنچىلەرگە قارىغاندا ئەمەلىي تۇرمۇشقا جىقراق كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇڭا جۇڭگودا رۇجىيا (儒家) ۋە تەرىقەتچىلەر (道教) قاتارلىق ئېقىملار باشتىن ئاخىر مۇكەممەل دىنىي سىستېمىغا ئايلىنالمىدى؛ سىرتتىن كىرگەن نۇرغۇن چوڭ دىنلار — مانى، بۇددىزىم، ئىسلام ۋە خرىستىئان دىنلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇلارنىڭ ئورتاق دىنىي ئېتىقادى بولالمىدى؛ ئۇلار ئۆز جەمئىيىتىنى دىنىي ئەخلاق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئائىلە ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلغان فېئوداللىق ئەخلاق بىلەن كونترول قىلىپ كەلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھوقۇق پادىشاھقا مەركەزلەشكەن ھاكىممۇتلەق سىياسىي فورما قېلىپلىشىپ، دېموكراتىك ئىدىيە ۋە شەخسنىڭ ھوقۇقى تەكىتلىنىدىغان سىياسىي تۈزۈلمىگە ئىمكانىيەت بولمىدى. ئەكسىچە فېئوداللىق ئەمر - مەرۇپ، نەسەب - ئەھكام، قائىدە - يوسۇن ۋە دەرىجە تۈزۈمى ھەدەپ تەشۋىق قىلىنىدىغان، شەخسنىڭ ئائىلە، ئىجتىمائىي بىرلىك ۋە جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيىتى تەكىتلىنىدىغان، ھوقۇق ۋە نوپۇز ئالدىدا ئۆزىنى ئەرزىمەس نەرسە ھېسابلايدىغان جەمئىيەت ئەندىزىسى بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇددى گېگىل ئېيتقان «ئۆزلۈك ئېڭى يوق مىللەت» سۈپىتىدە، ئۆزىنى ئىنكار قىلىش بەدىلىگە ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائىي توپنى مۇئەييەنلەشتۈردى شۇنداقلا پادىشاھلىق ھوقۇق بىلەن ئىلاھىي ھوقۇقنى بارغانسېرى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ بەھەيۋەت سۈرىگە چوقۇنىدىغان پىسخىكىنى شەكىللەندۈردى. شۇڭا گېگىل بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شەرقلىقلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم پىسخىك ئالاھىدىـ

لىكىنىڭ بىرى، مەلۇم زور كۈچ ئالدىدا ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇشتۇر. ئۇلار شەخس پەقەت مەلۇم بىر زور كۈچ ئالدىدىكى ئەرزىمەس نەرسە، خالاس، دەپ قارايدۇ»①.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇزاق مۇددەتلىك بېكىك مۇھىت ۋە ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن فېئوداللىق سىياسىي تۈزۈلمە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى دۇنيانىڭ مەركىزى ھېسابلاپ، باشقىلارنى كەم سۇندۇرىدىغان، ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ ئوشۇقچە مەغرۇرلىنىدىغان AQ چە پىسخىك كەيپىياتىنى يېتىلدۈرۈپ قويغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە يېقىنقى زامانغا كەلگەندە يېڭىدىن گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋروپالىقلار يېڭى جۇغراپىيىۋى ئۇقۇملارنى يەلكەنلىك كېمىلەرگە قاچىلاپ، توپ - زەمبىرەكلىرىگە تايىنىپ توسالغۇسىز ھالدا سېرىق دېڭىزغا ئۇسۇپ كىرگىنىدە، جۇڭگولۇقلار ھەسسىلەپ بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. مىلادىيە 1793 - يىلى، يەنى پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ 58 - يىلى ئەنگلىيە پادىشاھى جورجى III ئۆزىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىسى جورجى ماكارتىنېينى جۇڭگوغا ئەۋەتىدۇ. بۇ دەل چيەنلۇڭ خاننىڭ 80 ياشقا تولغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتقان مەزگىل ئىدى. باش ئەلچى ماكارتىنېي چىڭ خاندانلىقى بىلەن سودا توختامى تۈزۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لېكىن ئۇ چيەنلۇڭ خان بىلەن كۆرۈشكەندە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئوردا قائىدە - يوسۇنى بويىچە پادىشاھقا توققۇز قېتىم باش قويۇپ، ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىدىغان رەسمىيىتى بويىچە كۆرۈشمەي ئۆز قائىدىسى بويىچە كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چىڭ خاندانلىقى سودا توختامى تۈزۈشنى رەت قىلىدۇ. لېكىن ئىككى تەرەپ قايتا - قايتا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، چيەنلۇڭ خان بىلەن قانداق كۆرۈشۈش مەسىلىسى ئۈستى-

① گېگېل: «پەلسەپە تارىخىدىن لېكسىيەلەر»، I - توم، 95 - بەت.

ىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىندۇ ۋە سودا توختامى تۈزىلدۇ. چيەنلۇڭ خان ئاخىرى ئۇلارنى رېخېيدىكى يازلىق ئارامگاھىدا قوبۇل قىلىدۇ. لېكىن شۇ چاغدىكى ئوردا تارىخچىلىرى بۇ ۋەقەنى تەپتارتماستىن جىلد - جىلد يىلنامىلىرىگە: «ئەنگلىيە ياۋايىلىرى ئوكيان كېچىپ، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، ئۆزلىرىنىڭ ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سوۋغا - سالاملار بىلەن ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ نامۇۋاپىق تەلەپلىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ‹مەيدىسىدىن ئىتتىرىش› پوزىتسىيەسى بويىچە ساداقەت ۋە ئىخلاسلىرى قوبۇل قىلىندى»[1] دەپ يازىدۇ. كېيىن بۇ خاتىرىلەر چيەنلۇڭ خانىنىڭ تەستىقى بىلەن ئوردا ھۆججەتلىرىدىن دۆلەت يىلنامىلىرىگە رەسمىي كۆچۈرۈلىدۇ.

XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا غەربلىكلەر غايەت زور جۇغراپىيىلىك بايقاشلارنى ئورۇنداپ، شەرقنى ئۆزلىرىنىڭ تالان - تاراج ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇشنى ئويلاۋاتقان چاغدا «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈۋاتقان ئوردا تارىخچىلىرى ياۋروپالىق رىككىماتخوسنىڭ «ھەر قايسى ئەللەرنىڭ تەزكىرىلىك خەرىتىسى» دېگەن ئەسىرىگە باھا بېرىپ: «ئۇنىڭ ئىچىدىكى بايانلارنىڭ ھەممىسى يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بولۇپ، ئويلىنىپ بېقىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ»[2] دېگەنىدى. ۋەھالەنكى، چوڭ ئاستانىدىكى ئوردا تارىخچىلىرى ھاقارەت قىلغان بۇ ئەسەر ئۆز زامانىسىدىكى غايەت زور جۇغراپىيىلىك بايقاشلارنىڭ سەمەرىسى ئىدى. «ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇرۇن چىڭ خاندانلىقى ئىشىكىنى مەھكەم تاقىۋېلىپ، ئۆزىنى قوغداش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنىدى ۋە ھەدەپ ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەنىدى. دۇنيا ھەققىدە ھېچقانداق بىلىمى يوق چېگرا ئەمەلدارلىرى چەت مەملىكەتلەرنى ‹ياۋايىلار دۆلىتى› دەپ كەمسىتەتتى. ئۇلار ھەتتا ئەنگلىيە

---

① ② گې جيەنشيۇڭ: «بىرلىككە كېلىش ۋە بۆلۈنۈش — جۇڭگو تارىخىدىن كۆرسىتىلمىلەر»، 18 -، 19 - بەتلەر.

بىلەن 200 يىل سودا مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيىنىڭ يەر شارىنىڭ قەيىرىدە ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇقمايتتى»①. شۇڭلاشقا «تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، غەربلىكلەرنىڭ ئۇرۇش پاراخوتلىرى بىلەن توپ ـ زەمبىرەكلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھاقارەتلىك شەرتنامىلەرنى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولغان تۇرۇقلۇقمۇ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئوردا ھۆججەتلىرىدە يەنىلا يۇزنى قېلىن قىلىپ يازغان ‹ بۈيۈك چىڭ خاندانلىقىنىڭ خاقانى ئاشۇ ياۋايىلارغا شەپقەت قىلدى. . . › دېگەن بايانلاردىن ئەجەبلەنگىلى بولمايتتى»②. مۇشۇ نۇقتىدىن تەھلىل ئېلىپ بارغان گې جيەنشيۇڭ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەردە تارىختا جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدىكى سۇلالىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلغانلىكى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز يازما خاتىرىلىرى بولغان بولسا، ئېھتىمال بۈگۈنكى كۈندە 24 تارىختىكى بەزى يات ئەللەر ۋە مىللەتلەر تەزكىرىلىرىنى قايتىدىن يېزىشقا توغرا كەلگەن بولاتتى. بەزى تارىخشۇناسلارنىڭ بىباھا قامۇسلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ چىقارغان يىتۇك يەكۈنلىرىمۇ يۇقىرىقىدەك كۈلكىلىك كومېدىيىلەردىن ساقلىنالمىغان بولاتتى»③.

تارىختىكى فېئوداللىق ھۆكۈمرانلارنىڭ بۇنداق قارىغۇلارچە شۆھرەتپەرەسلىك قىلمىشلىرى چىڭ خاندانلىقىدىن بۇرۇنقى سۇلالىلەر دەۋرىدىلا خەلقنى مىسلىسىز بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر قىلغانىدى.

خەن ۋۇدى دەۋرىدە سىرتقا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئون نەچچە تۈركۈمگە يېتەتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، يىراقتىكى ئەللەرنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ خەۋەرلىرى ئارقىلىق خەن پادىشاھىنى قىزىقتۇرسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرى بارغان يەرلەردە تىزىق ـ تىزىق ئاقچىلارنى يەرگە تاشلاپ، خەن خاندانلىقىنىڭ باياشات ۋە كۈچلۈكلىكىنى

---

① گاۋ يابياۋ، ۋۇدەنماۋ: «مىللىي روھنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا»، جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر نەشرىياتى شىركىتى، 1988 ـ يىل نەشرى، 149 ـ بەت.

② ③ گې جيەنشيۇڭ: «بىرلىككە كېلىش ۋە بۆلۈنۈش — جۇڭگو تارىخىدىن كۆرسەتمىلەر»، 19 ـ، 20 ـ بەتلەر.

كۆز - كۆز قىلاتتى. خەن ۋۇدىنىڭ چەت ئەللىك مېھمانلارنى شەخسەن ئۆزى باشلاپ، خەن خاندانلىقىنىڭ باياشاتلىقنى پەش قىلىش ئۈچۈن بۇزۇپ - چاچقان چىقىملىرى كىشىنىڭ توۋا دېگۈسىنى كەلتۈرەتتى.

سۇي ياڭدى چەت ئەللىكلەرنىڭ ئالدىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاجايىپ پاراۋانلىقىنى پەش قىلىش ئۈچۈن توپ - توپ يىپەكلەرنى دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىپ بېزەك قىلىشنى بۇيرۇغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئەينى چاغدىكى دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە دەپ قارالغان يىپەكنىڭ جۇڭگودا ئادەتتىكى نەرسە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان①.

دېمەك، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئۇزاق مۇددەتلىك بېكىك مۇھىت، سۇلالە نامى ئالماشسىمۇ سىياسىي تۈزۈلمە ئۆزگەرمەيدىغان تۇرغۇن ھالەت ۋە فېئوداللىق دەرىجە - نەسەب قارىشى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئۇزاققىچە بىر ئىزدا توختاپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، سىرتقى دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالغان جۇڭگو جەمئىيىتى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، غايەت زور يوقىتىشلارغا ئۇچرىدى. ماركس ئەپيۇن ئۇرۇشى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «نوپۇسى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان بىر غايەت زور ئىمپېرىيە جاھان ۋەزىيىتى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مۇقامىغا دەسسەپ يۇرۇۋەردى. دۇنياۋى ئالاقە تورى ۋە سىستېمىلىرىدىن سىقىپ چىقىرىلدى ۋە يېتىم - تەنھا ھالەتتە قالدۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۈچىنىڭ بارىچە ئۆزلىرىنىڭ ھاكىممۇتلەق سۇلالىرىنى كەمكۈتىسىز گۈزەللەشتۈرىدىغان خىياللىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئالدىدى. مۇشۇنداق بىر ئىمپېرىيە ئاخىرى مۇشۇنداق بىر مەيدان ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش جەريانىدا ئۆز ھالاكىتىنى كۈتۈۋالدى»②.

---

① گې جيەنشيۇڭ: «بىرلىككە كېلىش ۋە بۆلۈنۈش — جۇڭگو تارىخىدىن كۆرسەتمىلەر»، 199 -، 200 - بەتلەر.

② «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، II توم، 26 - بەت.

خۋاڭخې ۋە چاڭجياڭ دەريالىرى ۋادىسىدىكى مۇنبەت تېرىم رايون-
لىرى بىلەن سېرىق توپىلىق زونىدا يەرگە باغلىنىپ، تەبىئەتنىڭ
خەير - ئېھسانىنى تىلەپ، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىگى-
لىككە تايىنىپ مۇقىم ۋە تىنچ ھاياتقا كۆنۈككەن بۇ كىشىلەر سىرتتىن
كېلىدىغان ھەر قانداق شەكىلدىكى غىدىقلاشلارنى خالىمايتتى. باشقا
ئەللەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى تېخىمۇ ياق-
تۇرمايتتى. خۇددى رىۋايەتلەردىكى ياۋ (尧) دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن
بىر قوشاقتا ئېيتىلغىنىدەك: «كۈن چىقسا ئېتىزدا ئىشلەيمىز، كۈن
ئولتۇرسا دەم ئالىمىز، ئۆزىمىزنىڭ قۇدۇقىدىكى سۇنى ئىچىمىز،
ئېتىزىمىزدىن چىققان ئاشلىقنى يەيمىز. . . »① دەپ بىر خىلدا تۇر-
مۇش كەچۈرەتتى. ئىنسانىيەت ئۇزاق مۇددەتلىك يېزىقسىز دەۋرنى
بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئېپوسلار ئارقىلىق خاراكتېرلىنىدىغان ھەقىقىي
بالىلىق دەۋر — قەھرىمانلىق دەۋرىنى ئاچقان چاغدا، يىراق شەرقتى-
كى بۇ تېرىم خەلقلىرى «ئاسىياچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى» نىڭ بىر
خىلدا پەيلىشى بىلەن زاكىسىدىلا قېرىپ، «بالدۇر يېتىلگەن بالا»
بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لاۋزى قاتارلىق قەدىمكى زامان
دانىشمەنلىرىنىڭ داۋاملىق تەشەببۇس قىلغان غايىۋى ئىدىيىئالى «ئى-
شىكنى چىڭ تاقىۋېلىپ خاتىرجەم ياشاش، كۆپ ئىشلارنى ئويلىماس-
لىق» تەك بىكىك تۇرمۇش پەلسەپىسى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ شەرقچە
روھىيەت جۇغلانمىسىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. لاۋزىنىڭ
تۆۋەندىكى سۆزلىرى پۈتۈكچىلەر تەرىپىدىن ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد كۆچۈ-
رۈلۈپ، ئېغىزمۇ - ئېغىز زىكىر قىلىنىپ، دەرسخانىلاردا قايتا -
قايتا ئوقۇتۇلۇپ كەلگەنىدى: «دۆلەت كىچىك، خەلق ئاز بولۇشى
كېرەك. پۇقرالارنىڭ قورال - سايمانلىرى ئارتۇقچە بولسىمۇ ئۇنى
ئىشلەتمەسلىكى، ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ يىراق جايلارغا بارماسلى-

① شېن دېچۈەن: «قەدىمكى شېئىرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 1 - جىلد.

قى، ھارۋا، كېمە قاتارلىقلار بولسىمۇ ئولتۇرماسلىقى، قوراللىرى تەييار بولسىمۇ قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكى لازىم. پۇقرالار مىختەك ئەستە تۇتۇش ئۇسۇلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يېيەلىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەملىك، كىيەلىگەن كىيىملەرنىڭ ھەممىسىنى چىرايلىق دەيدىغان تۇيغۇنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى بىخەتەر ھەم راھەت دەپ ھېس قىلىشى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى خۇشاللىق بىلەن ساقلىشى لازىم. قوشنا ئەللەر بىر - بىرىنىڭ توخۇلىرىنىڭ چىللاشلىرى ۋە ئىتلىرىنىڭ قاۋاشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، لېكىن پۇقرالىرى تاكى ئۆلگىچە بىر - بىرى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلماسلىقى كېرەك»①. لاۋزى ۋە كۇڭزى - مېڭزىلارنىڭ پەلسەپىلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغا رۇجىيا ئېقىمى ۋە تەرىقىتى جۇڭگو جەمئىيىتىگە، جۇملىدىن جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ پسىخىك دۇنياسىغا چوڭقۇر تامغىلارنى قالدۇردى. ئۇلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىلەرگە قارىغاندا ئەمەلىي نەرسىلەرگە كۆپرەك قىزىقىدىغان خاراكتېرى ۋە سەنئەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تازا ماس كەلمەيدىغان پسىخىك تىندۇرمىسى بۇ يەردە پەقەت تارىخىي شەكىللىنىش يىلنامىچىلىق بىلەنلا خاراكتېرلىنىدىغان مەدەنىيەت تىپىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنداق بولغاچقا بۇنداق تىنىپ كەتكەن تۇرغۇن مۇھىتتا چوڭ تىپتىكى مىللىي ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز قەدىمكى زاماندا — خەن سۇلالىسى ئەلچىسى بىلەن ھونلارغا تەسلىم بولغان ھونپەرەست سەركەردە جۇڭ خاڭيۆ ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئاھالىلىرى بىلەن شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر پسىخىك پەرق ۋە مەدەنىيەت ئايرىمىسىنى ھېس قىلالايمىز:

«خەن ئەلچىسى: ھونلاردا قېرىلىرىنى كەمسىتىش ئادىتى بار

① لاۋزى: «ئەدەب - ئەخلاق دەستۇرى».

ئىكەن.

جۇڭ خاڭيۈ: خەنىنىڭ ئادىتىدىمۇ، چېگرا قوغداش ئۈچۈن ھەر-
بىي قىسىمغا كىرىپ ئۆيىدىن ئايرىلغانلارغا قىبرى تۇغقانلىرى ئۆز
نەپسىدىن كېچىپ كىيىم - كېچەكنىڭ قىلىنى، ئوزۇق - تۈلۈكنىڭ
ئوبدىنىنى بېرىدىغۇ؟

خەن ئەلچىسى: ھەئە، راست.

جۇڭ خاڭيۈ: ھونلارنىڭ جەڭگىۋارلىقنى كەسپ قىلغانلىقى ھەم-
مىگە ئايان. ئۆلارنىڭ قېرى - ئاجىزلىرى ئۇرۇشقا يارىمايدىغان
بولغانلىقتىن ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئوزۇق - تۈلۈكنىڭ ياخشى-
سىنى نەۋقىرانلىرىغا يېگۈزىدۇ. بۇ ئۆزىنى قوغدىغانلىق بولىدۇ. بۇ
خۇددى ئاتا - بالىنىڭ بىر - بىرىنى ئاسرىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. بۇنى
قانداقمۇ ھونلارنىڭ قېرىلارنى كەمسىتىشى دېگىلى بولسۇن؟

خەن ئەلچىسى: ھونلاردا بىر چېدىر ئۆيدە ئاتا - بالا بىللە
تۇرىدىكەن. ئاتىسى ئۆلسە، ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى ئالىدىكەن. ئاكى-
سى ئۆلسە، ئىنىسى ئاكىسىنىڭ خوتۇنىنى ئالىدىكەن. بۇلاردا زىننەت-
لىك كىيىم - كېچەكلەر بولمايدىكەن، ئوردا ئەدەب - قائىدىلىرىمۇ
بولمايدىكەن.

جۇڭ خاڭيۈ: ھونلاردا ئادەت شۇنداق. كىشىلەر مال - چارۋىلا-
رنىڭ گۆشىنى يەپ، سۈتىنى ئىچىدۇ، تېرىسىنى كىيىم قىلىپ
كىيىدۇ. چارۋا - ماللار ئوت، سۇغا موھتاج بولغانلىقتىن ھونلارغا
ھەمىشە يۆتكىلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ھونلار
جىددىي ۋەزىيەت تۇغۇلغاندا، ھەممە كىشى ئاتقا مىنىش، ئوقيا ئې-
تىشنى مەشىق قىلىدۇ. تىنچ شارائىتتا بولسا ھەممە خۇشال -
خۇرام، خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ھونلاردا قائىدە - يوسۇن ئاددىي
بولۇپ، بىر ئەلنىڭ ئىشى بىر كىشىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. ھونلار-
دىكى ئاتىسى ئۆلسە، ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى ئالىدىغان، ئاكىسى
ئۆلسە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئىنىسى، ئىنىسى ئۆلسە ئۇنىڭ خوتۇنىنى

ئاكىسى ئالىدىغان ئادەتكە كەلسەك، ئۇلار نەسلىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن
قورقىدۇ. دېمەك، هونلاردا ئادەت ـ قائىدىلەر گەرچە قالايمىقان بول-
سىمۇ، لېكىن مۇقەررەر هالدا نەسەبلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. هازىر
خەن خاقانلىقى شەكلەن قائىدە ـ يوسۇنلۇق بولۇپ، بالا ئۆگەي
ئانىسىنى، ئۇكا يەڭگىسىنى خوتۇن قىلمىغىنى ئۇچۇن قېرىنداشلار
بارا ـ بارا بىر ـ بىرىدىن يۆلۈنۈپ، يىراقلىشىپ، ئۆزئارا قىرغىن
قىلىشىدۇ. ئاقىۋەتتە، نەسەبمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. هەممىسىنىڭ
ئەمەل قىلىدىغان قائىدىسى ئەنە شۇ. شۇڭا ئەدەب ـ ئىنساب ئۆز
كۈچىنى يوقىتىپ، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئۆزئارا چىش بىلىشىپ،
ئازارلىشىپ ئۆتىدۇ. ۋەهالەنكى، ئۆي ـ ئىمارەت، قەسىر ـ ئايۋان-
لارنىڭ مۇستەهكەم بولۇشى كىشىنىڭ كۈچ ـ غەيرىتىنى يوقىتىدۇ.
دېهقان ئوزۇقلىنىش ۋە كىيىم ـ كېچەك قىلىش يولىدا كۈچ سەرپ
قىلىپ يەر تېرىيدۇ ۋە پىلە باقىدۇ. شەهەر ـ قەلئەلەر سېلىپ ئۆزىنى
ئۇنىڭ ئىچىدە ئاسرايدۇ. دېمەك، بۇ خەلق جىددىي ۋەزىيەت يۈز
بەرسە، ئۇرۇشقا يارىمايدۇ. كەڭ ـ كۇشادە ۋە تىنچ شارائىتتا ئېرىش-
سە ئىش بىلەن بولۇپ هالىدىن كېتىدۇ. . . تويا تام ئىچىدە ياشغۇچى-
لارنىڭ هالىغا ۋاي! تولا گەپنىڭ نېمە كېرىكى؟ سۆزمەنلىك قىلىسىلەر،
چىرايلىق كىيىنىپ غادىيىۋالىسىلەر، بۇلا زادى نېمىگە يارىغان؟»①.

دېمەك يۇقىرىقى مۇنازىرە بىزگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تېرىم
خەلقلىرى بىلەن شىمالدىكى يايلاق خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش
بولمىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئېستېتىك ئەندىزىنى كۆرسىتىپ بېرى-
دۇ. ئۇلار تارىختىن بۇيان بىر ـ بىرىنىڭ ئوخشاشمىغان پسىخىك
هەزىمى ۋە قىزىقىشلىرىنى زادىلا كۆڭۈللىرىگە سىغدۇرالماي كەلگەن-
دى. گوبى چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىكى بىپايان يايلاقلاردا ئات چاپتۇ-
رۇپ چوڭ بولغان بىر هون چەۋەندىزى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بىر

① سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر — هونلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-
تى، 1987 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 110 ـ جىلد.

خىل ھايانقا كۆنگەن ئاشۇ تېرىمچىلارنىڭ قاتمۇ - قات قورغان -
سېپىللار ئىچىگە مۆكۈنۈۋېلىپ، مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەت
مەسىلىلىرىنى خىيال قىلىدىغان، زىلزىلە ۋە داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزى-
يەتكە قارىغاندا پىنھان ۋە تىنچ تۇرمۇشنى خالايدىغان، مەڭگۈ ئۆزگەر-
مەيدىغان بىر خىل زېرىكەرلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىپ ياشايدىغان
ئادىتىنى زادىلا چۈشەنمەيتتى. نەم تۇمان باسقان شاللىقلاردا ئېگىشىپ
ئەمگەك قىلىۋاتقان بىر جياڭنەنلىك تېرىمچىمۇ شىمالنىڭ يايلاقلىرى-
دىكى ئاشۇ ئاتلىق كىشىلەرنىڭ ئوت، سۇ مەنبەلىرىنى قوغلىشىپ،
تىنىمسىز كۆچۈپ، ھەرىكەتچان ياشايدىغان، جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ
كەلگەن ھامان چاقماق تېزلىكىدە ئويۇشۇپ، قويۇندەك ئۇچقۇر ئاتلى-
رى بىلەن تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان تېرىم خەلقلىرى ئۈستىگە
باستۇرۇپ كېلىدىغان، مۇرەككەپ ۋە نازۇك قائىدە - يوسۇن، ئەمر
- مەرۇپلار بىلەن زادىلا چۈشىلىپ ئولتۇرمايدىغان قوپال تۇرمۇش
ئادىتىنى مەڭگۈ تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى. شۇڭلاشقا شەرقىي
ئاسىيا مەدەنىيەت تىپىدا ئەپسانىلارنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقى، ئې-
پوسلارنىڭ بولسا مۇتلەق مەيدانغا كېلەلمىگەنلىكى بىزنى ئۈنچىلىك
ئەجەبلەندۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشلى-
رىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىزانى تارىخىي شەكىلنى ئۆزىگە ئەندىزە قىلغان
بولۇپ، ئۇلار سەنئەتلىك تۇيغۇغا ئەمەس، ئەمەلىي نەرسىلەرگە،
بەدىئىي تەسەۋۋۇرغا ئەمەس، ھەممە ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى زىكىر لايدى-
غان تەزكىرە - يىلنامىچىلىق ئەنئەنىسىگە ئەقىدە قىلاتتى. دۇنيادىكى
ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىن ئۇلارنىڭ-
كىدەك جىلد - جىلد يىلنامىلەرنى تاپقىلى بولمايتتى. ئۇلار ئۈچۈن
ئېيتقاندا، بىر ئايال ئۈچۈن ئون يىللىق يۇنان - ترويا ئۇرۇشى
قوزغاش، يالىڭاچ ھەيكەللەرنى ياساپ ئادەم گۈزەللىكىگە مەپتۇن
بولۇش، لەيلىنىڭ ئىشقىدا مەجنۇن بولۇپ چۆللەرنى كېزىپ يۈرۈش،
«ئۇچار گىلەم» ۋە «ئۇر توقماق» ھەققىدە چۆچەك توقۇش قاتارلىق

سەنئەتلىك تەپسىلاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمىقانىلىق ھې-
سابلىناتتى. چېن بوخەي ئەپەندى «جۇڭگو مەدەنىيەت روھىنىڭ قۇ-
رۇلما نۇقتىئىينەزىرى» نامىلىق ماقالىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:
«جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ باشلىنىش
نۇقتىسى سېھىرگەرلىك بىلەن تارىخ - يىلنامىچىلىقتىن ئىبارەت
ئىككى خىل شەكىلنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئۆزىگە
ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. بۇنىڭ ئالدىنقىسى ئىپتىدائىي سېھىرگەر-
لىك ۋە دىندىن بىخلانغان بىر خىل خام ھالەتتىكى مەدەنىيەت ھالىتى،
كېيىنكىسى بولسا، خۇاشىيا ئەجدادلىرىنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە كىر-
گەندىن كېيىن شەكىللەنگەن يېڭى مەدەنىيەت خاھىشىدۇر»① . ئۇزاق
تارىخ جەريانىدا ھون، تۈرك، سىيانپى، كىدان، موڭغۇل قاتارلىق
ئاتلىق مىللەتلەر كۆپ قېتىم سەددىچىندىن ئۆتۈپ، ئېرىم رايونلىرىغا
پاراكەندىچىلىك سالدى ۋە ئوخشىمىغان مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ قوشۇ-
لۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەمەلىيەتتە بۇ ۋەقەلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكتە نۇرغۇن ئىپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە باش تېما ۋە ئارقا
كۆرۈنۈش بولالايتتى. «بولۇپمۇ XIII ئەسىردە جاھاننى زىلزىلىگە
كەلتۈرگەن چىڭگىزخاننىڭ ھەيۋەتلىك ئوبرازى تامامەن بىر قەھرىمان-
لىق ئېپوسىنىڭ باش پېرسوناژى بولالايتتى. لېكىن بۇ قەدىمىي ۋە
نازاكەتلىك ئېرىم مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلارغا قالدۇرغىنى پەقەتلا ‹ يۈەن
سۇلالىسى تارىخى› دىكى ئاشۇ بىر قانچە باب تېتىقسىز يازما خاتىرە
بولدى. چۈنكى بۇ مەدەنىيەت ئاللىبۇرۇن قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنى
تۇغىدىغان بالىلىق دەۋرىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى. بۇ مەدەنىيەت يەنە
قەدىمدىن بۇيان ئۇرۇش ۋە زىلزىلىلەرگە قىزىقمايتتى. ئۇنىڭ ئۆز
ئەنئەنىسى شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت ئەندىزىسى يايلاق مىللەتلىرى-
نىڭ ئات ئارقىلىق ياراتقان ئەندىزىسىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. يەنە

① چېن بوخەي: «جۇڭگو مەدەنىيەت روھىنىڭ قۇرۇلما نۇقتىئىينەزەرى» — «جۇڭگو
ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى 1988 - يىللىق 4 - سان.

كېلىپ ئۇلارنىڭ «قۇياش قەھرىمانى»، تىپىدىكى مەدەنىيەت فورمىسى بۇ تېرىم مىللىتىنىڭ ئىچكى پىسخىك قۇرۇلمىسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ، يوشۇرۇن ئېڭىنى ياراتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە موڭغۇللار ئۆزلىرى يازغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، مۇ تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ زىباسىدىن رەڭ ئالغانىدى. شۇڭا ئۇنى قەھرىمانلىق ئېپوسى دېگەندىن كۆرە، تارىخىي ئەسەر دېيىش تۈزۈك ئىدى»①.

جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھىندى مەدەنىيەت تىپى گەرچە ئومۇمىي جەھەتتىن «ئاسىياچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى»غا خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادە قىلسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ شەرقتىكى قوشنىسى جۇڭگو مەدەنىيىتىدىن تۈپتىن پەرق قىلاتتى. جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى جەھەتتىن، كۆپ قىسمى ئىسسىق بەلباغقا توغرا كېلەتتى. ئىقلىم جەھەتتىن، ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمىنى كېلىماتىغا مەنسۇپ ئىدى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى نەم ئىسسىق، ھۆل - يېغىن مىقدارى كۆپ، ئورمان ۋە ئۆسۈملۈكلىرى باراقسان بولۇپ، بۇنداق گۈزەل تەبىئىي شارائىت قەدىمكى ھىندىلارنى تارقاق ھالەتتىكى تېرىم ئىگىلىكى ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامداش ۋە خىيالىي رومانتىكىغا مەپتۇن بولۇپ ياشاش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ھىندىستان تارىخىدا بۆلۈنمە ھالەتتىكى ئۇششاق خانلىقلار ئىزچىل ھالدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئەزەلدىن بىرلىككە كەلگەن، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن مۇستەبىت سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىمكانىيەت بولماي كەلگەنىدى. تارقاق ھالەتتىكى ئىجتىمائىي توپلارنى بىرلىك قىلغان بۇ جەمئىيەتتە، كىشىلەر قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيتتى، جۇڭگو سۇلالىلىرىدەك

---

① يې شۇشيەن: «قەھرىمان ۋە قۇياش»، 27 ـ، 28 ـ بەتلەر.

هاكىممۇتلەق سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ شەكىللىنىشىگە شارائىت هازىرلانمىغانىدى. بۇ يەردىكى نەم تۇمان ئوراپ تۇرغان ئىسسىق بەلباغ مەنزىرىسى، ئەۋزەل هاياتلىق شارائىتى ۋە تىنچ تېرىم تۇرمۇشى هىندىلارنىڭ هايات پەلسەپىسىنى شېرىن چۈش قايىنىمى بىلەن يۇغۇرۇپ تاشلىغانىدى. ئۇلار كۈندىلىك ۋەقەلەرنى زىغىرلاپ خاتىرىگە ئالىدىغان تەزكىرە ـ يىلنامىچىلىك ئەنئەنىسىگە قىزىقمايتتى. رىئالنى تارىخىي تۈيغۇغا بېرىلمەيتتى، تاغ ـ دەريالار ئاتلاپ دېڭىز ـ ئوكيانلار كېچىپ يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىدىغان تەۋەككۈلانە تۇرمۇشنىمۇ ياقتۇرمايتتى. بەلكى ئۇ ئالەمنىڭ ئەبەدىيلىكىگە مەھلىيا بولۇپ، ئاچچىق خىيال، شېرىن ئازاب ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى. ئۇلار دائىم غايىۋى هاياتلىق پەلسەپىسى ئۈستىدە ئازابلىق خىياللارنى سۈرۈپ، مېتافىزىكىغا مەپتۇن بولاتتى، هاياتنىڭ ئەبەدىيلىكى ۋە مەۋجۇتلۇقنىڭ قىممىتى هەققىدە رەڭگارەڭ پىكىر تەلقىنلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرەتتى. ئېستېتىك ئىنتىلىشتىكى ئەبەدىيلىك شەكلىنى ئۆز ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي مىزانى قىلاتتى. ئۇلار ئەبەدىيلىك نەرسىلەر — مۇھەببەت، روھ، ئۆلۈم ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا، ئىنكار قىلىشقا تەييار تۇراتتى. خۇددى گېگىل كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، هىندىلار جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەكسىچە، «ئەسەبىي خىياللار بىلەن لىرىك تۈيغۇلارغا ئىگە»① مىللەت ئىدى. بۇلارنىڭ روھىيەت پرىنسىپى چۈش قايىنىمى ئىچىدىكى قايناق رومانتىكا ئىدى. ئۇلارنىڭ شەيئىيلەرگە بولغان قارىشى تەسەۋۋۇر ئۈستىگە قۇرۇلغان پانتېزملىق پەلسەپە ئىدى. هىندىلارنىڭ هايات پەلسەپىسى ئۆزىنى ئىنكار قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان غايىۋى دۇنيا ئىچىدە ئىپادە قىلىنناتتى. «پۈتكۈل ۋۇجۇدى ۋە قەلبىدە بوشلۇق هېس قىلغان كىشى ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەهمىيەتسىز، ئېتىراپ قىلغىلى

① گېگىل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 182 ـ بەت.

بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئەپيۇننىڭ مەسخۇش ئالىمىگە غەرق قىلىپ بىر مەيدان غايىۋى چۈش دۇنياسى بىلەن ئەسەبىي بەخت سېزىمىنى يارىتاتتى...»①.

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھىندىلار رېئال تۇرمۇشقا ئەمەس، بەلكى ھاياتلىقنىڭ ئەبەدىيلىك قىممىتىگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇڭا ھىندىستان مۇستەقىللىقىنىڭ داھىيسى نېھرۇ ئۆزىنىڭ «ھىندىستان جەمئىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ھىندىلارنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە نىسبەتەن مۇكەممەل چۈشەنچىسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقىسى ئۇلارغا ئۇلارنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ھېس قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقمىدى»②. ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن ھەر قايسى دىنلار ئوتتۇرىسىدا تەلىمات جەھەتتىن نۇرغۇن ئىختىلاپلار بولسىمۇ، لېكىن «سانسارا» (ھاياتتىن ئۆلۈمگە، ئۆلۈمدىن يەنە ھاياتقا ئېرىشىش) نۇقتىئىينەزەرىدە ناھايىتى زور ئوخشاشلىقلار ساقلانغانىدى. سانسارا نۇقتىئىينەزىرى تەبىئەت ۋە ئالەمنىڭ رىتىملىك ئايلىنىش قانۇنىيىتىگە تەتبىقلانغان ھايات قارىشى بولۇپ، ئۇ، ھىندىلارنىڭ ئۆلۈمدىن ھالقىش ۋە ئۇ دۇنيانىڭ ئەبەدىيلىكىگە مەھلىيا بولۇشتەك رومانتىك مەدەنىيەت پسىخىكىسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. پىكۇس دەرىخى ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئازابلىق خىيالغا چۆمگەن سىددىخارتا ساكيامۇنى ئۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى! گەرچە ھىندىستاندا جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگە ئوخشىمىغان ھالدا «ماخابخاراتا» ۋە «رامايانا» قاتارلىق ئىككى مەشھۇر ئېپوس مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ناھايىتى زور دەرىجىدە ھىندى مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئاياللىق نازاكىتىنى ئىپادە قىلغانىدى. ھىندى ئېپوسلىرىدا گەۋدىلەنگەن ترا-

① گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 210 ـ بەت.

② نېھرۇ: «ھىندىستان جەمئىيىتى» -- گاۋيابياۋ قاتارلىقلار يازغان: «مىللىي روھنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا»، 5 ـ بەتتىكى نەقىلگە قاراڭ.

گېدىك گۈزەللىك ۋە مەنىۋى دۇنيا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يۇنان ئېپوسلىرىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. گەرچە «ماخابخاراتا» ئېپوسىدا خۇددى يۇنان ئېپوسلىرىغا ئوخشاشلا بىر گۈزەل ئايال ئۈچۈن ئۇرۇش پارتلىسىمۇ، لېكىن «يۇنان ئېپوسلىرى خانىش خېلېنىنىڭ گۈزەللىكى ۋە سۆيۈملۈكلۈكى بىلەن غەرب دۇنياسىنى مەپتۇن قىلسا، ھىندى ئېپوسلىرى گۈزەل شىدۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاياللىق ساداقەت ۋە پاكلىق ئارقىلىق ھىندى خەلقىنى تەسىرلەندۈرىدۇ»①. دېمەك، ھىندىلارنىڭ ئۆزىگە خاس سەنئەت تەلپۈنۈشى ۋە ئېستېتىك ئىنتىلىشى بىر خىل گارمونىيىلىك بىرلىكنى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم قىلىدۇ ۋە تىمتاسلىق، بىردەكلىك، تەڭپۇڭلۇق، پاراللېللىقنى ئۇنىڭ ئىپادىسى قىلىدۇ.

ۋەھالەنكى، جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىيانلىرىنىڭ چوڭ كۆچۈشىدىن كېيىنكى چەكسىز ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا ئىزچىل بىر خىل تىندۇرما ھالەتنى ساقلاپ كەلدى. گەرچە ئۇلار ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى ئۆمۈچۈك تورىدەك دەريا- تاراملار ۋە ئېگىز - پەس تاغ - ئېدىرلار سەۋەبىدىن نۇرغۇنلىغان كىچىك تىپتىكى مەمۇرىي ۋە ئىجتىمائىي بىرلىككە بۆلۈنۈپ ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار چوڭ جەھەتتىن ئورتاق مەۋجۇتلۇق ۋە تەڭ تەرەققىي قىلىش پرىنسىپىغا ئىگە ئىدى. يەنە كېلىپ، سىرتتىن باستۇرۇپ كەلگەن ھەر قانداق بىر كۆچمەن توپ «بۇ يەردە مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ھىندى ئىرقىنىڭ چوڭ قازىنىدا قايناپ ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى يوقىتاتتى»②. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى ۋە سىغدۇرۇشچانلىقى بارغانسېرى ئېشىپ باردى. ئەمما ھىندى مەدەنىيەت تىپى ئەسلى ماھىيىتىدىن

① مى ۋېيكەي: «ھىندىستاننىڭ ئىككى چوڭ ئېپوسىغا كىرىش» — «ھىندى مەدەنىيىتىدىن ئون سەككىز لېكسىيە»، تەيۋەن دۇڭدا كىتاب شىركىتى، 1984 - يىل نەشرى، 110 -، 112 - بەتلەر.

② ھۇمايۇن جەبىل: «ھىندىستاننىڭ مىراسى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1958 - يىل نەشرى، 34 -، 44 - بەتلەر.

تېرىم ئېگىلىكىنى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى قىلغاچقا، «قەدىمكى دەۋرلەردىلا شەكىللەنگەن يېزا كوممۇناسى تاكى بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەندى»①. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئىقتىسادىي فورماتسىيىنىڭ جاھىللىقى ئىجتىمائىي بايلىقلارنىڭ ئېشىشىغا توسالغۇ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىسلاھاتنى رەت قىلىپ، يېڭى شەيئىيلەرگە قارشى تۇرىدىغان جاھىل مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى»②.

قەدىمكى بابىل، ئىبراي، پارس ۋە ئەرەب مەدەنىيەتلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن غەربىي ئاسىيا مەدەنىيەت تىپى ئۇزاق ئاسىيادىكى يەنە بىر مۇھىم مەدەنىيەت ئوچىقى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى پارس مەدەنىيىتى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالاھىدە بىر سىستېما ئىدى.

غەربىي ئاسىيا جۇملىدىن ئىران ئېگىزلىكى، مىسوپوتامىيە تۈزلەڭلىكى، ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە مۇنبەت ھىلال ئاي رايونى جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى جەھەتتىن ئوچۇق سىستېما ئىدى. بۇ رايون ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇراتتى ۋە ھەر قايسى مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ تۇراتتى. بۇ رايونلارنىڭ ئىقلىمى قۇرغاق، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، يېرىم چۆل ۋە بوستانلىقلار ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بىر زونا ئىدى. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بۈيۈك مەدەنىيەتلەر، چوڭ ئىمپېرىيىلەر، دۇنياۋى دىنلار بۇ يەردە مەيدانغا كەلگەنىدى. ئارىيانلارنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرى، ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى، چىڭگىزخاننىڭ ئىستېلاسى، ئەمىر تېمۇرنىڭ كېڭەيمىچىلىكلىرى بۇ يەردىن ئۆتكەنىدى. زارائاستېرنىڭ تەلىماتلىرى، ھەزرىتى مانىنىڭ تەشەببۇسلىرى ئەڭ دەسلەپ بۇ يەردىن باشقا جايلارغا تارقالغانىدى. كېيىنكى مۇكەممەل دىنلاردىكى ئىككى مەنبەچىلىك

① ② ھۇمايۇن جەبىل: «ھىندىستاننىڭ مىراسى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1958 - يىل نەشرى، 44 -، 46 - بەتلەر.

قاراشلىرى ئالدى بىلەن بۇ يەردە بىخلانغانىدى. بۇ يەردىكى كىشلەرنىڭ ئېستېتىك ئىنتىلىشى غايىۋى شەكىلنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي مىزانى قىلاتتى. ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلار ئېرىشكەن مۇقەددەس ۋەھىيلەرگە موھتاج ئىدى. تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى بۇ خىل دىنىي ئەخلاقنىڭ يادروسى ئىدى، ئېتىقاد ئۇنىڭ يۇكسەك مىزانى ئىدى. بۇ يەردىكى قۇياش نۇرىنىڭ تونۇردەك قىزدۇرۇشى، بوستانلىقلارنىڭ چەكلىكلىكى ۋە زەڭگەر ئاسمان بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن بىپايان سۇررەڭ قۇملۇقلار ئۇلارنىڭ شېئىرىي تەسەۋۋۇرىنى تىنىمسىز غىدىقلايتتى. ئۇلاردا شېئىرىي تۇيغۇ، ئىلاھىي پەلسەپە، تىل قابىلىيىتى تەرەققىي قىلغانىدى. «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرى بىلەن مۇقەددەس دىنىي دەستۇرلارنىڭ بۇ يەردە يارىتىلغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ پارس مەدەنىيىتى ۋە شېئىرىيىتى ئالاھىدە خاراكتېرلىك ئىدى. ئەگەردە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى مۇپەسسەل يورۇتۇشقا توغرا كەلسە، پارسلارنىڭ بۇ رايونغا كۆرسەتكەن غايەت زور تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايتتى. ئەمەلىيەتتە، غەرب ئىلىم ساھەسىنىڭ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە شەرققە بولغان قىزىقىشى ئىران شېئىرىيىتىگە بولغان مەپتۇنلۇقتىن باشلانغانىدى. گېگىل ئۆز دەۋرىدە پارسلارنىڭ تارىختىكى رولىغا ئالاھىدە يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «پېرسىيە ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغان كۈندىن ئېتىبارەن بىزنىڭ تارىخقا بولغان مۇناسىۋىتىمىز رەسمىي باشلاندى. پارسلار ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى دۇنياۋى تارىخىي مىللەت ئىدى»①. گېگىلنىڭ بۇ سۆزىدە چوڭقۇر تارىخىي ئاساس بار ئىدى. چۈنكى يۇنان - پېرسىيە ئۇرۇشى تۇنجى قېتىم شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرغانىدى. گېگىل تىلغا ئېلىۋاتقان پېرسىيە پۈتكۈل غەربىي ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە

① گېگىل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 216 ـ، 146 ـ بەتلەر.

ئالاتتى. «ئالدى ئاسىيا (غەربىي ئاسىيا) نىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىد-
كى ئۇنىڭ ئۆزىنى بىكىك ھالەتتە قالدۇرمىغانلىقى ۋە شەرقنىڭ ھەممە
نەرسىسىنى ياۋروپاغا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىدىدۇر. گەرچە ئۇ بارلىق
دىنىي سىياسىي پرىنسىپلارنىڭ باشلىنىشىغا ۋەكىللىك قىلسىمۇ،
لېكىن بۇ پرىنسىپلارنىڭ تاڭ نۇرى ياۋروپادا پارلىدى»①. شۇڭلاشقا،
گېگىل پارسلار بىلەن يۇنانلىقلارنىڭ ئۇچرىشىشى شەرقنىڭ روھىنى
غەرب دۇنياسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى شۇنداقلا ئۇنىڭ نەتىجىسى پېرسىيە
ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاكىتى بىلەن خاراكتېرلەندى، دەپ قارىدى ۋە
مۇنداق دەپ خۇلاسە قىلدى: «پېرسىيە ئىمپېرىيىسى دۇنيادا بىرىنچى
قېتىم يوقالغان ئىمپېرىيە. شەرق دۇنياسىدا جۇڭگو بىلەن ھىندىس-
تان باشتىن ئاخىر بىر خىل جىمجىت، تۇرغۇن ۋە تەبىئىي مەۋجۇت-
لۇق ھالىتىنى ساقلاپ، ئۆز تارىخىنى بۈگۈنگە ئۇلىغان چاغدا، پارس-
لار ئاللىقاچان تارىختا يۈز بېرىشكە تېگىشلىك تەرەققىيات ۋە ئۆزگى-
رىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ بولغانىدى. . . كەسكىن قىلىپ ئېيت-
قاندا، تەرەققىيات پرىنسىپى بىلەن پارسلارنىڭ تارىخى بىللە باشلان-
غان. چۈنكى پارسلار تارىخىنىڭ باشلىنىشى، ئۆز مەنىسى بىلەن دۇنيا
تارىخىنىڭمۇ باشلىنىشى ئىدى»②.

8

ئوخشاشمىغان ئىرقلار ۋە مىللىي تۈركۈملەرنىڭ ئوتتۇرا ۋە
مەركىزى ئاسىيا رايونىدا ئۈزلۈكسىز تۇردە ئۇچرىشىپ تۇرۇشى بۇ
رايوننىڭ مەدەنىيەت ۋە ئانتروپولوگىيىلىك قۇرۇلما جەھەتتىكى ئۆز-
گىرىشلىرىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى
شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشۈش قانىلى بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى يەنە ئاق ۋە سېرىق تەنلىك ئىرقىي تىپلارنىڭمۇ

① ② گېگىل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 216 ـ، 146 ـ بەتلەر.

ئۆزئارا قوشۇلۇش بەلبېغى بولغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي تەرىپى، يەنى كەڭ كەتكەن يىراق شەرق رايونى تىپىك سېرىق تەنلىك موڭغۇللوئىد تىپىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپى، يەنى ئىران ئېگىزلىكى، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق، كافكاز ۋە جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى تىپىك ياۋروپا ئىرقىدىكى ئىنسانلار تۈركۈمىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭلاشقا بىز تەكىتلەۋاتقان شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۇچرىشىشى، ئەمەلىيەتتە ئوخشاشمىغان ئىككى خىل تىپقا مەنسۇپ بولغان ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى ئىدى.

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا تارىخنىڭ تاڭ نۇرى پارلاپ، مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى باشلىنىشتىن ئاۋۋاللا ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ئوخشاشمىغان ئىرقىي تىپلارنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى يۈز بېرىشكە باشلىغانىدى. بۇنىڭدىن ئون مىڭ يىللار ئىلگىرى، يەرشارىدا مۇز دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى غايەت زور ۋەقە بولدى. ئۇ يەرشارىنىڭ سۇبتروپىك رايونلىرىدىكى يېڭى تاش قورال ئىنقىلابى (Neolethic Revolution) نىڭ باشلىنىشىغا تەبىئىي شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپلا قالماستىن، بەلكى چوڭ ـ كىچىك ھىنگان تاغلىرىدىن ئۇرالغىچە بولغان بىپايان ۋادىدىكى كۆچمەن ئاھالىلەرنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشىنى تېزلەتتى. شىمالىي ئاسىيا كېلىماتىنىڭ تەدرىجىي ئىسسىشىغا ئەگىشىپ، زور تىپتىكى مۇز قاتلىمى ئېرىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلۈپ، ئاسىيا قىتئەسى بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان بېرىنگ بوغۇزىدىكى تەبىئىي مۇز كۆۋرۈكى غايىپ بولدى. نەتىجىدە پۈتكۈل كونا تاش قوراللار دەۋرىدە شىمالىي ئاسىيا رايونىدىن ئامېرىكا قىتئەسىگە توختاۋسىز كۆچۈپ تۇرغان موڭغۇل ئىرقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ يولى ئېتىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، مۇز دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىپ، شىمالىي ئاسىيا كېلىماتىنىڭ تەدرىجىي ئىسسىشى، بۇ رايوندا نوپۇسنىڭ پارتلىشىنى كەلتۈ-

رۇپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوندىكى موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ئىنسان تۇركۇملىرى تەدرىجىي هالدا غەربكە قاراپ سۈرۈلدى. بۇ دەل ئۇرال تېغىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ ئىنسان تۇر- كۇملىرىنىڭ شەرققە قاراپ سىلجىۋاتقان دەۋرى ئىدى. نەتىجىدە ياۋ- روپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئوخشاشمىغان ئىرقىي تىپلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى زور دەرىجىدىكى قوشۇلۇشى يۈز بېرىشكە باشلىدى. بۇ قېتىمقى قوشۇلۇش ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى قەدىمكى ئاهالىلەر- نىڭ قان تىپى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەت- تى. تارىختىكى مەشهۇر قاراسۇق مەدەنىيىتى ئاشۇ قېتىمقى چوڭ قوشۇلۇشنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

لېكىن، مۇشۇ قېتىملىق چوڭ قوشۇلۇش ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئاهالىلىرىنىڭ ئانتوروپولوگىيىلىك ئالاهىدىلىكى ۋە ئىرقىي تۈزۈلۈشى هەققىدىكى ئەڭ ئاخىرقى هەل قىلغۇچ هادىسە بولالمىدى، بەلكى بۇ رايوننىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان، ئۈزلۈكسىز هالدا داۋاملاشقان ئىرقىي ۋە مىللىيەتلىك تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى تۆمۈر قوراللار دەۋرى ۋە تاكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ تاڭ نۇرى پارلىغان دەۋرلەرگە قەدەر، بۇ رايوننىڭ ئىرقىي تەركىبىدە ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ ئارىيانلار ئىزچىل ئۈس- تۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلدى. شەرقتىكى موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ئىنسان تۇركۇملىرى ئەڭ غەربكە سۈرۈلگەندىمۇ ئىلى دەرياسىنىڭ نېرىقى قېتىغا ياكى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە ئۆتەلمە- دى. غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى بىلەن تەتقىقاتى شۇغۇللانغان ياپونىيە- لىك خانېدا تورۇ ئەپەندى بۇ هەقتە توختىلىپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا «ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەيـ- نىدە ئاساسەن ئارىيان ئىرقىنىڭ ياشىغانلىقىدا شەك يوق»① دەيدۇ. يۇتەيشەن ئەپەندىمۇ بۇ هەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «غەربىي يۇرتنىڭ

---

① خانېدا تورۇ : «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، 15 ـ بەت.

تارىختىن ئاۋۋالقى ئىرقىي تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ يەردە ياۋروپا ئىرقىمۇ ھەم موڭغۇل ئىرقىمۇ مەۋجۇت. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ياۋروپا ۋە موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن شالغۇت تىپمۇ مەۋجۇت. لېكىن ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاندرونوۋ تىپى، ئالدى ئاسىيا تىپى، پامىر - پەرغانە تىپى ۋە ھىندى - ئافغان تىپلىرىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن ياۋروپا ئىرقى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ»①.

شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ تارىختىن بۇرۇنقى چوڭ تىپتىكى ئىرقىي قوشۇلۇشى ياۋروپا تىپىدىكى ئارىيان ئىرقىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئاخىرلاشتى. كاسپىي ۋە ئارال دېڭىزى ئارىلىقىدىكى ۋادىلارنى بازا قىلىپ ھەرىكەتچان ياشايدىغان ئارىيان قوۋملىرىنىڭ غەربتە ئىران ئېگىزلىكىگە، جەنۇبتا ھىندىستانغا، شەرقتە تارىم ئويمانلىقىغا باستۇرۇپ كىرىشى، بۇ رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى ئىرقىي ئالاھىدىلىكىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەدەنىيەت گۈللىنىشىگىمۇ غايەت زور قوزغاتقۇچى كۈچ بولدى. ئىنسانىيەت تارىخى يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلىنىدىغان دەۋرگە كىرگەن چاغدا، مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرى ۋە ئۆزئارا قوشۇلۇشلىرىدىن زىلزىلە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تارىخنىڭ تاڭ نۇرى پارلىدى. بۇ رايوننىڭ ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان ئىرقىي جەھەتتىكى شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانى باشلاندى. «دەۋرلەر ئۆتكەنسېرى ئىرقلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىش دەرىجىسىمۇ بارغانسېرى ئېغىرلاشتى، ئەمدى ئومۇمەن بۇ رايوندا ساپ ئىرقىي تىپلار قالمىدى»②. شىمالىي ئاسىيا رايونىدا ھون ئىتتىپاقى گەۋدىسىگە ئۇيۇشقان موڭغۇل ۋە يېرىم

---

① يۇتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىيات شىركىتى، 1996 - يىل نەشرى، 35 - بەت.

② خانېدا تورۇ (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، 14 - بەت.

موڭغۇل ئىرقىدىكى قوۋملەرنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى، شەرقتە تاكى خېشى كارىدورىغىچە يېتىپ بارغان ياۋروپا ئىرقىدىكى تۇخرىلار-نىڭ كەڭ كۆلەملىك غەربكە كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە يەنە بىر قېتىملىق زور داۋالغۇش پەيدا بولدى. توخرىلار ئاستا - ئاستا غەربكە سۈرۈلۈپ، ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پامىرنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى باكتېرىيە (Bachtria) گىچە يېتىپ باردى ۋە شۇ يەردىكى خەلقلەر بىلەن ئۇچرى-شىپ چوڭ تىپتىكى يۇغۇرۇلۇشنى هاسىل قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى نەتىجىسىدە، ئورغۇنلىغان گىرېكلار ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ يەرلىك ئاھالە بىلەن قوشۇلۇپ، بۇ رايوننىڭ ئىرقىي تەركىبىنى يەنىمۇ مۇرەككەپ-لەشتۈردى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ مۇرەككەپ ۋە كۆپ مەنبەلىك ئىرقىي تۈزۈلمە-سىنى باشقا ھەر قانداق بىر رايوننىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن سېلىشتۇ-رۇشقا بولمايدۇ. يەنە كېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئېتنىك تەرەققىياتى ۋە ئىرقىي تۈزۈلۈش تارىخىغا مۇئەييەن بىر قانۇنىيەت بېكىتىشمۇ ئىنتايىن تەس. چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى باشقا جۇغرا-پىيىلىك زونىلارغا ئوخشىمىغان ھالدا ئۆز تارىخىدا ئۈچ باسقۇچلۇق غايەت زور ئىرقىي ۋە ئېتنىك قوشۇلۇش دولقۇنىنى بېشىدىن كۆچۈر-دى. يەرشارىدا مۇز دەۋرى ئاخىرلىشىپ، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمى تەدرىجىي ھالدا قەدىمكى ئىنسان تۇركۈملىرىنىڭ پائالىيەت مەركەزلە-رىدىن بىرىگە ئايلانغان ۋە ئارىيانلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلىرى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياۋروپا ئىرقىدىكى خەلقلەر يەر-لەشكەن يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ تاڭ نۇرى پارلىغان ھەمدە ھونلار تارىخ سەھنىسىگە چىقىش-قا باشلىغان مەزگىللەرگىچە بولغان جەريان بىرىنچى قېتىملىق چوڭ

ئىرقىي يۇغۇرۇلۇش دولقۇنى ئىدى. بۇ قېتىمقى چەكسىز ئۇزاققا
سوزۇلغان دولقۇن جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىرقىي تۈزۈلمىسىدە
موڭغۇللۇئىد تىپىنىڭ ئالامەتلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس دەرىجىدە
كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى
قاڭشارلىق، ئورا كۆز، بۇرۇت - ساقاللىرى قويۇق كەلگەن ئارىيان
ئىرقىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئاخىرلاشتى. بىز تاكى ھازىرغا
قەدەر تارىم ۋادىسى، پەرغانە ئويمانلىقى، ماۋارائۇننەھر ۋە تەڭرىتاغ
ئېتەكلىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن تېپىلغان تارىختىن ئاۋۋالقى دەۋرلەر-
دىن مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىگىچە بولغان مەزگىللەرگە مەنسۇپ
بولغان قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى-
دىن بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. مانا مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي
دەۋردە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان ئارىيان ئىرقىدىكى
خەلقلەر ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن تاشقىرى يەنە پايانسىز
چۆللۈكلەردىكى دەريا - ئېقىنلارغا ئەگەشكەن بوستانلىق مەدەنىيىتى-
نىمۇ بەرپا قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چۆللۈك زونىلىرى، جۈملىدىن
تۇران تۈزلەڭلىكى ۋە تارىم ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا ياشىغان ۋە
پائالىيەت ئېلىپ بارغان ياۋروپا تىپىدىكى ساك - ماسساگېت -
ئىسكىف - سىكتاي، تۇخرى - يۈرچى، سوغدى قاتارلىق خەلقلەر
نوقۇل چارۋىچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي، يۇلتۇزدەك تارالغان
بوستانلىقلاردا ئۆزىگە خاس دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىمۇ ياراتقانىدى.
چۈنكى ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەندەك پەقەت
ئوۋچىلىق بىلەنلا شۇغۇللانغۇچى خەلقلەر. . . ھېچقاچان مەۋجۇت بول-
مىغان»①. ھايۋانلارنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ۋە دەسلەپكى تېرىم ئىگىلى-
كىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئىي شەرت - شارا-
ئىتى مۇھىم رول ئوينىدى. ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچى-

---

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، خەلق نەشرىياتى، 1972 - يىل
نەشرى، IV توم، 18 - بەت.

لىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازدى: «بەزى ئىلغار قەبىلىلەر — ئارىيانلار، سېمىتلەر شۇنىڭدەك يەنە تۇرانلارنىڭ ئاساسىي ئەمگەك تارماقلىرى دەسلەپتە ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش، ئاندىن نەسىل قالدۇرۇش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى بىلگەن بولسا كېرەك... تۇران تۈزلەڭلىكىدىكى كېلىمات شارائىتىدا، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان سوغۇق قىش پەسلى ئۈچۈن ئوت-چۆپ ۋە يەم-خەشەك تەييارلىماي تۇرۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن ياشاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا چارۋا-ماللار ئۈچۈن ئوت-چۆپ ئۆستۈرۈش ۋە دانلىق زىرائەت تېرىش بۇ يەردە زۆرۈر شەرت بولۇپ قالغانىدى»①. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ كەتكەن ئويمانلىق ۋادىلىرىدا چارۋىچىلىقتىن سىرت، نىسبەتەن ئىلغار بولغان بوستانلىق مەدەنىيىتى مەيدانغا كەلدى. يەنە كېلىپ بۇ مەدەنىيەتنى ئارىيان ئىرقىغا مەنسۇپ يەرلىك ئاھالە ياراتتى.

ئىچكى ئاسىيا رايونىدا، موڭغۇل ئېگىزلىكى ئاسىيا تارىخىنىڭ پەۋقۇلئاددە سەزگۈر بەلبېغىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىرقىي قۇرۇلمىسى ۋە ئېتنىك تەركىبىدە ئىككىنچى قېتىملىق غايەت زور دولقۇن قوزغالدى. ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلىرى ۋە ئۆزئارا قوشۇلۇشلىرىدىن خاراكتېرلەنگەن بۇ دولقۇن ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تۈركىي تىپنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇ ۋاقىت جەھەتتىن ھونلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن تارتىپ XIII ئەسىردىكى چىڭگىزخان ئىستېلاسىغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مۇشۇ تارىخىي جەريان ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىلگىرىكى مۇرەككەپ ئىرقىي تەركىبى تەدرىجىي تۈركلىشىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈردى ۋە بارلىق ئىرقىي ۋە ئېتنىك تەركىب-

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، خەلق نەشرىياتى، 1972 - يىل نەشرى، IV توم، 155 -، 156 - بەتلەر.

لەرنى ئۆز قوينىغا سىڭدۈرۈپ «تۈركىي» نامى ئاستىغا ئۇيۇشتۇردى. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى مۇشۇ ئىككىنچى قېتىملىق زور قوشۇلۇش دولقۇنى بۇ رايوننىڭ كېيىنكى ئېتنىك تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئاساس ياراتتى.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى، جۈملىدىن تارىم ۋادىسى ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى ئىلىم ساھەسىدە تا ھازىرغىچە تالاش - تارتىش بولۇپ كەلدى. مانا مۇشۇ مۇرەككەپ مەسىلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆپلىگەن يەكۈن خاراكتېرلىك قاراشلاردا ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق خاتالىقلار ھامان ساقلىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۆز تارىخى ھەققىدىكى يازما مەنبەلەرنىڭ كەمچىلىكى بۇ مەسىلىگە تېخىمۇ زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى. بىزنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدىغان نۇرغۇن سىرلىق ھادىسىلەر تېخىچە مۇكەممەل دەلىل - پاكىتلار ئارقىلىق ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇپ بېرىلمىدى. مەسىلەن، تۈركلەر بىلەن قەدىمكى ئىران مەنبەلىرىدىكى تۇرانىلارنىڭ قانداق باغلىنىشى بار، قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى ئىرقىي تۈزۈلۈشى ۋە ئانتروپولوگىيەلىك خۇسۇسىيىتى قانداق ئىدى؛ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ۋە ناھايىتى چوڭ نىسبەتتە شەرقىي ئىران تىپىدىكى خەلقلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈشى قانداق ھادىسە؛ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن غەربكە كۆچكەن، چارۋىچىلىقنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئىگىلىك شەكلى قىلغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تارىم ۋادىسىدىكى نىسبەتەن يۇقىرى شەھەر ۋە تېرىم مەدەنىيىتى ياراتقان ياۋروپا ئىرقىدىكى يەرلىك خەلقلەرنى قانداقلارچە ئۆزىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە سىڭدۈرۈپ تاشلىدى ياكى تارىم ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار يەرلىك ئاھالە تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ خاتا ھالدا ‹ئۇيغۇر› نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغانمۇ؛ خەنزۇ تارىخىي مەنبەلىرىدە خاتىرىگە ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە

840 ـ يىلىدىكى غەربكە كۆچۈشىدەك غايەت زور ۋەقە نېمە ئۈچۈن باشقا ئەل ۋە خەلقلەرنىڭ مەنبەلىرىدە زادىلا ئۇچرىمايدۇ؛ ھەتتا مۇشۇ ۋەقەدىن 200 يىل كېيىن ياشىغان قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ئىككى بۈيۈك شەخس — مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسەرلىرىدە ياكى قوچۇ خانلىقى دەۋرىدىكى قانچىلىغان ھۆججەتلەردە بۇ ۋەقە نېمە ئۈچۈن بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئېلىنمايدۇ؟

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەريان ئۆزىنىڭ ھەر بىر قەدىمىگە ناھايىتى زور سىر – ئەسرالارنى يوشۇرۇپ كەلدى. گەرچە مىلادىيە VI ئەسىردىن ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بوستانلىق ۋادىلىرىدا تۈركىي قوۋملەرنىڭ پائالىيىتىگە دائىر يازما خاتىرىلەرنى ئۇچراتقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن 552 ـ يىلى قۇرۇلغان تۈرك خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى غەربتە تاكى ئامۇ دەرياسى بىلەن كاسپىي دېڭىزىغىچە يېتىپ بارغانىدى. شۇندىن باشلاپ تۈركىي قوۋملەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ باردى. ئەمما ئۇلارنىڭ بوستانلىق ۋادىلىرىدا ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈشى كېيىنكى ۋەقە ئىدى. بارتولد بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تۈركلەرنىڭ ئولتۇراق تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جاۋاب بېرىش ئەڭ قىيىن بولغان مەسىلە ئىدى. ناھايىتى روشەنكى، تۈركلەرنىڭ ھەممىسى ياكى مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇ مەزگىللەردە تېخى چارۋىچىلىق ھاياتىنى بېشىدىن كۆچۈرۈۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار جۇڭگو تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى يەنە غەربتىكى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ سوغدىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇراتتى»①. شۇڭلاشقا، كۆك تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋادىلىرىغا

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، 36 ـ بەت.

ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تەدرىجىي ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈشى ۋە ئاھا-
لىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىشى ئۇزاق بىر جەرياننى بې-
سىپ ئۆتتى. ئۇلار بۇ جەرياندا، مۇشۇ يەردە ياشىغۇچى ئىران تىپىدى-
كى خەلقلەرنىڭ نۇرغۇن مەدەنىيەتلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ئۆز-
لەشتۈرۈپ، تۈركىي مەدەنىيىتىگە يۇغۇرۇپ تاشلىدى. تەدرىجىي يەر-
لىشىشكە باشلىغان تۈركلەر ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى پۈتۈن تارىخىنى
بىراقلا تاشلاپ قويۇپ، ئۆز ئۆتمۈشىنى ئىران مەنبەلىرى تەمىنلىگەن
شەرقىي ئىران تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ تۇرانىيلارغا باغلاپ قويۇ-
دى. تۈركلەر بىلەن تۇرانىيلار بىر قوۋم دەپ قارايدىغان بۇ خىل
قاراش شۇندىن باشلاپ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادا كەڭ ئومۇملاشتى.
تۈركلەر بىلەن تۇرانلىقلار گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى
بىلەن ئورتاق بىر گەۋدىگە ئۇيۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەسلىدە
ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئېتنىك تۈركۇم ئىدى. فىردەۋسىنىڭ
«شاھنامە» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن ئىرانلىقلارنىڭ دۈشمىنى بولغان
تۇرانلىقلار ئەسلىدە ئامۇ دەرياسى ئارقىلىق ئىراندىن ئايرىلىپ تۇرىدى-
غان تۇران تۈزلەڭلىكىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن،
شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىدى. «شاھنامە» دىكى
تۇرانلىقلارنىڭ خاقانى ئەفراسىياب ۋە ئۇنىڭ ئوبرازى ئەمەلىيەتتە
زەردۇشت دىنىنىڭ دەستۇرى «ئاۋېستا» دىلا تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ-
دىن قارىغاندا ئەفراسىياپ ئوبرازى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى تۈركلىشىش-
تىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا شەرقىي ئىران مەنبەلىرىدە مەۋجۇت
بولغان. «كېمبىرىج ئىران تارىخى» مۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. «تۇ-
ران بىلەن تۈركلەر ئەسلىدە مۇناسىۋەتسىز ئىدى. لېكىن مىلادىيە
VI ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەن تۈركلەر پارس تىلى
مىللەتلىرى ئارىسىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. شۇنىڭ بىلەن
تۇران دېگەن سۆز ئاستا - ئاستا كىشىلەرنىڭ يادىغا كېلىدىغان بولۇپ

قىلىپ، يېڭى كەلگەن بۇ مىللەتنى خاتالىشىپ ئاشۇنداق ئاتايدىغان بولۇپ قالغان»①. شۇنىڭدىن كېيىن، تۈركىي خەلقلەرنىڭ يازما مەنبەلىرىدە «تۇران» بىلەن «تۈرك» ئۇقۇملىرى ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتتى. ھەتتا ئۆز دەۋرىدىكى يېتۈك ئەدىب ۋە ئالىملىرىمىزمۇ تۈركىي قوۋملەرنىڭ يىراق ئەجدادلىرىنى بىۋاسىتە ئىسلام مەنبەلىرىدىكى نوھنىڭ ئوغلى يافەسكە ياكى ئىران مەنبەلىرىدىكى فېرىدون ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئوتتۇرانچىسى بولغان «تۇر»غا باغلىدى. ئەمەلىيەتتە «تۇران» سۆزى «تۇر» سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، ئۇ تۈركىي ئېتنىك تۈركۈمى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى. فرانسىيە تەۋەلىكىدىكى ئىران ئالىمى ئەلى مازاھىرى ئەپەندىمۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ: «تۇران يىپەك يولى ئۇستىدىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن يىراق شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق رايوننى كۆرسىتىدۇ. خېلى ئىلگىرىلا بەزى كىشىلەر بۇ سۆزنىڭ بىرلىك شەكلى Tour ياكى Tuiriu دەپ پەرەز قىلىشقان. ئۇلار توخرىيلار ياكى يۈرچىلار بىلەن باغلىنىدۇ»②.

ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب ـ پارس مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەۋرىدىكى تارىخنى تامامەن ئۇنتۇپ، ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىران مەنبەلىرىدىكى تۇرانلىقلارنىڭ پادىشاھى ئەفراسىيابقا باغلىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئالپ ئەرتۇڭا دېگەن ئەپسانىۋى قەھرىمانى بىلەن ئىران مەنبەلىرىدىكى ئەفراسىيابنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. قاراخانىيلار خانلىرى ھەتتا ئۆزلىرىنى «ئەفراسىياب جەمەتى» دەپ پەخىرلەندى. مەھمۇد قەشقەرى ئەفراسىياب ھەققىدە كۆپ قېتىم توختالدى: «تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى ئەفراسىياب تۇڭا ئالپ ئەر دەپمۇ ئاتىـ

---

① ئېھسان يارشاتار، R.N فرېي باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن ئەنگلىيە «كېمبرىج ئىران تارىخى»، لوندون، 1983 ـ يىل، ئىنگلىزچە نەشرى، Ⅲ توم، 1 ـ كىتاب، 17 ـ باب.

② ئەلى مازاھىرى: «يىپەك يولى — جۇڭگو ـ ئىران مەدەنىيەت ئالاقە تارىخى»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1993 ـ يىل نەشرى، 140 ـ بەت.

ـلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى قاپلاندەك باتۇر ئەر دېگەنلىك بولىدۇ»[1]،
«خاقان — ئەفراسىيابتۇر. بۇنى بۇنداق ئاتاشتا ئۇزۇن بىر قىسسە
بار»[2]، «قەشقەر ئوردۇكەند دېيىلىدۇ، بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر،
مەركەز دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى
بولغانلىقتىن، ئەفراسىياب شۇ يەردە تۇرغان»[3] يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ
«قۇتادغۇبىلىگ» دە مۇنداق قۇرلارنى يازدى:

276. بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
تۇڭا ئالىپ ئەر ئىدى بەخت بەلگۈلۈك.

280. تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئەفراسىياب،
بۇ ئەفراسىياب تۇتتى ئەللەر تالاپ.

282. تاجىكلار كىتابتا پۈتۈپتۇ بۇنى،
كىتابقا پۈتمىسە كىم ئۇققاي ئۇنى.

شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا
كۆچكەن تۈركىي قوۋملەر ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىران تارىخ -
يىلنامىچىلىكىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنىڭ فورمىسىـ
ـنى قوبۇل قىلغان. ھەتتا XV ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك شائىر ئەلىشىر
ناۋائىمۇ تۈركلەر تارىخى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئىران تارىخى ھەققىدـ
ـدە مەخسۇس ئەسەر يازدى ۋە تۈركلەرنىڭ ئەجدادىنى ئىران تارىخىدىـ
ـكى سەلبىي شەخس ئەفراسىيابقا باغلىدى. بارتولد بۇ ھەقتە مۇنداق
دەپ چۈشەنچە بەردى: «قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۆزلىرىنى ‹ئەفراـ
سىيابنىڭ ئۇرۇغ - جەمەتى› دەپ ئاتىغانلىقىنىڭ تارىختا ھېچقانچە
ئالاھىدە ئورنى يوق. سالجۇقىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى ئۆزىنى دەسلەپ
شاھىنشاھ دەپ ئاتىغان، كېيىنچە ئىسلامىي نام بولغان سۇلتاننى
قوللانغان. خۇددى قاراخانىيلار سۇلالىسىغا ئوخشاشلا سالجۇقىيلار
خاندانلىقىمۇ ئەفراسىيابنىڭ نەسەبى ھەققىدىكى رىۋايەتنى ئېتىراپ

① ② ③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، Ⅲ توم، فاكسىمىل 605-
بەت، 513 - بەت، I توم، فاكسىمىل 173 - بەت.

قىلدى ۋە قوللاندى»①. بارتولد يەنە مۇنداق دەپ يازدى: «فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سى سامانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلدى. لېكىن ئۇ مەھمۇد غەزنەۋى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئاندىن ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا ئىران بىلەن تۇرانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش مۇھىم تېما قىلىندى. ئۇنىڭدا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىيە VI ئەسىردە تۈركلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، كىشىلەر تۇران (Turan) نامى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي ئەللەرنى كۆرسىتىدىغان بولغان. گەرچە داستاندىكى قەھرىمانلارنىڭ ئىسىملىرى ساپ پارسچە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىرى دەپ كۆتۈرۈشكەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرىگىلا ئۇچراپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئىران ئېپوسلىرىنىڭمۇ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. تۇران رىۋايەتلىرىدە باش خاقان ئەفراسىياب دەپ ئاتالغان. بۇ شۈبھىسىزكى، غەيرىي تۈركچە ئىسىمدۇر»②. ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «تارىخى مۇلكى ئەجەم» (ئىران پادىشاھلىرىنىڭ تارىخى) ناملىق ئەسىرىدە: «ئەفراسىياب — ھۇشەڭ بىننى تۇر بىننى فېرىدون ئوغلىدۇر. ئەرجاسپ بىننى ئەفراسىيابكىم، تۈرك پادىشاھى ئەردى»③ دەپ يازىدۇ. دېمەك، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، مەھمۇد قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن 400 يىل كېيىن ياشىغان نەۋائىمۇ ئوخشاشلا تۈركىي قوۋملەرنىڭ يىراق ئەجدادلىرىنى ئىران مەنبەلىرىدىكى تۇر ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى ئەفراسىيابقا باغلايدۇ. ئۇنداقتا، ئىسلامىيەتتىن كېيىن، پارس مەدەنىيىتى ئىچىگە يەتكۈچە شۇڭغۇپ كىرگەن تۈركىي قوۋملەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى يىلتىزى، مەنبەسى ۋە موڭغۇل ئېگىزلىكىدە تىكلەنگەن سەلتەنەتلىك

---

① ② بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، 89 ـ، 111 ـ بەتلەر.

③ ئەلىشىر نەۋائى: «تارىخى مۇلكى ئەجەم» — «ئون بەش توملۇق نەۋائى ئەسەرلىرى توپلىمى»، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى، XIV توم، 191 ـ، 195 ـ بەتلەر.

تارىخنى راستىنلا پاك ـ پاكىزە ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ ـ قانداق؟ ئۇلار
نېمە ئۈچۈن ئىسلام ۋە پارس يىلنامىچىلىكى تىكلەپ بەرگەن ئەندىزىنى
ئۆز تارىخ قارىشىنىڭ بىردىن ـ بىر فورمىسى قىلىۋالىدۇ؟ دەرۋەقە،
تۇران بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەت ئىلىم ساھە-
سى تەرىپىدىن تامامەن ئاشكارا بولغان، تۈركىي خەلقلەر مىڭ يىلدىن
بۇيان ئۆز ئەجدادى سۈپىتىدە قاراپ، تىللاردا داستان قىلىپ كەلگەن
سىرلىق شەخس ‹ ئەفراسىياب›، نىڭ ھەقىقىي نەسەبى ئېنىقلانغان كۈنى
مىللىي تارىخ تۇيغۇمىزدىكى ئېچىنىشلىق تراگېدىيىنى چوڭقۇر ھېس
قىلىمىز. ھەتتا نەۋائىدەك بۈيۈك شەخسنىڭمۇ چىڭگىز ئىستېلاسىدىن
ئاۋۋالقى تۈركلەر تارىخىدىن خەۋەرسىزلىكى ۋە ئىران تارىخنامىلىرىگە
مەپتۇن بولۇشى كىشىنى تولىمۇ ئەجەبلەندۈرىدۇ. XV ئەسىردىكى
پارس مەدەنىيىتىنىڭ پۈرىقى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان، «پارسگوي»
لۇق ئەۋج ئالغان ھىرات شەھىرىدە، بۈيۈك شائىر نەۋائى مەردانىلىك
بىلەن «فارسىي شېكەرست» ، «ئەرەبىي ھەسەلەست» كە قارشى «تۈر-
كىي ھۈنەرەست» دېيەلىگەن ۋە «تۈركىيگوي» لۇقنى تەشەببۇس قىلا-
لىغان ئىدىغۇ، ئاخىر! ؟ . . . ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە مەخ-
سۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان بارتولد قاتتىق ئېچىنىش ئىچىدە مۇنداق
دەيدۇ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى تۈركىي قوۋملەر پارس مەدەنىيە-
تىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئەجدادى
بولغان تۈركلەرنى تامامەن ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. ئىران تېررى-
تورىيىسىدىكى تۈرك ھۆكۈمرانلار يەنىلا تۈركىيچە سۆزلىشىپ، تۈر-
كىيچە نام ـ ئەمەللەرنى قوللاندى. تۈركىي تىلى ھەتتا ئىرانلىقلار
ئارىسىغىمۇ تارقالدى. لېكىن تەربىيە كۆرگەن تۈركلەرنىڭ ھەممىسى
تۈرك تارىخىنىڭ ئانا مەنبەسىنى ئۇنتۇپ كېتىشتى. XV ئەسىرنىڭ
كېيىنكى يېرىمىدا ياشىغان بۈيۈك شائىر نەۋائى ھەتتا موڭغۇللار باش
كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئاۋۋال تۈرك خانلىقىنىڭ سەلتەنەتلىك تارىخى
بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ سالجۇقىيلار خانى ‹ سۇلتان توغ-

ـرۇل› نى سارت، يەنى ئىران سۇلتانى دەپ خاتا بىلىپ قالغاندى»①.
ياپونىيە ئالىمى ئابې تاكېئو ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىدا، بارتولدنىڭ قارىشىنى قۇۋۋەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «قاراخانىيلار خانلىقىدىكىلەر پارسلارنىڭ تارىخىدىكى ئادەتتە ‹ئەفراسىيابنىڭ جەمەتى› دەپ ئاتالغانلارنى تاسادىپىيلا ‹تۈركلەرنىڭ جەمەتى› دەپ ئاتىۋالغان. شۇنىدىن باشلاپ كېيىنكى ئاپتورلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مۇقام بويىچە بۇغراخانلار سۇلالىسىنى ئەفراسىيابقا باغلايدىغان بولدى... ئۇيغۇرلارنىمۇ ئەفراسىيابنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدىغان بۇنداق كۆز قاراشلار XIII ئەسىردە، يەنى بۇغراخانلار سۇلالىسى ئاللىقاچان زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ۋاقىتتا، ناھايىتى يەڭگىلتەكلىك بىلەن توقۇپ چىقىرىلغان بىر خىل ھېكايە بولۇپ، بۇنى باشقا مەنبەلەر ئارقىلىق ئىسپاتلاش قىيىن»②. دېمەك، تۇران بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بىر قەدەر مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخ قارىشىدىكى كىچىككىنە يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئىرانىي تەسىرلەر ئىزچىل ھالدا كېيىنكى خاتا چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلىپ كەلگەن. شۇڭا ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىز دەۋاتقان ‹تۈرك› كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى ئاتالغۇ. ئۇ ھېچقاچان دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندەك، نوھنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ ئەۋلادىدىن ‹تۈرك› دەپ ئاتالغان بىر شەخسنىڭ نەسلىدىن تارالغانمۇ ئەمەس. شۇنىڭدەك ئىرانلىقلارنىڭ ئەپسانىسىدىكىدەك، فېرىدۇننىڭ ئۈچ ئوغلىدىن بىرى — تۇرانىيلار، يەنى تۈركلەرنىڭ بوۋىسى ‹تۇر› دىنمۇ تارالغان ئەمەس»③.

---

① «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى»، II توم، 2 ـ قىسىم، 203 ـ بەت. — ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشىشى توغرىسىدا» — «غەربىي دىيار تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىل 4 ـ سان، 23 ـ بەت.
② ئابې تاكېئو (ياپونىيە): «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى، 295 ـ، 296 ـ بەتلەر.
③ ئىمىن تۇرسۇن: «تارىخىدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 244 ـ، 245 ـ بەتلەر.

بەلكى مىلادىيە VI ئەسىردىن باشلاپ، موڭغۇل ئېگىزلىكىدە قۇدرەت-
لىك خانلىق قۇرۇپ، كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا غەربكە سۈرۈلگەن،
ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن تۇران تۈزلەڭلىكى ئەتراپىدىكى شەرقىي
ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان ۋە ئېت-
نىك تەركىبىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن قوۋملەر تۈرك قوۋملىرى ئىتتىپاقى-
دۇر. شۇڭلاشقا ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي تىلىدا
سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تەرەققىياتى ۋە مىللەت بولۇپ
شەكىللىنىش جەريانىنى تەھلىل قىلغاندا، ئىككى مۇھىم مەنبەنى —
موڭغۇل ئېگىزلىكى ۋە ئالتاي تاغلىرىدىن غەربىي جەنۇبقا سۈرۈلگەن
ئەسلىدىكى تۈرك قوۋملىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھىندى ـ
ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ يەرلىك ئىران تىپىدىكى خەلقلەرنى
تەڭ ئېتىبارغا ئېلىش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، بىر تەرەپلىمە-
لىك خاھىش شەكىللىنىپ قالىدۇ. دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
تۈركلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەرياندا،
تۈركىي قوۋملەرنىڭ ئىرقىي تۈزۈلمىسى ۋە ئانتروپولوگىيىلىك خۇ-
سۇسىيىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئۇلار خۇددى
ئۆز مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى ئارىلاشما ئالاھىدىلىككە ئوخشاشلا بەدەن
تۈزۈلمىسى جەھەتتىن موڭغۇل ئىرقىغىمۇ ياتمايدىغان، تىپىك ياۋروپا
ئىرقىدىنمۇ پەرقلىنىدىغان، شالغۇت خاراكتېردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا
تىپىنى ھاسىل قىلدى. بۇ يەردە بىزگە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ:
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى تۈركىي قوۋملەرنىڭ يەرلىك ئىران
تىپىدىكى خەلقلەرنى ئۆزىگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ سىڭدۈرۈپ تاشلى-
شىمۇ ياكى ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تۈركىي قوۋم-
لەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، خاتا ھالدا «تۈركىي» نامى بىلەن
ئاتىلىپ قېلىشىمۇ؟ بەزى تەتقىقاتچىلار بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن ئوت-
تۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ئەمەلىيەتتە تۈركلەرنىڭ سىياسىي جە-
ھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن بولغان. يەرلىك ئىران تىلىدا سۆزلىشىدى-

غان خەلقلەر مەدەنىيەت جەھەتتە ئىزچىل ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ
كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشى
تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشىغا سىياسىي
شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن دەپ قارايدۇ①. بىزنىڭ قارىشى-
مىزچە، ئۆزئارا ئۇچراشقان ئوخشاش بولمىغان ئىككى خەلق ئوتتۇر-
سىدىكى مەدەنىيەت كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا تىل ھامان ھەل قىلغۇچ
رول ئوينايدۇ. تىلنىڭ غەلىبىسى ئەمەلىيەتتە شۇ مىللەتنىڭ غەلىبى-
سىنى بەلگىلەيدۇ. پارس تىلى پارس ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن
پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمران تىلغا ئايلانغان بىر شارائىتتا،
تۈرك تىلىنىڭ خۇددى بەيگىگە چۈشكەن ئاتتەك ئەڭ ئاخىرى ئۈستۈن-
لۈككە ئېرىشىشى بۇ رايوننىڭ تولۇق تۈركلەشكەنلىكىدىن دېرەك
بەردى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايوننىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تىركىشىش جەر-
يانىدا ئاخىرقى ھېسابتا تۈركلىشىشىنىڭ سىرى دەل تۈرك تىلىنىڭ
غەلىبە قىلغانلىقىدا ئىدى. فىلىپ ھىتتى ئەرەب تىلىنىڭ ئىسلامىيەت-
نىڭ كېڭىيىشىدە ئوينىغان رولى ئۈستىدە توختىلىپ: «بويسۇندۇ-
رۇلغان مىللەتلەر سىياسىي جەھەتتىكى ئورنىدىن، دىنىي جەھەتتىكى
ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە رازىكى، ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىشنى ئەسلا
خالىمايتتى. . . شۇڭا ئەرەب تىلىنىڭ بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنىڭ
تىللىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئەڭ ئاخىرىدا ۋە ئەڭ ئاستا سۈر-
ئەتتە ئىشقا ئاشتى. ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبىسى، ئەمەلىيەتتە بىر
تىلنىڭ غەلىبىسى، تېخىمۇ توغرىراقى بىر كلاسسىك دەستۇرنىڭ
غەلىبىسى ئىدى»② دەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەگەردە ئوتتۇرا
ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشىنى بىر سىر دەيدىغان بولساق، تۈركىي تىللار-

① شۈي شۈيا: «تۈركلەرنىڭ ساماني سۇلالىسىدا تۇتقان ئورنى ۋە رولى» — «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى، 4 ـ توپلام، 177 ـ بەت.

② فىلىپ. ھىتتى (ئامېرىكا): «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، سودا نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى، I توم، 424 ـ، 105 ـ بەتلەر.

نىڭ ئىران تىللىرى ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىنى تېخىمۇ چوڭ سىر دېيىشكە ھەقلىقمىز. بارتولدمۇ بۇ ھادىسىنى ناھايىتى ھەيرانلىق بىلەن شەرھىيلەيدۇ: «پارس تىلىنىڭ بىردىن بىر رىقابەتچىسى تۈركىي تىلى ئىدى، پارس تىلىنىڭ ئۇشبۇ رىقابەتچىسى بىلەن بولغان كەسكىن تىركىشىشلىرىنىڭ نەتىجىسى ھامان پارس تىلىغا پايدىسىز ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى بىر قانچە ئەسىردىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە مۇنداق ئىككى خىل جەريان ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى: ئۇنىڭ بىرى، جانلىق ئىران دىئالېكتىلىرى تەدرىجىي ھالدا پارس ئەدەبىي تىلى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ كەلدى؛ يەنە بىرى، پارس ئەدەبىي تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىران دىئالېكتىلىرى تەدرىجىي ھالدا تۈركىي تىللىرى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ كەلدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تۈركىي تىللىرىنىڭ ئىران تەۋەسىدىكى تارقىلىش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ باردى. ئەگەردە تۈركلەر بىلەن پارسلار بىر كەنتتە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولسا، ئاقىۋەتتە تۈركىي تىلى ئاستا - ئاستا شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئورتاق تىلىغا ئايلىناتتى»①.

ئەمدى نۆۋەتتىكى مۇلاھىزە تېمىمىز تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىغا قايتىپ كەلدى! دەرۋەقە، بۇ يەردە جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك قانچىلىغان سىر - ئەسرالار كۆمۈلۈپ ياتاتتى. بولۇپمۇ تارىم ۋادىسىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ تارىخىي ھادىسە ئۆزۈندىن بۇيان ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلگەنىدى. مىلادىيە 744 - يىلى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىگە خاتىمە بېرىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى 100 يىللىق قەھرىمانلىق ھاياتىدىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن تارىم ۋادىسىدىكى تىنچ تۇرمۇشقا قايتىپ

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، 44 - بەت.

كەلدى، ئۇلار قانداقلارچە تارىم ۋادىسىدىكى ئاللىقاچان شەھەرلەشكەن
ھىندى ـ ياۋروپا تىپىدىكى ئاھالىلەرنى ئۇيغۇرلاشتۇرالىدى، «17
خىل تىل، 24 خىل يېزىق بايقالغان»①غەربىي يۇرتتا ئۇيغۇر تىلى
قانداق قىلىپ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىيەلىدى؟ . . .

شۇنىسى ئايانكى، ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان ئىرقىي ۋە مىللىي
تەركىبكە، ئارىلاشما ھالەتتىكى مەدەنىيەت قاتلىمىغا ۋە ئۆزىگە خاس
پىسخىك تىندۇرمىغا ئىگە تارىم ئويمانلىقىنىڭ تامامەن ئۇيغۇرلىشىشى
ھەقىقەتەنمۇ سىرلىق ھادىسە ئىدى. چۈنكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى
بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىدى-
كى نىسبەتەن يۇقىرى مەدەنىي ھايات كۆچۈرۈۋاتقان تېرىم ئاھالىلىرى-
نى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ تاشلىشى ھەقىقەتەنمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىدى.
ئۇزاقتىن بۇيان، بەزى تەتقىقاتچىلار ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ
ئېتنىك مەنبەسىنى پەقەتلا غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگىلا
باغلاپ كەلدى ۋە 840 ـ يىلىدىن بۇرۇن تارىم ۋادىسىدا يارىتىلغان
بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ئايرىپ قويدى. بۇنىڭ
بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا چۈشەندۈرۈش تەس بولغان ھادىسى-
لەر كېلىپ چىقتى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ۋادىسى بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋىتى غەربكە كۆچۈشتىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا باشلانغانىدى. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە مىلادىيە VI — VIII ئەسىرلەردە سەلتەنەت سۈرگەن تۈرك
خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى بىلەن ئامۇ
دەرياسى ۋادىلىرىغىچە يېتىپ بارغانىدى. ئا. ۋون. گابائىن خانىممۇ
بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تۈرك يايلاق ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىلا يەنى
مىلادىيە 552 ـ يىلىدىن باشلاپ، تارىم ئويمانلىقى مەزكۇر ئىمپېرى-
يىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىسسىقكۆل بويىغا جايلاشقان سىياسىي

① ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن
تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى، كىرىش سۆز قىسمى.

مەركەزگە يېقىنغانىدى. شۇڭلاشقا بۇ ۋادىدىكى ئاھالىلەر تۈركلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا، يىراق غەربىي جەنۇبتىن تاكى بەلخقىچە ۋە ھەتتا ئۇنىڭمۇ نېرىسىدىكى بۇددىزىم رايونلىرى بىلەن دائىملىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنىدى. تارىم ۋادىسىدىكى تۈركلەر يېرىم چارۋىچىلىق تۇرمۇشى كۆچۈرەتتى. شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشماستىن، بەلكى دالىلاردىكى چېدىرلاردا تۇراتتى»①. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈرك خانلىقى دەۋرىدىلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرى تۈركلىشىشكە باشلىغان. تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس ليۇ يىتاڭ ئەپەندىمۇ بۇ نۇقتىنى قۇۋۋەتلەيدۇ: «ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، شىمالدىكى قۇدرەتلىك خاندانلىققا ئايلاندى. ئۇلار موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ئۆتۈكەن تاغلىرى بىلەن ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىنى بازا قىلدى. ئۇلارنىڭ ئايرىم بۆلەكلىرى كەڭسۇ (گەنسۇ)، شىنجاڭ ۋە ھەتتا پامىرنىڭ غەربىدىكى رايونلارغىچە تارقالغانىدى. . . خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا قۇرۇلغان 36 شەھەر دۆلىتى ئىچىدە، يەنى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىزلىرى ئاللىقاچان كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرغان- قۇرمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش تەس ئىدى. قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىگە بولغان پائالىيەتلىرى خېلى بالدۇرلا باشلانغانىدى»②.

دېمەك، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكىچە بولغان ئارىلىقتا تەڭرى

---

① ئا. ۋون گابائىن (گېرمانىيە) : «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ھايات» ، تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى باستۇرغان. 1989 - يىل، خەنزۇچە ئىچكى باسمىسى، 6 - بەت.

② ليۇ يىتاڭ (تەيۋەن) : «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ، تەيۋەن جېڭجوڭ نەشرىياتى نەشرى، 207 - بەت.

تېغىنىڭ شىمالىدىكى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلار، جۇملىدىن تارىم ئويمانلىقى تۈركلىشىش ۋە ئۇيغۇرلىشىش جەريانىنى باشلىغان بولۇپ، 840 ـ يىلىدىن كېيىنكى چوڭ تىپتىكى مىللەتلەر قوشۇلۇشىغا شەرت- شارائىت هازىرلىغانىدى. شۇڭلاشقا IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلى- رىدىن كېيىن، كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى هېچقانداق توسالغۇسىزلا تارىم ۋە تۇرپان ئويمانلىقىغا ماكانلىشىپ، ئەسلىدىكى يەرلىك ئاهالىلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى ۋە ناهايىتى تېزلا مەدەنىيەت جەھەتتە گۈللىنىشكە ئېرىشتى. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچۈشى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى غايەت زور ۋەقە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە خەنزۇ مەنبەلىرىدىن باشقا هېچقانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخنامىلىرىدە ئۇچۇر بېرىلمىگەن. كىشىنى تېخىمۇ ئە- جەبلەندۈرۈدىغىنى شۇكى، مۇشۇنداق تارىخىي خاراكتېرلىق چوڭ كۆ- چۈشنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ قان ـ ياشلىق سەپە- رىدە مۇشۇ ۋەقەنى تېما قىلغان بىرەر ئېپوس ياكى كىچىككىنە رىۋا- يەتمۇ قالدۇرۇپ قويمىغان. ئاشۇ ۋەقەدىن 200 يىل ئۆتمەيلا قوچۇ خانلىقىدا يارىتىلغان جىلد ـ جىلد يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە ئالېك- ساندىرنىڭ يۈرۈشلىرى، «ئىنجىل» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ پارچىلىرى، ئىزوپ مەسەللىرى بايقالدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈش تارىخىغا دائىر بىرەرمۇ هۆججەت تېپىلمىدى. تېخىمۇ ئېچىنارلىقى، XI ئەسىردە ياشىغان قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ئىككى نەپەر بۈيۈك شەخس — مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۆز ئەسەرلى- رىدە غەرب مەنبەلىرىدىكى نوهنىڭ ئوغلى يافەس ياكى فېرىدۇننىڭ ئوغلى تۇر ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى ئەفراسىياب ھەققىدە مەلۇماتلار قالدۇر- دىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ IX ئەسىردىكى غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە ئەسلا ئۇچۇر قالدۇرمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ تارىختىن بۇيانقى سىياسىي ۋەزىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلگەن ئىككى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ئەل — ئىران بىلەن ھىندىستاننىڭ تارىخچىلە-

رىمۇ بۇ ۋەقە ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرمىدى. تارىخچىلار ئۇزاقتىن بۇيان «ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ زور ۋەقە» دەپ ئاتىغان بۇ قېتىمقى چوڭ كۆچۈشنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ يازما ۋە ئاغزاكى مەنبەلىرىدە ئۇچرىماسلىقى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ تەئەججۇپلەندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى بۇ زور ۋەقەنى باشقا مەنبەلەر ئارقىلىق يەنىمۇ ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەمدى تارىم ۋادىسىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك قاتلىمىغا كەلسەك، بۇ مەسىلە ھەققىدە ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ھەرگىزمۇ ئەڭ ئاخىرقى يەكۈن دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ھازىرغىچە يېشىلمەي كېلىۋاتقان بۇ ھەقتىكى نۇرغۇن تۈگۈنلەر بىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئىزدىنىشكە مەجبۇر قىلماقتا. ھازىر ئىلىم ساھەسىدە يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇيغۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە بىر مەنبەلىك نۇقتىئىنەزەرلەرگە مايىل بولۇپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقىدا ھىندى - ياۋروپا ئىرقىدىكى نىسبەتەن تىنچ تېرىم مىللەتلىرى ياشىغان بولۇپ، ئۇلار يارانقان پارلاق شەھەر مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى. ئۇيغۇلار بۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولماستىن، بەلكى يىراق ۋە چەت تاغلىق رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەنىدى. ۋاڭ جىلەي ئەپەندىنىڭ قاراشلىرىمۇ مۇشۇ تەشەببۇسنى قۇۋۋەتلەيتتى: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىسى بولغان ئارىيان ئىرقىدىكى خەلقلەر، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولماستىن، بەلكى يىراق چەت رايونلارغا، جۈملىدىن پامىر ئېگىزلىكىگە ئوخشاش تاغلىق رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەن»①. بۇ خىل بىر مەنبەچىلىك تەشەببۇسنىڭ قانچىلىك پۇت

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشىشى توغرىسىدا» — «غەربىي دىيار تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994 - يىللىق 4 - سان.

تىرەپ تۈردىغانلىقىغا ھازىرچە بىر نەرسە دېيىش تەس. لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانى بىر مەنبەگىلا ئەمەس، بەلكى كۆپ خىل ئېتنىك مەنبەلەرگە باغلىنىدۇ. گەرچە موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار باشتىن - ئاخىر تارىم ۋادىسىدا ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى ساقلاپ كەلگەن، ئۇيغۇر تىلىنى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلغان، «ئۇيغۇر» نامىنى مۇئەييەن دائىرىدە ئومۇمىي ئېتنىك نام سۈپىتىدە ئومۇملاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن تارىم ۋادىسىدا بۇرۇندىن ياشاپ كەلگەن ئارىيان ئىرقىدىكى تېرىم مىللەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنىك قاتلىمىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئوينىغان مۇھىم رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى ئىرقىي تۈزۈلمىسى ۋە ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەردە تارىم ۋادىسىدىكى ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ يەرلىك ئاھالىلەر ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئىككى چوڭ يىلتىزدىن — غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى ياۋروپا ئىرقىغا ياتىدىغان يەرلىك ئاھالىلەردىن تەڭ ئىزدەش كېرەك. چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىنكى ئانتروپولوگىيىلىك ئۆزگىرىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياۋروپا ئىرقىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ھەتتا ئاساسىي ئېقىم سۈپىتىدە رول ئوينىغان. بۇ ئەھۋالنى بىز تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەن تۈزۈلمىسىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. ئەمما بۇ قېتىمقى قوشۇلۇشتىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي تۈزۈلمىسىدە قانچىلىك زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇر ئېتنونىمى ئاخىرقى ھېسابتا تارىم ۋادىسىكى ھەر قايسى بوستانلىقلارغا تارقالغان خەلقلەرگە ئورتاقلاشتى. ئۇيغۇر تىلى ناھايىتى تېزلىكتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ئەجدادلىرىنى نوقۇل ھالدا غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلى-

رىگىلا باغلاپ قالماستىن، بەلكى تارىم ۋادىسىدىكى ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن ئاق تەنلىك تېرىم ئاھالىلىرىگىمۇ باغلاش كېرەك. چۈنكى تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر ئېتنونىمىغا ئويۇشقان بۇ مىللىي گەۋدىدە ھەم موڭغۇل ئىرقىنىڭمۇ، ھەم ياۋروپا ئىرقىنىڭمۇ ئوخشاشمىغان تەركىبلىرى بار ئىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي گىرۋەك- لىرىگە سۈرۈلگەنسېرى ئارىيان ئىرقىنىڭ قالدۇق تەركىبلىرى بار- غانسېرى روشەنلىشىپ باراتتى. ئويمانلىقنىڭ شەرقىي شىمالىي گىر- ۋەكلىرىگە يېقىنلاشقانسېرى موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى كۈچە- يىپ باراتتى. لېكىن پۈتكۈل ئويمانلىقتىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بۇ ئىككى ئىرقنىڭ ئوخشاشمىغان نىسبەتتىكى ئارىلاشما تەركىبلىرى تېپىلاتتى. شۇڭلاشقا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى ياكى بۇ ئىرقىقا ياكى ئۇ ئىرققا تامامەن مەنسۇپ قىلىۋېتىش ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس، چۈنكى ئۇي- غۇرلارنىڭ ئىرقىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئارىلاشما تىپنى ھاسىل قىلغان. تارىم ۋادىسىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇيغۇرلىشىش جەريانىدا، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن باشلانغان مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، بەل- كى يەنە تارىم ۋادىسىدىكى ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ يەرلىك ئاھالىلەر- نىڭ نەچچە ئونلىغان شەھەر دۆلەتلىرىدە مەيدانغا كەلگەن بوستانلىق مەدەنىيەتلىرىنىمۇ ئۆزىگە ئۆزلەشتۈردى. شۇڭلاشقا شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىكى پارلاق تارىم مەدەنىيىتى — ئىۋىرغول- پىشامشان - قوچۇ مەدەنىيىتى، كۇسەن - سۇلى مەدەنىيىتى، ئۇدۇن - نىيە - كرورەن مەدەنىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنى- يىتىنى بېيىتقان ۋە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىنغان مەدەنى- يەتتۇر. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بۇ مەدەنىيەتلەرنى ئۇيغۇر مىللىتى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە قارىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز ئىلمىي پوزىتسىيىگە زىت ئەمەستۇر.

دەرۋەقە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى بۇ يەردىكى ئەسلىدىكى غەيرىي تۈركىي مەدەنىيىتىنىڭ ئىز - تىرسىز غايىب بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئوخشاشمىغان ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ، يېڭى ئۇيغۇر ئېتنونىمىنى ھاسىل قىلغانلىقىدۇر. ئۇيغۇرلىشىش جەريانى ئورۇندالغاندىن كېيىنكى بەزى رايونلاردا ھەتتا ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ مەدەنىيىتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ساقلاپ قالغان، لېكىن ئۇيغۇر نامى ئاستىغا ئۇيۇشقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لى يۈڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە بىر نەزەر» ناملىق ماقالىسىدا بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك گەۋدىسى (ethnos) نىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ياكى تېخىمۇ ئاممىباب قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تەركىبىنىڭ شەكىللىنىشىدە، ئەڭ دەسلەپكى ئارىيان قان تىپىدىكى توخرىيلار بىلەن ساكلار ئۇنىڭ تۆۋەن قاتلىمى (substrate) نى تەشكىل قىلغان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يەنى ئېتنىك مەنبە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق مۇنداق بىر لوگىكىلىق خۇلاسىنى يەكۈنلەشكە بولىدۇ: تارىم دەرياسى ھاۋزىسىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان ئارىيان تىپىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ ئاساسلىق قىسمى ياكى چوڭ قىسمىدۇر. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتى، ئاساسىي جەھەتتىن قەدىمدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان تارىم ئويمانلىقىدىن قۇمۇل بوستانلىقىغىچە بولغان رايونلاردىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ»①. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك تەركىبىدە تارىم ۋادىسىدىكى ھىندى - ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ ئاھالىلەرنىڭ رولى پەۋقۇلئاددە زور بولغان ھەتتا مەھمۇد قەشقەرى دەۋرىدىمۇ تېخى تۈركلىشىش ۋە ئۇيغۇرلىشىش جەريانى ئاخىرلاشمىغان خوتەن رايونىدا، ھىندى تىپىدىكى ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ ئىرقىي خۇسۇسىيەتلىرى ئىزچىل ئۈستۈنلۈكنى

① لى يۈڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە بىر نەزەر» — «ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 - يىللىق 1 -، 2 - سان.

ئىگىلەپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تارىم ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىگىلىك شەكلىدىن ۋاز كېچىپ، بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى بولغان مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە تارىم ۋادىسىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى تېرىم ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغان. شۇڭلاشقا تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلىشىش جەريانى ئۆزىگە نۇرغۇنلىغان سىرلارنى يوشۇرۇپ كەلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى شۇنچە نۇرغۇن غەيرىي تۈركىي تىللىرىنى بىراقلا شاللاپ، مۇتلەق ھۆكۈمران تىلغا ئايلىنىشى كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەنگلىيىلىك خ. ۋ. بەيلىي ئەپەندى رەتلىگەن ۋە ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلغان خوتەن ساك تىلىغا دائىر تېكىستلەرگە نەزەر تاشلىساق، ئۇنىڭدىن تۈركىي تىلغا خاس بىرەرمۇ سۆز ئاتالغۇنى تاپقىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ بۈگۈنكى كۈندىمۇ خوتەن رايونىدىكى نۇرغۇن يەر - جاي ناملىرىنى تۈركولوگىيە ئىلمىغا تايىنىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. «سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى مەھمۇد قەشقەرى: ‹دىۋان› نىڭ مۇقەددىمىسىدە: ‹خوتەنلىكلەرنىڭ بەزىلىرى ئىككى تىلدا سۆزلەيدۇ ۋە تۈركچىنى ياخشى بىلمەيدۇ› دەپ يازىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ ئەسلەتمىسى تۈركچىلىشىش جەريانىنىڭ تۈگەللەنمىگەنلىكىنى تەستىقلايدۇ. ‹دىۋان› بولسا، خوتەن 1006- يىلى قاراخانىيلار تەۋەسىگە ئۆتۈپ 70 يىلدىن كېيىن يېزىلغانىدى. بۇ چاغلاردا، قەدىمكى خوتەن تىلىنىڭ فونېتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىكى تەسىرى ساقلانغانىدى. بۇ سۆزدىن خوتەن قاراخانىيلار تەۋەسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، تىلى تۈركچىلەشتى دېگەن مەنە چىقمايدۇ، ئەلۋەتتە»①. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شى-

① ئىمىن تۇرسۇن: «‹خاقانىيە تىلى› ۋە خوتەن شېۋىسى» — «تارىمدىن تامچە»، 103 - بەت.

مالىي قىسمىنىڭ تۈركلىشىشى جەنۇبىي قىسمىدىن خېلى بالدۇر باشلانغان. تارىم ئويمانلىقىدا بولسا، ئالدى بىلەن بۇ ۋادىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي گىرۋىكىدىكى تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى، ئاندىن كۇچا بوستانلىقى ۋە شۇ ئارقىلىق تەدرىجىي غەربىي جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە پۈتكۈل قەشقەر ۋە يەركەن بوستانلىقى تۈركلىشىش ۋە ئۇيغۇرلىشىشنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى ھاسىل قىلغان. خوتەن رايونىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى ئەڭ ئاخىرىدا ئىشقا ئاشقان. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلىشىش ھادىسىسى ھەرگىزمۇ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى ھىندى - ياۋروپا ئىرقىدىكى ئاھالىلەرنى باشقا جايلارغا قوغلىۋېتىپ، «ئۇيغۇر» ئېتنونىمىنى بۇ يەرگە ئومۇملاشتۇرۇشى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ بىر- بىرىگە كەڭ كۆلەمدە قوشۇلۇپ، يېڭى بىر ئېتنىك گەۋدىنى ھاسىل قىلىشى ۋە «ئۇيغۇر» نامىغا ئۇيۇشۇش جەريانىدۇر. ئەگەردە شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر ئاساسىي ئېتنىك ئېقىمى دەپ قارايدىكەنمىز، ئۇنداقتا تارىم ۋادىسىدىكى ئەسلىدىكى شەرقىي ئىران ئىرقىدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يەنە بىر ئاساسىي ئېتنىك ئېقىمى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

شەرقىي پاسىلى كۇچا ۋە بۈگۈر دائىرىسىگە يېتىپ بارغان قاراخانىيلار خاندانلىقىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىر داۋامىدا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا «ئۇيغۇر» نامىنىڭ ئىستېمالدىن قېپقالغانلىقى نوقۇل ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرىدىنلا بولمىسا كېرەك. چۈنكى بۇ يەردە مۇنداق بىر ئېھتىماللىقنىمۇ نەزەردە تۇتۇشقا بولامدۇ - قانداق؟ شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەن بىر بۆلىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي گىرۋىكىگە كىرگەندە، بۇ يەردىكى ھىندى - ياۋروپا ئىرقىدىكى تېرىم ئاھالىلىرى نوپۇس جەھەتتىن خېلى ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا قارلۇق، ياغما، تۈركەش، چۈمۈل، باسمىل قاتارلىق تۈركىي- ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن

پايدىلىنىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان ۋە تۈركىي تىلىنى ئو-
مۇملاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزئارا قوشۇلۇشتىن كېيىن، يەر-
لىك ئارىيان تىپىدىكى ئاھالىلەر ئىرقىي تۈزۈلمە ۋە ئانتروپولوگىيە-
لىك خۇسۇسىيەت جەھەتتىن ئۈستۈنلۈك قازانغان، يەنى «قاراخانىي-
لار خانلىقى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى، ئاستا - ئاستا «ئۇي-
غۇر» نامىنى ئۇنتۇپ، قەدىمكى يەرلىك ئاھالىنىڭ قوينىغا سىڭىشىپ
كەتكەن»①. لېكىن ئۇزاققا سوزۇلغان توختاۋسىز تۈركلىشىشنىڭ
نەتىجىسىدە، ئۇلار تۈركىي- ئۇيغۇر مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە تۇرۇپ
كەلگەن. دەرۋەقە، بۇ بىزنىڭ گۇمانىي تەسەۋۋۇرىمىز بولۇپ، تولۇق
ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەھمۇد
قەشقەرى نېمە ئۈچۈن قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى خەلقلەرگە «ئۇيغۇر»
نامى ئىشلەتمىدى، نېمىشقا كۇچانىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قوچۇ خانلى-
قىنىڭ ئاھالىلىرىنى «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتىدى②؟ IX ئەسىردىن
تاكى موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىگىچە كۇچانى پاسىل قىلىپ ئوخشاش-
مىغان ئىككى خىل ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، بىر - بىرىگە زىت
بولغان دىنىي ئىدېئولوگىيە ۋە پەرقلىق بولغان سىرتقى تەسىر ئىچىدە
ياشاپ كەلگەن قوچۇ ئاھالىلىرى بىلەن قاراخانىيلار خەلقى قانداق
قىلىپ تىل، مىللىي پسىخىكا، مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە ئېتنىك
خۇسۇسىيەتلەردىكى غايەت زور ئورتاقلىقلارنى ساقلاپ كەلدى؟ دەرۋە-
قە، بۇلار ئادەتتىكى تەسەۋۋۇر بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر
سىر. ئىسلامىيەت ئېتىقادىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي گىر-
ۋەكلىرىگە قاراپ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، «ئۇيغۇر» نامىمۇ بارغانسې-
رى ئىستېمالدىن قېلىشقا باشلىدى. XVI ئەسىردە ياشىغان تارىخچى
مىرزا ھەيدەر كۆرەگان ئۆزىنىڭ «تارىخىي رەشىدىي» ناملىق ئەسىرد-

---

① لى يۇڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە بىر نەزەر» — «ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 - يىللىق 1 -، 2 - سان.

② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، I توم، 468 - بەت.

ـدە، ئىككى قېتىم قارا شەھەرنىڭ شەرقىدە «ئۇيغۇر» لارنىڭ ئولتۇراق- لاشقانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ①، لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى يازما مەنبەلەردە تاكى مۇشۇ ئەسىرىمىزنىڭ باشلىرىغىچە «ئۇيغۇر» نامى ئاساسەن كۆرۈلمىدى.

ئەمما، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونى هونلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن باشلاپ، تاكى چىڭگىز ئىستېلاسى دەۋرىگىچە، ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇش ۋە يۇغۇرۇلۇش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ دەل ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھاياتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق زور دولقۇن ئىدى. بۇ قېتىمقى مىللەتلەر چوڭ دولقۇنىنىڭ نەتىجىسى تۈركىي قوۋملەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈشى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى ھىندى - ئىران ئىرقىدىكى خەلق- لەرنى ئۇز گەۋدىسىگە يۇغۇرۇشى ھەمدە تۈركلىشىش ۋە ئۇيغۇرلى- شىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى بىلەن تۈگەللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇشۇ قېتىمقى جەريان ئۆزىنىڭ ھەر بىر قەدىمىگە نۇرغۇن قىيىن تۈگۈنلەرنى ۋە يېشىش تەس بولغان سىر - ئەسرالارنى يوشۇ- رۇپ كەلدى. شۇڭا بارتولد ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشىدىكى سىرلىق جەرياننى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «تۈركلەر ئىسلام ئاسىياسىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا زادى قانداق ئورۇننى تۇتۇپ كەلدى؟ بۇ يەنىلا بىر مۇرەككەپ مەسىلە. تۈركىي قوۋملەر مەيلى قەيەردىلا بولمىسۇن، ئەرەب، پارس مەدەنىيىتىگە تامامەن قارام بولۇپ كەتمە- دى، ئۇلار مەيلى قەيەرگىلا بارمىسۇن، ئۆزىنىڭ مىللىي تىللىرىنى يوقىتىپ قويمىدى...»②.

XIII ئەسىردىكى موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسى- يادا ئۈچىنچى قېتىملىق زور تىپتىكى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇش ۋە

---

① مىرزا ھەيدەر كورەگان: «تارىخىي رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 -، 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 - بۆلۈم، 114 -، 116 - بەتلەر. 2 - بۆلۈم، 283 -، 284 - بەتلەر.

② بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، 136 - بەت.

يۇغۇرۇلۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى دولقۇن چىڭگىزخاننىڭ قىلىچى ئاستىغا ئۇيۇشقان موڭغۇل قوۋملىرىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى بويسۇندۇرۇشى داۋامىدا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا تۈركلىشىش جەريانى تۈگەللەنگەن بىر شارائىتتا، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن بۇ رايوننىڭ ئېتنىك تەركىبىدە يەنە بىر قېتىم ئۆزگىرىش يۈز بەردى. شەرقىي پاسىلى قۇمۇلدىن غەربىي چېگرىسى تاكى شەرقىي ئىران رايونلىرىغىچە يېتىپ بارغان بىپايان تېررىتورىيىلەر چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، تەخمىنەن 200 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان موڭغۇللارنىڭ تۈركلىشىش ۋە ئىسلاملىشىش جەريانى باشلاندى. بۇ جەرياندا گەرچە موڭغۇللار سىياسىي جەھەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ، بويسۇندۇرۇلغان رايونلاردىكى ھەر قايسى تۈركىي مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت جەھەتتە تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرى ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى. ئارىدىن 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ، ئەمىر تېمۇر (1333 — 1405) دەۋرىگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا موڭغۇللارنىڭ قۇرۇق جاھازىسىلا قېپقالدى. خۇددى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىم تەكىتلەپ ئۆتكەندەك: «1260 - يىلدىن 1360 - يىلغىچە بولغان 100 يىل ئىچىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە موغۇلىستان (شىنجاڭ) دىن تەركىب تاپقان ‹چاغاتاي خانلىقى›دا 25 ھۆكۈمدار ئۆتتى. چاغاتايدىن كېيىن بۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىرەر سىما (سىمۋول) مەيدانغا كەلمىدى. موڭغۇللاردىن بىر قانچە ئۇرۇق (بارلاس، جاراس، دوغلات ۋە باشقىلار) ئىلى ۋە يەتتە سۇ ۋادىسىدا ‹تۈركىي تىل›نى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈپ، 100 يىلغا قالمايلا تۈركلەشتى»[1].

① ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، 231 - بەت.

چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى سىياسىي
ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋاملاشمىدى، بەلكى ئىككى ئەسىرگە بارمايلا
تامامەن تۈركلەشكەن مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى
ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. چىڭگىزخاننىڭ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگەن
ئىش - ئىزلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئەمدى ھەسرەت بىلەن ئەسكە ئالىدىغان
شانلىق ئەسلىمە بولۇپ قالدى. ئالللىقاچان تۈركلىشىپ بولغان ئوتتۇرا
ئاسىيا رايونى موڭغۇل ئىستېلاسى ئاستىدا تۇرغان بىر - ئىككى يۈز
يىل ئىچىدە ئىرقىي جەھەتتىن موڭغۇل تىپىنىڭ تەسىرىنى خېلى
دەرىجىدە ئۆزگە ئۆزلەشتۈرۈپ، تۈركلىشىش جەريانىنىڭ ئاخىرقى
باسقۇچىنى تاماملىدى. لېكىن موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىنكى موڭ-
غۇل ئىرقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە
كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى تەكشىسىز ئىدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئا-
سىيانىڭ چوڭ بوستانلىقلىرى بىلەن مۇنبەت زونىلىرىدا ئولتۇراقلاش-
قان، ماۋەرائۇننەھر، پەرغانە ئويمانلىقى ۋە تارىم دەرياسى ھاۋزىسىدى-
كى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تۈركمەن قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرى-
نىڭ ئەسلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا — تۇران تىپىغا خاس ئىرقىي خۇسۇ-
سىيەتلىرىنى زور دەرىجىدە ساقلاپ قالدى ھەمدە ئىرانىي تەسىرلەرگە
بولغان مايىللىقىنى ھەر ۋاقىت ئىپادىلەپ تۇردى. ئوتتۇرا ئاسىيا
خەلقلىرىنىڭ ئېتنىك قۇرۇلما جەھەتتىكى تەرەققىيات تارىخىدا، موڭ-
غۇل ئىستېلاسى ئېلىپ كەلگەن بۇ ئۈچىنچى قېتىملىق چوڭ دولقۇن
گەرچە بۇ رايوننىڭ ياۋروپا ئىرقى بىلەن موڭغۇل ئىرقى ئوتتۇرىسىدى-
كى ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن كۆچ سېلىشتۇرمىسىدا موڭ-
غۇللوئىد تىپىنىڭ تەسىرلىرىنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن تۈپ-
تىن ئۆزگەرتەلمىدى. بەلكى بۇ يەردىكى موڭغۇللار تۈركىي قوۋملەر
تەرىپىدىن ئاستا - ئاستا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، تۈركلەشكەن
ئىسلام مۇخلىسلىرى بولۇپ كەتتى. ئىمپېراتور ئەمىر تېمۇر دەۋرى
بۇنىڭ ئەڭ ياخشى تىمسالى ئىدى.

ئەمىر تېمۇر ھەقىقەتەنمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى سىرلىق شەخس ئىدى. «ئۇ ھەدەپ ئۆز نەسەبىنىڭ چىڭگىزخان بىلەن بولغان باغلىنىشىنى تەكىتلەيتتى. . . ناھايىتى روشەنكى، ئەمىر تېمۇرنىڭ XIII ئەسىردىكى چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنى قايتا قۇرۇش غەرىزى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ دەۋردە ئاسىيانىڭ كىندىكىدە قۇتراۋاتقان ھەر قايسى قەبىلىلەردە يەنىلا چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنىڭ جانلىق ئەسلىمىلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى. . . »①. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئەمىر تېمۇرنىڭ ھاياتىغا نۇرغۇن زىددىيەتلىك نەرسىلەر مۇجەسسەملەشكەنىدى. خۇددى ياپونىيىلىك كوجىما جۇيىچى ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ئەمىر تېمۇرنى يىپەك يولىدىكى بىرىنچى قاتاردىكى شاھ دېيىشتە، ئۇنىڭ ھاياتىغا نۇرغۇن سىرلار يوشۇرۇنغانىدى»②. ئۇ ئۆز يىلتىزىنى چىڭگىزخانغا باغلاشقا ھەدەپ ئۇرۇنسىمۇ، لېكىن سىپى ئۆزىدىن «تۈركىيپەرەست» ۋە ئىخلاسمەن ئىسلام مۇرىتى ئىدى. ئۇ «ئىران — ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تۈركىي - موڭغۇل مىللەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ ئۈلگىسى (دەرۋەقە، ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بۇ خىل تەسىرمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى) ئىدى. شىراز، ھىرات ياكى باغداد قاتارلىق جايلاردىكى بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ نەزىرىدە، تېمۇر بىر «ياۋايى» تاتار (بۇ يەردە موڭغۇللارنى كۆرسىتىدۇ) ھېسابلانغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇ بىر نەپەر سۈننىي مەزھىپىدىكى سادىق مۇسۇلمان، دىنىي داھىي، سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ پاسىبانى ھەمدە ئىران سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ھىمايىچىسى ئىدى. . . چىڭگىزخان بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تې-

① گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، سودا نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى، 207 - بەت.
② كوجىما جۇيىچى (ياپونىيە): «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، 284 -، 285 - بەتلەر.

مۇر مەدەنىي تەربىيە كۆرگەن، لېكىن ئىستراتېگىيىلىك ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەنرەك شەخس ئىدى»①. شۇ سەۋەبتىن، ئەمىر تېمۇر ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇ قۇرغان ئىمپېرىيە ناھايىتى تېزلا چاك ـ چېكىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاساس سالغان تۈركىي — موڭغۇل ۋە ئىران ـ ئىسلام مەدەنىيەتلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مەدەنىي ھايات، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرىنىڭ پەردىسىنى كۆتۈردى. «مەدەنىيەت ساھەسىدىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ تۆھپىسى تەڭداشسىز ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغۋار دەۋرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە شارائىت ھازىرلىدى، ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە رول ئوينىغان چاغاتاي تۈركچىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ ئاجرىتىپ، ھىرات، مەشھەد، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەردە ھەيۋەتلىك مەسچىتلەر بىلەن ئىسلام مەدرىسلىرىنى بىنا قىلدۇردى. ئۇلارنىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن رەسسام ۋە خەتتاتلارنى ھىمايە قىلىشى ئارقىسىدا، ھەممىگە مەشھۇر بولغان پارس ئۇسلۇبىدىكى مىنىياتورا رەسىملىرى ۋە قولىيازمىلار دۇنياغا كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا باشقا ھېچقانداق بىر سۇلالە ئۇلارغا ئوخشاش بۇنداق كۆپ مىراسلارنى قالدۇرالمىدى»②. ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭدىن كېيىن گەرچە يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى تۇتۇپ تۇرالىغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى تېزلا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى ئىقتىدارسىزلىقىنى ئىپادىلەشكە باشلىدى. ئۇلار تاشقى جەھەتتىكى كرىزىسلارغا تاقابىل تۇرالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆز

---

① ② گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا) : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 207 ـ، 208 ـ بەتلەر.

ئىچىدە كۈندىن- كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان نىزا - ئىختىلاپلارنىمۇ بېسىقتۇرۇشقا قۇربى يەتمىدى. شۇندىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى مەڭگۈ ئايىغى چىقمايدىغان سىياسىي كرىزىس ۋە ئىچكى تەپرىقچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. «پەقەت ھىندىستاندىلا ناھايىتى ئۇزۇن بىر جەريان ئۆتكەندىن كېيىن، ئەمىر تېمۇر جەمەتىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتىكى تالانتى كۆرۈلۈشكە باشلىدى»①. بابۇر ھىندىستاندا موغۇل سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، بۇ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ئەلنىڭ تاكى ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىگە ئايلانغىچە بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى كونترول قىلدى ۋە تۈركىي - ھىندى مەدەنىيىتى ئۆزئارا يۇغۇرۇلغان يېڭى سىستېما بەرپا قىلدى. ياپونىيە ئالىمى كوجىما جويىچى بابۇر ھەققىدە ھاياجان بىلەن مۇنۇلارنى يازدى: «بابۇرنىڭ ئۆزى ئاجايىپ گۈزەل تەرجىمىھال قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ئاجايىپ نۇر چاچماقتا. ئۇنىڭ ئەۋلادى شاھ جاھان خانىشى ئۈچۈن گۈزەل شەھەر ئاگرادا كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ھەشەمەتلىك تاج ماھال مەقبەرىسىنى ياساتتى. ئۇنىڭ ئەۋلادى ئىمپېراتور ئەكبەر ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تالانتى ۋە يۈكسەك قابىلىيىتى بىلەن ھىندىستان تارىخىدىكى تەڭداشسىز ئەرباب بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، تارىخچىلارنىڭ كۈچىنىڭ بارىچە ئەمىر تېمۇر ئەۋلادلىرىنى مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىنى يورۇتۇپ تۇرغان مەرتىۋىلىك جەمەت دەپ مەدھىيىلىشى ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك»②. لېكىن تارىخنىڭ قانۇنىيىتى ئاجايىپ زىددىيەتلىك بولىدۇ، بابۇر ۋە ئۇنىڭ چىۋەر سەركەردىلىرى ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ھىندىستانغا باشلاپ بارغان، تامامەن تۈركلەشكەن ئاھالە سىياسىي جەھەتتە ئىزچىل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن 300 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ ئاياللىق

① گاۋىن ھامبلىي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 220 - بەت.
② كوجىما جويىچى: «يېپەك يولىدىكى 99 سىر»، 284 - بەت.

نازاكەتتى گۆپۆلدەپ تۇرغان جەزبىدار قويۇنغا سىڭىپ كەتتى. تۇرغۇن مالىمانچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئۇلۇغۋار دەۋرلىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا، تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. چىڭگىز ئىستېلاسىدىن كېيىنكى ئۈچىنچى قېتىملىق بۇ چوڭ مىللەتلەر قوشۇلۇش دولقۇنىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىرقىي تۈزۈلمىسى ۋە ئېتنىك تەرەققىياتى ئاخىرقى قېتىم تۈگەللەندى. لېكىن بۇ ۋاقىت دەل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى زەئىپلىك دەۋرىگە توغرا كېلىپ قالدى. خۇددى ياپونىيىلىك خانېدا تورۇ ئەپەندى ئېيتقاندەك: «شۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جايلارنى ئۆز ئالدىغا بۆلۈشۈۋالغان، راۋاج تاپمىغان مۇسۇلمان پادىشاھلارنىڭ تەسىر - دائىرە تالىشىش سەھنىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ رايوننىڭ ھەممىلا يېرىدە بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتەك تۇرغۇن ھالەت شەكىللىنىپ، يات مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىلدىكى دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەككە - يىگانە ھالىتىنى كۈچەيتىۋەتتى»①. شۇنداق قىلىپ، مۇرەككەپ ۋە ئۇزاققا سوزۇلغان ئۈچ قېتىملىق مىللەتلەر قوشۇلۇش دولقۇنىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئېتنىك قۇرۇلما جەھەتتىكى ئاخىرقى باسقۇچنى تاماملاپ، ھازىرقى زامان دەۋرىگە كىرىپ كەلدى.

## 9

ئەمدى باشقا مەدەنىيەت تىپلىرى بىلەن بولغان پىسخىك سېلىش-

① خانېدا تورۇ (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 103 - بەت، ئۇيغۇرچە نەشرى، 187 -، 188 - بەتلەر.

تۇرما جەريانىدا، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئېتنىك
قۇرۇلما ۋە ئىرقىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ مەدەنى-
يەت پسىخىكىسىغا قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى شەر-
ھىيلەشكە توغرا كېلىدۇ. دەرۋەقە، ئېتنىك تۈزۈلمە جەھەتتىكى بىر
قانچە قېتىملىق ئۆزگىرىش بىلەن ئېتنىك تەرەققىياتتىكى مۇرەككەپ-
لىك مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىيەت دىئالېكتىكىسىغا زادى قانداق
تەسىرلەرنى كۆرسەتتى؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلغان
بىر قانچىلىغان مىللەتلەرنىڭ پسىخىك خاراكتېرى بىلەن مەنىۋى
تىندۇرمىسى چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنى-
يەت پسىخىكىسىغا قانداق ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى؟...

دەرۋەقە، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر مۇرەككەپ پسىخىك جەريان. بو-
لۇپمۇ قەدىمكى دۇنيانىڭ ئۇچۇر بەلبېغىغا ئايلانغان يىپەك يولىدىن
رەڭگارەڭ مەدەنىيەت خۇرۇچلىرىنى ئېلىپ ئۆز پسىخىك دۇنياسىنى
بېيىتىپ كەلگەن ئۇيغۇر روھىيەت قۇرۇلمىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئىنچىكە
قانۇنىيەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش ئادەتتىكى بىر ئىش ئەمەس. تارىخ-
تىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلغان نۇرغۇن مىل-
لەتلەر، جۈملىدىن شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى، تارىم ۋادىسىدىكى
ساك، تۇخرىي قاتارلىق ھىندى - ياۋروپا ئىرقىدىكى خەلقلەر، يىپەك
يولىدا سودا جەھەتتىكى ماھىرلىقى بىلەن داڭ چىقارغان سوغدىلار،
كىدان ۋە موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىياغا سۈرۈل-
گەن موڭغۇللوئىد تىپىدىكى خەلقلەر شۇنداقلا باشقا ئازدۇر - كۆپتۇر
خۇرۇچلىرى بولغان نۇرغۇن مىللەتلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللە-
نىشىگە ئىرقىي ۋە قان تىپى جەھەتتىنلا كۈچلۈك تەسىرلەرنى كۆر-
سىتىپ قالماستىن، بەلكى ئوخشاشمىغان پسىخىك تۈزۈلمىسى ۋە
روھىي قاتلىمى بىلەنمۇ چوڭقۇر تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. بىز كەم
دىگەندىمۇ مۇنداق ئۈچ چوڭ ئېتنىك قاتلامنىڭ ئۇيغۇر پسىخىك جۇغ-
لانمىسىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىغا ئېتىبارسىز

قارىيالمايمىز، ئەلۋەتتە.

بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى چوڭ قاتلام سۈپىتىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ پىسخىك تىندۇرمىسىنى كۆرسىتىشكە بولامدۇ، قانداق؟ ئۇزاقتىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى مەسىلىسىدە ئىزچىل تەكىتلىنىپ كەلگەن — شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىدىن باشقا ئېتنىك قاتلاملارنى ئېتىراپ قىلماسلىق قارىشى بىزنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسىغا نىسبەتەن سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا مەجبۇر قىلدى. دەرۋەقە، شىمالىي قۇملۇقتىكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ مىلادىيە VI ئەسىردىن باشلاپ تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارغا سىلجىشىغا ئەگىشىپ، تارىم ۋادىسىدىكى ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر خۇددى بەزى تارىخچىلار ئېيتقاندەك، يىراق ۋە چەت جايلارغا كۆچۈپ كەتتىمۇ ياكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەرىپىدىن تامامەن قىرىپ تاشلاندىمۇ؟ . . . بارغانسېرى تولۇقلىنىپ كېتىۋاتقان تارىخىي پاكىتلار بىزنى بۇ مەسىلىدە ئالدىراقسانلىق بىلەن ھۆكۈم چىقارماسلىققا ئۈندەيدۇ. چۈنكى ھازىرغىچە مەلۇم بولغان يازما مەنبەلەرنىڭ ھېچبىرىدە تارىم ۋادىسىكى يەرلىك ئاھالىلارنىڭ يىراقلارغا كۆچۈپ كەتكەنلىكى ياكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەرىپىدىن قىرىپ تاشلانغانلىقىغا دائىر مەلۇماتلار ئۇچرىمىدى. بەلكى بۇنىڭ ئەكسىچە، تۈرك خانلىقى (مىلادىيە VI — VIII ئەسىرلەر) دەۋرىدىلا تۈركىي ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بۇ يەردىكى تېرىم خەلقلىرى بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىسى ۋە ئۆزئارا قوشۇلۇش مۇناسىۋىتى باشلانغانىدى. خۇددى تاجىك ئالىمى غاپۇروۋ ئېيتقاندەك: «VI ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى بوستانلىقلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى شەرقىي ئىران تىپىدىكى مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقانىدى. لېكىن، مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي مىللەتلەر بىلەن شەرقىي ئىران

مىللەتلىرىنىڭ ئۇزلۇكسىز قوشۇلۇش جەريانى باشلاندى. كېيىنچە مۇشۇ ئاساستا هازىرقى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى شەكىللەندى»①. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە «VI ئەسىردىن تاكى هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن هىندىستاننىڭ چوڭ تىپتىكى ئېپوسى 〈ماخابخاراتا〉 دا تۇخرىيلارنى 〈تۆمۈرچىلەر ۋە تۆمۈر توشۇغۇچىلار〉 دەپ ئاتىغانىدى»②. هەممىگە مەلۇمكى، مىلادىيە 552 - يىلى تۈركلەر تارىخ سەھنىسىگە چىقىشتىن ئاۋۋالقى بىر قانچە يۈز يىل جەريانىدا، رورەنلەر تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىپ، ئالتاي تاغلىرىدا ئۇزاققىچە تۆمۈر تاۋلاش بىلەن شۇغۇللانغانىدى. شۇڭا تۆمۈر مەدەنىيىتى تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، باشقا خەلقلەر تەرىپىدىن «تۆمۈرچىلەر» دەپ ئاتالغانىدى. شەرقىي تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان «ئەرگىنە قۇن» داستانى تۈركلەرنىڭ تۆمۈرچىلىك هاياتىنى تولۇق ئىپادە قىلغانىدى:

قارىساقكى، يېشىل بىر تاغ،
هەر تەرەپتە بەلك ئېگىز تاغ،
كەڭ ۋە لېكىن زىچ بىر توزاغ،
دېدۇق ياخشى توزاغىمىز.

بۇ يەردە تۆت يۈز يىل قالدۇق،
بۇغا ئايىنىپ بىز كۆپەيدۇق،
چىقالمىغاچ بىز ئىشلىدۇق،
ئاۋات بولدى قوناغىمىز.

ئالما، ئۆرۈك كۆپ يېدۇق،
تۆمۈر سەندەل بىز ياسىدۇق،

---

① ② غاپۇروۋ: «تاجىكلار تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى؛ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى، خەنزۇچە نەشرى، 115 -، 116 -، 117 - بەتلەر؛ 1 - توم، 207 -، 209 - بەتلەر.

مەخپىي بىر يول تاپساق دېدۇق،
تاغ كېسەتتى پىچاغىمىز.

يوقتى بۆرە بۇ ماكاندا،
بىر كۈن بولدى بۆرە پەيدا،
بۇغىغا ئېتىلدى شۇندا،
كۆردى چوپان يارده‌مچىمىز.

تۆشۈك كۆرۈپ بۆرە كەتتى،
بىر تۆمۈرچى كۆرۈپ يەتتى،
ئوچاق يېقىپ تاش ئېرىتتى،
ئېچىلدى يول قورشاۋىمىز.

تۆمۈرچىگە بۆرە دېدى،
خان تونۇلدى، تاج كىيىلدى،
ئۆزى چۈشۈپ يول باشلىدى،
ئۇلۇغ قولىدا بايراقىمىز.

بۆرتەچىنە بۆرە ئاتى،
ئەرگىنەقۇن يۇرتىنىڭ ئاتى،
تۆت يۈز يىل تۇردۇق زادى،
چىق ئەي يۈز مىڭ قوۋمىمىز! ①

دېمەك قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئالتاي تاغلىرىدا رودا ئېرىتىپ، تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۇرغۇن تارىخىي مەنبەلەردىن باشقا خەلق ئاغزاكى ئىجادىيەتلىرىدىمۇ ساقلىنىپ كەلگەندى:

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى، 217 ـ، 218 ـ، 219 ـ بەتلەر.

بولۇپمۇ خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرە قالدۇرۇلغانىدى. VII ئەسىردە شەرققە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىغان چارروسىيىنىڭ «ئەرگىنە قۇن» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن تاغنى «تۆمۈرچىلەر تېغى» دەپ ئاتىغانلىقى بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئىسپاتلايدۇ①. ھىندى ئېپوسلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن تارىم ئويمانلىقىدىكى تۇخرىيلارنى «تۆمۈرچىلەر ياكى تۆمۈر توشۇغۇچىلار» دەپ ئاتىشىنىڭ قەدىمكى تۈركلەر بىلەن مۇئەييەن باغلىنىشى بارمۇ - يوق؟ گېرمانىيە تۈركولوگى گابائىن خانىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ قايسى خىلدىكى يات مىللەتلەر بىلەن ئۇچراشقانلىقى ھەمدە كىملەرنىڭ مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى مەسىلىسى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىغا ھۆكۈم قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە»②.

دەرۋەقە، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى نۇرغۇنلىغان بوستانلىقلاردا، جۈملىدىن تارىم دەرياسى ھاۋزىسىدىكى تېرىم رايونلىرىدا تۈركلىشىش ياكى ئۇيغۇرلىشىش جەريانى باشلىنىشتىن ئاۋۋال نىسبەتەن يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە ساك، تۇخرىي قاتارلىق ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسى ۋە ئىرقىغا مەنسۇپ خەلقلەر ياشىغانىدى. ئۇلار تارىم ۋادىسىنىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسى سۈپىتىدە، چۆل - جەزىرىلەر ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان، بىر - بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى شەرت قىلىدىغان ئۇدۇن، نىيە، كىروەن، يەكەن، سۇلى (قەشقەر)، كۇسەن، قۇچۇ، ئىۋىرغول (قۇمۇل) قاتارلىق بوستانلىقلارنى ۋە مۇشۇ بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان شەھەر دۆلەتلىرىنى بەرپا قىلغانىدى. جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن ساكلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىقلارغا، تۇخرىيلار شىمالىي گىرۋەكتىكى ھەر قايسى بوستانلىقلارغا كۆپ-

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى، 217 -، 218 -، 219 - بەتلەر.
② ئا. ۋون گابائىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ھايات»، 6 - بەت.

رەك مەركەزلەشكەندى. خۇددى گاباتىن خانىم ئېيتقاندەك: «ئەگەر-
دە يول ئۆتكۈنچى ئېكىسپېدىتسىيەچىلەرنى تارىم ۋادىسىدا ناھايىتى روشەن ئىز-
لارنى قالدۇرالمىغان دېيىلسە، ئۇنداقتا ساكلارنى قىسمەن ھالدا مۇشۇ
رايوننىڭ يەرلىك ئاھالىسى دېيىشكە بولاتتى»①. بولۇپمۇ بۇ رايونلار-
نىڭ VI ئەسىردىن باشلاپ تۈرك خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگە كىرد-
شىگىچە ياكى تېخىمۇ كەينىگە سۈرگەندە شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلى-
رىنىڭ غەربكە كۆچۈشىگىچە بولغان جەرياندا، ساك، تۇخرى قاتارلىق
ئارىيان ئىرقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ سانى خېلىلا چوڭ نىسبەتنى ئىگىلەپ
كەلگەنىدى. «بۇددىزم ۋە جاھاندارچىلىققا دائىر سانسىزلىغان قولياز-
ما پارچىلىرى بۇ يەردە ئىلگىرى ھىندى - ئارىيان تىلىدا سۆزلىشىد-
غان بىر مىللەتنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا شۇنداقلا كىشىلەر
بۇ مىللەتنى تۇخرىيلار دەپ ئاتىماقتا. ئۇلار تەخمىنەن مىلادىيىدىن
2000 يىللار ئىلگىرى ھىندى - ئارىيان مىللەتلىرىنىڭ شەرقىي
ياۋروپادىن ئاسىياغا كۆچۈشىدەك مىللەتلەر چوڭ دولقۇنىدا كېلىپ
چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى، ئىران ۋە ھىندىستانغا، يەنە
بىر تارمىقى جۇڭگونىڭ چېگرىلىرىغا يېتىپ بارغانىدى. مۇشۇ كېيىند-
كى شىمالىي تارماقنىڭ بىر قىسمى كېيىنچە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىما-
لىي ئېتەكلىرى ۋە پەرغانە ئويمانلىقىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ جەنۇبقا سۇ-
رۇلدى. يەنە بىر قىسمى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كۇچا ۋە قوچۇ
رايونلىرىغا ئولتۇراقلاشتى. كۇچادىن كۆپ مىقداردا قېزىۋېلىنغان تۇخ-
رىي تىلىدىكى ۋەسىقىلەر قوچۇ تەۋەسىدىنمۇ ئوخشاشلا بايقالدى. . . كىشى-
لەر بۇ رايوننىڭ نىسبەتەن بالدۇرقى دەۋرىنى تىپىك تۇخرىي ئۇسلۇبى-
دىكى مەدەنىيەت دەۋرى دەپ قارىماقتا. بۇ ئەھۋاللار بىر قىسىم
تۇخرىيالار بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ھەمدە مەدەنىيەت جەھەتتە مۇھىم
رول ئوينىغان دېگەن پەرەزنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ»②.

---

① ② ئا. ۋون گاباتىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ھايات»، 10 - بەت.

شۇڭلاشقا تارىم ۋادىسىنىڭ ساك، توخرى قاتارلىق ھىندى ـ ئارىيان تىپىدىكى قەدىمكى يەرلىك ئاھالىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ پىسخىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پىسخىك جۇغلانمىسىنى شەكىللەندۈرگەن بىرىنچى چوڭ قاتلام دېيىش مۇمكىن. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۈرۈشتە، غەربكە كۆچكەن تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن شىمالىي قوملۇق ئۇيغۇرلىرى بىر ئاساسىي ئېقىم ھېسابلانسا، تارىم ۋادىسىدىكى ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ يەرلىك ئاھالىلەر يەنە بىر ئاساسىي ئېقىم ھېسابلىناتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگېنېزى (كېلىپ چىقىشى) ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان كۆپلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى مۇشۇ مەسىلىدە بىر تەرەپلىمىلىك خاھىشلاردىن خالىي بولالمىغانىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى جۇڭگونىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدە كۆپرەك تىلغا ئېلىنغان شىمالىي قوملۇق ئۇيغۇرلىرى (خەنزۇچە مەنبەلەردە ھەر خىل ناملاردا يېزىلغان 丁零，高车，回纥，鹘回 قاتارلىقلار) نى ئېتىراپ قىلىپ، تارىم ۋادىسىنىڭ ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىسىغا سەل قارىسا، يەنە بەزىلىرى قەدىمكى ساك، توخرى قاتارلىق ئارىيان تىپىدىكى مىللەتلەرنىڭ شەرقىي ئىران تىللىرىدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنى ھەتتا تۈرك قەبىلىسى قىلىپ قويىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلار كېلىپ چىقتى. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەر جەھەتتىن شەكىللىنىشىدە، تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى يەرلىك ئاھالىلەر مۇھىم بىر ئېتنىك قاتلام بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەردىكى كەسكىن ئۆزگىرىشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. بۇ يەردە قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بارلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى يوقىلىپ كەتمىدى، يىراق جايلارغا ئېلىپمۇ كېتىلمىدى، بەلكى يېڭى تەركىبلەر ئارقىلىق ئېتنىك تولۇقلىنىشقا ئېرىشكەن ئۇيغۇر مىللىتى تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىندى ۋە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بىپايان رايونلارنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى ياكى «ئۇيغۇر» ئېتنونىمىغا ئۇيۇشۇشى پەقەت مىلادىيە IX ئەسىردە شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچۈشى بىلەن ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، تۇيۇقسىزلا ئىشقا ئاشقىنى يوق، بەلكى ئۇنىڭدىن خېلى بالدۇرقى دەۋرلەردىن باشلاپلا ئاستا - ئاستا ۋە تەدرىجىي ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە كېيىنكى چوڭ يۇغۇرۇلۇشقا شەرت - شارائىت ھازىرلىدى ۋە قان - قېرىنداشلىق رىشتىسىنى باغلىدى. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىزنالىرىنى پەقەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىدىنلا تېپىش مۇمكىن. قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق ئەنئەنىسىگە ۋە ئالەمشۇمۇل مىراسلىرىغا ھەقدارلىق قىلىشتا ئۇيغۇرلار باشقا ھەر قانداق خەلقتىنمۇ بەكرەك ھوقۇقلۇق بولۇشى مۇمكىن.

خوش، ئۇنداقتا تارىم ۋادىسىدىكى ساك، تۇخرىي قاتارلىق ئاھالىلەر قانداق پىسخىك جۇغلانمىغا ئىگە ئىدى؟ ئۇلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېيىنكى پىسخىك تەرەققىياتى ۋە روھىي تۈزۈلمىسىدە قانداق روللارنى ئوينىدى؟

يازما ۋەسىقىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارنىڭ تولۇق بولماسلىقى ھەمدە كەڭ كۆلەملىك تەتقىقاتلارنىڭ كەمچىللىكى، بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسى بولغان ساك - سكتاي ۋە تۇخرىي قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ پىسخىك تۈزۈلمىسى ھەققىدە كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىشىمىزغا ئىمكانىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ ھازىرغىچە بايقالغان ماتېرىياللارغا تايىنىپ، دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئېلىپ بېرىشقا ۋە ئىزدىنىشكە موھتاجمىز.

ساك - سكتاي ۋە تۇخرىي قاتارلىق قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ئوتتۇرا ئاسىيا داللىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى مەلۇم. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئارىيان ئىرقىدىكى خەلقلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش دولقۇنى پەسەيگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ

خېلى كۆپ بىر قىسمى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ئاستا ـ ئاستا ئولتۇراقلاشتى. تارىم ئويمانلىقىغا كىرگەن ۋە بۇ يەردىكى بوستانلىقلاردا ئەڭ قەدىمكى ئولتۇراق تۇرمۇشنى بەرپا قىلغان ساك ۋە تۇخرى قاتارلىق خەلقلەر دەل ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. لېكىن تارىم ئويمانلىقىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان قەدىمكى تېرىم مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا مەيدانغا كەلگەن ئېكىن مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئورتاقلىقىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ساقلاپ كەلدى. ياپونىيە ئالىملىرىدىن ماسۇدا خىسائو بىلەن ئېيجۇ بىرلىكتە يازغان «تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئەللەر» ناملىق كىتابتىمۇ تارىم دەرياسى ھاۋزىسىدىكى قەدىمكى ماددىي مەدەنىيەت بىلەن پامىرنىڭ غەربىدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ «ناھايىتى چوڭقۇر باغلىنىش»قا ئىگە ئىكەنلىكى شەرھىيلەنگەن①.

شۇنىسى ئېنىقكى، تارىم ئويمانلىقىدا مەيدانغا كەلگەن قەدىمكى تېرىم مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىياغا خاس بولغان تىپىك بوستانلىق مەدەنىيىتى ئىدى. ئۇ، ئاسىيانىڭ تروپىك ۋە سۇپتروپىك بەلباغلىرىدىكى تۇتاش كەتكەن تۈزلەڭلىكلەردىكى تېرىم مەدەنىيەتلىرىدىن كەسكىن پەرقلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا كىچىك تىپتىكى شەھەر دۆلەتلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە 36 غا، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا 50 نەچچىگىمۇ يەتكەنىدى. ئەمما غەربىي يۇرتتىكى بۇ ئۇششاق شەھەر دۆلەتلىرى قەدىمكى يۇناندا بارلىققا كەلگەن فېدېراتسىيە شەكلىدىكى شەھەر دۆلەتلىرىدىنمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنەتتى. شۇڭلاشقا قەدىمكى تارىم ۋادىسىدا VI — VIII ئەسىرلەردىكى كەڭ كۆلەملىك تۈركلىشىش دولقۇنىغا قەدەر، ناھايىتى ئۇزاققا سو-

① ماسۇدا خىسائو، ئېيجۇ (ياپونىيە): «تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئەللەر» — «ئارخېئولوگىيىگە دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى»، 3 ـ، 4 ـ مەجمۇئە، 173 ـ، 176 ـ بەتلەر.

زۇلغان دۇملەنمە ھالەتتىكى بوستانلىق مەدەنىيىتى ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. بۇ خىل بوستانلىق مەدەنىيىتى كىچىك دائىرىدە تەرەققىي قىلغان، چوڭ دائىرىدە ئۆز چەمبىرىكىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغان، تەبىئەت بىلەن بولغان تىنىمسىز ئېلىشىش جەريانىدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدىغان، نىسبەتەن تىنچ ۋە جىمجىت خاراكتېرغا ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان ھەر قايسى ئۇششاق شەھەر دۆلەتلىرىدىكى ساك ۋە تۇخرىي قاتارلىق قەدىمكى ئاھالىلەرنى بەزى نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ «بىر خىل تىنچ تۇرمۇشقا مايىل تېرىم ئاھالىلىرى»[1] دەپ ئاتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك بىر قەدەر تىنچ تېرىم ھاياتى داۋامىدا بۇ خىل يۇۋاش - رايىشلىقنى شەكىللەندۇرگەنىدى. ئىككىنچىدىن، تۇخرىيلار بىلەن ساكلارنىڭ ھەر قايسى شەھەر دۆلەتلىرى ئېگىز تاغ ۋە پايانسىز قۇملۇقلار بىلەن قورشىلىپ تۇرغاچقا، ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى ئىلغار قوۋملەرنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكەن ياكى مۇئەييەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ھامان يەنىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز ئىدى[2]. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئۇزاق مۇددەت بىر ئىزدا تۇرۇپ قالىدىغان، جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىگە داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدىغان، سىرتقا ئىنتىلىش بىلەن ئۆز دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەسلىكتەك زىددىيەت ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ ياشايدىغان ھالەت شەكىللەنگەنىدى.

چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، «تارىم ئويمانلىقى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، ئويمانلىقنىڭ شەرقىي چېتىدە تۇرپان-پىچاننى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت تۈپى، ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىي ياقى-

---

① ۋ. م. مېكگوۋېرن (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى»، «يۈگوڭ» ژۇرنىلى، 1937 - يىل، 7 - توپلام، 4 - سان، «ئۇيغۇر (چەنتۇ) لارنىڭ مىللەت نامىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە» ناملىق ماقالىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قاراڭ.

② لى يۈڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە بىر نەزەر» — «ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 - يىللىق 1 -، 2 - سان.

سىدا خوتەن ـ قەشقەرنى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت توپى، ئويمانلىقنىڭ شىمالىي ـ ئوتتۇرا قىسمىدا كۇچانى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت توپى ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ جايلاردىكى شەھەرلەر خېلى تەرەققىي قىلغان»①. كىچىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، مۇشۇ مەدەنىيەت توپلىرى ئىچىدە نەچچە ئونلىغان تار دائىرىدىكى بوستانلىقلار مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئالدىغا نىسبەتەن مۇستەقىل تۇرمۇش مۇھىتى ھاسىل قىلغان. بۇ يەردىكى ھەر بىر بوستانلىقنىڭ ئەتراپى كۆز يەتكۈسىز چۆل-جەزىرىلەر بىلەن قورشىلىپ تۇراتتى. ھەر بىر بوستانلىقنىڭ ئارىلىقىدا ئۇزاققا سوزۇلغان سۇسىز چۆللەر بار ئىدى. شۇڭلاشقا ھەر قايسى بوستانلىقلار غايەت زور قۇم دېڭىزى ئىچىدىكى تەنھا ئاراللارغا ئوخشايتتى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئۇلار بېكىك ۋە تەنھا مۇھىتتا ياشايتتى. لېكىن مۇشۇ خىل بېكىك ۋە تەنھا مۇھىت بۇ يەردە ياشىغۇچى ئاھالىلەرنى بوستانلىقلاردىن تاشقىرى ھاياتلىق ماكانى ئىزدەشكە، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. شۇڭا، بوستانلىقلارنىڭ ھەجمى بۇ يەردىكى ئاھالىلەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى ۋە كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتقان ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان ھامان، ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى قوشنا بوستانلىقلارغا كېڭىيىشنى شۇنداقلا سودا ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ يەردىكى چەكلىك تېرىم ئىگىلىكى (بەزى جايلاردىكى يېرىم تېرىم، يېرىم چارۋىچىلىق ئىگىلىكى)نى تولۇقلاشنى ئىستەيتتى. ھەر قايسى بوستانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا سودا ھەمدە مۇشۇ بوستانلىقلار ئارقىلىق تېخىمۇ يىراقتىكى چوڭ دۆلەتلەر ۋە رايونلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تىجارەتلەر نەتىجىسىدە تەبىئىي ھالدا بوستانلىقلارنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش لىنىيىسى بار-

① ئىمىن تۇرسۇن: «تارىم مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە» — «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 442 ـ بەت.

لىقىغا كىلەتتى ھەمدە بىر مەزگىللىك تارىخىي دەۋر ئىچىدە نىسبەتەن مۇقىم بولغان سودا يولى شەكىللىنەتتى»①. شۇڭلاشقا بوستانلىقلار ئوتتۇرىسىدا سودا يوللىرىنى ئېچىش ۋە سىرتقى ھاسىلاتلار ئارقىلىق ئۆزىنى تولۇقلاپ تۇرۇش بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش خۇسۇسىيىتى ئىدى. شەرق - غەرب مەدەنىيەتلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان يىپەك يولىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۆلىنىمۇ بوستانلىق مەدەنىيەتى يارىتقان مۇشۇ خەلقلەر بەرپا قىلغانىدى. خۇددى يۇتەيشەن ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ئىلگىرىكى تەتقىقاتلار، كۆپىنچە جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا بارغانلىقى ۋە ئۇنىڭ يىپەك يولى قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەپ، بوستانلىق ئاھالىلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئورنىغا سەل قاراپ كەلدى ھەمدە جاڭ چيەندىن ئىلگىرى، بوستانلىق ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىلىرىنىڭ يىپەك يولىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرۈپ بولغانلىقىغا دىققەت قىلمىدى»②.

مانا مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە ئۆزگىچە تۇرمۇش ئۇسۇلى بۇ يەردىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس پسىخىك خاراكتېرىنى ھاسىل قىلدى. تارىم ئويمانلىقى گويا غايەت زور بالىياتقۇغا ئوخشاش جۇغراپىيىلىك بىر پۈتۈنلۈك ھېسابلانسىمۇ، لېكىن چۆل - جەزىرىلەر ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھەر قايسى بوستانلىقلار مۇئەييەن دەرىجىدە مۇستەقىل ئىجتىمائىي بىرلىككەرنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇلار مۇئەييەن گەۋدە جەھەتتىن بىر - بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى شەرت قىلىشسىمۇ، بىرى يەنە بىرىنى ئۆزىگە قارام قىلىۋالىدىغان تەسىر دائىرىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا قەدىمكى غەربىي يۇرتتا 30 دىن 50 كىچە ئۇششاق شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى شۇ سەۋەبتىن ئىدى. تارىم ئويمانلىقىدا ئەزەلدىن ھەر قايسى بوستانلىقلارنى بىرلىك-

---

① ② يۇتەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىيات شىركىتى 1996 - يىل نەشرى، 73 -، 74 - بەتلەر.

كە كەلتۈرۈپ ئورتاق سىياسىي گەۋدىگە ئۇيۇشتۇرغىدەك بىر تەسىر كۈچ شەكىللەنمىگەچكە، ئۇلار ئىنچىل ھالدا شىمالدىكى چەۋەنداز مىللەتلەرنىڭ جۇملىدىن ھونلارنىڭ ياكى تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇپ كەلگەنىدى. لېكىن شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەر ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا بىۋاستە ئارىلاشمايتتى، بۇ يەردىكى ھەر قايسى بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان شەھەر دۆلەتلىرى ئۇلارغا ئولپان تاپ- شۇرۇش يولى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ نىسبىي مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالاتتى. تارىم ئويمانلىقىدىكى بۇنداق ئۇزاققا سوزۇلغان بۆلۈنمە ھا- لەت پەقەت IX ئەسىردە شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەڭ كۆلەم- دە غەربكە كۆچۈشى ۋە بۇ يەردە «ئۇيغۇر» ئېتنونىمىنى ئومۇملاشتۇ- رۇشى بىلەن ئاخىرلاشتى. گېرمانىيە تۈركولوگى گابائىن خانىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازدى: «تارىم ئويمانلىقى جۇغراپىيىلىك جەھەت- تىن بىرلىككە كەلگەن بىر ئورتاق گەۋدە ئەمەس. شەھەر ـ بالىقلار، يېزا ـ قىشلاقلار ھەممە تېرىم رايونلىرى پەقەت بۇ يەردىكى دەريا ـ ئېقىنلار ۋە سۇ سىستېمىلىرىغا تايىنىپ، كۆچمە قۇملۇقلارنىڭ دائىم- لىق تەھدىتى ئاستىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى. ھەر قايسى بوستانلىق- لار تاقىر داللار ۋە چوڭ قۇملۇقلار ئارقىلىق بىر ـ بىرىدىن ئايرى- لىپ تۇراتتى. بۇنداق ھالەت بۇ يەردە ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا بىر خىل تەنھالىق كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنداق بولغاچقا، بۇ يەردىن ئۆتكەن يىپەك يولى بويىدا پەقەت ئۇششاق شەھەر دۆلەتلىرىلا مەيدانغا كېلەلەيتتى. يەنە كېلىپ بۇ دۆلەتلەرنى تارىختا ئاللىقاچان ئۆلگەن تىللاردا سۆزلەشكەن ئوخشاشمىغان مىللەتلەر قۇر- غانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇلار دۇنيا تارىخىدىكى مۇھىم دۆلەتلەر- مۇ ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىدا، قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ بىر ئورتاق سىياسىي نام مەيدانغا كېلەلمىدى»①.

---

① ئا. ۋون گابائىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھايات»، 3 ـ بەت.

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ياشىغان قەدىمكى يەرلىك ئاھالىلەردە ئالاھىدە بىر خىل «بوستانلىق پسىخىكىسى» شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلار باشقا رايونلار-دىكى خەلقلەرنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ئوخشىمىغان ھالدا كۈچلۈك دىنىي قىزغىنلىق ۋە ئىلاھىي تۈسى قويۇق شېئىرىي تۇيغۇنى بەكرەك ئىپادە قىلىشقا ئۇرۇناتتى. «ئاۋېستا» ۋە مانى تەلىماتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران بوستانلىقلىرىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى، ھىندىستاندا پەيدا بولغان بۇددىزم ئەقىدىسىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا گۈللىنىشكە ئېرىشكەنلىكى، مىڭئۆي تاشكېمىر سەنئىتى ۋە مۇقام ھادىسىسىنىڭ ئىزچىل راۋاجلانغانلىقى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ. لېكىن بوستانلىق ۋادىلىرىدا شەكىللەنگەن تۇرمۇش ئۇسۇلى، يەنى ھاياتلىق ماكانىدىكى تار ۋە چەكلىك دائىرە، ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان تۇرمۇش مۇھىتى ئۇلارنىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتىگە خاس پسىخىك ئالاھىدىلى-كىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە بەلگىلەپ قويغانىدى. خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان گاۋىن ھامبلىي ئەپەندى ئېيتقاندەك: «نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان سۇغۇرۇش ئەسلىھەلىرى بۇ رايوننىڭ تېرىم ئېگىلىكى ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلىغانى-دى. چوڭ قۇملۇقلار ۋە تاقىر داللارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە تۇرغان بۇ ئاھالىلەر رايونى گويا بىر كىچىككىنە دېھقانچىلىق ئارىلىغا ئوخ-شايتتى. گەرچە بۇ يېشىل ئاراللار بىر - بىرىدىن داۋاملىق ئايرىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە كۈندىلىك لازىملىقلار جە-ھەتتە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيتتى. دەل مۇشۇنداق بوستانلىقلار ۋە دەريا ھاۋزىلىرىدا بىر قىسىم يېزا - بازارلار شەكىللەنگەنىدى. ئۇلار بۇ يەردىكى مۇھىم مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سىرتقا تارقىتىش پونكىتلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چوڭ قۇرۇقلۇقنى كېسىپ ئۆتكەن سودا كارۋانلىرىنىڭ قاتناش لىنىيىسىدىمۇ كەم بولسا بولماي-دىغان روللارنى ئوينىغان. مۇشۇ يېزا - بازارلارنىڭ تۇرۇۋاتقان

ئورنى، بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ قەلبىدە ھەممىگە ئايان بولغان بىر خىل ‹بوستانلىق ئىدىيىسى›نى شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇ خىل بوستانلىق ئىدىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلىم ئېلىش ۋە ئەقلىي ئىستەك جەھەتتىكى تەلپۈنۈشلەرنىڭ كەمچىللىكىدە ئىپادىلىنەتتى. بۇنداق ئەھۋال پەقەت بۇ يەردىن ئۇياق - بۇياقتا ئۆتۈپ تۇرغان سودا كارۋانلىرى ئېلىپ كەلگەن ئۇچۇرلار ئارقىلىقلا تولۇقلىناتتى»①.

دېمەك، بوستانلىقلارنىڭ ئومۇمىي جۇغراپىيىلىك مۇھىتتىكى ماكان چەكلىمىسى ۋە شۇ ئارقىلىق كېلىپ چىققان نىسبەتەن تىنچ ھايات بۇ يەردە ياشىغۇچى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ تىمتاسلىقتا كۆنۈككەن، زىلزىلە ۋە داۋالغۇشلاردىن خالىي، ئۆز رېئاللىقىغا قارىغاندا يىراقتىكى غايىۋى نەرسىلەرگە كۆپرەك مەھلىيا بولىدىغان پىسخىك خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىكى ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان، زېرىكەرلىك ھايات ۋە سىرتقى دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان، تەنھا كەيپىيات ئىلاھىي تۈسى قويۇق بولغان سىرلىق ئوي- پىكىرلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەب بولاتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلاردا ئاسانلا دىنىي دوگماتىكا ۋە باقىي ئالەمنىڭ ئەبەدىيلىكىگە مەھلىيا بولىدىغان مېتافىزىكا شەكىللىنەتتى. بۇ جەھەتتىن ئۇلار ناھايىتى زور دەرىجىدە قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. گەرچە تارىم ئويمانلىقىدا گۈللىنىشكە ئېرىشكەن بۇددىزم سەنئىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىران ئۇسلۇبى ۋە گېرېكلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان قەندىھار سەنئىتىنىڭ مەلۇم تەسىرلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي كەيپىياتى يەنىلا ھىندىچە ئاياللىق نازاكەتنى ئىپادە قىلغانىدى. شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچۈشىدىن ئاۋۋاللا تارىم ئويمانلىقىدا بۇددىزم ئەقىدىسىنىڭ مىڭ يىلغا يېقىن تەرەققىيات تارىخىنى بېشىدىن

---

① گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا) : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى» ، سودا نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى، 14 - بەت.

كەچۈرۈپ بولغانلىقى شۇنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. شۇڭلاشقا، تارىم ۋادىسىدىكى ئاق تەنلىك ئىرقىقا مەنسۇپ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ بوستانلىق ھاياتى داۋامىدا يېتىلدۈرگەن تىنچ ۋە خىيالىي كەيپىياتى، دىنىي قىزغىنلىقتا خۇشتار روھىي دۇنياسى ۋە ئاياللىق نازاكەتكە باي پىسخىك خاراكتېرىنىڭ شىمالىي قوملۇقتا زور تالاپەتكە ئۇچرىغان، ئەرلىك خاراكتېرگە ئىگە بىر كۆچتۈڭگۈر خەلقنى ئۆزىگە جەلپ قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شىمالىي قوملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈپ، تارىم ۋادىسىدىكى چوڭ قوشۇلۇش نەتىجىسىدە خاراكتېر جەھەتتىن غايەت زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشىدا، بۇ يەردىكى قەدىمكى بوستانلىق ئاھالىلىرىنىڭ ئوينىغان رولى چوڭ بولغان. گەرچە بۇ قېتىمقى چوڭ قوشۇلۇشتا ئۇيغۇر تىلى ۋە «ئۇيغۇر» ئېتنونىمى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھايات ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىسى يەنىلا داۋام قىلدى ۋە ئاساسىي ئېقىم بولۇپ قالدى. ناۋادا شىمالدىن كەلگەن ئاتلىقلارنىڭ پىسخىك تەركىبلىرى مۇئەييەن رول ئوينىدى دېيىلسە، چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىن بۇ يەردىكى بوستانلىقلاردا پىسخىك جانلىنىش يۈز بەردى، خالاس.

شۇڭلاشقا بىز تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسى بولغان ساك، توخرىي قاتارلىق ئاق ئەتلىك ئىرقىقا مەنسۇپ بوستانلىق خەلقلىرىنىڭ پىسخىك جۇغلانمىسىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خاراكتېر قۇرۇلمىسىدىكى بىرىنچى چوڭ قاتلام دېيىشكە ھەقلىقمىز. چۈنكى سىرتتىن قوشۇلغان ھەر قانداق بىر ئېتنىك قاتلام پەقەت يەرلىك ئاساسىي تەركىب ئارقىلىقلا ئۆزىنى مۇستەھكەم ئىجتىمائىي گەۋدىگە ئىگە قىلالايتتى. ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالە بىلەن كېيىن قوشۇلغان ھەر قايسى ئېتنىك قاتلاملارنى بىر - بىرىگە قارشى قىلىپ قويۇش، ئايرىۋېتىش ھەتتا تامامەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قاراش تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگىمۇ زىت ئىدى. بۇ خۇددى قەدىمكى ھىندى

مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئارىيائىلارنىڭ كۆچۈشىنى ئېتىراپ قىد-
لىپ، ھىندىستانىنىڭ قەدىمكى يەرلىك ئاھالىسى بولغان دارائۋىدلارنىڭ
چوڭ قوشۇلۇشتىكى رولىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى بىلەن ئوخشاش
ئىدى. كەسكىن تارىخىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ
شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىش ھاياتى جەريانىدا تارىم
ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى يەرلىك ئاھالىلەر خۇددى شىمالىي قۇملۇق
ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاشلا ناھايىتى مۇھىم، ھەتتا ھەل قىلغۇچ رول
ئوينىغان. ئۇلارنىڭ ئىرقىي پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرىمۇ كېيىنكى
دەۋرلەردە ئوخشاشلا ئاساسىي ئېقىم بولۇپ قېلىۋەرگەن. بىز بۇنى
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەدەن تۈزۈلمىسى، مەدەنىيەت تىپى، فولكلور باي-
لىقى ۋە پسىخىك - ئېستېتىك قاتلىمىدىن چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.
شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى غەربكە كۆچۈپ، تارىم ۋادىسىدا مىللەت-
لەر چوڭ قوشۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋە ئۇيغۇر ئېتنونىمىنى
ئومۇملاشتۇرغان دەۋردىن كېيىن، بۇ يەردە يەنىلا ئاۋۋالقى بوستانلىق
مەدەنىيىتى ئەندىزىسى ۋە كەيپىياتى ئاساسىي ئېقىم بولۇپ داۋاملاش-
تى. تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس ليۇ يىتاڭ ئەپەندى مۇنداق دەپ يازدى:
«ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ئۇلارنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە
مەدەنىيىتىگە ناھايىتى زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ئۇلار
شىمالدىكى چۈس، قارام، جەسۇر ۋە زوراۋان ئات ئۈستى خاراكتېرى-
دىن قول ئۈزۈپ، تىنچ - خاتىرجەم ۋە رايىش تېرىم مىللىتى
خاراكتېرىگە قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىدى»①.

ئەمدى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پسىخىك خاراكتېرىنى شەكىللەندۈ-
رۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان ئىككىنچى چوڭ ئېتنىك قاتلام
سۈپىتىدە VI ئەسىردىن باشلاپ غەربىي ئاسىياغا سۈرۈلۈشكە باشلىغان
تۈركىي قوۋملەر، بولۇپمۇ IX ئەسىردە كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچكەن

① ليۇ يىتاڭ (تەيۋەن): «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، 269 - بەت.

شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئىلگىرى ئىز-
چىل ھالدا ئاساسىي ئىقىم ياكى ئاساسلىق ئىتنىك قاتلام دەپ قارالغان
شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنى نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ
پىسخىك جۇغلانمىسى ۋە خاراكتېر تەرەققىياتىدىكى ئىككىنچى چوڭ
قاتلام دەيمىز؟ بۇنداق بولۇشىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدىن چۈشەندۈ-
رۈش مۇمكىن: بىرىنچىدىن، چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىن، شىمالىي
قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق
ئىگىلىكىدىن قول ئۈزۈپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى ئولتۇراق تۇرمۇش
ۋە بوستانلىق ھاياتىغا سىڭىپ كەتتى؛ ئىككىنچىدىن، چوڭ قوشۇ-
لۇشتىن كېيىن، بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئۇيغۇر گەۋدىسىگە ئۇيۇشقان
بولسىمۇ، لېكىن ئىرقىي تۈزۈلمە ۋە پىسخىك ئەندىزە جەھەتتە تارىم
ئويمانلىقىنىڭ ئەسلىدىكى ھىندى - ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ يەرلىك
ئاھالىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى خېلى زور دەرىجىدە ساقلاپ قالدى؛
ئۈچىنچىدىن، شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى چوڭ قوشۇلۇشتىن كې-
يىن، ئەسلىدىكى شامانىزم قاتارلىق تەبىئەت دىنلىرى ئېتىقادىدىن
ۋاز كېچىپ، تارىم ۋادىسىدا گۈللىنىشكە ئېرىشكەن سىستېمىلىق
دىنلارنى قوبۇل قىلدى شۇنداقلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمدىن داۋام-
لىشىپ كەلگەن بوستانلىق ئەنئەنىسى قوينىغا يۇغۇرۇلۇپ كەتتى.

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىن، كۆچ
سېلىشتۇرمىسىدا، شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى سىياسىي كۈچ،
مىللىي تىل ۋە ئېتنىك نام جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن بولسا،
تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى يەرلىك ئاھالىلەر بوستانلىقلارغا خاس
تېرىم ئىگىلىكى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە پىسى-
خىك خاراكتېر جەھەتتىن ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى نامايەن قىلدى. شۇڭ-
لاشقا يۇقىرىقى ئىككى چوڭ ئېتنىك قاتلامنىڭ ئۇيغۇر پىسخىك جۇغ-
لانمىسىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى رولىغا تەڭ ئېتىبار بېرىش كېرەك.
ئىككىنچى چوڭ ئېتنىك قاتلام ھېسابلانغان شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇر-

لىرى قانداق خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە؟ ئومۇمەن شىمالىي قۇم-
لۇق ئۇيغۇرلىرى تارىختا چەۋەنداز مىللەتلەر دەپ ئاتالغان ھون،
تۈرك، كىدان، موڭغۇل قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە
ئورتاق بولغان پسىخىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىدە گەۋدى-
لەندۈرگەن. ئۇلار تېرىم مىللەتلىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان كۆچ-
لۈكلەر پسىخىكىسىنى ئۆز خاراكتېرىنىڭ ئاساسى قىلغانىدى. ئۇلار-
نىڭ گۈزەللىك قاراشلىرى ۋە ئېستېتىك ئىنتىلىشلىرىنىڭ ئەڭ يۇقى-
رى مىزانى يۈكسەكلىك ۋە قەھرىمانلىق تۇيغۇسىدا ئىپادە قىلىناتتى.
«ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيا دالىلىرىنىڭ كۆپ قىرلىق، ئۆزگىرىش-
چان ھاۋا كېلىماتى، ھۆل - يېغىنسىز قۇرغاق ئىقلىمى، تىنىمسىز
كۆچمەن ھايات ۋە توختاۋسىز ئۇرۇش - تالاشلار ئۇلاردا مۆتىدىل
بەلباغلاردىكى تىنچ تېرىم ھاياتى كەچۈرۈۋاتقان خەلقلەر بىلەن زادىلا
ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. . .
ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئۇرۇق - قوۋمىگە قويىدىغان تىراگېدىيە ئېستېتىكى-
سىمۇ قەھرىماندەك تۇغۇلۇپ، قەھرىماندەك ئۆلۈش ئىدى. ئۇلار
ئۈچۈن ھۆل ۋە سۇيۇقلاندۇرۇلغان ھالەتتىكى غۇۋا، تىنىمسىز، پىنە-
ھان ئازاب شەك - شۈبھىسىزكى، يات پسىخىك ھالەت ئىدى. ئۇلار
دەھشەتلىك ئازاب ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولۇشقا رازى ئىدىكى، باش-
ئايىغى چىقمايدىغان، مىسكىن، بىپىشاڭغۇ ئازابنى زىنھار خالىمايت-
تى»①. شۇڭلاشقا ئۇلاردا ھەربىي جەڭگىۋارلىق ۋە جەسۇرلۇق ئىز-
چىل ھالدا مەۋجۇتلۇقىنىڭ كاپالىتى بولۇپ كەلگەنىدى. خۇددى لىيۇ
يىتاڭ ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ئۇيغۇرلار (شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلى-
رى) خاراكتېر جەھەتتىن ئات ئۈستىدىكى قەھرىمان مىللەتلەرنىڭ
جاسارىتىگە ئىگە ئىدى. ئومۇمەن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر خاراكتېر جەھەتتىن قورقۇمسىز ۋە رە-

① ئەسەت سۇلايمان: «ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت پسىخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى» — «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1996 - يىللىق 1 -، 2 - (قوشما) سان.

ھېمىسىز كېلەتتى»①. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئۆز خاراكتېرىنىڭ كۈچتۈڭگۈرلۈكى بىلەن تۇتۇپ تۇرالىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. قىيىن ۋە جاپالىق شارائىتقا نىسبەتەن تېز ماسلىشىشچانلىقى، ئاسان يۆتكىلەلەيدىغانلىقى ۋە ئۇرۇشلاردىكى چاققان - سەزگۈرلۈكى بىلەن دائىم تېرىم مىللەتلىرىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلاتتى. «يايلاق تۇرمۇشى ئۇلاردىن بوستانلىقلاردىكى تېرىم ئاھالىلىرىگە قارىغاندا جىسمانىي كۈچتۈڭگۈرلۈكنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇلاردىن تېخىمۇ كۈچلۈكرەك مۇستەقىللىق ئېڭى بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. چۈنكى بۇنداق ئالاھىدىلىك ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ھەمدە ھەل قىلغۇچ پەيتلەردە سەزگۈرلۈك بىلەن قارار چىقىرىشىغا ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرىكەت قوللىنىشىغا پايدىلىق ئىدى. بۇ، تىنىمسىز ھالدىكى دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن چۈشلىپ تۇرىدىغان تېرىم ئاھالىلىرىگە نىسبەتەن تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىش ئىدى»②. ئەمما ئۇلار ھەر ۋاقىت تېرىم مىللەتلىرىنىڭ جەزبىدار مەدەنىيىتى تەرىپىدىن غىدىقلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ئەنئەنىۋى قارىشى كۈچلۈك، خاراكتېرى جاھىل بولغان تېرىم مىللەتلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇزاق مۇددەتلىك كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەريانىدا، ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى دەڭسىيەلمىگەن ھامان، تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ «ھەننىۋا پەرقلەرنى ئېزىپ ئۇن قىلىۋېتىدىغان چوڭ تۈگمىنى»گە چۈشۈپ غايىب بولاتتى. «چۈنكى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىكى پىسخىك ھالەت ھامان ھېسسىيات جەھەتتىن قارشى جىنسلىق خاراكتېرنى تەلەپ قىلاتتى. مۇتەئەسسىپ، ئەنئەنىۋى، جاھىل ئېكىن مەدەنىيىتى مۇھىتىدا پىشىپ يېتىلگەن تېرىم مىللەتلىرىنىڭ ئالدىدا يايلاق خەلقلىرى گوياكى بىر تەنتەك بالا بولۇپ، ئۇنىڭ قىزىققان، ھېسسىياتقا باي ۋە قارام پىسخىك خاراكتېرى ھەرگىزمۇ ئۆزىنى قوغداشقا دال بولالمايتتى»③.

---

① ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، 214 - بەت.
② گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا) : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 17 - بەت.
③ ئەسەت سۇلايمان: «ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى» — «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1996 - يىللىق 1 -، 2 - (قوشما) سان.

شۇڭلاشقا، مىلادىيە IX ئەسىردە ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ غەربكە كۆچكەن شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى ناھايىتى تېزلىكتە ئۆزلىرىنىڭ شىمالىي داللاردىكى مەدەنىيەت ئەندىزىسىدىن قول ئۈزۈپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەنئەنىۋى بوستانلىق مەدەنىيىتىگە سىڭىپ كەتتى ۋە يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئولتۇراق تۇرمۇش بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىن ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن كۆچمەنچى يايلاق قوۋملىرىغا خاس جەسۇر، ھەرىكەتچان، قارام ۋە سەۋر ـ تاقىتى سۇس خاراكتېرى چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىنكى ئۇيغۇر پىسخىك جۇغلانمىسىنىڭ ئىككىنچى چوڭ قاتلىمىنى شەكىللەندۈردى.

خوش، ئۇنداقتا، ئۇيغۇر گەۋدىسىنىڭ ئېتنىك تەركىبى تولۇقلىنىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ پىسخىك جۇغلانمىسىنى ھاسىل قىلغان ئۈچىنچى چوڭ ئېتنىك قاتلام قايسى؟ ئۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىيەت تۈزۈلمىسىگە نېمىلەرنى ئېلىپ كەلدى؟

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ئىككى چوڭ ئاساسىي قاتلام — تارىم ۋادىسىدىكى ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ قەدىمكى يەرلىك خەلقلەر بىلەن شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىدىن باشقا، يىپەك يولىدىكى ئەڭ جانلىق سودا مىللىتى — سوغدىلارنى ئۈچىنچى چوڭ قاتلام سۈپىتىدە مۇلاھىزە قىلىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى ئۇيغۇر ئېتنوگېنېزى تەركىبىدە سوغدىلار ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، تارىم ۋادىسىدىكى چوڭ قوشۇلۇشتىن ئاۋۋاللا سوغدىلارنىڭ ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتى باشلانغانىدى.

سوغدىلارنىڭ ئانا ۋەتىنى ئەسلىدە سىر ۋە ئامۇ دەريالىرى بىلەن زەرەپشان دەريالىرى ۋادىسىدىكى مۇنبەت سوغدىيانا بوستانلىقلىرى بولۇپ، ئۇلار سودا جەھەتتىكى ماھىرلىقى بىلەن يىپەك يولى بويلاپ ھەر قايسى جايلارغا تارقالغانىدى. سوغدىلارنىڭ دۇنياۋى خاراكتېرلىك سودا ـ سېتىقلارنى ئېلىپ بېرىشى جەريانىدا، غەربتە كاسپىي

دېڭىزى بويلىرىدىن، شەرقتە تاكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق چوڭ شەھەرلىرىگە قەدەر ئۆزلىرىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇرغانلىقى مەلۇم. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، سوغدىلارنىڭ تىلى شەرقىي ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئىرقىي جەھەتتىن ھىندى ـ ئارىيان تىپىغا كىرەتتى.

سوغدىلار گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلغان نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇيغۇر پىسخىك جۇغلانمىسى ۋە ئىرسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى شەكىللەندۇرۇشتە ناھايىتى زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. گابائىن خانىممۇ بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئوتتۇرا ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىر مىللەت مەدەنىيەت جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇركىي مىللەتلىرى ھاياتىدا ئاجايىپ مۇھىم روللارنى ئوينىدى، دەيدىغان بولساق، بۇ خەلق دەل سوغدىلاردۇر»[1]. سوغدىلار ھەققىدىكى نۇرغۇن ماتېرىياللار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۇلارنىڭ تۇركىي قوۋملەر بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىلىرى كۆك تۇرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا باشلانغانىدى. ئۇلار يىپەك يولى بويلاپ چوڭ سودىلار بىلەن شۇغۇللىناتتى ۋە ھەر قايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ تىجارەتلەرنى كېلىشتۇرۇپ، ئارىدىن پايدا ئالاتتى. «سوغدىيانا سودىگەرلىرى گويا تۇغما تالانتلىق سودىگەرلەردەك تىجارەتتىكى چاققانلىقى، ئىشچانلىقى ۋە سودىسىنىڭ كەڭ دائىرىلىكى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، سوغدىيانانىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىمۇ بۇنداق تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى»[2]. «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» ۋە «كونا تاڭنامە» قاتارلىق مەنبەلەردىمۇ سوغدىلار ھەققىدە مۇنداق قىزىقارلىق بايانلار بېرىلگەن: «سوغدىلار ئوغۇل پەرزەنت

① ئا. ۋون گابائىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھايات»، 10 ـ بەت.

② خانېدا تورۇ (ياپونىيە) : «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 45 ـ بەت؛ ئۇيغۇرچە نەشرى، 81 ـ بەت.

كۆرسە، ئاغزىغا ناۋات سىلىپ ئىغىزلاندۇرىدۇ ھەمدە ئالقىنىغا يىلىم
سۈركەپ قويىدۇ. بۇ، چوڭ بولغاندا ئاغزى تاتلىق، گەپكە ئۇستا،
پۇلنى گويا يىلىمدا چاپلاپ قويغاندەك چىڭ تۇتىدىغان بولىدۇ، دىگەن-
نى بىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك سوغدى يېزىقىنى بىلە-
دۇ. سودىگەرچىلىككە بەك ئۇستا كىلىدۇ. بىر يارماق ئۇچۇنمۇ
زېرىكمەي سودىلىشىدۇ. ئەرلىرى 20 يېشىدىن تارتىپلا چەت ئەللەرگە
چىقىدۇ. جۇڭگوغىمۇ كىلىدۇ. پايدا چىقىدىغانلا يەر بولسا، بارماي
قويمايدۇ» . ئۇنىڭدىن باشقا راھىب شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىمۇ سوغ-
دىلار ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ: «سوغدىلارنىڭ ئۆرپ -
ئادەتلىرى غەلىتە، دائىم ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىدۇ. ئىلاجىنىڭ
بارىچە ئۆزىگە مال - مۈلۈك يىغىدۇ. ئاتا - بالا ئۆزئارا پايدا توقۇنۇشى
قىلىدۇ. مال - مۈلۈكنىڭ جىق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. باي بىلەن
كەمبەغەلنىڭ ئانچە پەرقى يوق. مال - دۇنياسى كۆپ بولسىمۇ،
يېمەك - ئىچمىكى ئاددىي» .
دىمەك كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيانى بازا
قىلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تىپىك سودا مىللىتى ئىدى.
ئۆز دەۋرىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر سودا جەھەتتە ئۇلارغا يىتەلمەيتتى.
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىمۇ نۇرغۇن سودىلىرىنى سوغدىلارنىڭ ۋاستى-
سى ئارقىلىق ئىلىپ بارغانىدى. ياپونىيىلىك خانىدا تورۇ ئەپەندى
بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سوغدىلار سودىدا پايدا قوغلىشىپ ناھايىتى
يىراق جايلارغا باراتتى. پېرسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپا تۇرماق،
III ئەسىردە ھەتتا جەنۇبتا ھىندىستانغا ۋە ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىغىچە
بارغانىدى. جۇڭگونىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ئۇلارنىڭ ئىزلىرى بو-
لۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىچكى - تاشقى موڭغۇلىيىلەرمۇ ئۇلارنىڭ
دائىم بېرىپ تۇرىدىغان جايلىرى بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار، مەيلى
روناق تاپقان ئەللەر بولسۇن، ياكى روناق تاپمىغان ئەللەر بولسۇن،
پايدا بولسىلا بارماي قالمايتتى. جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى چەبدەس

كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئۇلارنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغان خېرىدارلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىن تالان ـ تاراج قىلىپ تاپقان بايلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى مۇشۇ سودىگەرلەر ھىيلىگەرلىك ۋاسىتىلىرى بىلەن قولىغا چۈشۈرەتتى. سۈي ـ تاڭ دەۋرىدىكى ئىشلارنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، خېلى بۇزۇنقى دەۋرلەردىن باشلاپ مۇشۇ ھىيلىگەر سوغدىلارنىڭ ھەمىشە شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ جەنۇبقا قىلىغان توختاۋسىز ھۇجۇملىرىنى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ كۈشكۈرتكەن ۋە تىزگىنلىگەنلىكى شۈبھىسىز، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ»①.

سوغدىلار ھەققىدىكى ئۇچۇرلار كۆك تۈرك ۋە ئورخۇن خانلىقى دەۋرىدە تىكلەنگەن مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىدە تىلغا ئېلىنغانىدى. بولۇپمۇ «تۇنيۇقۇق» ، «مويۇنچۇر» ، «بىلگە قاغان» مەڭگۈتاشلىرىدا ئۇچرايدىغان «سوغداق» ئاتالمىلىرى دەل سوغدىلارنى كۆرسىتەتتى. ئۇلارنىڭ سودا پائالىيەتلىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا باشلانغانىدى. «ئەنگلىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى ستەيىن لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىن قېزىپ چىققان سوغدى يېزىقىدىكى سودا پۈتۈكلىرى، ئۇلارنىڭ بۇ رايوندىكى سودا پائالىيەتلىرىگە دائىر ئەڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار ئىدى»②. سوغدىلا يىپەك يولى بويلاپ توختىماستىن سودا ـ تىجارەت قىلىش جەريانىدا ھەر قايسى خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشىغا زور تۆھپە قوشتى. ئۆز مەنىسىدىن ئېيتقاندا، «ئۇلارنىڭ سودا تەرەققىيات تارىخى ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت تارقىتىش تارىخى بولدى»③. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ۋە تۈركىي قوۋملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى پەۋقۇلئاددە قويۇق بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىمۇ سوغدى يېزىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنىدى. سوغدىلار ھەتتا شىمالىي قۇملۇقتىكى

① ③ خانېدا تورۇ (ياپونىيە) : «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ، خەنزۇچە نەشرى، 47 ـ بەت؛ ئۇيغۇرچە نەشرى، 85 ـ، 86 ـ بەتلەر.
② كوجىما جويىچى (ياپونىيە) : «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» ، 149 ـ بەت.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىگىچە يېتىپ بېرىپ، مانى دىنىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقاتقانىدى. تۈركىي قوۋملەر بىلەن سوغدىلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق قويۇق مۇناسىۋەتنىڭ يۈز بېرىشى ئەجەبلىنەرلىك ۋەقە ئەمەس ئىدى. «چۈنكى تۈركىي قەبىلىلەر قەدىمدىن تارتىپ سوغدى زېمىنىغا يېقىن جايلارغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلار سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىن تاكى ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان تېررىتورىيىدە ياشاپ كەلگەنىدى. ئۇ يەرلەردە سوغدى سودىگەرلىرى تۈركىي قەبىلىلەر مۇھىتىغا يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى ۋە ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئېلىپ كەلدى. ئەمما سوغدىلار تۈركىي خەلقلەرگە بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەسىرلىرىنى ئۆتكۈزسىمۇ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار كەڭ تۈركىي خەلقلەر مۇھىتىغا كىرىپ، ئاستا - ئاستا ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىشقا باشلىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلەر ئادەت تۈسىگە كىردى. سوغدىلار ئاستا - ئاستا ئۆز تىللىرىنىمۇ ئۇنتۇشنى، تۈركىي تىلى ئۇلارنىڭ ئانا تىلىغا ئايلاندى»[1]. پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا، «قارىشىمچە، سوغدىلار ئەجداد يېقىنلىقى جەھەتتىن تارىم - تەكلىماكان قەدىمكى ئىنسان تۈركۈملىرى بىلەن بولغان ئانتروپولوگىيىلىك مۇناسىۋەتتىن تاشقىرى»، يەنە كۆپلىگەن تارىخىي دەۋرلەردىكى كۆپلىگەن مىللەتلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئەڭ ئاخىرى «غەربىي تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقى ھامىيلىقىدىكى دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ، قاراخانىيلار زامانىسىدا ياغما ئۇيغۇرلىرى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي تەركىبىگە سىڭىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يەنە غەربىي قاراخانىيلار، چاغاتاي ۋە تېمۇرىيلەر ئارقىلىق

---

① ئەھمەد ئەلى ئەسقەروف: «ئۆزبېكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» — «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 1986 - يىللىق 2 - سان، 53 - بەت.

هازىرقى ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئېتنىك تۈزۈلمىسىگە ئايلاندى»① دەيدۇ. ئۇ يەنە شۇ ماقالىسىدە «سوغدىيانا دىيارىدىكى ئاساسلىق تۇران ئاھالىسى — سوغدىلار نۇرغۇن خەلقلەر ئىچىدە ئاساسەن ھازىرقى ئۇيغۇر - ئۆزبېك خەلقلىرى قان تومۇرى ۋە فولكلورىدا ياشىماقتا. ئۇيغۇر - ئۆزبېك نەسلىداش ئىككى خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىختىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك، تۆھپىكار سوغدى خەلق تۈركۈملىرىنىڭمۇ بىۋاسىتە ۋارىسلىرىدۇر. »② دەپ يازدى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوغدىلار گەرچە يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەتلىك، ھەرىكەتچان ۋە سودىغا ماھىر خەلق بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق مۇددەتلىك كارۋانچىلىق ھاياتى داۋامىدا تەدرىجىي ھالدا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىرسىي جۇغلانمىلىرىنى ئېلىپ، تۈركىي خەلقلەر قوينىغا سىڭىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئېتنىك جەھەتتىكى تەسىرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغۇچى تېرىم خەلقلىرىدە بىۋاسىتە ئىپادىلەندى. چۈنكى، سوغدىلار يايلاق خەلقلىرىگە قارىغاندا بوستانلىقلاردىكى تېرىم ئىگىلىكىگە مەنسۇپ بولغاچقا، كۆپرەك مايىل ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، تۈركىي قوۋملەر ئىچىدە ئەڭ بالدۇر ئولتۇراق ھاياتقا كۆچكەن ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرى ئېتنىك ۋە پىسخىك جەھەتتىن سوغدى مەدەنىيىتىگە ناھايىتى زور دەرىجىدە ۋارىسلىق قىلدى. ليۇ يىتاڭ ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە «پارسلار سوغدىلارنى ئۇيغۇر تۈركلىرى دەپ ئاتايدۇ»③ دېيىشىمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۇزاقتىن بۇيان چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىپ كەلگەن قازاق، قىرغىز، قاراقالپاق قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېكلەر-

---

①② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا» — «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 - يىللىق 3 - سان.

③ ليۇ يىتاڭ (تەيۋەن): «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، 553 - بەت.

نى «سارت» دەپ ئاتايدىغانلىقى، ئېھتىمال ئۇلارنىڭ سودا ـ سېتىققا
ماھىرلىقىدىن بولسا كېرەك. چۈنكى بارتولد قاتارلىق مەشھۇر تۈركو-
لوگلارنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، «سارت» سۆزى دەسلەپ «سودى-
گەر»، «ھۈنەرۋەن شەھەر ئاھالىسى»، «مەدەنىيەتلىك كىشىلەر»
قاتارلىق مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن، كېيىنچە تەدرىجىي ھالدا، باشقا
خەلقلەرنىڭ نەزىرىدە شەھەر ۋە بوستانلىقلاردا ياشايدىغان قول ھۈنەر-
ۋەنچىلىك ۋە سودا ـ سېتىققا ماھىر ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرىنى
كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالغان.

شۈڭلاشقا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك پۈتۈنلۈكىنى شەكىللەن-
دۈرگەن بىر قانچە مۇھىم ئېتنىك قاتلاملار ئىچىدە شىمالىي قۇملۇق
ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئات ئۈستى مەدەنىيىتىگە خاس كۈچتۈڭگۈر
ۋە جەسۇرلۇقى، تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ
قەدىمكى بوستانلىق ئاھالىلىرى تېرىم خەلقلىرىگە خاس سەۋرچانلىقى
ۋە خۇشخۇي ـ تەمكىنلىكى بىلەن خاراكتېرلەنسە، ئۈچىنچى چوڭ
قاتلام بولغان سوغدىلار ئۆزلىرىنىڭ ئېچىۋېتىش روھى، سودا ئېڭى،
جانلىق ھەم ھەرىكەتچانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ
يىپەك يولىدىكى سىرلىق خەلق سوغدىلارنىڭ نۇرغۇنلىغان پىسخىك
ئۆزگىچىلىكلىرى ۋە ئىرسىيەت خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەتلىرى كې-
يىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىندى
ۋە داۋاملاشتۇرۇلدى. گابائىن خانىمنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا،
سوغدىلار «ھۈنەر ـ سەنئەتكە ماھىر، ھەرىكەتچان خەلق» بولۇپ،
«ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ناھايىتى مۇھىم مەدەنى-
يەت تارقاتقۇچىلار» سۈپىتىدە رول ئوينىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزم يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپىنچە ئاتالغۇلى-
رى سانسكرتچىدىن ئەمەس، بەلكى سوغدى تىلىدىن قوبۇل قىلىنغانىدى»[①].

---

① ئا. ۋون گابائىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ھايات»، 10 ـ، 11-
بەتلەر.

ئۇندىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىدىكى «نۇرغۇنلىغان تاۋارلارنىڭ ناملىرى ھېچ بولمىغاندىمۇ ۋاستىلىق ھالدا سوغدى تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان»① ئىدى.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدا، سوغدىلار مۇھىم بىر ئېتنىك قاتلام سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ پىسخىك تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسىدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىش، تېز قوبۇل قىلىش، يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا ۋە ھۈنەر - سەنئەتكە ھېرىسمەنلىك شۇنداقلا سودا - تىجارەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار قاتارلىق ئاكتىپ ئامىللارنىڭ يېتىلىشىدە سوغدىلار ئىرسىي ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەندى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك جەھەتتىن تولۇق شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، ھەر قايسى ئېتنىك قاتلاملارنىڭ ئۇيغۇر پىسخىك جۇغلانمىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرلىرىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئورۇندالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە X ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنىنىڭ تېز سۈرئەتتە تارقىلىشى، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئورتاق ئېتىقادىغا ئايلىنىشى، ئۇلارنىڭ پىسخىك تۈزۈلمىسى ۋە روھىي بىرلىكىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى. XII — XIII ئەسىرلەردىن باشلاپ، قاراقىتان، موڭغۇل قاتارلىق موڭغۇللۇئىد تىپىدىكى چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي قوۋملەر ھاياتىدا زور داۋالغۇش پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىرقىي ۋە ئېتنىك تۈزۈلمىسىدە موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. خۇددى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك: «كىدان

---

① ئەنگلىيە «كېمبرىج ئىران تارىخى»، لوندون 1983 - يىل، ئېنگلىزچە نەشرى، III توم، 1 - كىتاب، 17 - باب.

ۋە چىڭگىزخان ئىستېلاسى ئاقىۋەتتە بۇ رايونغا ‹موڭغۇللوئىد› تەسى-
رى كۈچلۈك بولغان مەرقىت ۋە قىپچاق قاتارلىق تۈركىي خەلقلەردىن
باشقا، تۈركلەشكەن ۋە مۇسۇلمانلاشقان كىدان - موڭغۇللارنى تاشلى-
دى. بۇ ھال ‹چاغاتاي ئۇلۇسى› دائىرىسىدە، قىپچاق دالاسىنى
مەركەز قىلغان ھالدا، يەتتىسۇدىن قۇمۇلغىچە بولغان رايونلاردا ھەر
خىل دەرىجىدە ئىپادىلەندى»①. لېكىن موڭغۇللوئىد تىپىنىڭ تەسى-
رى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى، پەرغانە ئويمانلىقى ۋە سىر، ئامۇ
دەريالىرى ۋادىلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغۇچى تېرىم ئاھالىلىرى-
نىڭ ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدە روشەن ئۆزگىرىشلەر ھا-
سىل قىلالمىدى. ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان تۇراقلاشقان پىسخىك ئەندىزى-
سىگىمۇ ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى. ئەمدى تارىم ئويمانلىقىغا
كەلسەك، موڭغۇل ئىرقىنىڭ سۇس ئالامەتلىرى شەرقتە قۇمۇل -
تۇرپان ئويمانلىقىدىن تاكى بۈگۈر ۋە كۇچانىڭ بىر قىسىم جايلىرىغى-
چە ئوخشىمىغان نىسبەتتە ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر پۈتۈن
ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سۆڭەك تۈزۈلمىسى ۋە قان تىپىدا تۈپتىن ئۆزگى-
رىش ھاسىل قىلالمىدى. كېيىنكى ئېتنىك تەركىبلەر ھەتتا ئۇلارنىڭ
مەدەنىيەت فورمىسى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە پىسخىك خاراكتېرىگىمۇ
ھېچقانچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمىدى. بۇ نۇقتىدا ياپونىيە ئالىمى
خانېدا تورۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «موڭغۇللار دەسلەپتە تۈركلەرنىڭ
تۇراقلىق قەبىلىلىرىدىن ئايرىلىپ ياشىغاچقا، تۈركىي قوۋملەر مەدە-
نىيەت ۋە ئىرق جەھەتلەردە چوڭ تەسىرگە ئۇچرىمىغان... لېكىن
كېيىنچە موڭغۇللار ئارىسىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ پەيدىن-
پەي شەھەر تۇرمۇشىغا كۆچۈشى، شۇنىڭدەك ئېھتىياج يۈزىسىدىن
شەھەر تۇرمۇشىغا كۆچكەنلەرنىڭ تەدرىجىي كۆپىيىشى، ئىرق ۋە

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرى-
سىدا» — «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 - يىللىق 3 - سان.

مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئاستا - ئاستا تەسىر پەيدا قىلىشقا باشلىدى. ئەمما بۇ جەھەتتە موڭغۇللار تۈركلەرگە تەسىر كۆرسەتتى، دېگەندىن كۆرە، تۈركلەر موڭغۇللارغا تېخىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى، دېگەن ياخشىراق. يەنى بۇ يەردىكى موڭغۇللار تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئالدى بىلەن تۈركىي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا تۈركىي تىلىنى ئۆگەندى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى ياكى تۈرك قىزلىرىغا ئۆيلىنىپ شالغۇت پەرزەنت كۆردى. بۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاخىرىدا موڭغۇل مىللىتىنىڭ قۇرۇق نامىلا قالدى. ئەمما بۇنداق ئەھۋال بىردەمدىلا مەيدانغا كەلمەستىن، بەلكى خېلى ئۇزاق جەرياندىن كېيىن ئاندىن ئىشقا ئاشتى»①.

## 10

ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى غايەت زور قۇملۇق — تەكلىماكان چۆللۈكى ئۆز باغرىغا ئاجايىپ - غارايىپ تىلسىماتلارنى يوشۇرۇپ كەلدى. تارىختا ئوخشاشمىغان ئىرق ۋە ئوخشاشمىغان تىل سىستېمىلىرىغا مەنسۇپ بولغان قانچىلىغان مىللەتلەر بۇ يەردە ئۆز ئىزلىرىنى قالدۇردى. قانچىلىغان بوستانلىقلار ۋە قەدىمكى شەھەر - قەلئەلەر قۇم دېڭىزى ئاستىدا غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىلىرى پەيدا بولدى. بۇ يەردىكى پەسىللىك دەريا - ئېقىنلار ۋە كۆچمە كۆللەر سانسىز قېتىملاپ ئورۇن يۆتكىدى. بوستانلىقلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ياكى تارايتىپ تۇردى. كىشىلەر بۇ قورقۇنچلۇق قۇملۇق ھەققىدە ئاجايىپ - غارايىپ رىۋايەتلەرنى توقۇشتى. خورازلارنىڭ چىللاشلىرى بىلەن تۇلپارلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلىنى-

① خانېدا تورۇ (ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 94 - بەت؛ ئۇيغۇرچە نەشرى، 174 -، 175 - بەتلەر.

دىغان غايىب شەھەرلەر توغرىسىدىكى قىزىقارلىق چۆچەكلەر يىپەك يولىدىكى تۆگە كارۋانلىرى بىلەن بىللە يىراق جايلارغىچە تارقالدى. . . قىسقىسى، تالاي دەۋرلەر ئۆتۈپ كەتتى، نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆزگەردى، لېكىن، پەقەت بىرلا نەرسە يەنى بۇ يەردىكى بوستانلىق ھاياتى ۋە ئۇنىڭغا يانداشقان مەدەنىيەت ئەندىزىسى ئۆزگەرمىدى. چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىنكى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشكەن ئۇيغۇر مىللىتى تاكى زامانىمىزغا قەدەر مىڭ يىلدىن ئارتۇق بوستانلىق تۇرمۇشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

دەرۋەقە، تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ ياتقان تەكلىماكان چۆلى جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن جۇڭگو، ھىندى ۋە ئىران مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پىنھان بوشلۇققا مۆكۈنۈپ ياتقان بىر تەبىئىي چوڭقۇرلۇق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بالىياتقۇسىمان شەكلى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئورنى ۋە ھەر قايسى چوڭ مەدەنىيەت رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق زونا بولغانلىقى بىلەن ئۈچ چوڭ قىتئەنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغان ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا تولىمۇ ئوخشايتتى.

غەرب تەرەپتىكى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىمۇ ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور بالىياتقۇ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆۋەجەپ تۇرغان يېنىك دولقۇنلىرى بىلەن تۆت ئەتراپتىكى قەدىمكى ئەللەرنىڭ تەپەككۇرىنى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى غىدىقلاپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى مىسىر مەدەنىيىتى، شەرقىي قىرغىقىدىكى ئىبراي - بابىل مەدەنىيىتى ۋە شىمالىي ساھىللىرىدىكى يۇنان- رۇم مەدەنىيەتلىرى دەل ئۇنىڭ تىنىقىدىن نەپەس ئېلىپ بىخلانغانىدى. گېگېلنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ئوتتۇرا يەر دېڭىزى يەر شارىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسىم يۈزىنى بىرلەشتۈرگەن بىرىكتۈرمە ئامىل ئىدى. ئۇ، دۇنيا تارىخىنىڭ مەركىزى، كونا دۇنيانىڭ يۈرىكى ئىدى. . . ناۋادا ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بولمىغان بولسا، دۇنيا تارىخىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس بولغان بولاتتى»①.

---

① گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى»، 131 ـ، 132 ـ بەتلەر.

ۋەھالەنكى، ئاسىيا ئىنىدىكىگە جايلاشقان تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنى قوچاقلاپ ياتقان تەكلىماكان چۆلى سىپپى ئۆزىدىن بىر قوم دېڭىزى ئىدى. گېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ پەرەزلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئەسلىدە ئىچكى قۇرۇقلۇق بولۇپ، كېيىن ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئۆرلىشى بىلەن دېڭىزغا ئايلانغان بولسا، تەكلىماكان چۆلى ئەسلىدە ئىچكى دېڭىز بولۇپ، كېيىن يەر پوستى ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن چوڭ قۇملۇققا ئايلانغاندى.

بۇ يەردە دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ مەۋجلىرى ئاڭلانمايتتى، بەلكى قۇم بورانلىرىنىڭ ۋىژىلداشلىرى ھۆكۈم سۈرەتتى.

بۇ يەردە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا ئوخشاش قۇياش سۇ يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ يەنە سۇ يۈزىگە ئولتۇرمايتتى، بەلكى قۇم بارخانلىرى ئارقىسىدىن ئۆرلەپ يەنە قۇم بارخانلىرىغا پاتاتتى.

بۇ يەردە مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقان يەلكەنلىك كېمىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى كولدۇرما سادالىرىنى ياڭرىتىپ مېڭىۋاتقان تۆگە كارۋانلىرى ئارقىلىق ئالماشتۇرۇلاتتى.

بۇ يەر گويا دېڭىزغا ئوخشاشلا كىشىلەرگە پايانسىزلىق ۋە چەكسىزلىك ئۇقۇمى بېرەتتى. لېكىن دېڭىز خەلقلىرى دېڭىزنىڭ چەكسىزلىكى ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ چەكسىز يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنى ھېس قىلىپ، ئۆز ئالدىدىكى چەكلىك بارلىقتىن ھالقىپ چىقىپ كېتىشنى ئىستىسە، بۇ يەردىكى قۇملۇق خەلقلىرى پەسىللىك دەريا - ئېقىنلار ھاسىل قىلغان تار دائىرىدىكى بوستانلىقلارغا باغلىنىپ ياشايتتى. ئۇلار ناھايىتى چەكلىك ھاياتلىق بەلبېغىدا تۇرۇپ يىراقتىكى غايىۋى مەنزىرىلەرگە ئىنتىلىپ ياشىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ مەنزىرىلەرنىڭ يا بېشى، يا ئايىغىنى كۆرەلمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىلاھىي تۈسى قويۇق بولغان ئوي - پىكىرلەر ۋە مېتافىزىكىلىق تەسەۋۋۇرلار ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىگە تەسەللىي تاپاتتى.

تەكلىماكاننىڭ قۇرغاق ئىقلىمى بۇ يەردە ياشىغۇچى كىشىلەرنىڭ

قۇرغاق پسخىكىسنى شەكىللەندۇرگەنىدى. خۇددى ياپونىيىلىك كو-
جىما جۇيىچى ئېيتقاندەك: «تەكلىماكان قۇملۇقى بەئەينى ئاتەش دو-
زاخقا ئوخشايتتى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ھىمالايا تېغى، پامىر
ئېگىزلىكى، قۇرۇم تېغى قاتارلىق تاغ تىزمىلىرى تەبىئىي دەرپەردە
ھاسىل قىلىپ، دېڭىزدىن كېلىدىغان نەم شامالنى توسۇپ تۇراتتى.
ئۇنىڭ قۇرغاقلىقى شۇ قەدەر قورقۇنچلۇقكى، ئېكىسپېدىتسىيىچى
ستەيىنمۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە ھەتتا ‹ئەرەب قۇملۇقلىرىنىمۇ بۇ جاي
بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ› دەپ تاشلىغانىدى»①. بۇ يەردىكى
بۇنداق قۇرغاق مۇھىت پەقەت يۇلتۇزدەك تارالغان يېشىل بوستانلىقلار
ئارقىلىقلا سەل - پەل تىزگىنلىنەتتى. شۇڭلاشقا پەسىللىك دەريا -
ئېقىنلار ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بوستانلىقلار بۇ يەردىكى ھاياتلىقنىڭ
ئالدىنقى شەرتى ئىدى. ئەگەر بوستانلىقلار بولمايدىكەن، بۇ يەردە
ھاياتلىق مەۋجۇدىيىتى ۋە قۇم ئاستىغا غەرق بولغان قەدىمكى تارىم
مەدەنىيىتىمۇ بولمىغان بولاتتى. تەبىئىي جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشتىن
ئېيتقاندا، «ھازىرقى كۈندە تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي بۆلىكى-
شالاڭ ئوت - چۆپلەر ۋە چاتقاللار ئۆسىدىغان كۆللۈك زونا، كۆللۈك
زونىنىڭ ئەتراپى قۇم بارخانلىرى ئۆرە - تۆپە بولۇپ تۇرىدىغان
چۆللۈك زونا، بۇنىڭ ئۆپچۆرىسى قۇرغاقچىلىق ۋە شورغا چىدامىلىق
چاتقاللار ۋە توغراقلار ئۆسىدىغان مۇنبەت زونا، بۇنىڭ چۆرىسى تاغ
ئېتەكلىرىدىكى شېغىللىق زونا، ئەڭ چەتلىرى ئېگىز تاغلىق زونا.
ئاسىيادىكى ئەڭ ئېگىز تاغ بولغان تەڭرىتاغ، پامىر، قاراقۇرۇم،
ئالتۇن تاغلار بۇ ئويمانلىقنى ئوراپ تۇرىدۇ»②.

دېمەك، مانا مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق چوڭ قۇملۇقنى چۆرىدەپ،
دەريا - ئېقىنلارغا ئەگىشىپ گويا يېشىل مەرۋايىتلاردەك تارالغان

---

① كوجىما جۇيىچى (ياپونىيە): «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، 46 - بەت.
② ئىمىن تۇرسۇن: «تارىم مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە». — «تارىمدىن تامچە»، 424 - بەت.

بوستانلىق ۋادىلاردا قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى يارىتىلغانىدى. بۇ
يەردىكى بوستانلىقلار ئويمانلىقنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى تەكلىماكان
چۆلى بىلەن ئەتراپتىكى تاغ ئېتەكلىرىنى چۆرىدىگەن شىغىللىق زونا
ئارىلىقىدىكى تىندۇرما بەلباغنى مەركەز قىلىپ ھالقىسىمان يېشىل
كارىدور ھاسىل قىلىنغانىدى. لېكىن بۇ كارىدور ھالقىسى بىر - بىرىگە
تامامەن تۇتۇشۇپ كەتمەيتتى. قەدىمكى يىپەك يولى دەل مۇشۇ بىر-
بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتمىگەن بوستانلىق كارىدورنى بويلاپ شەكىللەنگە-
نىدى. خۇددى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىم ئېيتقاندەك: «چۆللۈكتىكى
ئۇنۇمدار بوستانلىق— خەلقنىڭ تەبىئەت ئۇستىدىن غەلىبە قازانغانلى-
قىنىڭ بەلگىسى ئىدى. پارلاق قەدىمكى دەۋر مەدەنىيىتى يارىتقان
كىشىلەرنىڭ كۈچى مۇشكۈللۈكلەرنى يېڭىپ، خىلمۇ خىل خەتەرلىك
توساقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جۈملىدىن ‹ئۇستىدىن ئۇچار قۇشلار
ئۆتمەيدىغان، پەستە چارپاي - ھايۋانات ئىزى كۆرۈنمەيدىغان، قارىسا
كۆز يەتمەيدىغان› باياۋاننى كېزىپ، . . . ‹قىشمۇياز قار ئۆكسىمەي-
دىغان، قۇم - شېغىللار ئۇچۇپ يۈرىدىغان. . .› ئوتتۇرا ئاسىيا
قارلىق ئارتلىرىنى ئېشىپ، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئالاقە
يولىنى ئاچقان»①.
شەك - شۈبھىسىزكى، جۇغراپىيىلىك تۈزۈلمە ۋە ئىقلىم جەھەت-
تىكى پەرقلەر بۇ جايدىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە غايەت
زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ تارىم چوڭقۇرلۇقىغا يەرلە-
شىپ، تەكلىماكان چۆلىنى قۇچاقلاپ، يىراقتىكى ئۇپۇق سىزىقىغا
قاراپ كېتىۋاتقان تۆگە كارۋانلىرىغا تەلپۈنۈپ ياشايدىغان ھاياتلىق
مۇھىتىنى، شەرقتىكى چوڭ دەريا ۋادىلىرىنى ئاساس قىلغان تېرىم
تۈزلەڭلىكلىرى ياكى غەربتىكى دېڭىز سودىسىنى مەركەز قىلغان
شەھەر - قەلئە ئەللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولمايتتى.

---

① ئىمىن تۇرسۇن: «تارىم مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە» - «تارىمدىن
تامچە»، 429 - بەت.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەرقتىكى بۈيۈك قوشنىلىرىغا ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ پىكىر تارىخى ۋە پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە شەخسنىڭ جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيىتىدە ئىپادىلەنمەيتتى. ئائىلە، نەسەب - ئەھكام ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئاساسىي ھالقا قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى خۇددى گابائىن خانىم ئېيتقاندەك: «كېيىنكى مەزگىللەردىكى كلاسسىك مەدەنىيەتكە ياكى خەنزۇ مەدەنىيىتىگە ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ شەرقتىكى بۈيۈك قوشنىسى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا تېخىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ سەنئىتىمۇ رۇجىيا ئىدىيىسىنىڭ سەۋرچان ھەم تەمكىن خاھىشىغا ئوخشىمىغان ھالدا، يۇمۇرلۇق تۈيغۇ ۋە ھەجۋى سىزما ئۇسلۇبىنى كۆپرەك ئىپادە قىلاتتى»①.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يىراق غەربتىكى دېڭىز مەدەنىيىتى يارانقان قوشنىلىرىغىمۇ ئوخشىمايتتى. بۇ يەردە ئارال ۋە يېرىم ئاراللارنىڭ كۆكۈش دېڭىز بىلەن ئەبەدىي سۆيۈشۈپ تۇرۇشىدىن ھاسىل بولغان ساھىل ۋە پورت - پىرىستان مەدەنىيىتى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇلاردا غەربلىكلەردەك ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى جىمى ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەركىزى قىلىدىغان، شەخسنىڭ ئەركىنلىكى، مۇستەقىللىقى ۋە ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان، تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئېچىشقا تىرىشىدىغان، سۇبيېكتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ماھىر، ئابستراكت تەپەككۇر، ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ۋە تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي پىسخىك ھالەت ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلانمىغانىدى. ئەمما ئۇلار يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ ھېسسىيات جەھەتتە كۈنپېتىش تەرەپتىكى مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە بولغان مايىللىقىنى ئىپادىلەپ كەلگەنىدى. شەرققە باستۇرۇپ كىرگەن ئالېكساندىر ماكېدونىسكىينىڭ قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان «ئىسكەندەر»

---

① ئا. ۋون گابائىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ھايات»، 153 - بەت.

امى بىلەن شەرقچە ئوتۇپىيىنىڭ يۈكسەك سىمۋولىغا ئايلىنىشى، موقرات، ئەپلاتون، ئەرەستۇ (ئارىستوتېل) قاتارلىق يۇنان پەيلاسوپ- لىرىنىڭ ھەكىم - ئۇستاز سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىشى شۇنىڭ جۈملىسى- دىن ئىدى.

ئۇلار، يەنى مەركىزىي ئاسىيا بوستانلىقلىرىدا ياشىغۇچى ئاھالى- لەر ئۆزىگە خاس پىسخىك تىندۇرمىغا ۋە ئارىلاشما خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە ئىگە ئىدى. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر خەلقى تارىم ۋادىسىدىكى ئەجدادلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق بوستانلىق تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلاردا ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا بوستانلىقلىرىغا خاس مەدەنىيەت پىسخى- كىسى شەكىللەنگەنىدى. بۇ خىل مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى سىپلىش- تۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن:

**بىرىنچى، بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇ يېتىلدۈرگەن پىسخىك ئەندىزە**

بوستانلىقلاردىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ھاياتلىق شارائىتى بۇ يەردە ياشىغۇچى خەلقلەردە زادى قانداق پىسخىك ئەندىزىنى يېتىلدۈرگەن؟ شۇنىسى ئېنىقكى، بوستانلىقلار ئانا تەبىئەتنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى قۇرغاق زونىلارغا بەخش ئەتكەن خەير - ئېھسانى ئىدى. سۇ بولغانلىقى جايلارغا گويا يۇلتۇزلاردەك تارالغان بوستانلىقلار بۇ يەرنىڭ قاتتىق قۇرغاق ئىقلىمىنى نەمدىگۈچى ۋە ھۆلدىگۈچى بىردىن- بىر ئېكولوگىيىلىك ۋاسىتە ئىدى. چۈنكى گاۋىن ھامبلىي ئېيتقاند- دەك: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ كۆرۈنەرلىك جۇغراپ- يىلىك ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ تەسىرىدىن تاما- مەن ئايرىلىپ تۇرغانلىقىدىندۇر. بۇ خىل ئەھۋال ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ ئاز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يا-

غۇر سۇيىنىڭ كەمچىللىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرد-
ىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى قۇرغاق مۇھىتىنى ھاسىل قىلغان»①. شۇڭ-
لاشقا، بوستانلىقلارنى ئىزچىل تۇردە كېڭەيتىپ تۇرۇش ۋە ئۇنى
كۆچمە قۇملارنىڭ تەھدىتىدىن ساقلاش، بۇ يەردىكى ھاياتلىق مەۋجۇ-
دىيىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىدى. بوستانلىق ۋادىلار ئۆز ئەتراپىدىكى
تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن پەسىللىك دەريا - ئېقىنلار، كارىز ۋە يەر
ئاستى سۇلىرى شۇنىڭدەك ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريالىرىدىن سىڭىپ
چىققان سۇلاردىن پەيدا بولغانىدى. بۇ يەردە تەبىئەت مۆتىدىل بەلباغلا-
ردىكى تېرىم رايونلىرىدەك كىشىلەرنى پەپىلىمەيتتى. بەلكى كىشىلەر
تەبىئەتنى پەپىلەيتتى. تەبىئەتنىڭ خاھىشچە بولغاندا، بۇ يەردىكى
بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى تارىيىپ، تامامەن قۇملىشىپ
كەتكەن بولاتتى. لېكىن بۇ يەردىكى بوستانلىق خەلقلىرىنىڭ ئىشچان
قولى ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىممەتلىك ھاياتلىق ماكانىنى تەبىئەتنىڭ توخ-
تاۋسىز خىرىسلىرىدىن ساقلاپ كەلدى.

دەرۋەقە، قۇرغاق ئىقلىمدىكى بوستانلىق ھاياتى پەقەت تارىم
ئويمانلىقىغىلا خاس تۇرمۇش ئۇسۇلى ئەمەس ئىدى. شەرقتە تارىم
ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي گىرۋەكلىرىدىن تارتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە
ئىران ئېگىزلىكى، ئەرەب چۆللۈكلىرى شۇنىڭدەك سەھرايى كەبىر
قۇملۇقلىرىغا قەدەر ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ قۇرغاق چۆللۈك ئىقلىمىدا
ئومۇميۈزلۈك بوستانلىق ئىگىلىكى مەۋجۇت ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىد-
سى ئوخشاشلا چۆللۈكتىكى سۇ مەنبەلىرىنى قوغلىشىپ، قۇم بارخاند-
لىرىنىڭ دائىملىق تەھدىتى ئىچىدە ياشايتتى. قۇرغاق ئىقلىم ۋە
سۇسىز چۆللەر ئۇلارنىڭ ھەرىكەتچان، ئەمما قۇرغاق پسخىكىسىنى
يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بوشلۇقلارنى
ۋە چاڭقاق ئىستەكلىرىنى ئۇزۇلدۇرمەي ئۇتۇپ تۇرىدىغان تۆگە كارۋاند-

---

① گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، 3 - بەت.

لىرىنىڭ ئۆچۈرلىرىدىن قاندۇراتتى. لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق ئاھالىلىرى بىلەن ئەرەب چۆللۈكلىرىدىكى بېدۇئىن (بەدەۋىي ئەرەبلەر) قەبىلىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە پسىخىك ئەندىزىسى ناھايىتى زور پەرق قىلاتتى.

تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەر ناھايىتى بۇرۇنلا بوستانلىق ھاياتىغا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان تېرىم ئىگىلىكى ۋە كىچىك تىپتىكى شەھەر - بازارلار ھاياتىنى ئۆز تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قىلغانىدى. بۇ يەردىكى ھەر بىر بوستانلىق گويا بىر تەنھا ئارالغا ئوخشاش ئۆزىگە لازىملىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزى تەمىنلىيەلەيتتى. گەرچە بۇ يەردە مۇئەييەن دائىرىدە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ يەرنىڭ ھاياتىنى تىپىك بوستانلىق ئەندىزىسى دېيىشكە بولاتتى. ئۇلارنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسى ھەننىۋا قۇملۇق خەلقلىرىگە ئوخشاش قۇرغاق - چاڭقاق ۋە دولقۇنسىمان كەيپىياتنى ئىپادىلەپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇنداق ھالەتنى تىنىمسىز ھالدىكى كۆكەرتىش كۈرۈشى ۋە بوستانلىقلارنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇش خاھىشى ئارقىلىق نەمدەپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار چۆل ئىقلىمىدىكى تىپىك تېرىمچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ روھىي سىغىمچانلىقى ۋە پسىخىك ئېنېرگىيىسى سىرتتىن كەلگەن كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ زىلزىلىسىنى ھامان ئۆز قوينىغا سىڭدۈرۈپ تاشلىيالايتتى.

لېكىن ئەرەب چۆللۈكلىرىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇ يەردە قار سۈيى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئېگىز قارلىق تاغلار ياكى يەر ئاستى سۈيىنى باشلاپ چىقىدىغان كارىزلار مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. قۇملۇقلاردىكى ئاندا - ساندا ئۇچرايدىغان بۇلاقلار ئۇلارنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى ئىدى. بوستانلىقلارنىڭ دائىرىسىمۇ تار ھەم كىچىك

ئىدى. كىچىك تىپتىكى ئېكىنزارلىقلار مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى چۆل تىپىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىدى. ئۇلار ئۆزىگە زۆرۈر بولغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى گاھىدا بۇلاڭچىلىق ۋاسىتىسى ئارقىلىق تولۇقلايتتى. خۇددى فىلىپ. ھىتتى ئېيتقاندەك: «قۇملۇق ھاياتىدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللار بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتىنى بىر خىل مىللىي ئادەت تۇسىگە كۆتۈرگەنىدى. كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقتا ئۇرۇشخۇمار كەيپىيات بىر خىل قۇتۇلغىلى بولمايدىغان پسخىك ھالەتكە ئايلانغانىدى... قۇملۇقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنى بىر تىپ سۈپىتىدە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھازىرى ۋە ئۆتمۈشى تامامەن ئوخشاش ئىدى. كەلگۈسىمۇ مۇقەررەر شۇنداق بولاتتى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىسى مەڭگۈ بىر خىللىقنى ساقلايتتى، ئۆزگىرىش، ئىلگىرىلەش، تەرەققىياتلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئۆز خاھىشى بىلەن تەلپۈندىغان نەرسىلىرى ئەمەس ئىدى... بىدوئىنلار، تۆگە ۋە خورما ئەرەب قۇملۇقلىرىدىكى بارلىق ھاياتلىقنىڭ ئۈچتە بىرلىك شەكلىدىكى ھۆكۈمرانى ئىدى. ئۇنىڭغا قۇم دانىچىلىرى قوشۇلسا، قۇملۇقتىكى تۆت چوڭ پېرسوناژ شەكىللىنەتتى»①. شۇڭلاشقا «بېدوئىنلار بەدەن قۇرۇلۇشى ۋە پسىخىك تۈزۈلمە جەھەتتە قۇملۇق ۋە چۆل - باياۋان تىپىغا خاس ئۆزلۈكسىزلىك، قۇرغاقچىلىق ۋە زېرىكىشلىك مۇھىتنى ئىپادە قىلغانىدى. ئاناتومىيە جەھەتتىن ئۇ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تۇرغان نېرۋا، سۆڭەك ۋە مۇسكۇللار بىرىكمىسى ئىدى، خالاس. بەدەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىنمۇ قۇملۇقلارغا خاس قاقاسلىق ۋە قاغجىراغلىقنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى... ئۇلار پاسسىپلىق بىلەن ناچار مۇھىتقا چىداشقا رازى ئىدىكى، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ھاياتلىق شارائىتىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايتتى، تەقدىرنىڭ

① فىلىپ. ھىتتى (ئامېرىكا): «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، سودا نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى، I كىتاب 52 - بەت.

قانداق بولۇشى ئۇلار ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس ئىدى. شەخسىيەتچىلىك ئۇلارنىڭ يەنە بىر روشەن خۇسۇسىيىتى ئىدى... ئىنتىزام، تەرتىپ ۋە نوپۇز - ئابروي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قۇملۇق ھاياتىدىكى چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرى ئەمەس ئىدى»①. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دىنىي چۈشەنچىلەر قۇملۇقتىكى بېدوئىنلارنىڭ قىزىقىدىغان خاھىشى ئەمەس ئىدى. «سام خەلقلىرى دىنلىرىنىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىلىرى قۇملۇقتا ئەمەس، بەلكى بوستانلىقلاردا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغانىدى... بېدوئىنلار دىنغا نىسبەتەن قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ‹قۇرئان› دا ئۇلار ھەققىدە توختىلىپ ‹ئەئىرابىيلەر (كۆچمەن چارۋىچى ئەرەبلەر) نىڭ كۇفرلىقى ۋە مۇناپىقلىقى تېخىمۇ زىيادىدۇر، ئاللا پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلمەسلىككە ئۇلار ئەڭ لايىقتۇر› دەپ ھۆكۈم قىلىنغانىدى»②.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلار ھاياتى ئۆز ئەتراپىدىكى قۇملۇق رايونلىرىنىڭ ئەندىزىسىگە ئوخشىمىغان ھالدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادە قىلغانىدى. بۇ يەر ئاسىيانىڭ مۆتىدىل بەلباغ تۇزلەڭلىكلىرى، جۈملىدىن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رايونى، ھىندى ۋە گانگ دەرياسى ھاۋزىلىرى قاتارلىق جايلاردىكى تىپىك ئاسىياچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا خاس تېرىم مەدەنىيىتى ئەندىزىسىدىنمۇ خېلىلا پەرقلىنەتتى. ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە تايىنىپ كۆن كەچۈرىدىغان، يېتەرلىك يامغۇر - يېغىن ۋە تۈتاش كەتكەن تۇزلەڭلىكلەرگە تايىنىپ تۇجۇپلەپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان، زىلزىلە ۋە داۋالغۇشلاردىن خالىي، يىراقتىكى غايىۋى مەنزىرىلەرگە ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى رەسىم - قائىدە ۋە ئەخلاقىي پرىنسىپلارنى كۈچەپ تەكىتلەيدىغان، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدى-

① ② فىلىپ. ھىتتى (ئامېرىكا): «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، سودا نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى، I. كىتاب 26 -، 27 - بەتلەر.

كى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە تارىخىي تۇيغۇنى ئۆز ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىزانى قىلىدىغان، ئۆزىنى ئەزەلدىن دۇنيا ۋە ئالەمنىڭ مەركىزى دەپ قارايدىغان ئىچمايىل مەدەنىيەت ئەندىزىسى بۇ يەر بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايتتى.

بۇ يەر بىر خىل تىپىك بوستانلىق ئەندىزىسىگە مەنسۇپ ئىدى. ئۇلار شەرق تېرىمچىلىرىغا ئوخشاش مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان بىرلا خىل ئىگىلىك شەكلىگە تايانمايتتى. بىرلىككە كەلگەن، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ھاكىمۇتلەق سىياسىي تۈزۈلمىگىمۇ چوقۇنمايتتى. سېپىل سوقۇپ، قورشاۋ ھويلا سېلىپ ئۆز كۆڭلىنى خاتىرجەملەندۈرىدىغان تۇرمۇشنىمۇ ياقتۇرمايتتى. . .

ئۇلار بوستانلىقلاردىكى تېرىم تۇرمۇشىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي ئىگىلىك شەكلى قىلسىمۇ، لېكىن ھەر ۋاقىت تار دائىرىدىكى چارۋىچىلىق ۋە باقمىچىلىقنى تەڭ ئېلىپ باراتتى. بوستانلىقلاردا گاھ گۈللىنىپ، گاھ زەئىپلىشىپ تۇرىدىغان شەھەر ـ بازارلار بولسا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ـ تىجارەتكە تايىنىپ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەيتتى. ئۇلار مەلۇم بىر سىياسىي كۈچ ئاستىدا بىرلىككە كەلسىمۇ، لېكىن ھەر قايسى بوستانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىكى ئايرىملىقى ۋە بىر ـ بىرىگە تۇتاشمايدىغانلىقى سەۋەبلىك ھامان ئۆزلىرىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلەردىكى نىسبىي مۇستەقىللىقى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرىنى ساقلاپ قالاتتى. بۇ يەردە ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا ھەر قايسى بوستانلىقلارنى ئاساس قىلىپ 30دىن 50 نەچچىگىچە ئۇششاق شەھەر دۆلەتلىرى قۇرۇلغانىدى. كېيىنچە بۇ سان تەدرىجىي ئازلاپ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە مەلۇم سىياسىي كۈچلەر تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن تاكى قوچۇ ۋە قاراخانىيلار دەۋرىگىچە تامامەن بىر ئورتاق گەۋدىگە ئۇيۇشتۇرۇلمىدى. بۇنداق ھالەت قەدىمكى ھىندىستان جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي ئەھۋالىغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ھىندىچە مەدەنىيەت

ئەندىزىسى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى بۇ يەرگە تامامەن ماس كەلمەيتتى. قەدىمكى يۇنان تەۋەسىدىمۇ ئافىنا، سپارتا قاتارلىق نۇرغۇنلىغان شەھەر دۆلەتلىرى مەيدانغا كەلگەنىدى. ئۇلار فېدېراتسىيە شەكلىدە ئۆز-ئارا ئۇيۇشۇپ بىر- بىرىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغانىدى. كېيىنچە بۇ ھالەت رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە زېمىن ھازىرلىغانىدى. ۋەھالەنكى، قەدىمكى يۇناندىكى شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن قەدىمكى تارىم ئويمانلىقىدا قۇرۇلغان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە سىياسىي ئەندىزىسىدە تۈپكى پەرقلەر بار ئىدى. ناۋادا قەدىمكى يۇناندا بىر قانچىلىغان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى غەربچە ئىجتىمائىي ئەھدىنامە ۋە سىياسىي ئەركىنلىكنى كاپالەتلەندۈرىدىغان فېدېراتسىيە تۈزۈمىنىڭ بىخلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارالسا، قەدىمكى تارىم ۋادىسىدا قۇرۇلغان شەھەر دۆلەتلىرى نوقۇل ھالەتتىكى جۇغراپىيىلىك ئايرىملىق ۋە يېتىملىكنىڭ مەھسۇلى ئىدى، خالاس. چۈنكى تارىم ئويمانلىقىدىكى غايەت زور قۇملۇق — تەكلىماكان گىرۋەكلىرىگە يۇلتۇزلاردەك تارالغان بوستانلىقلارنىڭ ھەر بىرى بىر تەنھا يېشىل ئارال ئىدى. بۇ يېشىل ئاراللارنىڭ ئۆزئارا تۇتۇشۇپ، بىر پۈتۈن يېشىل كارىدور ھاسىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە ياشىغۇچى كىشىلەر پەقەت نوپۇس كۆپىيىپ بوستانلىقلارنىڭ ھەجىمى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان چاغدىلا ئاندىن بوستانلىقنى كېڭەيتىشكە ياكى ئەتراپتىكى قوشنا بوستانلىقلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولاتتى.

دەرۋەقە، تارىم ۋادىسىنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيانقى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى بوستانلىقلارنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلىپ كەلگەنىدى. شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە تارىم ئويمانلىقىدا ئۇيغۇرلىشىش جەريانىنىڭ تۈگەللىنىشى بۇ

يەرنىڭ بوستانلىق ھاياتىغا تۈپتىن ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلەلمىدى،
بەلكى شىمالدىن كەلگەن كۆچمەن چارۋىچى ئاھالە تېزلا بوستانلىق
تۇرمۇشىغا يەرلىشىپ ئەسلىدىكى تېرىم ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇ-
سۇلىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە داۋاملاشتۇردى. شۇڭلاشقا بوستانلىق
مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە نىسبەتەن ناھايىتى زور تارتىش
كۈچىگە ئىگە ئىدى. بۇ يەرگە كۆچكەن ياكى يۆتكەلگەن كۆچمەن يايلاق
قوۋملىرىنىڭ كۆپىنچىسى بوستانلىق خەلقلىرى بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋەت جەريانىدا ئۆزىنى دەڭسىيەلمىگەن ھامان بوستانلىقلارنىڭ جەلپ-
كار قويىنىغا ئەسىر بولاتتى. يېڭى كۆچۈپ كەلگەن جەڭگىۋار ۋە
ھەرىكەتچان بىر مىللەت بوستانلىق ۋادىلىرىدىكى ئاھالىلەرنى سىيا-
سىي جەھەتتىن كونترول قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش
ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئۆزلىرى ئەسىر بولاتتى. خۇددى فىلىپ.
ھىتتى ئېيتقاندەك: «ھەرىكەتچان ۋە كۆچۈپ يۈرىدىغان بىر مىللەت
ئولتۇراق مىللەتلەر رايونىغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى
ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت مەزمۇنىغا مۇئەييەن ئۆز-
گەرتىشلەر ئېلىپ كېلىشى، قان تىپى ۋە ئىرقى جەھەتتىن ئارىلاشما
ھالەتنى شەكىللەندۇرۇشى مۇمكىن. لېكىن ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھا-
لىلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىشى ھەقىقەتەنمۇ ئاز كۆرۈلىدىغان
بىر ھادىسە»①. شۇڭلاشقا خېلى بۇرۇنلا تۈركلىشىش جەريانى باشلى-
نىپ مىلادىيە IX ئەسىردىكى چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىن، ئۇيغۇرلى-
شىش جەريانى تاماملانغان تارىم ئويمانلىقىدا ئەسلىدىكى بوستانلىق
ئىگىلىكى يەنىلا داۋاملاشتۇرۇلدى ۋە ناھايىتى زور دەرىجىدە ۋارىسلىق
قىلىندى. بۇ يەردە ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن بوستانلىق پىسخى-
كىسى چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسى-

① فىلىپ. ھىتتى (ئامېرىكا): «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، سودا نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى، 12 ـ بەت.

نىڭمۇ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلدى.

قىسقىسى، بۇ يەردىكى بوستانلىق پىسخىكىسى ئوتتۇرا ۋە مەر-
كىزىي ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقلىرىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى ئىدى.
ئوتتەك قىزىپ تۇرغان چوڭ قۇملۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى كىمخاپتەك
بوستانلىقلاردا بىر خىل دۆملەنمە ھالەتتىكى زېرىكەرلىك كەيپىيات
ھۆكۈم سۈرەتتى. سانجاق - سانجاق قۇم بارخانلىرى بۇ يەردىكى
كىشىلەرنىڭ چاڭقاق ئىستىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ تۇراتتى. كىشىلەر
تىنىمسىز ئىشلەيتتى. بوستانلىقلارمۇ توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرات-
تى. لېكىن تەبىئەتنىڭ تەھدىتى تۈگىمەيتتى. تەكلىماكان تولىمۇ
قۇرغاق، ئادەملەر ئاجايىپ چاڭقاق ئىدى. سۇ بولسىلا ھاياتلىق داۋام-
لىشاتتى. شۇڭا بۇ يەردىكى كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى چەكلىك ھاياتلىق
ماكانىدا تۇرۇپ چەكسىز نەرسىلەرنى خىيال قىلاتتى. يىراقتىكى
مەنزىرىلەرگە تەلپۈنەتتى، لېكىن ئۆز دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەل-
مەيتتى. ئۇلارنىڭ قۇرغاق ۋۇجۇدى بىلەن تەگسىز روھىي دۇنياسى
ئۆزلىرى قۇچاقلاپ ياشايدىغان تەكلىماكان چۆلى بىلەن كۆرۈنمەس
روھىي بىرلىك ھاسىل قىلغانىدى. قوللىرى چاك - چاك يېرىلغان،
يۈزلىرى ئاپتاپتا مىس رەڭگە كىرگەن، كالپۇكلىرىنى گەز باغلىغان
بۇ كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل تىنىپ كەتكەن چوڭقۇرلۇق ۋە
ئۆتمۈشكە تۇتۇشۇپ كەتكەن چەكسىزلىك ئەكس ئېتەتتى. ئۇلار تەنھا
ئىدى. تۆت ئەتراپى قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان تار بوستانلىقلاردا
ئۆزلىرىنى غېرىبانە سېزەتتى. دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغان، تەبىئەت
تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن تۇيغۇ ئۇلارنى قىينايتتى. ئەمەلىيەتتە بوس-
تانلىقلاردىلا ئەمەس، بەلكى تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشى-
لىپ تۇرغان بىر پۈتۈن تارىم ئويمانلىقىمۇ تەبىئىي ھالدا كىشىگە بىر
خىل تەنھالىق تۇيغۇسى بېرەتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار سىرتتىن كېلىدىغان
ھەر قانداق يېڭى ئۇچۇر ۋە يېڭىلىقلارغا قىزىقاتتى، تەلپۈنەتتى ۋە
چوقۇناتتى. دىنىي قىزغىنلىق ۋە ئىلاھىي پەلسەپە بوستانلىق خەلقى-

رىنىڭ كۈچلۈك خاھىشى ئىدى. بۇددىزم، مانى ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ بۇ پىنھان چوڭقۇرلۇقتا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى گۈللىنىشكە ئېرىشىشى شۇنىڭ سەۋەبىدىن ئىدى. ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدىكى قۇرغاق ۋە چاڭقاق ئىستەكلىرىنى پەقەت سىرتقى غىدىقلىنىش ئارقىلىق سۇغۇرۇشقا كۆنۈككەنىدى. شۇڭا يىپەك يولىنىڭ دەسلەپكى ئۇلىنىڭ ئېچىلىنىشى ئۇلارنىڭ سىرتتىن ئۇچۇر ئېلىش ۋە ئۆزىنى تولۇقلاش ئىستىكى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. «بوستانلىق ۋادا بولمايدىكەن، يىپەك يولىمۇ بولمىغان بولاتتى. يۇنان تارىخچىسى ھىرودىتنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، يىپەك يولىنى ئاخىرقى ھېسابتا بوستانلىق ۋادىلارنىڭ ئىلتىپاتى دېيىشكە بولاتتى»①. مانا مۇشۇ ۋادىلاردا ياشاپ كەلگەن بوستانلىق خەلقلىرى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشۈشىدا غايەت زور روللارنى ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇملۇقلاردىن كېلىدىغان ئىسسىق شامالدىن ۋە بوستانلىقلاردىكى زېرىكەرلىك ھاياتتىن روھىي تىندۇرمىسى قاغجىرىغان، ئىلاھىي دوگماتىكا ۋە شەرقچە مېتافىزىكا ئارقىلىق ئۆزىگە تەسەللىي تاپقان، ئەمما ھېسسىياتقا ۋە شېئىرىي تۇيغۇغا باي، ئىشقىي ھورمۇنلىرى ئويغاق، ۋۇجۇدى ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان بۇ كىشىلەر يىپەك يولىدىن تىنىمسىز ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان كولدۇرما سادالىرى ئارقىلىق ئۆز روھىي دۇنياسىنى سۇغۇرۇپ كەلدى.

**ئىككىنچى، ئۇرۇغ ـ قەبىلە مۇناسىۋەتلىرى يىمىرىلگەن، مۇئەييەن «يۇرت»نى ئاساس قىلغان تارقاق ھالەتتىكى جەمئىيەت تۈزۈلمىسى**

بىر مىللەتنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ھامان ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شەرق بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئەندىزىسى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، پسىخىك خاراكتېرى جەھەتلەردىكى ماھىيەتلىك پەرقلەر دەل ئۇلارنىڭ

① كوجىما جۇيىچى (ياپونىيە): «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، 9 ـ بەت.

ئىجتىمائىي جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان.

غەربتە بولۇپمۇ ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئانا مەنبەسى بولغان قەدىمكى يۇناندا قانداشلىق ۋە ئۇرۇغ - جەمەت مۇناسىۋەتلىرىنى ئاساس قىلغان جەمئىيەت تۈزۈلمىسى بالدۇرلا يىمىرىلگەنىدى. ئۇلارنىڭ شەھەر دۆلەتلىرىنى مەركەز قىلغان فېدراتسىيە ئەندىزىسى بىر خىل بېكىنمە ھالەتتىكى نوقۇل تېرىم جەمئىيىتى ئەمەس، بەلكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن جانلىق سودا جەمئىيىتى ئىدى. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، دېڭىز قاتنىشىنىڭ راۋانلىقى، زور تىپتىكى كۆچمەن ئاھالىلەرنىڭ تىنىمسىز ئولتۇراقلىشىشى بۇ يەردە قانداشلىق شەكلىدىكى ئۇرۇغ - قەبىلە تۈزۈمىگە ئورۇن بەرمىگەنىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلاردا قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا قانۇنىي شەكىل ۋە ئىجتىمائىي ئەھدىنامە ئارقىلىق مۇئەييەن سىياسىي ئەندىزىگە ئۇيۇشقان، ئەمما شەخس، سۇبيېكت ۋە ئىجتىمائىي بىرلىكلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان دېموكراتىك تۈزۈلمىنىڭ ئۇندۇرمىلىرى شەكىللەنگەنىدى. بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىلگىرىلا ئارىستوتېل «پولىتىكا» ناملىق ئەسىرىدە، شەرقچە ئىجتىمائىي تۈزۈلمە بىلەن قەدىمكى يۇنان تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنىدى. ئۇ، يۇناننىڭ شەھەر فېدېراتسىيىلىرىنى قانداشلىق مۇناسىۋەت ئۈستىگە قۇرۇلغان تەشكىلىي بىرلىك ئەمەس، بەلكى ئورتاق مەنپەئەت ئارقىلىق باغلانغان ئىجتىمائىي بىرلەشمىلەرنىڭ سىياسىي ئىتتىپاقىدۇر، دەپ قارىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بەزىلەر يۇناننىڭ شەھەر فېدېراتسىيە سىياسىئونلىرى شەرقنىڭ خاقان، ئائىلە باشلىقى ياكى قۇلدارلىرى بىلەن ئوخشاش دەيدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ خىل قاراش بىمەنىلىكتۇر»①.

① ئارىستوتېل: «پولىتىكا»، سودا نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى، 3 - بەت.

شەرق خەلقلىرى، جۇملىدىن جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكى ئاھالى-
لىرى تىپىك شەرقچە ئىجتىمائىي ئەندىزىگە ئىگە ئىدى. بۇ يەردىكى
تۈتاش تۈزلەڭلىكلەر، كەڭ كەتكەن ئېكىنزارلىقلار، نىسبەتەن تەرەق-
قىي قىلغان تېرىم ئىگىلىكى، مۇقىم، رېتىملىك، زىلزىلىلەردىن
خالىي تۇرمۇش غەرب ئەندىزىسىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان جەمئىيەت
تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇلار ئائىلە، نەسەب ۋە قانداش-
لىق مۇناسىۋەتلەرنى ئاساس قىلغان شەرقچە ھاكىممۇتلەق سىياسىي
فورما ياكى قاتلاممۇ قاتلام دەرىجە ۋە سالاھىيەت تەرتىپىگە بۆلۈنگەن
جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ئىچىدە ياشايتتى. ئۇرۇغ - جەمەت بەلگىسىنى
ساقلىغۇچى فامىلە ۋە جەمەت نامىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇراتتى.
تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ ۋە تېرمىنلار ئاجا-
يىپ كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش ۋە بىناكارلىق ئىدىيىلىرىمۇ
ناھايىتى روشەن ھالدا دەرىجە - سالاھىيەت قارىشى ۋە بېكىك ئەندىزى-
نى ئىپادە قىلاتتى. ئۇلار ئۆز جەمئىيىتىنى ئىجتىمائىي ئەھدىنامە
ياكى قانۇن ئېڭى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مۇتلەق نوپۇز، مۇستەبىت
تۈزۈم ۋە مۇرەككەپ ئەدەب - ئەخلاق مىزانلىرى ئارقىلىق ئىدارە
قىلاتتى. ئەجدادلىرى ئۇلاردىن قانچە ئۇزارغانسېرى، سىرلىقلىق
تۈسى ۋە ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىمۇ شۇنچە ئېشىپ باراتتى. شۇڭا كۆز
ئالدىدىكى ھەنىۋا رېئال مەسىلىلەرنى ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن
ئەنئەنىۋى ئۆلچەم ۋە «مۇقەددەس» دەستۇرلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويى-
چە ھەل قىلىش، ئىككى كەلىمە سۆزنىڭ بىرىدە قەدىمكىلەرنىڭ
ئەقلىيىلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش بۇ يەردىكى ئومۇمىي كەيپىياتقا
ئايلانغانىدى. بۇنداق نەسەب ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتلەر ئۈستىگە قۇ-
رۇلغان ئىجتىمائىي جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدە «ئەجداد» چۈشەنچىسى
مۇقەددەس ۋە دەخلى - تەرۇزسىز ئىدى. «جۇڭگودا بىر كەلىمە
‹مەڭگۈلۈك›، قاغىش سۆزى بار بولۇپ، ئۇ ھەمىشە ‹ئاناڭنى! . . . ›
سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلىنەتتى. لۇشۈن بۇ خىل تىللاش ئادىتىنى

«دۆلەت قاغىشى» دەپ ئاتىغانىدى. دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە ئادەم تىللىسا شۇ ئادەمنىڭ دەل ئۆزىنى تىللايتتى. لېكىن پەقەت جۇڭگودىلا ئادەم تىللىسا شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى تىللىماستىن، بەلكى «ئىتنىڭ بالىسى»، «ئاناڭنى»، «موماڭنى»، «ئۇرۇغ - پۇشتۇڭنى» . . . دېگەن سۆزلەر بىلەن ئەجدادلىرىنى تىللايتتى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، دەرىجە - سالاھىيەت تۈزۈمى ئاستىدا، مەزكۇر ئادەمنىڭ سالاھىيىتى ئۇنىڭ ئۇرۇغ - جەمەتىنىڭ سالاھىيىتى بىلەن ئۆلچىنەتتى. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئورنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. سالاھىيەت تۈزۈمى جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇستەقىل كىشىلىك خاراكتېرى ۋە ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ يېتىلىشىگە توسالغۇ بولغانىدى. باشقىلار ئۇلارنىڭ شەخسەن ئۆزىنى تىللىسا، ئۇلار خورلۇق ھېس قىلمايتتى. پەقەت ئۇرۇغ - ئەجدادلىرىنى تىللىغان چاغدىلا، ئاندىن قەلبىدىكى ئەڭ مۇقەددەس ھېسسىياتىغا ۋە ئىززەت - غورۇرىغا دەز كېتەتتى»①. مانا بۇ ئاسىياچە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ پەيلىشى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ سىرتمىقى ئىچىدە يېتىلگەن شەرقچە جەمئىيەت ئەندىزىسى ئىدى.

ھالبۇكى، تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ بوستانلىق ئەندىزىسى غەربلىكلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھدىنامە ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمئىيەت تۈزۈلمىسىگىمۇ، شەرقلىقلەرنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋەتلەر ۋە نەسەب قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلغان شۇنداقلا فېئوداللىق ئەخلاقىي مىزانلار قېلىپلاشقان جەمئىيەت فورمىسىغىمۇ ئوخشىمايتتى.

بۇ يەردە ھەر قايسى بوستانلىقلارنى ئاساس قىلغان كىچىك تىپتىكى شەھەر دۆلەتلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ غەربچە فېدېراتسىيە ۋە دېموكراتىك ئىدىيە تۈرەلمىلىرىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس ئىدى. تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى شەھەر دۆلەتلىرى يۇنان ۋە رىم

---

① گاۋيابياۋ، ۋۇدەنماۋ: «مىللىي روھنىڭ چۈشكۈن قاتلىمىدا»، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر نەشرىياتى شىركىتى، 1988 - يىل نەشرى، 30 - ، 31 - بەتلەر.

فېدېراتسىيىلىرىدەك مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئەھدىنامە گەۋدىسىگە ياكى ھەر بىر ئىجتىمائىي بىرلىك ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان سىياسىي بىرلەشمىگە ئۇيۇشمىغانىدى. بۇ يەردىكى بوستانلىقلاردا سودا ـ تىجا. رەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە باشقا ئىگىلىك شەكىللىرى تەڭ مەۋ. جۇت بولسىمۇ، لېكىن تېرىم ئىگىلىكى يەنىلا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. شەھەر دۆلەتلىرى ۋە بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئەمەلە. يەتتە جۇغراپىيىلىك ئايرىملىق ۋە يېتىملىكنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇ يەردىكى شەھەرلەر نوپۇسى ئاز، تەرەققىياتى ئاستا، بوستانلىقلارغا ئەگىشىپ تىنىمسىز يۆتكىلىپ تۇرىدىغان، سېپىل ۋە توپا تاملاردىن سېلىنغان كىچىك ـ كىچىك يۇرتلار ئىدى. ئۇلار ئادرىئاتىك دېڭىزى بويىدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن، دېڭىز سودىسى ۋە تاۋار ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان، بازار رىقابىتى ئارقىلىق ئۆز گۈللىنىشىنى يېتەكلەي. دىغان يۇنان شەھەرلىرىگە ئوخشىمايتتى. قەدىمكى يۇنان شەھەرلىرىدە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئابستراكت مۇلاھىزى. لەر كەڭ كۆلەمدە قانات يېيىپ، ھىپپوكراتنىڭ ئاتوم نەزەرىيىسى، ئەپلاتوننىڭ غايىۋى دۆلىتى، ئارىستوتېلنىڭ سىياسىي پولىتىكىسى، بېركلىينىڭ جۇمھۇرىيەت نۇقتىئىنەزىرى بەس ـ بەستە شەرھىيلىنى. ۋاتقان چاغدا، تارىم ئويمانلىقىدىكى پىنھان بوستانلىقلاردا ئادەم بىلەن تەڭرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مەركەز قىلغان ئىلاھىي ئوي ـ پىكىرلەر جۇش ئۇرۇپ، نازاكەتكە، خىيالىي تۇيغۇغا ۋە رومانتىكىغا تولغان بۇددىزم تام سىزمىلىرى ۋە مۇقام ھادىسىسىنىڭ ئۇندۇرمىسى بولغان «ماھادۇر كۈيلىرى» راۋاجلىنىۋاتاتتى.

بۇ يەر جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن بىر پۈتۈن گەۋدە ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۇ غايەت زور ئويمانلىق ئىچىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلار تارقاق ھالەتتىكى ئىجتىمائىي بىرلىكلەرنى ھاسىل قىلغانىدى. خۇد.

دى يۆي تەيشەن ئەپەندى ئېيتقاندەك: «قەدىمكى غەربىي يۆرتتا،
بولۆپمۆ تارىم ئويمانلىقىنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىق رايونلىرىدا
تەبىئىي جۆغراپىيىلىك شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۆپەيلىدىن كىشىلەر
ئەتراپىتىكى قۆملۆقلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۆرغان تەنها بوستانلىقلا-
ردا ياشايتتى. بىر پارچە چوڭ بوستانلىق كۆپىنچە ھاللاردا بىر
مۆستەقىل ھاكىمىيەتنى شەكىللەندۆرەتتى. گەرچە ھەر قايسى بوستان-
لىقلار ئوتتۆرىسىدا ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرى بولۆپ تۆر-
سىمۆ، لېكىن جۆغراپىيىلىك ئايرىملىق ھامان سىياسىي جەھەتتىكى
بۆلۆنمە ۋەزىيەتنى كەلتۆرۆپ چىقىراتتى. شۆ سەۋەبتىن غەربىي يۆرت-
تىكى ھەر قايسى بوستانلىقلار ئېتنىك قاتلام ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە
كۆرۆنەرلىك پەرقلەرنى شەكىللەندۆرگەن»①. قەدىمكى چاغلاردىلا تا-
رىم ۋادىسىدا چوڭ جەھەتتىن قۆمۆل ـ تۆرپان ئويمانلىقىنى ئاساس
قىلغان شەرقىي گىرۋەك مەدەنىيەت توپى، كۆچا ـ ئاقسۆنى مەركەز
قىلغان ئوتتۆرا ۋە شىمالىي گىرۋەك مەدەنىيەت توپى ۋە قەشقەر ـ
يەكەن ـ خوتەننى مەركەز قىلغان غەربىي ۋە جەنۆبىي گىرۋەك مەدەن-
يەت توپلىرى ۋۆجۆدقا كەلگەنىدى. مۆشۆ ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت توپى
ئىچىدە يەنە نەچچە ئونلىغان كىچىك بوستانلىقلار ۋە يۆرتلار بار ئىدى.
مىلادىيە IX ئەسىردىكى چوڭ قوشۆلۆشتىن كېيىن، تامامەن ئۆيغۆر-
لاشقان بۆ ۋادىدا يەنىلا ئاۋۋالقى تارقاق ھالەتتىكى جەمئىيەت تۆزۆلمى-
سى داۋاملاشتى ۋە يەنىمۆ قېلىپلاشتى.

شۆندىن باشلاپ بۆ يەردە يىراق شەرق تۆزلەڭلىكلىرىدىكى تېرىم
ئەندىزىسىگە تامامەن ئوخشىمىغان ھالدا قانداشلىق مۆناسىۋەت بويىچە
بۆلۆنگەن ئۆرۆغ ـ قەبىلە تۆزۆملىرى تېزلىكتە يىمىرىلدى. ھەر
قايسى بوستانلىقلاردىكى تېرىم ھاياتىغا كۆنۆككەن ئۆيغۆرلار ئۆزلىرى-
نىڭ شىمالىي قۆملۆق دەۋرىدىن قېپقالغان ئۆرۆغ ـ قەبىلە مۆناسى-
ۋەتلىرىنى تامامەن ئۆنتۆپ كەتتى. ئوتتۆرا ئاسىيا بوستانلىقلىرىدىكى

① يۆتەيشەن قاتارلىقلا تۆزگەن «غەربىي يۆرت مەدەنىيەت تارىخى»، 168 ـ بەت.

ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق شەھەرلەشكەن تېرىم مىللەتلىرى قازاق، قىرغىز قاتارلىق چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئاساس قىلغان تۈركىي قوۋملەرنىڭ ئەكسىچە، ئۇرۇغ - قەبىلە ناملىرىنى ئەمەس، بەلكى ھەر قايسى يۇرت ۋە شەھەرلەرنىڭ نامىنى قوللىنىدىغان بولدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ تىللىرىدا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز- ئاتالغۇلار بارغانسېرى ئازىيىپ، ئاددىي فورمىغىلا مەركەزلەشتى. رۇسىيە تۈركولوگى ن. ئا. باسكاكوف بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازدى: «قازاقلار تېخى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۇرۇغ - قەبىلە تۈزۈمىنى ساقلاپ كەلگەن. ۋەھالەنكى ئۆزبېكلەر بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئۇرۇغداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئاللىقاچان تۈگىتىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك فېئوداللىق دەۋرنى بېسىپ ئۆتكەن. شۇنىڭ نەتىجىسىدە قازاق، قارا قالپاق، ئالتايلىقلار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ پۇختا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇغ - قەبىلە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇغ ۋە قەبىلە تەۋەلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇپ، مەلۇم يۇرت ياكى شەھەرگە قارىتىلغان نام - ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىدۇ»①.

ھەر قايسى بوستانلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن چوڭ قۇملۇقلار ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرۇشى ئۇيغۇر مىللىتىدە تەدرىجىي ھالدا كۈچلۈك «يۇرت» قارىشىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ «يەتتە ئەجدادىغىچە ئېسىدە تۇتۇش» تەك ئۇرۇغ - جەمەت ئۆدۈمىنى ئۇنتۇپ، ئۈچ ئەۋلادتىن بۇرۇنقى نەسەبىگە ئانچە ئېسىلىپ كەتمەيدىغان بولدى. بەلكى ئۇنىڭ ئورنىغا تار مەھەللىۋىي يۇرت قارىشى بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى. XVI ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسلامىيەت ئېتىقادى پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىگە ئومۇملاشقاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ھەر قايسى بوستانلىقلارنى ئاساس قىلغان يۇرت ئەنئەنىسى ۋە ئايرىم مەدەنىيەت پەرقلىرى يەنىلا ساقلىنىپ قېلىۋەردى. بۇنىڭ

---

① ن. ئا. باسكاكوف (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، 3 - بەت.

نەتىجىسىدە چوڭ جەھەتتىن نىسبىي ھالدا ئورتاق مەدەنىيەت گەۋدىسى-
گە ئۇيۇشقان، لېكىن كىچىك جەھەتتىن ھەر قايسى بوستانلىق ۋە
يۇرتلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنچىكە پىسخىك خاسلىقلىرى بىلەن تارقاق
ھالەتتىكى جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى ھاسىل قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت
ئەندىزىسى شەكىللەندى. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، يىپەك يولى خا-
رابلىشىپ، تارىم ئويمانلىقى دۇنيا تارىخىنىڭ تاشلاندۇق رايونىغا
ئايلىنىپ قالدى. بۇ يەردىكى بوستانلىقلارنىڭ سىرتقى ئەللەر بىلەن
بولغان مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىلىرى ئۈزۈلۈپلا قالماستىن،
بەلكى ئۆز ئەتراپىدىكى بوستانلىق ۋە يۇرتلار بىلەن بولغان ئالاقىلىرى-
مۇ زور دەرىجىدە سۇسلىشىپ باردى. مۇشۇنداق تۇرغۇن ھالەت
ھۆكۈم سۈرگەن يېقىنقى بىر قانچە يۈز يىللىق تارىخىي جەرياندا
قەشقەر بىلەن قومۇل بوستانلىقى ياكى كۇچا بىلەن چەرچەن ئاھالىلى-
رى ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك دەرىجىدە پىكىر ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەر-
نىڭ بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ تەس. ۋەھالەنكى، بۇ
يەردىكى ھەر قايسى يۇرت ۋە بوستانلىقلار قانچىلىك دەرىجىدە بىر -
بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشى ۋە ئۆزئارا ئالاقىلىرىنىڭ سۇسلىشىشىدىن
قەتئىينەزەر، مۇنداق ئىككى نەرسە قەتئىي تۈردە ئورتاقلىقى ۋە ئىز-
چىللىقىنى ساقلاپ كەلدى: بىرى، ئۇيغۇر تىلى، يەنە بىرى سەنئەت
ۋە مۇقام ھادىسىسى. ھەممىگە مەلۇمكى، ئۆز تارىخىدا ھامان بىرلىك-
كە كېلىش ۋە ئورتاق مەدەنىيەت گەۋدىسىگە ئۇيۇشۇش خاھىشىنى
ئىپادىلەپ كەلگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا خەنزۇ تىلى نەچچە
ئونلىغان دىئالېكىت - شېۋىلەرگە بۆلۈنگەن. ھەتتا گۇاڭدۇڭ شېۋى-
لىرىنى تەرجىمان ئارقىلىق چۈشىنىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن؛
ھىندىستان خەلقى ھىندى مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ جاھىل سىستې-
مىغا زىچ ئۇيۇشۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ئوخشى-
مىغان تىللاردا سۆزلىشىدىغان يۈزدىن ئارتۇق مىللەتكە بۆلۈنۈپ كەت-
كەن. ۋەھالەنكى، تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەر بىر - بىرىدىن

يىراق بوستانلىقلارغا تارقالغان ئۇيغۇر خەلقى ئۇششاق شېئىر پارچىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتلىرىنى مۇتلەق ساقلاپ كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ئورتاق سېزىمنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. مۇقام ئەنئەنىسى بارلىق يۇرت ۋە بوستانلىقلار ئۈچۈن ئورتاق ھادىسە بولۇپ كەلدى. مەشھۇر تارىخشۇناسىمىز موللامۇسا سايرامى مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا يېزىپ تاماملىغان «تارىخىي ئەمنىيە» ناملىق ئەسىرىدە تۇنجى بولۇپ ھەر قايسى بوستانلىق ۋە يۇرتلاردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز- خاراكتېرى، پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە خاراكتېر تۈزۈلمىسىدىكى ئىنچىكە پەرقلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندى. بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى ۋە مەدەنىيەت پسىخىكىسىنى چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

## 11

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا، ئۇلار ئېتىقاد قىلغان دىنىي ئىدېئولوگىيىلەرنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى شەك ـ شۈبھىسىزدۇر. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پۈتكۈل روھىيەت تارىخىغا نەزەر تاشلىساق، ھەر قېتىملىق يېڭى دىنىي ئىدېئولوگىينى قوبۇل قىلىشى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسى ۋە روھىيەت جۇغلانمىسىدا غايەت زور سەكرەشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

ئۇزاقتىن بۇيان، نۇرغۇن كىشىلەر ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ يۈز يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرگەن شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ زور تالاپەتكە ئۇچراپ غەربكە كۆچكەنلىكىنى ئاساسەن تەبىئىي ئاپەت ۋە يېنىسەي قىرغىزلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن بولغان، دەپ

قاراپ كەلدى. لېكىن يۇقىرىقى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەردىن باشقا يەنە روھىي ۋە پسىخىكىلىق سەۋەبلەرمۇ مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتىمۇ - قانداق؟ بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ مەسىلىدە مانى دىنىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مانى دىنى دەسلەپ ئىراندا مەيدانغا كەلگەن بىر خىل ئارىلاشما خاراكتېرلىق دىن بولۇپ، ئۇنىڭ تەلىماتىدا خرىستىئان، قەدىمكى بابىل، يۇنان ۋە ھىندى دىنلىرىنىڭ ئىدىيۋى تەسىرلىرى بار ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ دىن ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ماسلىشىشچانلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن ناھايىتى تېزلىكتە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغانىدى. ئورخۇن خانلىقى تەۋەسىدىكى شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى مانى دىنى بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن تەبىئەت دىنى بولغان شامان ئەقىدىسىدە تۇرۇپ كەلگەنىدى. شامانىزم قەدىمكى يايلاق تۇرمۇشى كەچۈرگەن كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى، ھېچنېمىدىن يانمايدىغان كۈچلۈكلەر پسىخىكىسىغا تولىمۇ ماسلىشاتتى. چۈنكى پەقەت ھەرىكەتچانلىق، تىنىمسىز كۆچۈپ يۈرۈش ۋە ھەر ۋاقىت ھەربىي جەھەتتىكى جەڭگىۋارلىق ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان شىمالدىكى ئات ئۈستى ھاياتىدا، تەبىئەت دىنلىرىلا ئۇلارنىڭ بۇ خىل كۈچتۈڭگۈرلۈككە قوزغاتقۇچى كۈچ بولالايتتى. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىگە زۆرۈر بولغان ماددىي بۇيۇملارنى «قان تۆكۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرەتتى. ئەگەر تەر تۆكۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېرىشسە، بۇ تولىمۇ يۇۋاش - رايىشلىق ۋە ئاجىزانىلىق بولۇپ قالاتتى»①.

لېكىن مىلادىيە 762 - يىلى سوغدىلاردىن بولغان تۆت نەپەر مانى راھىبىنىڭ لوياڭدىن ئورخۇن بويىغا كېلىشى، ئۆز دەۋرىدىكى

① تاشتو (قەدىمكى رۇم): «گېرمانلار تەزكىرىسى»، سودا نەشرىياتى، 1977 - يىل نەشرى، 62 - بەت.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ پىسخىك تۈزۈلمىسىدە غايەت زور ئۆزگىرىش-
نىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، خۇددى
«بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا ئېيتىلغاندەك: «ئىلگىرى قان تۆكۈپ،
هايۋانات ئۆلتۈرۈپ ئوزۇقلىنىدىغان بۇ خەلق ئەمدىلىكتە سەي -
كۆكتات ۋە ئۇن - گۈرۈچ تائاملىرى يەيدىغان بولدى؛ ئىلگىرى
قانلىق قىرغىنچىلىقلار داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بۇ جايدا ئەمدى
ياخشىلىق ۋە رەھىمدىللىكنىڭ نۇرى چاقنايدىغان بولدى. . . » . سوغ-
دى راهىبلىرى دەسلەپ مانى دىنىنى تارقىتىشقا باشلىغان چاغدا
قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغانىدى:
لېكىن كېيىنچە يۇقىرى قاتلام ئىچىدە هىمايىگە ئېرىشتى. هەتتا
ئۇيغۇر قاغانىنىڭ شەخسەن ئۆزىمۇ مانى دىنىغا بولغان مايىللىقىنى
ئىپادىلەشكە باشلىدى. ئاخىرىدا «قاغان تۆت نەپەر مانى راهىبى بىلەن
ئىككى كېچە - كۈندۈز سۆهبەتلەشتى. ئۈچىنچى كۈنى سەهەردە
ئالتۇن تاجىسىنى تاقاپ تەختكە ئولتۇرغاندا چەكسىز ئازابلاندى، ۋۇ-
جۇدى تەۋرەندى، قەلبىدە گويا مۇهىم بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغان-
دەك گاڭگىراش ۋە ئارىسالدىچىلىق ئىچىدە ئۇزاققىچە قىينالدى.
كېيىن قاغان چوڭ تېپتىكى ئوردا يىغىلىشى ئۆتكۈزدى ۋە مانى
راهىبلىرى ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆز گۇناهلىرىنى
كەچۈرۈشنى ئۆتۈندى. . . »①. شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا مانى دىنى
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلدى. نەتىجىدە، پۈت-
كۈل ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەقىدە سىستېمىسى ۋە دىنىي ئىدېئولو-
گىيىسىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش يۈز بەردى. خۇددى بارتولد ئېيتقان-
دەك: «دىن تارقىتىش ساهەسىدە، سوغدىلارنىڭ تۈركىي قوۋملەرگە

① «يېڭىدىن تېپىلغان ئۇيغۇر قاغانىنىڭ مانى دىنىغا كىرىشى هەققىدىكى پۈتۈك پارچىسى» — ۋ. باڭ، ئا. ۋون گابائىن: «تۇرپان تېكىستلىرى»، II توم، 7 -، 9 - بەتلەر.

كۆرسەتكەن تەسىرى جۇڭگو تۈركىستانىدىكى ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقى-
غا مەنسۇپ يەرلىك خەلقلەرنىڭ تەسىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ
تەرەپلىمىلىك بولدى»①. مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
دۆلەت دىنىغا ئايلانغاندىن كېيىن، سوغدىلا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە
باشلىدى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقا ئەللەر بىلەن بولغان سودىسىنى
كونترول قىلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ ئەمەلىي تەسىر كۆچى
ئاجىزلىشىپلا قالماستىن، بەلكى مانى دىنىنىڭ پەيلىشى بىلەن ئۇي-
غۇر قەبىلىلىرىنىڭ پسىخىك خاراكتېرىدە رەھىمدىللىك، تىنچ ـ
ئاسايىشلىق، يۇۋاش ـ يۇمشاقلىققا بولغان ئىچكى مايىللىق بارغانسې-
رى كۈچىيىپ باردى. بۇنداق پسىخىكىلىق يۇمشاقلىق شىمالىي ياي-
لاقلاردىكى كۈچلۈكلەر جاھان سوراپ، ئاجىزلار شاللىنىپ تۇرىدى-
غان، ھەربىي جەڭگىۋارلىق ۋە ھەرىكەتچانلىق ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇت-
لۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان شەرت ـ شارائىت بىلەن ئەسلا
چىقىشالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «مانى دىنى جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشنى
قاتتىق چەكلەيتتى، بۇ ھال يايلاق ھاياتىدىكى جەسۇر، ئۇرۇشقا ماھىر
ۋە كۈچتۈڭگۈر مىللىي روھ بىلەن سىغىشالمايتتى. چارۋىچىلىق
ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بىلەنمۇ ماسلىشالمايتتى»②. دىنىي ئىدېئو-
لوگىيە ۋە پسىخىك تۈزۈلمىدىكى بۇنداق كەسكىن بۇرۇلۇشلار ئۇيغۇر
قەبىلىلىرىنىڭ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قەدەممۇ ـ
قەدەم تەۋرىتىپ باردى شۇنداقلا 840 ـ يىلىدىكى سىياسىي تراگېدى-
يىنىڭ ئىچكى تۆرەلمىلىرىنى پەيدا قىلدى. ھەتتا ئۆز دەۋرىدىكى
ئەرەب تارىخچىلىرى ۋە سەيياھلىرىمۇ مانى ۋە بۇددىزم ئەقىدىلىرىنىڭ
تۈركىي قوۋملەرنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى ئاجىز ۋە يۇمشاق ھالەتكە

---

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، 49 ـ بەت.
② توختى مۇزئارت: «ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، مىللەتلەر نەشرى-
ياتى 1995 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 131 ـ، 132 ـ بەتلەر.

كەلتۈرۈپ قويغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەرنى قالدۇردى. مىلادىيە 869 ـ يىلى ۋاپات بولغان ئەرەب يىلنامىچىسى جەھىز توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى جەڭگىۋار ۋە چۇس خاراكتېرىنى يوقاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بەردى①.

دېمەك، مانى دىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان پىسخىكىلىق ياتلىشىش شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئات ئۈستىدىكى كۆچمەن تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ روھىي خاھىشلىرىنى سىغدۇرالايدىغان تېرىم ھاياتىغا يەرلىشىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە تارىم ئويمانلىقىدا تارىخىي خاراكتېرلىق چوڭ قوشۇلۇش يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا مانى ۋە بۇددىزم ئەقىدىلىرىنىڭ ئاياللىق نازاكىتىگە تويۇنغان، شەرقچە مېتافىزىكىلىق خىياللار بىلەن پىنھان ئازابلارغا چىرمالغان، زىلزىلە ۋە ئەرلىك قەھر ـ غەزەپلەردىن خالىي، مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش باشلاندى. بۇ يەردىكى كىشىلەر ئەمدى قۇيۇندەك ئۇچقۇر ئارغىماقلارغا مىنگەن قەھرىمانلار ھەققىدە ئېپوسلارنى توقۇمايدىغان، تاش بالباللار ئەتراپىدا گۈلخان يېقىپ، ناخشا توۋلاپ، ئەسەبىيلەرچە پىرقىرىمايدىغان، كۆك بۆرە ھەققىدە گۈزەل رىۋايەتلەرنى ئېيتمايدىغان بولدى. بەلكى مانى ئىلاھىغا بولغان «تۋۋبىنامە»لەرنى يادلاپ، بۇددىساتىۋا ھەققىدىكى خىيالىي ھېكايىلەرگە مەپتۇن بولىدىغان، ئاچ يولۋاسنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز تېنىنى يەم قىلىپ بەرگەن ۋە «نىرۋانا» مەنزىلىگە يەتكەن شاھزادە ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن زوق ئالىدىغان بولدى.

بۇنداق ھالەت مىلادىيە X ئەسىرگىچە — تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي گىرۋەكلىرىگە ئىسلام نۇرى يېتىپ كەلگىچە داۋاملاشتى. ھەتتا ئويمانلىقنىڭ شەرقىي گىرۋىكىدىكى تۇرپان ـ قۇمۇل رايونلىرىدا XV — XVI ئەسىرلەرگىچە داۋام قىلدى. شۇڭلاشقا «غەربىي يۇرت

---

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، 54 ـ بەت

بۇددىزم مەدەنىيىتى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قارايدىغان ياكى غەربىي يۇرت بۇددىزم مەدەنىيىتى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەمەس، دەيدىغان قاراشلار ئىلمىي پوزىتسىيىگە زىت بولۇپلا قالماستىن، تارىخىي رېئاللىققىمۇ ئۇيغۇن ئەمەستۇر»①.

دەرۋەقە، ئىسلامىيەت ئېتىقادى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە پسىخىك جۇغلانمىسىغا غايەت زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىسلامىيەت ئېتىقادىدىن كېيىنكى مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پسىخىك تىندۇرمىسىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى ھاسىل قىلدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى ۋە يەركەن سەئىدىيە خانلىقى يىمىرىلگەنگە قەدەر مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە پەلسەپىدە ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەر يارىتىلدى. شۇنداقلا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئالتۇن دەۋرلەر مەيدانغا كەلدى. ھالبۇكى، ئىنسانىيەت ئىدېئولوگىيە تارىخىدا شۇ نەرسە ئايانكى، ھەر قانداق بىر دىنىي ئىدېئولوگىيە، ھەر قانداق بىر روھىي ئەندىزە ھەر قايسى دەۋرلەردە يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىلمىسا ۋە دەۋر ئېقىمىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرمىسە، ھامان قاتماللىق ۋە زەئىپلىشىشتىن خالىي بولالمايدۇ. XV ئەسىردىن كېيىن، ئىسلام دۇنياسىنىڭ چۇشكۇنلىشىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تاشقى جەھەتتىن يېتىم، ئىچكى جەھەتتىن مالىمانچىلىق ئىچىدە قېلىشى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غېرىبلىقىنى بارغانسېرى كۈچەيتىپ باردى. ئىسلام شەرقىدىكى تىنىمسىز مەزھەپچىلىك كۈرەشلىرى، دىن بىلەن سىياسىينىڭ بىر گەۋدىلىشىشى، خوجا - ئىشانلارنىڭ تەركىيدۇنياچىلىق تەرغىباتلىرى، بارغانسېرى يامراۋاتقان دىنىي پەتنۋاچىلىق ۋە غەيرىي ئىسلامىي ئادەتلەر ئىسلام دىنىنىڭ

---

① توختى مۇزئارت: «ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 107 - بەت.

ئەسلى ماھىيىتىنى غۇۋالاشتۇرۇپ، دەۋر تەرەققىياتى بىلەن تەڭ قە-
دەمدە ماڭالمايدىغان قىلىپ قويىدى. بۇنىڭ بىلەن مىللىتىمىزنىڭ
مەدەنىيەت پىسخىكىسىدا نەۋائىدىن كېيىنكى 500 يىللىق پاجىئە يۈز
بەردى.

ۋەھالەنكى، شەرق چۈشكۈنلىشىشكە باشلىغان ئاشۇ دەۋرلەردە،
مىڭ يىللىق ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن خرىستىد-
ئان ياۋروپاسىدا جىددىي دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. گېر-
مانىيىلىك مارتىن ليۇتېر (1446 — 1583) «گىگانت شەخسلەرنىڭ
گىگانت دەۋرى» بولغان ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئۇلۇغۋار پېكىر
ئېقىملىرىدىن ئىلھاملىنىپ، رۇم پاپاسى ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ
چاڭگىلىدا خالىغانچە سۇيىئىستېمال قىلىنىۋاتقان خرىستىئان دىنىغا
بولغان كەڭ كۆلەملىك ئىسلاھات تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى
ۋە يېڭى خرىستىئان دىنى تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مارتىن ليۇتېر
قوزغىغان دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى كونا بىلەن يېڭى دەۋر ئالمىشىش
بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتقان خرىستىئان ياۋروپاسىدا كۈچلۈك تەسىر قوز-
غىدى. ئۇنىڭ ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى ناھايىتى تېزلىكتە، رۇم
پاپاسىنىڭ تىزگىنىگە چۈشۈپ قالغان ھەر قايسى ئەل مەمۇرىي ئاپپا-
راتلىرى ۋە يېڭىدىن ئويغىنىۋاتقان مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ قوللىشىغا
ئېرىشتى. بولۇپمۇ ياۋروپا تەپەككۇرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر چېركاۋ پەل-
سەپىسىنىڭ سىرتىمىقىدىن قۇتۇلۇپ، پارتلاش خاراكتېرلىق ئىلگىرى-
لەشلەرگە ئېرىشىشىگە ۋە كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنىڭ جۇش
ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئىدىيىۋى شارائىت ھازىرلىدى. ماكس ۋېبېر
«يېڭى خرىستىئان دىنى (پروتېستانت) نەزەرىيىسى ۋە كاپىتالىزم»
ناملىق ئەسىرىدە، يېقىنقى زاماندىكى كاپىتالىستىك سودا - سانائەت-
نىڭ بىخلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ياۋروپانىڭ دىنىي ئىسلاھات ھەرى-
كىتىدىن كېيىنكى ئىجتىمائىي قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى
بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى قىممەت قارىشى يېڭى دىنىي شەكىل-

دە، ھەر بىر شەخسنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىگە، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي
ئىدىيە ۋە ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى، دەپ
كۆرسەتتى. مارتىن ليۇتېر قوزغىغان دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى ۋە
يېڭى خرىستىئانىزم تەلىماتلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن
شەرھىيلەش مۇمكىن:

بىرىنچى، مارتىن ليۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھاتى «ئىنجىل» نى
شەرھىيلەش ھوقۇقىنى دىنىي جەمئىيەتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ
چىقتى. ئۇ رۇم پاپاسى ۋە چېركاۋلاردىكى ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتلىرى-
نىڭ «ئىنجىل» نى شەرھىيلەشتىكى مۇتلەق ھوقۇقىغا قارشى تۇ-
رۇپ، ئۇنى ئەركىن ۋە ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈرۈشنى ۋە دەۋر روھى
بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ، «خۇدانىڭ مۇقەددەس
سۆزلىرى ھامان دىنىي جەمئىيەتنىڭ پەتىۋالىرىدىن ئۈستۈن تۇرى-
دۇ»①دەپ جاكارلىدى.

ئىككىنچى، پاپا ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ جىسمانىي جازا ۋە زور-
لۇق ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق غەيرىي دىندىكىلەرنى ۋە دىندىن گۇمانلان-
غۇچىلارنى جازالىشىغا ياكى مەجبۇرلىشىغا قارشى تۇرۇپ، دىنىي
ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ۋە ئىلمىي مۇنازىرە ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىل-
دى. ئۇ، كەسكىنلىك بىلەن: «ئىلمىي مۇلاھىزە ۋە مۇنازىرە ئۇسۇلى
ئارقىلىق غەيرىي دىندىكىلەرنى قايىل قىلىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ
ئوتتا كۆيدۈرۈشتەك ۋەھشىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلارنى تىزگىنلى-
مەسلىك كېرەك. ئەگەردە ئوتتا كۆيدۈرۈپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش
ئۇسۇلىنى بىر خىل ئۇلۇغۋار تاكتىكا دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇ
چاغدا جاللاتلار دۇنيادىكى ئەڭ بىلىملىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالامدۇ! ؟»②
دەپ كۆرسەتتى.

ئۈچىنچى، ئۇلار دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر-

---

① ② مارتىن ليۇتېر (گېرمانىيە) : «دىنىي جەمئىيەتنىڭ بابىلنى كونترول قىلىشى» — «غەرب ئىدېئولوگىيە خەزىنىسى»، 1599 ـ بەت.

گە چەك قويۇشىغا ۋە ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇپ، سودا ـ سېتىقتىكى رىقابەت دىنىي ئەھكاملارغا خىلاپ ئەمەس، پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى چىقىرىش سودا ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى شۇنداقلا ھەققانىي ئىش دەپ قارىدى. بۇ تەشەببۇسلار يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتتە رىقابەت ئېچىشنى كۈچەيتىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بەردى.

تۆتىنچى، ئۇلار شەخس بىلەن خۇدانىڭ مۇناسىۋىتى بىۋاستە ۋە دائىملىق بولۇپ، ئوتتۇرىدا ۋاستە تەلەپ قىلمايدۇ. ھەر قانداق كىشىنىڭ قەلبى خۇدا بىلەن مەڭگۈ تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئىخلاسمەنلەرنىڭ دىنىي جەمئىيەت، چېركاۋ ۋە پوپ قاتارلىقلارنى ئىنسان بىلەن خۇدانىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاستە دەپ قارىشى توغرا ئەمەس، دەپ قارىدى.

بەشىنچى، ئۇلار «جەننەت» ۋە «دوزاخ» مەسىلىسىدە ھەر قانداق بىر ئىنسان خۇدانىڭ تاللىشىغا مۇيەسسەر بولالايدۇ. خۇداغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ ئۇسۇلى يەكشەنبە كۈنى چېركاۋغا بېرىپ، ئىبادەت قىلىش ۋە باشقا دىنىي مۇراسىملارغا قاتنىشىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ھەر بىر كىشىنىڭ قەلبى خۇدا بىلەن بىۋاستە تۇتاشقان بولۇپ، ئۇ، بۇ دۇنيادىكى ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلىسە، تىرىشچان، ئىقتىسادچىل ۋە ھەرىكەتچان بولۇپ، ياخشى ئىگىلىك تىكلىسە، شۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىبادەت ھېسابلىنىۋېرىدۇ، دەپ قارىدى.

دېمەك، ياۋروپادا XVI ئەسىردە ئېلىپ بېرىلغان دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى، ياۋروپالىقلارنىڭ رىم پاپاسى ۋە چېركاۋ پەلسەپىسىنىڭ سىرلىق سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئىنسان قىممىتىنى قايتا بايقىشىغا، تەپەككۇر ۋە پىكىر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىشىغا شۇنىڭدەك كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەت ۋە بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. ياۋروپادا دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىدىن كېيىن جىددىي بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان قىممەت قارىشى ۋە پىكىر

ئىنقىلابى تەبىئىي پەنلەردىكى پارتلاش خاراكتېرلىق مۆۋەپپەقىيەتـ
لىرگە زېمىن هازىرلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، غەربتە مەيدانغا كەلـ
گەن مەرىپەتچىلىك هەرىكىتى ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىق
ئىدىيىلىرىدىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇپ، دېموكراتىك سىياسىي
تۈزۈلمىگە قەدەم قويۇشىغا، شەخسنىڭ قىممىتى، مەنپەئەتى ۋە ئىز-
زەت - غورۇرى تەكىتلىنىدىغان ۋە قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈ-
لىدىغان جەمئىيەتكە ئۆتۈشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. نيوتۇن، دېكـ
كارت، بىكۇن، روك قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەبىئىي پەنلەردىكى پارتـ
لاش خاراكتېرلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى دىدېرو، مونتېسكيو، روسسو،
ۋولتېر قاتارلىق ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇرلار قوزغىغان مەرىپەتچىلىك
هەرىكىتىگە ئاساس ياراتتى. روك، ئادەم تۇغۇلىشىدىنلا ئەركىن بو-
لۇپ، ئۇ هەر قانداق كۈچنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى، بەلكى
ئۆزىنىڭ ئەقلىي كۆرسەتمىسى ۋە دائىرىسى بويىچە ياشىشى كېرەك،
دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە خۇدانىڭ هۆكۈمەتنى تەسىس قىلىشى ئادەمـ
لەرنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى توسۇش ۋە كونترول قىلىش ئۈ-
چۈندۇر. ئەگەر هۆكۈمەت خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىدىكەن،
خەلقنىڭ بۇ مۇقەددەس هوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىشى زۆرۈر دەپ قارىدى.
مەرىپەتچىلىك هەرىكىتى ئۆز دەۋرىدىكى فرانسىيىنى ياۋروپا دېموكرا-
تىك ئىدىيىلىرىنىڭ بۆشۈكىگە ئايلاندۇردى. خۇددى XIX ئەسىردە
ئۆتكەن فرانسىيە تارىخشۇناسى ئالېكس توكوۋېل ئېيتقاندەك: «ئۇزاقـ
تىن بۇيان فرانسۇزلار ياۋروپادىكى بارلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئەدەبىي
تالانتى ئەڭ كۈچلۈك مىللەت بولۇپ كەلگەندى. ئەدىبلەر فرانسىيىدە ئەزەلدىن
XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكىدەك بۇنداق روهنى ئىپادىلەپ باقمىغان شۇنداقلا
بۇنداق مۇهىم ئورۇنغا ئېرىشىپ باقمىغانىدى. بۇنداق ئەهۋال فرانسىيىدىلا
ئەمەس، بەلكى باشقا ئەللەردىمۇ ئەزەلدىن يۈز بېرىپ باقمىغانىدى»①. مەردـ

① ئالېكس توكوۋېل (فرانسىيە) : «كونا تۈزۈم ۋە بۈيۈك ئىنقىلاب»، سودا نەشرىياـ
تى، 1997 - يىل نەشرى، 174 - بەت.

پەتچىلىك دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىنسان قىممىتى، كىشىلىك هوقۇق، سىياسىي ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىك ئىدىيىلەر ھەققىدىكى مەردانە نۇقتىئىنەزەرلىرى ئۆز دەۋرىدىكى ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئىنقىلابى ۋە فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى. 1776 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ئامېرىكا «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نىڭ بىرىنچى جۈملىسى مۇنداق دەپ باشلاندى: «بىز تۆۋەندىكى ھەر قايسى ماددىلارنى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت دەپ قارايمىز: ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىنلا تەڭ ـ باراۋەردۇر. ياراتقۇچى پەرۋادىگارىمىز ئۇلارغا تۇغما هوقۇقلارنى، يەنى ياشاش، ئەركىنلىككە ئىگە بولۇش ۋە بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش هوقۇقلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن هۆكۈمەت تەسىس قىلغان. شۇڭا هۆكۈمەت پەقەت خەلقنىڭ ھىمايىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدۇ»①. 1791 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان فرانسىيە پارلامېنتىنىڭ «كىشىلىك هوقۇق خىتابنامىسى» دىمۇ مۇنداق بايانلار بېرىلدى: «خەلق هوقۇقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنسان تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر بولۇپ قالماستىن، بەلكى مەڭگۈ باراۋەر بولۇشى كېرەك»②. «هۆكۈمەت تەشكىللەشنىڭ مەقسىتى خەلقنىڭ تەبىئىي هوقۇقلىرىنى، يەنى ئەركىنلىك، مال ـ مۈلۈك، بىخەتەرلىك ھەمدە ئېزىلىشكە قارشى تۇرۇش هوقۇقلىرىنى قوغداش ئۈچۈندۇر»③.

دېمەك، يېقىنقى زامان ياۋروپاسى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى، دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى، يېڭى دېڭىز يوللىرىنى ئېچىش، جۇغراپىيىلىك بايقاش، سانائەت ئىنقىلابى، مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى، رومانتىزم ۋە تەنقىدىي رېئالىزم ئېقىملىرى، ھەر قايسى ئەللەردە يۈز بەرگەن بۇرژۇئا ئىنقىلابلىرى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىزمى ۋە چېركاۋ پەلسەپىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، يېپيېڭى بىر دەۋر ئاچقان

① ② ③ خې شىن: «كرىزىس ۋە ئويغىنىش»، خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى، 1 ـ كىتاب 93 ـ بەت.

چاغدا، شەرق خەلقلىرى دەۋردىن تولىمۇ ئارقىدا قالغانىدى. كۈندىن-
كۈنگە زەئىپلىشىۋاتقان ئىسلام شەرقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمان-
لىقىنىڭ غېرىبلىقىنى ھەر قەدەمدە كۈچەيتىپ بېرىۋاتاتتى. گەرچە
جامالىددىن ئافغانىي (1839 — 1897) قاتارلىق زاتلار «غەرب
دۇنياسى پەقەت مارتىن ليۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىدىن
كېيىنلا ئاندىن ھەقىقىي مەدەنىيەتلىك دەۋرگە قەدەم قويدى. ئىسلام
دىنىمۇ چوقۇم ئىسلاھات يولىنى تاللىشى كېرەك.»① دېگەن چاقىرىق-
لارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس
قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ تەشەببۇسلىرى ئەمەلىي قوللاش-
قا ئېرىشەلمىدى شۇنداقلا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئىسمائىل
غاسپىرالى، مۇسا جارۇللا قاتارلىق تاتار زىيالىيلىرىنىڭ يېتەكچىلى-
كىدە قوزغالغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېقىنقى زامان «مەرىپەتچىلىك
ھەرىكىتى» — جەدىتىزم ھەرىكىتىمۇ ھەر قايسى تۈركىي مىللەتلەر،
جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى ئويغىنىشىغا خېلى زور تەسىر-
لەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل مىللەتنىڭ يېڭى تارىخىي
دەۋردىكى ئومۇمىي پىكىر ئېقىمىغا ئايلىنالمىدى.

شۇنداق، بۇ يەردە ئوكيان كېچىپ، دېڭىز ئاتلاپ، يېڭى جۇغرا-
پىيىۋى بايقاشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ئىمكانىيەت بولمىدى؛ پار
ماشىنىسى ياساپ سانائەت دەۋرى ئاچىدىغان تەبىئىي پەن مۆجىزىلىرى
مەيدانغا كەلمىدى؛ ئىنساننىڭ قىممىتى، ئىززەت - غۇرۇرى، ئەر-
كىنلىكى ۋە ھوقۇق - مەنپەئىتى تەكىتلىنىدىغان ھەمدە قانۇن ئارقى-
لىق قوغدىلىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈلمىمۇ بەرپا بولمىدى. بۇنىڭ
ئەكسىچە، بۇ يەردە ئىسلام ماھىيىتىگە زىت بولغان شەرھىي - پەتىۋا-
چىلىق، روھىي مەھكۇملۇق، ئىچكى تەپرىقىچىلىق ۋە سىياسىي يې-
تىملىك ھۆكۈم سۈردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە پۈتكۈل مىللەتنىڭ پسى-

---

① ۋۇ يۇنگوي: «يېقىنقى زامان ئىسلام ھەرىكىتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى، 83 - بەت.

خىلىك تىندۇرمىسى ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرغۇن مۇھىتتا ئاستا ـ ئاستا قېرىدى ۋە ئىجادىيەت ئىلھامىدىن مەھرۇم قالدى. پۈتكۈل دۇنيا يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەندە، دەۋردىن تولىمۇ يىراقتا قالغان تارىم ئويمانلىقى ئۆزىنىڭ «ئەسھابۇل كەھف» تىكى ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋەردى.

## 12

ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ يېقىنقى بەش ئەسىرلىك تارىخىي قىسمىتى ۋە مەنىۋى ھاياتى ئىلىم ساھەسى تەرىپىدىن تېخى تەلتۆكۈس يورۇتۇلمىدى. ياۋروپا ئويغىنىشىدىن كېيىنكى بەش يۈز يىل غەرب دۇنياسى ئۈچۈن ئاجايىپ ئەھمىيەتكە ئىگە بۈيۈك جەريان ھېسابلانغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئۈچۈن مەدەنىي ھاياتنىڭ پەلەمپەيسىمان چېكىنىش دەۋرى بولدى.

ئەمىر تېمۇر دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى ئۆزىنىڭ بىر مەھەللىك جۇشقۇن ئېقىمىدىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ كەتتى. نەۋائىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ۋە بەدىئىي تەپەككۇرى ئارقىلىق تىكلەنگەن پىكىر تاكامۇللۇقى قايتا مەيدانغا كېلەلمىدى. ئۇلۇغبېكنىڭ سەمەرقەنتتىكى رەسەتخانىسىدا دۇنياغا كەلگەن ئاجايىپ ئاسترونومىيىلىك بايقاشلار، ھىندى تۇپرىقىغا يۈرۈش قىلغان بابۇرنىڭ ئات ئۈستىدىكى تارىخىي خاتىرىسى، ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھىراتتىكى ھەيۋەتلىك قەسرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدىبلەر مۇھاكىمىلىرى، بىھزادنىڭ رەسساملىق مەكتىپى ۋە شەرق داستانلىرىغا ئىشلەنگەن مىنياتورا سىزمىلىرى، مىرزا ھەيدەر، خاندەمىر، دۆلەتشاھ سەمەرقەندى قاتارلىق تارىخچىلارنىڭ ئىلمىي ۋە تارىخىي ئىزدىنىشلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى ئىچىدە تۈگەللەندى. بۇ ھال ياۋروپا ئويغىنىشى بىلەن تەتۈر تاناسىپ ھاسىل قىلغانىدى. خۇددى ئۆزبېك ئالىمى مۇزەپپەر خەيرۇللايېۋ ئېيتقاندەك: «مەيلى

يسى ئەلدە بولمىسۇن، ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئەڭ مۇھىم خىسلىتى
ۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ دەۋردە ئىنساننى قاتمال دىنىي ئەقىدىلەر
ىرتمىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، تەبىئەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەھسۇلى بولغان
قلىي مەۋجۇدات سۈپىتىدە ئۇنىڭ ھوقۇقىنى بەلگىلەش ۋە گۇمانىس-
ىك پرىنسىپلارنى ھەر جەھەتتىن ئاساسىي مەۋقەگە ئايلاندۇرۇش
چۈن كۈرەش قىلىش — جەمئىيەت مەنىۋى ھاياتى تەرەققىياتىنىڭ
ش مەزمۇنىغا ئايلىنىدۇ. بۇ كۈرەشتە قەدىمكى مىراسلاردىن پايدىلى-
ىش ئاساسىي ۋاستىلەر سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. نەۋائى ئىجادى-
ەت بىلەن شۇغۇللانغان XV ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئويغىنىش
ۋرىنىڭ ئاخىرقى ئەسىرى بولدى، دېيىش مۇمكىن. چۈنكى شۇنىڭ-
ىن كېيىنكى ئەسىرلەر يەرلىك فېئودال كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى
رۇشلارنىڭ ئەۋج ئېلىشى، دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشى، ئىقتىساد ۋە
دەنىيەتتىكى چۈشكۈنلۈكنىڭ كۈچىيىشى بىلەن خاراكتېرلەندى»①.
شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستان-
ىقلاردا ئۆز ئۆتمۈشىگە تامامەن ئوخشىمىغان مەدەنىيەت چۈشكۈنلى-
ىشى باشلاندى. ماۋەرائۇننەھر ۋە پەرغانە ئويمانلىقىدا شەيبانىخان
شلىغان سىياسىي داۋالغۇشلار بىلەن تارىم ئويمانلىقىدا يۈز بەرگەن
وغلاندى «خوجا» لار پاراكەندىچىلىكلىرى بۇ رايوننىڭ تاكى ئەسىر-
ىزگىچە داۋاملاشقان ئىچكى تىنچسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.
رۇم ئىمپېرىيىسىنىڭ گۇمران بولۇشى، ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ
ۇشكۈنلىشىشى، ئوسمان تۈركلىرى ئىمپېرىيىسىنىڭ زەئىپلىشىشى
ەريانىدا كۆرۈلگەن مەنىۋى يوقىتىش ۋە روھىي كرىزىسلار شۇنداقلا
ۇنيادىكى ھەر قانداق بىر بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ پەسكويغا يۈزلىنىشى-
ىن كېلىپ چىققان «قىزىل رەقەم» بۇ يەردىمۇ روي بەردى. نەۋائى
اپاتىدىن كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئىن-

① مۇزەپپەر خەيرۇللايېف: «نەۋائى دۇنيا قارىشىنىڭ غايىۋى مەنبەلىرىنى ئۆگىنىش
ەققىدە» — «نەۋائى ۋە ئەدەبىي تەسىر مەسىلىلىرى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى، تاشكەنت
196 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى، 147 ـ بەت.

سانىيەت تەپەككۇر خەزىنىسىگە يېڭى پىكىر ئىنقىلابى تەقدىم ئېتەلمە-
دى، ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدا جۇش ئۇرغان يېڭى دېڭىز مەدە-
نىيىتىنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىنىمۇ ئاڭلىيالمىدى. شۇنىڭدىن تار-
تىپ، ئۇلار پەقەتلا ئالدىنقىلار تەييارلىغان مەنىۋى تائاملارنى قايتا -
قايتا چاينىدى، كۆشىدى ۋە تامشىدى، خالاس!

شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئىككى قېتىملىق يۇقىرى باسقۇچى
(دەسلەپكىسى IX — XII ئەسىرلەر بىلەن كېيىنكىسى XIV — XV
ئەسىرلەر) جەريانىدا ئېرىشىلگەن مەدەنىيەت گۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭغا
ياندىشقان بەدىئىي ئىجادىيەت ئەندىزىسى كېيىنكى زامانلاردا يېڭىلاش
ۋە ئىسلاھ قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. كېيىنكىلەر ئەمدىلىكتە
ئاشۇ دەۋرنىڭ جۇشقۇن ئېقىمى تىكلەپ بەرگەن كلاسسىك مەدەنىيەت
ئەندىزىسىنىڭ مەدداھ ۋە ۋەزخانلىرىغا ئايلاندى. ئۇلار بەدىئىي ئىجاد-
يەتتە ئالدىنقىلارنى بېسىپ چۈشكىدەك يېڭى پىكىر ۋە ئۇسلۇب يارى-
تالمىدى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىدېئولوگىيىسىنى يېتەك-
لىيەلەيدىغان ئۇلۇغۋار پەلسەپىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلمىدى، ئىنسان
قىممىتى ۋە ئەقلىي كامالىتى ھەققىدىكى دادىل ئىزدىنىشلارنى ئۆز
مۇلاھىزىلىرىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قىلالمىدى... شۇنداق، ئۇلار
پەقەتلا ئالدىنقىلارغا چوقۇندى، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى تەكرارلىدى،
ئۇسلۇبىنى كۆچۈردى، تەقلىد قىلىپ يازدى. قىسقىسى، ئۇلار پەقەت
ئۆز ئۆتمۈشىنىڭ بۈيۈك ئەللامىلىرىگە تالىب، سۆز - ئىبارىلىرىگە
كاتىب بولالىدى، خالاس!

شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ بۈيۈك سەركەردىلىرىدىن ئوبۇلقاسىم
فىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋى، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھا-
جىپ، ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق ئەدىب ۋە ئالىملار ئۆز دەۋرىدىلا ئۆز
ئەسىرلىرىنىڭ ئىنسانىيەت پىكىر تارىخىدا مەڭگۈلۈك قىممەتكە ۋە
ئەھمىيەتكە ئىگە بولالايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەنىدى. خۇددى گې-
گىل ئېيتقاندەك: «ھەقىقىي ئۆلمەس بەدىئىي ئەسەر ھەرقانداق دەۋر

، ھەر قانداق مىللەت ئۈچۈن ئورتاق بەھرىلەنگىلى بولىدىغان مەڭگۈ-
ۈك ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولىدۇ»①. دەرۋەقە، بۈيۈك كلاس-
ىكلار ئۆزلىرىنىڭ دەۋر ئالدىدىكى بۇرچىنى تولۇق ھېس قىلدى.
ۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېپيېڭى پىكىرتەلقىنلىرىنى ئىنسانىيەتكە تەقدىم
ىلدى. ئۇلار ئۆز ئىستىبداتىغا، تالانت ۋە تەپەككۇر يېڭىلىقلىرىغا
اتتىق ئىشەندى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئىمزىدىنىشلىرى ۋە ئەسەرلىرىگە بول-
ان چەكسىز ئىشەنچى ئۆز خەلقىنىڭ ۋە شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەت-
ىڭمۇ ئىشەنچى بولۇپ قالدى. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ گى-
انت ئەسىرى «شاھنامە» ھەققىدە:

كۆپ ئالىي قەسىرلەر بولۇپتۇ خاراب،
ئۇرۇپ قار - يامغۇر، شامال ۋە ئاپتاپ.
شېئىرىي مىسرادىن پۈتتى بىر جاھان،
ئۇنى ئەسلا ئۆرەلمەس شامال ۋە بوران.
ئوتتۇز يىل مېھنەتتۇ زەخمەتتە قالدىم،
فارسىيدا ئىرانتى تىرىلدۈرۋالدىم.
سۆزۈمدىن جەننەتتەك بېزەلدى جاھان،
مەندىن ئاۋۋال كىم يازغان، قاچان؟
مەن ئەسلا ئۆلمەسمەن، مەڭگۈ ياشارمەن،
ئېيتقان ھەر سۆزۈمدە قايتا ياشارمەن②.

دەپ يازسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»
ەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ، يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

پۈتۈن تۈرك، چىن، شەرق ئېلىدە دېمەك،
بۇنىڭدەك كىتاب يوق جاھاندا بۆلەك.
بۇنىڭدەك كىتابنى كىم ئېيتقان ئەۋۋەل،

---

① گېگىل: «ئېستېتىكا»، سودا نەشرىياتى 1996 - يىل نەشرى، 1 - توم،
33( -، 337 - بەتلەر.

② فىردەۋسى: «شاھنامە»، تاشكەنت 1977 - يىل، ئۆزبېكچە تەرجىمە نەشرى،
3 - جىلد، 620 -، 622 - بەتلەر.

كېيىن كىممۇ ئېيتار بۇنىڭدەكنى دەل؟
كىم ئۇلسا بۇنىڭدەك يازارمۇ، قېنى؟
يازۇچى بار بولسا، مەن ماختاي ئۇنى①.

مەھمۇد قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلاردىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تىللىرى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم. ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دەپ ئات قويدۇم»②.

ئەمدى XV ئەسىردىكى بۈيۈك شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائى «خەمسە» سىنىڭ ئىككىنچى داستانى «فەرھاد - شېرىن» نىڭ خاتىمىسىدە:

نىزامى ئالسا بەردەئى بىرلە گەنجە،
قەدەم رۇم ئەھلىغە ھەم قىلسا رەنجە.
چېكىپ خىسرەۋ داغى تىغى زەبانىنى،
يۈرۈپ فەتھ ئەيلەسە ھىندۇستانىنى.
يانا جامى ئەجەمدە ئۇرسا نەۋبەت،

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، 11 -، 13 - بەتلەر.

② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، 1 - توم، 3 - بەت.

ئەرەبدە داغى چالدا كوسى شەۋكەت.
ئەگەر بىر قوۋم گەر يۈز، يوقسە مىڭدۇر،
مۇئەييەن تۈرك ئۇلۇسى خۇد مىنىڭدۇر.
ئالىبمەن تەھتى فەرمانىمغە ئاسان،
چىرىك چەكمەي خىتادىن تا خۇراسان.
كۆڭۈل بەرمىش سۆزۈمگە تۈرك جان ھەم،
نە يالغۇز تۈرك، بەلكىم تۈركمەن ھەم①.

ەپ يازىدۇ ۋە نىزامى گەنجىۋىي ئۆز «خەمسە»سى بىلەن پۈتكۈل رۇم ەھلىنى، خىسراۋ دېھلىۋىي ھىندى دىيارىنى، ئابدۇراھمان جامى ىران ۋە ئەرەب مەملىكەتلىرىنى بويسۇندۇرسا، مېنىڭ «خەمسە»م ۈتكۈل تۈرك ئۇلۇسىنى، جۈملىدىن بىر چېرىك تارتماي تۇرۇپ ىندىن خوراسانغىچە بولغان زېمىنلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ دەيدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، شەرق ئويغىنىش دەۋرىدىكى بۈيۈك كلا- ىسسىكلىرىمىز ناھايىتى دادىللىق بىلەن ئۆزىگە ۋە ئىجادىي تالانتىغا ولغان يۈكسەك ئىشەنچىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە ۇنىڭغا يارىشا مەڭگۈلۈك ئەسەر يارىتالىدى. لېكىن نەۋائى ۋاپاتىدىن كېيىن، قايسىبىر ئەدىب ۋە شائىرىمىز ئۆز ئىجادىغا بولغان مۇنداق ۈكسەك ئىشەنچىنى ئوچۇق - ئاشكارا جاكارلىيالىدى؟ قايسىبىر ېقىنقى زامان كلاسسىكلىرىمىز ئۇلارنى بېسىپ چۈشكىدەك بەدىئىي ئەسەر ۋە پەلسەپىۋى پىكىر يارىتالىدى؟

شۇنداق، نەۋائىدىن كېيىن ھېچكىم شەرق ئويغىنىش دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇرلاردەك جاراڭلىق ۋە مەردانە سۆزلىيەلمىدى. يېڭى پىكىر ئىنقىلابىمۇ يارىتالمىدى. ئۇلار ئەل فارابىنىڭ، ئىبن سىنانىڭ، فىردەۋسىنىڭ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋە نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىدىن چاچراپ چىققان پىكىر تامچىلىرىنى گەز باغلىغان لەۋلىرىگە سىلىپ

① ئەلىشىر نەۋائى: «خەمسە: ‹پەرھاد - شېرىن›»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى، 862 -، 863 - بەتلەر.

ئۆزاقئچە شۇمىدى. تارىم گىرۋەكلىرىدىن پەرغانە ۋە ئارال دېڭىزىغىـ
چە بولغان ئۇزاق چۆللۈك زونىدا ـ بوستانلىقلاردا، كارۋان سارايلىـ
رىدا، دەڭ ـ راباتلاردا، يېزا ـ قىشلاقلاردا ئىلگىرىكىگە زادىلا
ئوخشىمايدىغان زېرىكەرلىك كەيپىيات ھۆكۈم سۈردى. ئوتتۇرا ئاسىيا
چۆشكۈنلەشكەن ئاشۇ ئۇزاق جەرياندا، يېڭىلىقى ناھايىتى ئاز بولغان
ئىجادىي ئەسەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار پەقەتلا ئالدىنقىلاردىن
قالغان ئەنئەنىۋى تېمىلار — چىن شاھزادىسى، ئىسكەندەر سېپىلى،
ئەرمەن مەلىكىسى، ئىران پادىشاھى، ھىندى گۈزىلى، يۇنان ھەكىـ
مى، رۇم مەلىكىسى، ئەرەب خەلىپىسى، تۈرك قوشۇنى، مىسىر
پىرئەۋنى. . . توغرىسىدىكى ھېكايىلەرگە تەقلىد قىلدى، كۆچۈردى
ۋە نەزىرە يازدى، خالاس. ئۇلارنىڭ ئالدىنقىلاردىن سۈيئىستېمال
قىلغان يار، مەي، گۈل، بۇلبۇل، ساقى قاتارلىق مەجازىي ئوبرازلار-
دا ئىپادە قىلغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىمۇ مەڭگۈ ئايىغى چىقمايدىغان
دەرد ـ ھەسرەت ۋە شېرىن ئازابلار بىلەن سۇغۇرۇلدى. نەۋائىدىن
كېيىن «خەمسە» يېزىشقا ياكى «خەمسە» تەركىبىدىكى ئايرىم داستانـ
لارغا نەزىرە يېزىشقا تۇتۇش قىلغان يۈزلىگەن قەلەمكەشلەرنىڭ ھېچـ
قايسىسى ئالدىنقى تۆت بۈيۈك خەمسە نەۋاس («خەمسە» يازغۇچى) —
نىزامى گەنجىۋى، خۇسراۋ دېھلىۋى، ئابدۇراھمان جامى، ئەلىشىر
نەۋائىلارنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىگە يېتەلمىدى. «خەمسە» ژانىرىدا
ئومۇم ئېتىراپ قىلغان بۇ تۆت قەلەم ساھابىنىڭ ئاخىرقىسى ھېسابلىـ
نىدىغان مۇتەپەككۇر شائىرىمىز نەۋائىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا،
ئۇلارنىڭ يازغانلىرى «سەرۋ گۈللىرى ئارىسىدىكى خەس ياكى ماتادەك
چېچىلىپ قالدى»[1]. ھەتتا بىزنىڭ بىر قىسىم تەتقىقاتچىلىرىمىز «ناۋا-

---

[1] ئەلىشىر نەۋائى: «خەمسە: ‹ھەيراتۇل ـ ئەبرار› » 71 ـ بەتتىكى مۇنۇ مەسنەۋىيگە قاراڭ:

كۆپ كىشى ھەم قىلدى تەتەببۇھ ھەۋەس،
سەرۋگۈل ئوتروسىغە كەلتۇردى خەس.

ئى ‹ خەمسە › سى ۋە جامىنىڭ ‹ يەتتىلىك › ىدىن ھەر جەھەتتە ئۈستۈن تۇرىدۇ»①، «خەمسىچىلىك تارىخىدا ھەقىقەتەن يېڭىلىق ۋە ئورىگىنالىلىق يارانقان»② دەپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن ئابدۇرېھىم نىزارىي قاتارلىق XIX ئەسىردىكى كلاسسىكلىرىمىزنىڭ داستانلىرىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە نەۋائى تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە نەۋائىنىڭ ئىزىدىن ماڭغان. گەرچە نىزارىي، غېرىبى قاتارلىقلارنىڭ XIX ئەسىر تەلىپىگە خاس ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇرسەكمۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇلارنى نەۋائىنىڭ بەدىئىي مىتۇدىدىن ئېشىپ چۈشكىدەك يېڭىلىق يارىتالىدى دېيەلمەيدۇ. بۇ تەرىپىنى نىزارىي ئۆزىمۇ ئوچۇق ئېيتقان:

بۇلار ۋەسفى تەتۈل خەمسەدە،
ھەمە سۆزى نەفسىل ئىرور خەمسەدە.
كى مۇجمەل بەيان ئەيلەدۇك قەدرى ھال،
نەزەر سالغان ئەل بولماسۇن دەپ مالال③.

(مەنىسى: بۇلارنىڭ تەرىپى نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىدە ئۇزۇن بايان قىلىنغان، ھەممە سۆز تەپسىلىي ئېيتىلغان. بىز بۇ داستاننى ئوقۇغان ئادەمگە يېنىك بولسۇن ئۈچۈن قەدىر ئەھۋال قىسقا بايان قىلدۇق)

ئۇندىن باشقا نىزارىي يەنە ئۆزى ھەققىدە يازغان بايانلاردا، نەۋائى ۋە جامىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆگەنگەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ:

نەۋائى پىرىمنىڭ گەداسى بولۇب،

① يۇسۇپبەگ مۇخلىسوفنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ترادىتسىيە ۋە نۋاتورلۇق مەسىلىلىرىگە دائىر» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىسىغا قاراڭ، قازاقىستان ئالمائاتا، 1976 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 7 ـ بەت. يۇسۇپبەگ مۇخلىسوف: «ئەسىرلەر ۋە ئەسەرلەر» ، ئالمائاتا، 1973 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 101 ـ، 102 ـ بەت.
② دىلبەر روزىيېۋا نەشرگە تەييارلىغان: «ئابدۇرېھىم نىزارىي — داستانلار ۋە مۇخەممەسلەر» ، ئالمائاتا، 1972 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 6 ـ بەت.
③ ئابدۇرېھىم نىزارىي: «نىزارىي داستانلىرى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى، 262 ـ بەت.

يەنە جامىنىڭ جان فىداسى بولۇپ.
جەۋاھىرلارىغە سالىبمەن نەزەر،
تاقىپ ئاندا ھەر بىرىنى ئوتلۇق گەۋھەر[①].

دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزي ئاسىيادا ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى، جۈملىدىن نەۋائى دەۋرىدىن كېيىن، ياۋروپادا پارتلىغان يېڭى پىكىر ئىنقىلابىنىڭ ئەكسىچە تەپەككۇر ۋە ئىجادىي ساھەدە قەدەممۇ قەدەم چېكىنىش يۈز بەردى. گەرچە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۈزۈلۈش بولمىغان، يەنىلا نۇرغۇن ئەسەرلەر يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى، بەدىئىي ماھارىتى، پىكىر سىزىمى ۋە ئېستېتىك قىممىتى ئالدىنقىلار تىكلەپ بەرگەن ئىجادىيەت رامكىسىدىن تامامەن چىقىپ كېتەلمىدى. بۇ ئۇزاق جەريان ئەنئەنىۋى پىكىر فورمىسىنىڭ بىر خىل ئۈنسىز رەۋىشتە داۋاملىشىشى، ئاللىقاچان قېلىپلاشقان تېمىلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتە تەكرار - تەكرار يېزىلىشى، مەدداھلارنىڭ تۈكرۈك چاچراندىلىرى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن جەڭنامە پارچىلىرىنىڭ قايتا - قايتا ھېكايە قىلىنىش جەريانى بولدى.

قىسقىسى، مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي مەزگىلدە — غەرب ئەللىرى يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن ئاشۇ ئۇلۇغۋار دەۋردە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم بوستانلىقلىرى ئۆز كەلگۈسىنى يارىتىشتىكى ئەڭ ھالقىلىق پۇرسەتلىرىدىن مەھرۇم قالدى. يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنيا ئالاقىلىرىدىكى ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك يېتىملىكىنى كۈنسايىن كۈچەيتىپ باردى. خۇددى گاۋىن ھامبلىي ئېيتقاندەك: «XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە بارمايلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر جەھەتتىن چۈشكۈنلۈك قاينىمىغا كىرىپ قېلىشى ئاللىقاچان بەلگىلى-

---

① باتۇر ئەرشىددىنوف: «ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىدا داستان ژانىرى»، ئالمائاتا، 1988 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 36 - بەت.

نىپ قالدى»①. شۇنىڭدىن باشلاپ پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقىدىكى نەچچە ئونلىغان تەنها بوستانلىقلار ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ تۇرغۇن ۋە ئەڭ زۇلمەتلىك دەۋرگە قەدەم قويدى. ئۇلار دۇنيا تارىخىنىڭ ئاسا- سىي ئېقىمىدىن تامامەن ئايرىلغان هالدا، مەڭگۈ بىر يۇنىلىشكە قاراپ چۆرگىلەيدىغان ئەبجەق - كونا تۈگمەنگە ئوخشاپ قالدى. ئىشق سەۋ- داسىغا گىرىپتار بولغان شاھ مەشرەپ مەنسۇر ھەللاجى (؟ — 988) نىڭ «ئەنەلھەق» سۆزىنى تەكرارلىغانلىقى ئۈچۈن قۇندۇزدا دارغا ئېسىلدى. زەلىلى تارىم ۋادىسىنى پىيادە كېزىپ چىقىپ ئەل - يۇرتنىڭ ئېچىنىشلىق هالىدىن قان - ياش تۆكتى. موللابىلال نازىمى تېگى - تەكتى نامەلۇم ئاشۇ بىر توپ خوجا - ئىشانلارنىڭ ئاۋام خەلققە كەلتۈرگەن سورۇقچىلىقلىرى ۋە ئالدامچىلىقلىرى ئۈستىدىن شىكا- يەت قىلدى:

ئىشتىپ خوجام كەلگەننى غازىلار،
كى ئىخلاس ئېتىپ فىشباز باردىلار.
خوجاملار قولىنى قىلىشىپ تاۋاب،
زىيارەت قىلىشىپ، ئالىشىپ ساۋاب.
كى نۇرغۇن كىشىدىن ئالالا چىقىپ،
يۇرەك يارغۇدەك شارى - غەۋغا چىقىپ.
تامام چوڭ - كىچىكلەر قىلىپ ئاھۇ - زار،
ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ بولۇپ بىقارار...
خوجامنىڭ تونىنى ئۈزۈپ تويمادى،
ئۈزۈپ تىرمالاپ ھېچ پۈتۈن قويمادى②.

موللا مۇسا سايرامىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ سەزگۈر كۆزەتكۈچىسى ۋە تارىخچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيە-

① گاۋىن هامبلىي (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى»، سودا نەشرىيا- تى، 1994 - يىل نەشرى، 235 - بەت.
② موللا بىلال نازىمى: «غازات دەر مۈلكى چىن» — «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1995 - يىل، 2 -، 3 -، 4 - سانلىرى.

تىنىڭ ئىچ ـ باغرى زەردابقا تولغان زەئىپ كەيپىياتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. دەرۋەقە، ئاشۇ ئۇزاق جاھالەتلىك يىللاردا بەدەخشان ۋە قوقان تەرەپلەردىن جان باقالماي ئۆزى بىلەن بىللە سىرلىق پەتىۋا-لارنى يۈدۈپ، دىيارىمىزغا ئېقىپ كىرگەن ئاشۇ بىر توپ «پىر»، «ئەۋلىيا»، «خوجا» ۋە ئاتالمىش «پەيغەمبەر پۇشتلىرى» تارىم ئوي-مانلىقىدا ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي تەلەپ ۋە تۇيغۇلارنى بەربات قىلىشقا ئۇرۇنغانىدى. ئۇلار ھەتتا ئاۋام خەلقنى سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇل-لىنىش، دېھقانچىلىق قىلىش، ناخشا ـ ئۇسسۇللاردىن بەھرىلىنىش، توي قىلىش، پەرزەنتلىك بولۇش قاتارلىق ئەڭ ئاساسلىق ئىنسانىي تۇرمۇش ئۇسۇللىرىدىن بەزدۈرۈپ، تەركىيدۇنيالىق ۋە روھىي مەھ-كۇملۇق سىرتىمقى سېلىشقا ئۇرۇنغانىدى. بۇنداق چېكىدىن ئاشقان پاسسىپ مەنىۋى كەيپىيات ۋە ئەقىدە كرىزىسى پۈتكۈل دۇنيا يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن يېقىنقى دەۋردە يۈز بەرگەنىدى. شۇڭ-لاشقا موللامۇسا سايرامى بىر تارىخچىغا خاس نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇنداق دەپ يازىدۇ:

يەنە دېھقانچىلىق ئىشاندىن ئارتۇق،
يەنە «ھۇ ـ ھۇ» دېگەن زىكرىدىن ئارتۇق.
ھەممە ئىشان، ئەرەبىي، سەئىد دېگەنلەر،
يەنە ھەججى مۇجاۋۇرى ھەرەملەر.
يەنە كەلتۈرگەنى ھەم كەئىبە تۇفراق،
يەنە مويى مۇبارەك، شەددى بايراق.
كېچەلەرى ئۇيۇماي «ھۇ ـ ھۇ» نى ئېيتىپ،
يەنە چىللە ئولتۇرۇپ تەسبىھ ئېيتىپ.
ئۆزىنى كۆرسەتىپ پىرى ھىدايەت،
ۋە لېكىن ئازدۇرۇپ يولدىن زەلاھەت.
يەنە ئېيتىپ خىتاب قىلغان نەسىھەت،
«ساڭا قىلماس نەتىجە بۇ زىرائەت،

زىرائەتنى قويۇپ «ھۇ ـ ھۇ!» دېگەيسەن،
ھەممەنى تاشلاپ تەرك ئەتكەيسەن».
مۇخالىپتۇر دېگەن سۆزى شەرئەت،
بۇ سۆزنى تىڭلىماي قىلىڭ زىرائەت①.

موللا مۇسا سايرامى ئۆز دەۋرىدىكى تارىم بوستانلىقلىرىدا يۇرتمۇ يۇرت قاتراپ، ئۆزىنى «پىر» ، «ئەۋلىيا» ئاتاپ، ھەر تەرەپتە مۇرت توپلاپ، ئاۋام خەلقنى تەركىيدۇنياچىلىققا ۋە روھىي قۇلچىلىققا سۆرەۋاتقان ساختىپەز «ئىشان» لارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام روھىغا تۈپتىن زىت بولغان قىلمىشلىرىنى قاتتىق پاش قىلىدۇ. ئۇ يەنە دېھقانچىلىق قىلىپ، زىرائەت تېرىپ تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ياشاش ھوقۇقىنى قولدىن بەرمەسلىك، ئىنسان سۈپىتى بىلەن تۇرمۇش خۇشاللىقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش قاتارلىقلار ساختىا ئىبادەت ۋە ئاتالمىش «ئەۋلىيا» لارغا مۇرت بولۇپ، مازار ـ ماشايىقلاردا تۈنەپ يۈرۈشتىن كۆپ ئەۋزەل ۋە ساۋابلىق دەپ كۆرسەتتى.

مۇۋاپىق شورۇئى قىلسە گەر زىرائەت،
زىرائەتتىن يوقتۇر ئۇلۇغ ئىبادەت.
ھەممە ئىشان تەمەئىدىن خالى ئېرمەس،
يەنە ئۇشبۇ رىيادىن خالى ئېرمەس.
بۇ كۈندە نەفسىغە قۇل ھەممە ئىشان.
قەيەردە نەفسىنى ئۆلتۈرگەن ئىشان؟
تاپىلماس خالىس ئىشان مىسلى ئەنقا،
ئۆزىن مەخفىي تۇتۇپ كۆرسەتمەس ئەسلا.
شەرئەت شاھراھىدا رۇست يۈرەلمەي،
تەرىقەت تەيىدە نىچۈك يۈرەلگەي؟

---

① «موللا مۇسا سايرامى شېئىرلىرىدىن» — «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىللىق ئومۇمىي 16 ـ سان.

بۇ ئىشانلار ھونۇز تۇتماي شەرىئەت،
شەرىئەتنى قويۇپ كىرەر تەرىقەت.
بۇلاردا فەزىلدە بىر نەرسە يوقتۇر،
زەھى ئالدامچى نەفس ئاۋارىسىدۇر.
تەمەئىنىڭ دۇكاننى قۇرۇپ ئىشان،
رىيانىڭ رەختلىرىنى تىزىپ ئىشان.
يىغىپ ئادەم قىلىپ سۆھبەت ئالالا،
ھەممە تەسبىھ زىكرى خاھى ئىللەللا.
بۇ قىلغان ماجرادىن مۇددىئا قۇل،
يەنە «ھۇ - ھۇ!» دېگەندىن ئىددىئا قۇل①.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر، جۇملىدىن تېمۇرىيلەر سەلتەنىتى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ئۇزاق دەۋرلەردە مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى جۇغلانمىسىدا تەدرىجىي خوراش ۋە چېچىلىش يۈز بەردى. بۇنداق بىر ئىزدا تۇرۇپ قالغان، تۇنجۇققان، گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان دەۋر تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋام قىلدى. نەتىجىدە ئۆز روھىي مۇۋازىنىتىنى ھامان سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ رادىئاتسىيىلىرىدىن تەڭشەپ ئۆگەنگەن بۇ ئارقاق بوستانلىقلار دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچۇرلىرىدىن بىخەۋەر يېتىم ھالەتتە قېلىپ، مىللىي كەيپىياتتىكى دۇملەنمە ھالەتنى شەكىللەندۇردى. بۇنىڭ بىلەن كىچىك جەھەتتىن بوستانلىقلار دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلەيدىغان، چوڭ جەھەتتىن تارىم ئويمانلىقىدىن ھالقىيالمايدىغان، ھەر قانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى سەگىتىش پۇرسىتىگە زادىلا ئېرىشەلمىگەن تەنھا، يېتىم پسىخىك مۇھىت ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى. بۇنداق چېكىدىن ئاشقان بۇرۇخ-

① «موللا مۇسا سايرامى شېئىرلىرىدىن» — «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1985 - يىللىق ئومۇمىي 16 - سان.

نۇرما هالەت ئەقلىي سېزىمنى كۈنسايىن خورىتىپ، ئۆز روھىي
ەكچۈكلۈقىنى ئۆز جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى جۇغلانمىسى بىلەن تۇتۇپ
ۇرالمايدىغان، يىراقتىكى غايىۋى نەرسىلەر ھەمىشە مۇقەددەس ۋە
ەممىگە قادىر كۆرۈنىدىغان بىر پاسسىپ كېلىماتنى كەلتۈرۈپ چىد-
ناردى. بەدەخشان، قوقان ۋە بۇخارا تەرەپلەردىن خۇرجۇنىغا لىققىدە
ەتىۋا يۈدۈپ، «پەيغەمبەر پۇشتى» لىرىنىڭ نامىنى سۈيىئىستېمال
نىلىپ، دىيارىمىزدا قانچىلىغان پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقار-
نان ئاتالمىش «خوجا»، «ئىشان» لارنىڭ سورۇقچىلىقلىرى دەل مۇ-
شۇنداق پاسسىپ ئىچكى كېلىماتتا يۈز بەرگەنىدى. يېڭى ھاۋادىن
ەپەس ئېلىپ، ھەمىشە ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرۇشقا قادىر بولالمىغان،
ىر خىلدا تۇرۇۋەرگەن ۋە ئىچكى ۋېنتىلىرى كونىراپ، چىرىپ،
نېرىپ كەتكەن بۇ جەمئىيەت گويا دېڭىز تېگىدىكى تىنىپ كەتكەن
چۆكمىدەك دۇنيا سەھنىسىدىن غايىب بولدى. شۇنداق، ئۇلار دۇنيا-
نىڭ تەرەققىيات ئېقىمىدىن سىقىپ چىقىرىلدى، تارىخنىڭ پاراۋۇزى
تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلدى. ئىنسانىيەتكە ئوت ئوغرىلاپ بەرگەن پرومې-
تى كافكاز تاغلىرىغا پولات زەنجىر بىلەن بەنت قىلىنىپ يۈرەك -
باغرى تازقارنىڭ چوقۇپ يېيىشىگە تۇتۇپ بېرىلگىنىدەك، يىپەك
يولىدا رابات ۋە كارۋان سارايلىرى قۇرۇپ، شەرق ۋە غەربتىن كەلگەن
ھەر خىل ئىرقتىكى كىشىلەرنى قارشى ئالغان تارىم بوستانلىقلىرى-
دىكى ئۇيغۇر خەلقىمۇ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە تارىخ تەرىپىدىن تەك-
لىماكان چۆلىنىڭ سىرلىق سۈكۈناتىغا دەپنە قىلىۋېتىلدى ۋە ھەر
ياقتىن كەلگەن، يالتىراق كىيىملىك سېھىرگەرلەرنىڭ سىرلىق
ئەپسۇنلىرىدىن ئەس - ھوشىنى يوقاتتى.

ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ ئاڭ فورماتسىيىسى ۋە پسىخىك
خاراكتېرى جىددىي يېتىلىۋاتقان يېقىنقى زامان تارىخ مۇساپىسىدە،
ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىغا ھەر ياقتىن ئۇسۇپ كىرگەن
جاھالەت پىرلىرىنىڭ ئەپسۇنلىرىدىن سېھىرلەنگەن بۇ بەختسىز خەلق

بەھۇشلۇق ئىچىدە ئۇلۇغۋار تارىخىي پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قوي-
دى. XV ئەسىردە ياۋروپادا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى باشلىنىپ، ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە قارشى كەسكىن پىكىر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلغان چاغدا، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى تۈگەللىنىپ، چاك - چېكىدىن پارچىلانغان بۆلۈنمە ۋەزىيەت ۋە تىنچسىز كەيپىيات ھاسىل بولغانىدى؛ 1649 - يىلى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلىپ، فېئوداللىق مۇستەبىتچىلىككە خاتىمە بېرىلگەن، بۇرژۇئازىيە «شەرەپلىك ئىنقىلاب» ئارقىلىق 1688 - يىلى تولۇق سىياسىي سەھنىگە چىققان چاغدا، تارىم ئويمان-لىقىدا «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» خوجىلار ئۆزئارا ئۈستۈنلۈك تالىشىپ، قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشىۋاتقان، ئافاق خوجا غالدانىنىڭ قولى ئارقىلىق «تۈگمەن چۆرگىلىگىدەك قانلارنى تۆكۈپ» («تەزكى-رەئىي خوجىگان»)، 1682 - يىلى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغانىدى؛ 1789 - يىلى فرانسىيىدە بۈيۈك ئىنقىلاب يۈز بېرىپ جۇمھۇرىيەت تىكلەنگەن، «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» جاكارلانغان، ئامېرى-كىدا بولسا، مۇستەقىللىق ئۇرۇشى غەلىبە قىلىپ، دېموكراتىك قانۇن- تۈزۈم تىكلەنگەن بىر شارائىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدا جاھالەتلىك دەۋر ئەۋجىگە يەتكەنىدى؛ 1848 - يىلى ياۋروپا-دا پارتلىغان بۈيۈك ئىنقىلاب نەتىجىسىدە گېرمانىيىدە كەسكىن سىيا-سىي بۇرۇلۇش ھاسىل بولغان، ياپونىيىدە 1863 - يىلىدىن كېيىن ساماۋى پادىشاھ «ئەمدى بىز ئۈچۈن قەدىمكى ئەنئەنىگە چۈشلىپ ئولتۇرۇش، دەۋر روھىنى خاتا چۈشەنگەنلىك بولىدۇ» دەپ مىگجى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىنى قوزغىغان چاغدا، ۋەلىخان تۆرە قەش-قەردە ئادەم كاللىسىدىن مۇنار ياساۋاتاتتى...

دېمەك پۈتكۈل دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى ئۆز كېلەچى-كى ئۈستىدە كەسكىن ئويلىنىۋاتقان، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەۋات-قان، تەپەككۇر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئەقلىيلىك دەۋرىگە قەدەم

قويغان چاغدا، تارىم ۋادىسىدىكى تەنها بوستانلىقلاردا بىر خىل بۇرۇخ-تۇرما ھالەتتىكى دۇملەنمە ھالەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. بۇنداق جاھان ئۆزگىرىشلىرىدىن خالىي، مەنىۋى ئېنېرگىيىسى چىرىگەن، گويا توختام سۇدەك تۇرغۇن كەيپىيات بىر قانچە ئەسىر داۋاملاشقاندىن كېيىن، مىللىي روھتا تازىلىغىلى بولمايدىغان كېسەللىك باكتېرىيە-لىرىنى يېتىلدۇرۇپ قويىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، مىللىتىمىز ھازىر-قى زامان مىللىتىگە ئايلىنىش ۋە ھازىرقى زامان دەۋرىگە ئۆتۈش ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈر بولغان ئېنېرگىيە جۇغلاش جەريانىدىن مەھ-رۇم قالدى. ياۋروپادىكى ئىككى بۈيۈك مىللەت — فرانسۇزلار بىلەن گېرمانلار ھازىرقى زاماندىكى دۇنياۋى تارىخىي مىللەتكە ئايلىنىش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ 100 يىلدىن 200 يىلغىچە تەپەككۇر ئىسلاھاتى ۋە ئەقلىي ئېنېرگىيە جۇغلاش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. فرانسۇزلار 18 ـ ئەسىردىكى روسسو، دىدېرو، مونتېسكيۇ ۋە ۋولتېر قاتارلىقلار قوزغىغان مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى نەتىجىسىدە ئۇزۇل ـ كېسىل پىكىر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىپ، ئۆز دەۋرىدىكى شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىسلاھاتىدىكى چوققۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلاندى. فرانسۇز ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى پۈتۈن دۇنيا بەدىئىي ئىجاد-يىتىنىڭ كۆزى بولۇپ قالدى. گېرمانلار بولسا، «تېپىك پەلسەپە مىللىتى»① ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇر ئىسلاھاتىنى فرانسۇز-لارنىڭ ئەدەبىي ھەۋىسىگە ئوخشىمىغان ھالدا، پەلسەپىدىن باشلىدى. تەمكىن ۋە سوغۇققان خاراكتېرغا ئىگە گېرمانلار فرانسىيىدىن باشلان-غان مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىدىن ئىلھاملىنىپ، پەلسەپە پەنلىرىدە پارتلاش خاراكتېرلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. «1750-يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە گېرمانىيىدە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلاردىن — شائىر گيۆتى ۋە شىللېر، پەيلاسوپ كانت ۋە فېشتلار دۇنياغا كەلدى،

① «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، 1 ـ توم، 591 ـ بەت.

20 يىلدىن كېيىن، گېرمانىيىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپ ۋە مېتافىزىك گېگېل تۇغۇلدى»①. 100 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە گېرمانىيىدە ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ۋە رەڭگارەڭ پەلسەپە سىستېمىلىرى تۇرغۇزۇلدى شۇنداقلا گېرمانىيە دۇنيا پەلسەپىسىنىڭ يۈكسەك چوققىسى بولۇپ قالدى. ھېنرىخ ھېينى بۇ ھەقتە ھاياجان ئىلكىدە مۇنداق دەپ يازدى: «گېرمانىيە كانت ئارقىلىق پەلسەپە ئالىمىگە كىرىپ كەلدى شۇنداقلا پەلسەپىنى مىللەتنىڭ كەسپىي ئىشىغا ئايلاندۇردى. . . بىر توپ زېرەك مۇتەپەككۇرلار گويا سېھىردىن پەيدا بولغاندەكلا گېرمانىيە تۇپرىقىدا تۇيۇقسىز كۆزگە كۆرۈنۈپ چۇقان سېلىشتى»②.

دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىدا تامامەن باشقىچە بىر ھالەت داۋام قىلغانىدى. تەپەككۇر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىپ ئەقلىي كامالەت ئىزدەيدىغان، يېڭى تارىخىي دەۋرگە ئۆتۈش ئۈچۈن، روھىي ئېنېرگىيە جۇغلايدىغان زۆرۈرىيەت بۇ يەردىكى بوستانلىق جەمئىيەتلىرىنىڭ كۈنتەرتىپلىرىگە قويۇلمىغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە دەۋرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئىچىدە ئالاقزادىلىك بىلەن چالا - پۇلا سەگىدىگەن مىللىتىمىز گويا كالتىسى ماددىسى كەم بوۋاقتەك تېنەپ - تەمتىرەپ يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كەلدى.

XX ئەسىر ئۇلار ئۈچۈن ھەم ئۇلۇغۋار، ھەم ئازابلىق بىر ئەسىر بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «ئەسھابۇل كەھف»تىكى 500 يىللىق ئۇيقۇسى ئۈچۈن ھەسسىلەپ بەدەل تۆلىدى. تېڭىرقاش، چۆچۈش، سەگىدەش ۋە تىرمىشىش ئىچىدە نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتىيۇ، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقاتتى. قانچىلىغان بوران - چاپقۇنلاردا گويا دېڭىز دولقۇنلىرى ئىتتىرىپ قىرغاققا چىقىرىپ قويغان قۇلۇلە قېپدەك تەنھا قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئاشۇ ھاياتلىق دېڭىزىغا

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى»، 2 - توم، 634 - بەت.

② ھېنرىخ ھېينى: «گېرمانىيە توغرىسىدا»، سودا نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، 307 - بەت.

قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇلار ئۆزى، كېلەچىكى ۋە ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى
ئورنى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىشقا باشلى-
غان چاغدا، مۇشۇ ئەسىرمۇ خاتىمىسىگە باش قويدى.

## 13

ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتىمىز! مەدەنىيەت پىنىخىكى-
مىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمىنى ھاسىل قىلغان ئۇزاق ئۆتمۈشنى ئەسلە-
مەكچى بولدۇق، ئۆتمۈش ئۆتۈپ كەتتى، بۈگۈنكى رېئاللىق ئالدى-
مىزدا تۇرۇپتۇ، كەلگۈسى چەكسىزلىككە سوزۇلغان! . . .
XX ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە — كەلگۈسى يېڭى
ئىرانىڭ تەسەۋۋۇرى تۇزۇلۇۋاتقان مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا،
مىللىتىمىز روھىيىتىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك پىسخىك چۆكمىلەرنى
ئېچىپ كۆرۈشنىڭ قانچىلىك زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇق.
تارىم ئويمانلىقىغا دۈملەنگەن روھ قايتا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى،
ئەمدى ئاۋۋالقى نەچچە ئون يىلدا تىكلەنگەن قىممەت قارىشىمىز كەس-
كىن تاللاشقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. پۈتكۈل روھىي دۇنيايىمىز يېڭى
ئىرانىڭ سۇر ـ ھەيۋىسى ئالدىدا گويا رادىئو دولقۇنلىرىدەك مۈرەك-
كەپ ۋە گىرەلەشمە تۇيغۇغا ئەسىر بولدى. . . بىز كىم، نەگە بارى-
مىز، نەدە توختايمىز؟ . . .
مانا بۇ يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇرغان بىر خەلقنىڭ
مۈرەككەپ تۇيغۇلار ئىچىدىكى مونولوگى ئىدى!
يېڭى ئىراغا ھالقىيدىغان مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغۋار دەقىقىدە، بىر
پۈتۈن مىللەت سۈپىتىمىز بىلەن ھەم پارلاق، ھەم ئازابلىق ئۆتمۈشكە
بىر قېتىم قايتىش ۋە ئۇنىڭ خاتىرىلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئارتۇقچە
ئىش بولمىسا كېرەك.
شۇنداق، ئۆتمۈش گۈزەل، ئۇنىڭ باغرىغا بىر مىللەتنىڭ ئۆز

بېشىدىن كەچۈرگەن بارلىق خۇشاللىقلىرى يوشۇرۇنغان. شۇڭا بې-
لىنسكىي ھاياجان بىلەن: «قەدىمكى جەمئىيەت نەقەدەر دىلبەر! ئۇ-
نىڭ ھاياتىدا جىمىكى ئۇلۇغلۇق، ئالىيجانابلىق، جاسارەت ۋە ئۇرغۇ
بار، چۈنكى بۇ ھايات — شەخسنىڭ غورۇرى، قەدىر - قىممىتىگە
دەخلىسىزلىك ئاساسىغا قۇرۇلغاندۇر»① دەيدۇ.

ئۆتمۈش ئازابلىق، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر مىللەتنىڭ ئىگە يىغى-
سىدىن باشلانغان جىمى رىيازەتلىرى، بەختسىزلىكلىرى ۋە يوقىتىش-
لىرى يوشۇرۇنغان. شۇڭا ھېرمان ۋامبېرىي: «ئۆتمۈشى غۇۋا مىل-
لەتنىڭ كەلگۈسىمۇ غۇۋا بولىدۇ»② دەيدۇ.

ئەنە شۇ چەكسىزلىككە سوزۇلغان، ھەم گۈزەل، ھەم ئازابلىق
ئۆتمۈش قوينىدا مىللىتىمىزنىڭ روھىي تۈزۈلمىسى ۋە پسىخىك جۇغ-
لانمىسى شەكىللەنگەن. دەرۋەقە، مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس مەدە-
نىيەت مۇھىتىدا ئىپادە قىلغان پسىخىك ئەندىزىسى مۇرەككەپ ۋە كۆپ
قاتلاملىقتا ئىگە. ئۇنى مەدەنىيەتشۇناسلىق، پەلسەپە، سەنئەت، ئېس-
تېتىكا، پسىخولوگىيە، ئانتروپولوگىيە، تارىخشۇناسلىق ۋە ئارخې-
ئولوگىيە قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەرنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدا تۇرۇپمۇ
ياكى ئانا دىيارىمىزغا قوشنا بولغان بىر قانچىلىغان مەدەنىيەت تىپلى-
رى بىلەن سېلىشتۇرما ئېلىپ بېرىش جەريانىدىمۇ شەرھىيلەش
مۇمكىن.

يېقىنقى ئەسىرگە قەدەم قويۇش ھارپىسىدا، ئۆز ئۆتمۈشى، ھازىرى
ۋە كېلەچىكى ھەققىدە قايتا تەپەككۇر قىلىشقا شۇنداقلا ئۆزىنى ئۆزى
قايتا تونۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان مىللىتىمىزگە تەنەپپۇسلۇق سوۋغا
ياكى ئەسلەتمە سۈپىتىدە يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمنى تەقدىم قىلدىم.
بايقىغان ۋە ھېس قىلغانلىرىمىز تارىم ئويمانلىقىغا دۇملەنگەن پسىخىك

---

① م. رەھمانوف: «ئۆزبېك تىياتىرى»، تاشكەنت 1972 - يىل، ئۆزبېكچە نەشرى.
② ھېرمان ۋامبېرىي: «بۇخارا ۋە ماۋەرائۇننەھر تارىخى» — «شەرق يۇلتۇزى»، 1990 - يىللىق 1 - سان.

تىندۇرمىمىزنىڭ سىرتقا چاچراپ چىققان بىر تامچىسى، خالاس.
ئۇنىڭ سىرلىق ئىچكى ئېقىمى ۋە كۆرۈنمەس ھۆجەيرىلىرىنى ئاللا
خالىسا كەلگۈسىدە يەنە پۇرسەت تېپىپ داۋاملىق كۆزىتىمىز! . . .

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ئىمىن
نەشرگە تەييارلىغۇچى: يالقۇن روزى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئۆمەرجان
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

# تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ

(ماقالىلەر)

ئەسەت سۇلايمان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 No)
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 13.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1
ISBN 7—228—05816—X/C • 81
باھاسى: 18.00 يۈەن